ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

لو گۇەنجۇڭ

# ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە

# 4

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھاجى ياقۇپ
ئىسمايىل ئىبراھىم

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

ئاتمىش بىرىنچى باب
جاۋ يۈننىڭ دەرياغا چۈشۈپ ئادۇنى تارتىۋالغانلىقى
سۈن چۈەننىڭ مەكتۇپ ئەۋەتىپ ساۋ ساۋنى قايتۇرغانلىقى ······ 1
ئاتمىش ئىككىنچى باب
ياڭ خۇەي، گاۋ پېيلار ئۆلتۈرۈلۈپ، فۇگۇەن قورۇلىنىڭ ئېلىنغانلىقى
لوچېڭنى ئېلىشتا خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەرنىڭ ئەجىر - تۆھپە تالاشقانلىقى ······························ 21
ئاتمىش ئۈچىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ پاڭ تۇڭ ئۈچۈن قاتتىق يىغلىغانلىقى
جاڭ فېينىڭ مەردلىك قىلىپ يەن يەننى بەندىتىن بوشاتقانلىقى ······························ 43
ئاتمىش تۆتىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ پەنت بىلەن جاڭ رېننى تۇتقانلىقى
ياڭ فۇنىڭ ياردەمگە لەشكەر سوراپ ما چاۋنى تارمار قىلغانلىقى ······························ 65
ئاتمىش بەشىنچى باب
ما چاۋنىڭ جيامېڭگۇەن قورۇلىدا قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
ليۇ بېينىڭ يىجۇ ئايمىقىغا پاسىبان بولغانلىقى ·············· 86
ئاتمىش ئالتىنچى باب
گۇەن يۈنىڭ يالغۇز قىلىچ بىلەن مەرىكىگە بارغانلىقى
خانىش فۇ خانىمنىڭ پادىشاھلىق يولىدا قۇربان بولغانلىقى ··· 111

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاتمىش يەتتىنچى باب
ساۋ ساۋنىڭ خەنجۇڭ تەۋەسىدە تىنچلىق ئورناتقانلىقى
جاڭ لياۋنىڭ شياۋ ياۋجىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنلىكى ··· 133
ئاتمىش سەككىزىنچى باب
گەن نىڭنىڭ 100 چەۋەنداز بىلەن ۋېي قارارگاھىغا تېگىش قىلغانلىقى
زو سىنىڭ قەدەھ تاشلاپ ساۋ ساۋنى ئويناتقانلىقى ········· 155
ئاتمىش توققۇزىنچى باب
گۇەن لونىڭ رەمە ئېچىپ سېھرى كارامەت كۆرسەتكەنلىكى
بەش بەگنىڭ خەن مۇناپىقىنى جازالاش يولىدا پىداكارلىق بىلەن قۇربان بولغانلىقى ·································· 175
يەتمىشىنچى باب
جەسۇر جاڭ فېينىڭ ۋاكۇ ئېغىزىنى پەم بىلەن ئالغانلىقى
قېرى خۇاڭ جۇڭنىڭ ھىيلە بىلەن تيەنداڭشەننى زەبت قىلغانلىقى ·············································· 195
يەتمىش بىرىنچى باب
خۇاڭ جۇڭنىڭ قارشى تاغنى ئىگىلەپ، چارچىغان ياۋ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلغانلىقى
جاۋ يۈننىڭ خەنشۈينى ئىگىلەپ، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ياۋنى يەڭگەنلىكى ····································· 215
يەتمىش ئىككىنچى باب
جۇگې لياڭنىڭ پاراسەت بىلەن خەنجۇڭنى ئالغانلىقى
ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرنى شيېگۇغا چېكىندۈرگەنلىكى ········· 237
يەتمىش ئۈچىنچى باب
ليۇ بېينىڭ خەنجۇڭ پادشاھى بولغانلىقى
گۇەن يۈينىڭ شياڭياڭ ۋىلايىتىنى ئالغانلىقى ··············· 255
يەتمىش تۆتىنچى باب
پاڭ دېنىڭ گۇەنسەي ئالغاچ كېلىپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغانلىقى
گۇەن يۈينىڭ يەتتە قوشۇننى سۇغا باستۇرغانلىقى ········· 276

يەتمىش بەشىنچى باب
گۆەن يۈينىڭ ئۆز سۆڭىكىدىكى زەھەرنى قىردۇرۇپ داۋا-
لانغانلىقى
لۈي مېڭىنىڭ ئاق كىيىملىك نۆكەرلىرىنى دەريادىن ئۆتكۈز-
گەنلىكى ........................................... 294
يەتمىش ئالتىنچى باب
شۈي خۇاڭنىڭ مىيەنشۈي دەرياسىدا قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
گۆەن يۈينىڭ يېڭىلىپ مەيچېڭدىن قاچقانلىقى ............. 311
يەتمىش يەتتىنچى باب
گۆەن يۈي روھىنىڭ يۈيچۈەنشەن تېغىدا نامايان بولغانلىقى
ساۋ ساۋنىڭ لوياڭ شەھىرىدە ئەرۋاھقا تېۋىنغانلىقى ......... 331
يەتمىش سەككىزىنچى باب
دانا ھەكىمنىڭ كېسەل داۋالايمەن دەپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى
مەككارنىڭ ئەجىلى توشۈپ ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقى ......... 350
يەتمىش توققۇزىنچى باب
ئاكىسى ساۋ پىنىڭ ئۇكىسى ساۋ جىنى شېئىر يېزىشقا
مەجبۇر قىلغانلىقى
ليۇ فېڭنىڭ تاغىسىنىڭ قازاغا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولۇپ
جازاغا تارتىلغانلىقى ................................. 367
سەكسىنىنچى باب
ساۋ پىنىڭ خاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ليۇلەر تەختىنى تار-
تىۋالغانلىقى
خەنجۇڭ شاھى ليۇ بېينىڭ رەسمىي خان بولغانلىقى ...... 384

# ئاتمىش بىرىنچى باب

## جاۋ يۈننىڭ دەرياغا چۈشۈپ ئادۈنى تارتىۋالغانلىقى سۈن چۈەننىڭ مەكتۈپ ئەۋەتىپ ساۋ ساۋنى قايتۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، پاڭ تۇڭ بىلەن فا جېڭ ليۇ بېيغا مەرىكە ـ سورۇندىلا ليۇ جاڭنى ئۆلتۈرسەك، كۈنپېتىش سىچۈەننى ئاسانلا ئالغىلى بولىدۇ، دەپ مەسلىھەت بەرگەنىدى. ليۇ بېي:

— سىچۈەنگە يېڭى كەلدىم، ئىناۋىتىم تېخى تىكلەنگىنى يوق، مۇنداق ئىشنى ئەسلا قىلغىلى بولمايدۇ، — دەپ ئۇنىمىدى. پاڭ تۇڭ بىلەن فا جېڭ قايتا ـ قايتىلاپ پىكىر بەرسىمۇ ليۇ بېي زادىلا قوبۇل قىلمىدى.

ئەتىسى شەھەردە يەنە ليۇ جاڭغا مەرىكە ـ سورۇن تەييارلاندى، مەرىكىدە ليۇ بېي بىلەن ليۇ جاڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك مۇڭدىشىپ كەتتى. شاراب ئىچىلىپ يېرىم خۇش كەيپ بولغان چاغدا، پاڭ تۇڭ فا جېڭ بىلەن كېڭەشكە چۈشۈپ:

— ئىش بۇ يەرگە يېتىپ قالدى، پاسىباننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئىمكانىيىتى قالمىدى، — دېدى ـ دە، ۋېي يەننى چاقىرىۋېلىپ دىۋاندا شەمشەرۋازلىق قىلىشقا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ليۇ جاڭنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. شەمشىرىنى سۇغۇرغان ۋېي يەن دىۋانغا كىرىپ:

— مەرىكىدە كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن، مەن شەمشەرۋازلىق

قىلىپ بېرەي، — دېدى.

پاكى تۇلۇگ ياساۋۇللارنى دىۋانغا ئەكىرىپ تەييارلاپ قويۇپ، ۋەبي يەننىڭ قول سىلىشىنىلا كۈتۈپ تۇردى. لىيۇ جاڭنىڭ پالۋانلىرى ۋېيي يەننىڭ مەرىكىدە شەمشەرۋازلىق قىلغانلىقىنى، ياساۋۇللارنىڭ پايىدە قىلىچىنىڭ سىپىنى تۇتۇشۇپ كۆزلىرى دىۋاننىڭ تورۇسىغا تىكىلىپ قارىغانلىقىنى كۆردى. مىرزا جاڭ رېن شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ:

— شەمشەرۋازلىق ئەلۋەتتە جۈپتى بىلەن بولۇش كېرەك، مەن ۋېيي يەن پالۋان بىلەن شەمشەرۋازلىق قىلاي! — دېدى.

ۋېيي يەن بىلەن جاڭ رېن جۈپ بولۇپ مەرىكىدە شەمشەرۋازلىق قىلىشتى. ۋېيي يەن لىيۇ فېڭغا كۆز ئىشارىتى قىلغانىدى، لىيۇ فېڭمۇ شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ شەمشەرۋازلىققا كىرىشتى. شۇنداق قىلىپ لىيۇ كۈي، لېڭ باۋ، دېڭ شيەنلەرمۇ شەمشەرلىرىنى قولىغا ئېلىشىپ:

— قىزىقچىلىك بولسۇن ئۈچۈن ئولىشىپ شەمشەرۋازلىق قىلىشايلى، — دېيىشتى.

ھەيران بولغان لىيۇ بېي دەرھال ئەتراپىدىكىلەرنىڭ شەمشەرلىرىنى ئالدۇرۇۋېتىپ، ئورنىدىن تۇرغىنىچە:

— بىز ئاغا - ئىنى كۆرۈشكەنلىكىمىز ئۈچۈن يۇخادىن چىققۇچە ئىچىشىۋاتىمىز، باشقا ھېچبىر گۇمانلىنىدىغان ئىش يوق. بۇ «خۇڭمېن مەرىكىسى» ئەمەس، نېمىشقا شەمشەرۋازلىق قىلىسىلەر؟ شەمشىرىنى تاشلىمىغانلار دەرھال ئۆلتۈرۈلسۇن! — دېدى.

— ئاغا - ئىنىلەر جەم بولۇشقاندا شەمشەر كۆتۈرۈپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپ تۇۋلىدى لىيۇ جاڭ ھەم.

قورۇقچى مۇلازىملار ھەممىسىگە شۇئان شەمشەرلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. ھەممە دىۋاندىن چىقىپ كەتتى. لىيۇ بېي پالۋانلارنى دىۋانغا چاقىرتىپ شاراب ئىنئام قىلدى ۋە:

— بىز نەسلى ئەجدادىمىزدىن بىر قېرىنداش بۇرادەر بولىمىز، ئۇلۇغ ئىشلار ھەققىدە كېڭەش قىلىۋاتىمىز، باشقا نىيەت يوق. گۇمان قىلماڭلار! — دېدى.

پالۋانلار باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ليۇ جاڭ ليۇ بېينىڭ قولىنى تۇتۇپ يىغلىغان ھالدا:

— ئاغا! ئىلتىپاتلىرىنىزنى ئۇلسەممۇ ئۇنتۇماسقا ئانت ئىچىمەن! — دېدى. ئىككىسىلەن كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ ئىچىشىپ، كەچ تارقالدى. قارارگاھىغا قايتقان ليۇ بېي پاڭ تۇڭغا:

— ھەربىرلىرى نېمىشقا مېنى ۋىجدانسىزلىق ئورىسىغا تىقماقچى بولۇشىدىلا؟ بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق بولۇنمىسۇن، — دەپ كايىدى.

پاڭ تۇڭ ھەسرەت چېكىپ چىقىپ كەتتى.

ليۇ جاڭ قارارگاھىغا قايتقاندىن كېيىن، ليۇ كۇيلەر:

— بۇگۈن مەرىكىدىكى ئەھۋالنى سەزدىلىمۇ؟ كېيىنكى پالاكەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشىسى بۇرۇنراق قايتايلى، — دېدى.

— ئاغام ليۇ بېينى باشقىلارغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، — دېدى ليۇ جاڭ.

— ليۇ بېينىڭ بۇنداق نىيىتى بولمىسىمۇ، — دېدى پالۋانلار، — ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئادەملىرى كۇنپېتىش سىچۈەننى يۇتۇپ، دۆلەت كۆرۈشمەكچى.

— سىلەر بىز ئاغا ـ ئىنىنىڭ ئارىمىزنى بۇزماڭلار، — دېدى ليۇ جاڭ ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي. ليۇ جاڭ ھەر كۇنى دېگۇدەك ليۇ بېي بىلەن سۆھبەتتە بولدى.

خىزمەتچىلەر توساتتىنلا: جىامېڭ قورۇلىغا تېگىش ئۈچۈن، جاڭ لۇ ئۆز لەشكىرىنى تەرتىپكە سېلىۋاتىدۇ، دەپ مەلۇم قىلىشتى. ليۇ جاڭ ليۇ بېينى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توسۇشقا تەكلىپ قىلدى. لىيۇ بېي مەردانىلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، شۇ كۈنىلا ئۆز لەشكىرىنى ئېلىپ جيامېڭ قورۇلىغا راۋان بولدى. پالۋانلار لىيۇ بېينىڭ لەشكىرىي ئۆزگىرىش قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جايلاردىكى قورۇل ـ چاقىسلاردا مۇھىم ئېغىزلارنى ساقلاشقا چوڭ پالۋانلارغا بۇيرۇق بېرىش ھەققىدە لىيۇ جاڭغا مەسلىھەت بېرىشتى. لىيۇ جاڭ باشتا كۆنمىگەن بولسىمۇ، كېيىن پالۋانلار قاتتىق پىكىر بېرىپ تۇرۇۋالغاچقا، بەيشۇي تۇتۇقبېگى ياڭ خۇەي، گاۋ پېي ئىككىيلەننى فۇشۇي قورۇلىنى ساقلاشقا بۇيرۇدى. لىيۇ جاڭ چېڭدۇغا قايتتى. جيامېڭ قورۇلىغا كەلگەن لىيۇ بېي خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، لەشكەرلەرنى قاتتىق ئىنتىزام بىلەن تۇتتى، خەلققە بولسا زور ئىلتىپات كۆرسەتتى.

ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرلەرنى ئاللىقاچان كۇڭچىڭقىش ۋۇغا مەلۇم قىلدى. ۋۇ بېگى سۈن چۈەن قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. گۇ يۇڭ:

— لىيۇ بېي لەشكىرىنى بۆلۈپ يىراق، يوللىرى قىيىن تاغلارغا كىرىپ كېتىپتۇ، ئاسانلىقچە قايتالمايدۇ. نىمىشقا ئاۋۋال بىر توپ لەشكەر ئەۋەتىپ، سىچۈەن ئېغىزىنى ئېتىپ، قايتىش يولىنى توسۇمايمىز، ئارقىدىن پۈتكۈل كۇڭچىڭقىش ۋۇ لەشكىرىنى ئېلىپ، بىر دەمدىلا جىڭ، شياڭلارنى ئالمايمىز؟ بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋەتمەسلىك كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— بۇ ناھايىتى ياخشى تەدبىر! — دېدى سۈن چۈەن.

كېڭەشنىڭ ئۈستىگە تۇيۇقسىزلا بىراۋ دەرپەردە ئارقىسىدىن توۋلىغان پېتى چىقىپ:

— بۇ تەدبىرنى كۆرسەتكۈچىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك! قىزىمنىڭ ھاياتىغا زىيانكەشلىك قىلماقچىمۇ؟ — دەپ كايىپ

كەتتى.

كۆپچىلىك قارىسا، بەگ ئانىسى ۋۇ خانىم ئىكەن. غەزەپلەنگەن بەگ ئانىسى:

— مېنىڭ ھاياتىمدا بىرلا قىزىم بار ئىدى، ئۇنى لىۇ بېيغا بەرگەنىدىم. بۇگۈن ئەگەر لەشكەر تارتىپ چىقساڭلار قىزىمنىڭ ھاياتى قانداق بولىدۇ؟ — دېدى ۋە سۇن چۈەنگە تۇۋلاپ، — سىز ئاتا - ئاكىڭىزنىڭ ئىشىغا ۋارىس بولۇپ، 81 ۋىلايەتكە باشچىلىق قىلىۋاتىسىز، بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ قېرىندىشىڭىزنى قۇربان قىلماقچىمۇسىز! — دەپ كايىپ كەتتى. سۇن چۈەن ئارقا - ئارقىدىن خوش - خوش دەپ:

— ئانا! جانابىلىرىنىڭ تەربىيىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشقا نېمە ھەددىم! — دېدى - دە، شۇئان ئەمەلدارلارنى تۇۋلاپ چىقىرىۋەتتى. بەگ ئانىسى ئاچچىقلاپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئايۋان تۈۋىدە خىيال سۈرگەن سۇن چۈەن: «بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىۋەتسەك، جىڭ، شياڭنى قاچان ئالغىلى بولىدۇ؟» دەپ ئويلىنىپ تۇراتتى، جاڭ جاۋ كىرىپ:

— جانابىي پالۋان! نېمە غەم قىلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— بايىقى مەسىلىنى ئويلىنىۋاتىمەن، — دېدى سۇن چۈەن.

— بۇ ناھايىتى ئاسان، — دېدى جاڭ جاۋ، — ھازىرلا ئىشەنچلىك پالۋانلارنىڭ بىرىنى، 500 يۈز لەشكەر بىلەن جىڭجۇغا يوشۇرۇن ئەۋەتىمىز - دە، ئانىلىرى ئاغرىپ قالدى، سىلى بىلەن كۆرۈشمەكچى، كېچە - كۈندۈز مېڭىپ كۈنچىقىش ۋۇغا قايتىپ كەلسىلە، دەپ بىر پارچە مەخپىي مەكتۇپ يازىمىز. لىۇ بېينىڭ ھاياتتا ئادۇ ئاتلىق بىرلا ئوغلى بار، ئالغاچ كېلىشنى بۇيرۇيمىز. ئەنە شۇنداقتا لىۇ بېي جىڭجۇنى چوقۇم ئادۇغا تېگىشىدۇ. ئەگەر مۇنداق قىلمايدىكەن، لەشكەر تارتساق، بۇنىڭغا ھېچقانداق شامال كىرمەيدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

— بۇ ناھايىتى ياخشى تەدبىر! — دېدى سۇن چۈەن، — مېنىڭ جۇ شەن دېگەن ناھايىتى يۈرەكلىك بىر ئادىمىم بار، ياشلىقىدىن تارتىپ ئاكامنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ، ئۆيىمىزگە كىرىپ - چىقىپ يۈرگەنىدى. بۇ خىزمەتكە شۇنى ئەۋەتىش كېرەك.

— ھازىرچە سىر تۇتۇلسۇن. يۈرۈشكە بۇيرۇق بەرسىلە، — دېدى جاڭ جاۋ.

شۇنداق قىلىپ جۇ شەن بىلەن 500 ئادەمنى سودىگەرچە ياساپ، بەش كېمە بىلەن مەخپىي يولغا سالدى؛ ھەر ئېھتىمالغا قارشى پادىشاھلىق نامىدىن ساختا مەكتۇپ يېزىپ بەردى، كېمىلەرنىڭ ئىچىگە قورال يوشۇردى. جۇ شەن بۇيرۇق بويىچە سۇ يولى بىلەن جىڭجۇغا راۋان بولدى. جىڭجۇغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن جۇ شەن كېمىلەرنى دەريانىڭ قىرغىقىغا توختىتىپ قويۇپ، جىڭجۇغا ئۆزى كىرىپ، دەرۋازىۋەنلەرگە سۇن خانىمغا مەلۇم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. سۇن خانىم جۇ شەننى كىرىشكە بۇيرۇدى. جۇ شەن سۇن خانىمغا مەخپىي مەكتۇپنى تەقدىم قىلدى. مەكتۇپنى ئوقۇپ ئانىسىنىڭ قاتتىق كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلگەن سۇن خانىم يىغلاپ تۇرۇپ ئەھۋال سورىدى. جۇ شەن باش قويۇپ تۇرۇپ:

— ۋالىدەخانىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى، دائىم سىلىنى ئەسلىمەكتە، ئەگەر كېچىكىدىغان بولساق، كۆرۈشەلمەي قالالىمىكىن. سىلىنى ئادۇنى ئېلىپ بىر كۆرۈشۈپ قايتسۇن دەيدۇ، — دېدى.

— خان تاغىسى لەشكەر بىلەن يىراققا كېتىپ قالغانىدى، بۇگۈن قايتىدىغان بولسام، مۇشاۋىرغا ئۇقتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن ماڭسام بولىدۇ، — دېدى سۇن خانىم.

— ئەگەر، — دېدى جۇ شەن، — مۇشاۋىر جاۋابىدا: «خان تاغىسىغا مەلۇم قىلايلى، بۇيرۇقى كەلگەندە، ئاندىن كېمىگە

چۈشىسىلە» دېسە، قانداق قىلىمىز؟
— خوشلاشماي ماڭىدىغان بولساق توسقۇنلۇققا ئۇچرىشىمىز مۇمكىن.
— دەريادا كېمىلەر هازىرلاپ قويۇلغان. خانىم، مەرھەمەت قىلىپ هارۋا بىلەن شەھەردىن چىقسىلا بولىدۇ، — دېدى جۇ شەن.
ئانىسىنىڭ قاتتىق كېسەل ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان سۈن خانىم نېمىدەپمۇ ئالدىرىمىسۇن؟ يەتتە ياشلىق ئادۇنى ئېلىپ هارۋىغا چىقتى - دە، قىلىچ - شەمشەرلىك ئوتتۇز نەچچە ئاتلىقنى ئەگەشتۈرۈپ، جىڭجۇ شەھىرىدىن دەريا بويىغا كېلىپ كېمىگە چۈشتى. بارگاھ خادىملىرى مەلۇم قىلماقچى بولغاندا، سۈن خانىم شاتۇجېنغا بېرىپ كېمىگە چۈشۈپ بولغانىدى.
جۇ شەن ئەمدىلا كېمىنى ماڭغۇزماق بولۇپ تۇرۇۋېدى، بىراۋنىڭ قىرغاقتا:
— كېمىنى توختىتىپ تۇرۇڭلار، خانىمنى ئۇزىتىۋالاي! — دەپ تۋۋلىغىنى ئاڭلاندى. قارىسا جاۋ يۈن ئىكەن. ئەسلىدە قاراۋۇللارنى تەكشۈرۈشكە چىققان جاۋ يۈن ئەمدىلا قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قېلىپ، چۆچۈگەن هالدا تۆت - بەش نۆكىرى بىلەن دەريا ساھىلى بويلاپ قوغلاپ كەلگەنىدى. ئۇزۇن قورال تۇتقان جۇ شەن:
— سىز كىم بولىسىز؟ پاسىبانىمىنىڭ كۈچىنى توسۇشقا نېمە هەددىڭىز! — دەپ تۋۋلىدى - دە، نۆكەرلەرگە كېمىلەرنى تەڭلا ماڭدۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى ۋە نۆكەرلەرگە قوراللىرىنى چىقارغۇزۇپ، ئۇلارنى كېمىلەرنىڭ ئۈستىگە تىزدى. شامالنىڭ يۆنىلىشى، سۇنىڭ جىددىي ئېقىمى بىلەن ھەممە كېمىلەر تېز مېڭىپ كەتتى. جاۋ يۈن دەريا بويلاپ قوغلاپ:
— خانىم كېتىۋەرسۇن. پەقەت بىرلا ئېغىز سۆزۈم بار، مەلۇم قىلىۋالاي! — دەپ توۋلىغان بولسىمۇ، جۇ شەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاڭلىماستىن، ھەدەپ كېمىلەرنى تېز ماڭدۇرۇشقىلا ئالدىرايتتى. دەريا بويلاپ ئون نەچچە يول قوغلاپ كەلگەن جاۋ يۈن بىردىنلا ساھىلدىكى سايلىقتا تۇرغان بىر دانە بېلىقچى كېمىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئېتىنى قويۇپ نەيزىسى بىلەن سەكرەپ كېمىگە چىقىۋالدى، ئىككى ئادەم كېمە بىلەن خانىم ئولتۇرغان چوڭ كېمىنى قوغلىدى. جۇ شەن نۆكەرلەرگە ئوقيا ئاتقۇزدى، جاۋ يۈن نەيزىسىنى پىرقىرىتىپ، ئوقلارنىڭ ھەممىسىنى سۇغا چۈشۈرۈۋەتتى. چوڭ كېمىگە بىر جاڭدىن ئارتۇقراق قالغاندا، ۋۇ لەشكەرلىرى نەيزىلىرى بىلەن سانجىشقا باشلىدى. جاۋ يۈن نەيزىسىنى كىچىك كېمىگە تاشلاپ، بېلىدىكى چىڭگاڭجيەن ناملىق شەمشىرىنى ئېلىپ، نەيزىلەرنى ئىككى ياققا بۆلدى ـ دە، بىرلا سەكرەپ ۋۇلۇقلارنىڭ چوڭ كېمىسىگە چىقىۋالدى. قورقۇپ كەتكەن ۋۇ لەشكەرلىرى ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. جاۋ يۈن كېمە قاسنىقىغا كىردى. ئادۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغان سۇن خانىم جاۋ يۈنگە:

— نېمىشقا ئەدەپسىزلىك قىلىسىز؟ — دەپ توۋلىدى.

— جانابىي خانىم! نەگە بارماقچى بولۇۋاتىدىلا؟ نېمىشقا مۇشاۋىرغا خەۋەر قىلىپ قويمايدىلا؟ — دېدى جاۋ يۈن شەمشىرىنى غىلىپىغا سېلىپ، خوش ـ خوش دەپ تۇرۇپ.

— ئانامنىڭ كېسىلى ناھايىتى قاتتىق ئىكەن، خەۋەر قىلىشقا ۋاقىت بولمىدى.

— جانابىي خانىم! كېسەل كۆرۈشكە بارىدىغان بولسىلا، — دېدى جاۋ يۈن، — كىچىك بېگىمنى ئاپىرىپ نېمە قىلاتتىلا؟

— ئادۇ مېنىڭ بالام بولىدۇ، جىڭجۇدا قالدۇرۇپ قويسام كىم قارايدۇ؟

— يېڭىلىشىۋاتىدىلا، جانابىي خانىم! پاسىبانىمىزنىڭ ھاياتىدا تاپقان تەرگىنى مۇشۇ بىرلا بالا. كەمىنە كىچىك

پالۋانلىرى كىچىك بېگىمنى داڭياڭ، چەڭبەنپۇدا 100 تۈمەن لەشكەر ئىچىدىن خالاس قىلىپ چىققانىدىم. بۈگۈن خانىم كىچىك بېگىمنى ئېلىپ كەتسىلە، قانداق بولىدى؟

— سىز چېدىرىمىز ئالدىدىكى ئاددىي بىر نۆكەرسىز، مېنىڭ ئوي ئىشىمغا ئارىلىششقا نېمە هەددىڭىز! — دېدى خانىم غەزەپلىنىپ.

— خانىم بارىدىغان بولسىلا، ئۆزلىرى بارسىلا، ئەمما، كىچىك بېگىمنى قالدۇرۇپ كېتىدىلا، — دېدى جاۋ يۈن.

— ئارا يولدا كېمىگە باستۇرۇپ كىردىڭىز، ئىسيان قىلىش نىيىتىڭىزنىڭ بولۇشى چوقۇم! — دەپ توۋلىدى خانىم.

— ئەگەر كىچىك بېگىمنى قالدۇرۇپ كەتمەيدىغان بولسىلا، ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، خانىم، سىلىنى قويۇۋېتەلمەيمەن، — دېدى جاۋ يۈن.

خانىم چۆرىلەرنى ئۇنىڭغا ئېسىلىشقا بۇيرۇۋىدى، جاۋ يۈن ئۇلارنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتتى - دە، خانىمنىڭ قۇچىقىدىكى ئادۇنى تارتىۋېلىپ، كېمىنىڭ بېشىغا چىقتى، قىرغاققا چىقاي دېسە، ياردەملىشىدىغان ئادەم چىقمىدى؛ جەڭ قىلاي دېسە، قائىدىگە توغرا كەلمىدى، شۇنداق قىلىپ ئىككى ئارىلىقتا قېلىپ قالدى، خانىم چۆرىلىرىنى ئادۇنى تارتىۋېلىشقا بۇيرۇۋىدى، جاۋ يۈن بىر قولىدا ئادۇنى ئوبدان تۇتۇۋېلىپ، بىر قولىغا شەمشەر ئېلىۋالغاچقا، هېچكىم يېقىن بارالمىدى. جۇ شەن كېمىنىڭ قۇيرۇقىدا رولنى تۇتۇپ هەدەپ كېمىنى سۇنىڭ ئېقىشىغا هەيدىدى. شامالنىڭ يۆنىلىشى، سۇنىڭ جىددىي ئېقىمى بىلەن كېمە دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قالدى. يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس دەپ جاۋ يۈن يەككە بولغاچقا، ئادۇنىلا مۇهاپىزەت قىلىپ قالدى، كېمىنى قىرغاققا ياندىشتۇرغۇزالمىدى.

تازا جىددىي بىر پەيتتە تۆۋەن ئېقىمدىكى لىماندىن ئون نەچچە كېمە بايراقلىرىنى لەپىلدىتىپ، ناغرىلار چالغان هالدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتارلىشىپ چىقىپ كەلدى. جاۋ يۈن ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۈگۈن كۈنچىقىش ۋۇلۇقلارنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ كەتتىـــم!» دەپ تۇراتتى. باشتىكى كېمىدە ئۇزۇن نەيزە تۇتقان بىر پالۋان نەرە تارتىپ:

— يەڭگە، جىيەنىمنى قالدۇرۇپ كەتسىلە! — دېدى.

ئەسلىدە قاراۋۇللۇقتا چىققان جاڭ فېي ھەم بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، تېزلىكتە يۇجياڭنىڭ تار ئېغىـــزىغا كەلگەندە، ۋۇ كېمىلىرىگە ئۇچراپ، دەررۇ چىقىپ توسۇۋالغانىدى. شەمشىرىنى سۇغۇرغان جاڭ فېي سەكرەپلا ۋۇ كېمىسىگە چىقتــى. جاڭ فېينىڭ كېمىگە چىققانلىقىنى كۆرگەن جۇ شەن ئۇنىڭغا قىلىچ بىلەن يېنىۋىدى، جاڭ فېي شەمشەر ئۇرۇش بىلەن ئۇنى كېمىگە تىك چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى خانىمنىڭ ئالدىغا ئاتتــــى. ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن خانىم:

— ئىنىم! نېمىشقا مۇنداق ئەدەپسىزلىك قىلىدىلا؟ — دېدى.

— يەڭگە! سىلى، — دېدى جاڭ فېي، — ئاكامنىــى نەزەرلىرىگە ئالماي، ئۆزلىرى بىلىپلا ئۆيلىرىگە قايتقانلىقلىرى ئەدەپسىزلىك بولىدۇ.

— ئانامنىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن. ئاكىلىرىغا خەۋەر قىلىپ جاۋابىنى ئېلىپ بولغۇچىلىك، مېنىڭ ئىشىم كېچىكىپ قالىدۇ. ئەگەر مېنى قويۇۋەتمەيدىكەنلا، ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن! — دېدى سۈن خانىم.

جاڭ فېي بىلەن جاۋ يۈن كېڭىشىپ: «خانىمنى ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلىپ قويساق، خادىملىق ئەخلاقىغا توغرا كەلمەيدۇ. ئادۇنى ئېلىپ ئۆز كېمىمىزگە قايتايلــــى» دېگەن قارارغا كېلىشتى. جاڭ فېي خانىمغا:

— مېنىڭ ئاغام ئۇلۇغ خەن خانىنىڭ تاغىسى، يەڭگەمنىزمۇ ئۆتۈۋېردۇ. بۈگۈن ئايرىلدىلا، ئەگەر ئاغامنىڭ قىلغان ياخشىلىقىنى ئويلايدىغان بولسىلا، بۇرۇنراق قايتىپ كەلسىلە، — دېدى - دە، ئادۈنى كۆتۈرگىنىچە جاۋ يۈن بىلەن ئۆز كېمىسىگە قايتىپ، خانىم بىلەن بەش كېمىنى قويۇۋەتتى.

كىشىلەر، جاۋ يۈننى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*قۇتقۇزۇپ قالغانىدى داڭياڭدا پاسىباننى،*
*سالدى ئەمدى ئۇ يەنە دەرياغا جەڭنىڭ يولىنى.*
*كېمىدە ۋۇ لەشكىرىنىڭ سالدى پوك - پوك يۈرىكى،*
*يوق ئىدى باتۇر بۇ جاۋ يۈننىڭ جاھاندا جورىسى.*

جاڭ فېينى مەدھىيىلەپ مۇنداقمۇ بىرنەزمە پۈتۈلگەن:

كەلدى چانبەن كۆۋرۈكىگە دەرغەزەپ بولۇپ ئېتىلىپ،
قاچتى ساۋ ساۋ لەشكىرى بىر نەرىدە ئارتقا يېنىپ.
قۇتقۇزۇپ ئالدى بۈگۈن دەريادا پاسىباننى،
قالغۇسى تارىختا نامى تائەبەتكە يېزىلىپ.

ئىككىيلەن خۇشال ھالدا كېمىلەرنى قايتۇردى. بىرقانچە يول ماڭماستىنلا، جۇگې لياڭ نۇرغۇن كېمە بىلەن ھەمدەمگە كەلدى، ئۇ ئادۈنىڭ كۆتۈرۈۋېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى، ئۈچەيلەن بىللە قايتتى. جۇگې لياڭ بۇ ئەھۋال توغرىلىق ليۇ بېيغا مەلۇمات يېزىپ، جيامېڭ قورۇلىغا ئەۋەتتى.

كۈنچېقىش ۋۇغا قايتقان سۇن خانىم جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەرنىڭ جۇ شەننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، دەريادىن توسۇپ ئادۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان سۇن چۈەن.

— بۇگۇن سىئلىم بولسا قايتىپ كەلدى، ئەمدى ئۇلار بىلەن تۇغقانچىلىقىمىز تۈگىدى. جۇ شەننىڭ قىساسىنى نىمىدەپ ئالمايدىكەنمەن! — دېدى ـ دە، قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنى يىغىپ، لەشكەر تارتىپ جىڭجۇغا يۈرۈش قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى. لەشكەر يۆتكەش ھەققىدە قىزىق كېڭەش قىلىۋاتقان ۋاقىتتا خادىملار بىردىنلا چىبى ئۇرۇشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا ساۋ 40 تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىۋېتىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلىشتى. ئىنتايىن چۆچۈگەن سۇن چۈەن جىڭجۇنى ھازىرچە قويۇپ قويۇپ، ساۋ ساۋغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە كېڭەش قىلدى. خادىملار يەنە، كېسەل بولۇش تۈپەيلى ئىستېپا بېرىپ، ئائىلىسىگە قايتقان باش مىرزا جاڭ خۇڭ بۇگۇن ۋاپات قىلدى، دەپ مەلۇم قىلدى ۋە ئۇنىڭ قالدۇرغان خېتىنى تەقدىم قىلدى. سۇن چۈەن ئېچىپ ئوقۇۋىدى، خەتتە سۇن چۈەننى مولىڭغا كۆچۈشكە دەۋەت قىلىپ، مولىڭنىڭ تاغ ۋادىلىرىدا شاھانە بوي ـ پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ، تېز كۆچۈپ، مەڭگۇلۇككە ئاساس قىلىش لازىم، دېيىلگەنىكەن. خەتنى ئوقۇغان سۇن چۈەن قاتتىق يىغلاپ تاشلىدى، بەگلەرگە قاراپ:

— جاڭ خۇڭ مېنى مولىڭغا كۆچۈشكە دەۋەت قىپتۇ، نىمىدەپ قوبۇل قىلمايمەن؟ — دېدى ـ دە، شۇئان جيەنيېگە (مولىڭغا) كۆچۈشكە، تاشتىن سېپىل ياساشقا بۇيرۇق بەردى. لۈي مېڭ:

— رۇ شۈينىڭ دەريا ئېغىزىغا پۇختا قورغان سېلىپ، ساۋ ساۋ لەشكىرىنى توسۇيلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— ياۋغا قىرغاققا چىقىپ زەربە بېرىمىز، ئاندىن كېمىگە
يالاڭ ئاياغ بولۇپ چۈشىمىز، قورغان سالغاننىڭ نېمە پايدى-
سى؟ — دېدى پالۋانلار.

— لەشكەرلەر، — دېدى لۈي مېڭ، — ئوڭۇشلۇق - ئوڭۇشسىزلىق بولۇپ تۇرىدۇ، ھەممىلا جەڭدە چوقۇم غەلىبە بولۇۋەرمەيدۇ. مۇبادا ياۋ تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىپ، پىيادە، ئاتلىقلار ئارىلىشىپ جەڭ قىلسا، ئادەملەر سۇغا چۈشۈشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىدۇ، كېمىگە قانداق چۈشەلىسۇن؟

— «ئادەملەر يىراقنى ئويلىمىسا، چوقۇم غەمگە يېقىن بولىدۇ». لۈي مېڭ ناھايىتى يىراقنى كۆزلىمەكتە، — دېدى سۈن چۈەن ۋە رۇشۈي قورغىنىنى سېلىشقا بىرنەچچە تۈمەن لەشكەر بۇيرۇدى. ئۇلار كېچىلەپ ئىشلەپ، قۇرۇلۇشنى دېگەن مۇددەتتە تاماملىدى.

ساۋ ساۋنىڭ نوپۇزى - دۆلىتى پايتەخت شۈيچاڭدا كۈنسايىن ئاشماقتا ئىدى. باش مىرزا دۇڭ جاۋ:

— قەدىمدىن بېرى ۋەزىرلەر ئىچىدە باش ۋەزىر جانابلىرىدەك خىزمەت يەتكۈزگۈچىلەر بولغان ئەمەس. جۇ گۇڭ، لۈي ۋاڭلارنىمۇ سىلىگە تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئوتتۇز نەچچە يىل زەخمەت چېكىپ، ياۋۇزلارنى تازىلىدىلا، ئاھالىنى بالا- قازادىن خالاس قىلدىلا، خەن خاندانلىقىنى قايتىدىن ياشارتتىلا، سىلىنى باشقا ۋەزىرلەر بىلەن بىر قاتاردا قويۇش مۇمكىنمۇ؟ سىلىگە ۋېي گۇڭلۇق ئورۇننى بېرىش كېرەك، شانۇ شەۋكەتلىرىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن «توققۇز سوۋغا» غا سازاۋەر بولۇشلىرى كېرەك، — دېدى. بۇ توققۇز سوۋغىنى سورىڭىز:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1. ئات هارۋا — چوڭ هارۋا بىر، لەشكىرىي هارۋا بىر، قارا ئارغىماق تۆت، قولا سەككىز.
2. كىيىم ـ كېچەك — قائىدە ـ يوسۇن كىيىمى، تەلپەك، قىزىل ئاياغ، قىزىل كەش.
3. ساز — ۋاڭغا خاس سازەندىلەر.
4. قىزىل ئىشىك — قىزىل ئىشىكلىك بىنا.
5. تاپسا قورۇش — ئۆزىنىڭ مەنسەپ دەرىجىسىگە لايىق تۆپىسى يېپىقلىق تاپسا قورۇشقا رۇخسەت بېرىش.
6. ياساۋۇل بېرىش — ئۈچ يۈز ياساۋۇل بېرىپ ئىشىك قاراۋۇللۇقىغا قويۇش.
7. پالتا ـ تەبەر — پالتا بىر، تەبەر بىر.
8. ئوقيا — قىزىل ئوقيا بىر، ئوق 100 دانە، قارا ئوقيا ئون، ئوق 1000 دانە.
9. ئېسىل مەي ـ شاراب ۋە جان ـ ئاپقۇرلار، ئەجدادلار بۇتخانىسىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلاردىن ئىبارەت.

ياساۋۇل شۇن يۈي:

— بولماسمىكى، باش ۋەزىر ئەسلىدە خەن خاندانلىقىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ھەققانىي لەشكەر باشلىغان، سادىق، پاك ئىرادىدە بولۇشى، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇشى كېرەك. ئالىيجاناب كىشى پەزىلەتنى سۆيۈشى لازىم، مۇنداق قىلماسلىق كېرەك! — دېدى.

ساۋ ساۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ رەڭگىرويى ئۆچۈپ كەتتى.

دۇڭ جاۋ:

— بىر ئادەم كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىغا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ — دېدى ۋە دەرھال ساۋ ساۋنى ۋېي گۇڭلۇققا تەيىنلەپ ۋە توققۇز سوۋغا تەقدىم قىلىش ھەققىدە مۇراجىئەت يازدى.

— مۇنداق ئىشنى بۈگۈن كۆرۈشنى خالىمايمەن! — دېدى شۇن يۈي ھەسرەت چېكىپ.

ساۋ ساۋ بۇنى ئاڭلاپ، مېنى قوللىمىدى دەپ، شۇن يۈيگە ناھايىتى ئۆچ بولۇپ قالدى. جىيەنئەننىڭ 17 - يىلى 10 - ئايدا، ساۋ ساۋ جياڭنەنگە يۈرۈش قىلغاندا، بىللە بېرىش ھەققىدە شۇن يۈيگە بۇيرۇق بەردى. ساۋ ساۋنىڭ ئۆلتۈرۈش نىيىتىنى بىلگەن شۇن يۈي كېسەلنى باھانە قىلىپ شۇۋچۇندە يېتىــــۋالدى. بىردىنلا ساۋ ساۋنىڭ ئادىمى كېلىپ ئۇنىڭغا بىر قۇتا يېمەكلىك تاپشۇردى. قۇتا شەخسەن ساۋ ساۋنىڭ ئۆز قەلىمى بىــــلەن يېزىلغان پېچەت بىلەن پېچەتلەنگەنىدى، ئېچىپ قارىسا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن. چۈشەنگەن شۇن يۈي شۇئان زەھەر ئىچــــىپ ئۆلۈۋالدى، شۇ يىلى ئۇ 50 ياشتا ئىدى. كېيىنكىلەر ئۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*ئىستىبداتى ئەلگە مەشھۇر ئىدى شۇن يۈينىڭ تازا،*
*ئىستەي! زالىم ھوقۇقمەن قولىدا تاپتى قازا.*
*ھېچ قىلىشماڭلار ئۆزۈڭلارنى پەقەت جاڭ لياڭغا تەڭ،*
*نە كۆزى ئەردى بېقىش خەن خانىنىڭ تۇز كورىغا.*

ئوغلى شۇن يۈن ھازا ئېچىپ، ساۋ ساۋغا مۇسىبەت ھەققىدە مەكتۇپ ئەۋەتتى. ناھايىتى پۇشايمان قىلغان ساۋ ساۋ تەنتەنە بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، مەرھۇمغا ھۆرمەت بېگى ئۇنۋانى ئىلتىپات قىلدى.

ساۋ ساۋ لەشكىرى رۇشۇيگە يېتىپ كەلگەندە، دەسلەپ ساۋ خۇڭنى تۈمۈر ساۋۇت كىيگەن 30 مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىلەن دەريا بويىغا قەدەر پايلاپ چىقىشقا ئەۋەتتى. ئۇلار قايتىــــپ كېلىپ:

— يىراقتىن قارىساق دەريا بويىدىكــى جايلاردا سان - ساناقسىز تۇغ - ئەلەم قاداقلىق تۇرۇپتۇ، لەشكەرلىرىنىــــڭ قەيەرگە توپلانغانلىقىنى بىلەلمىدۇق، — دەپ مەلۇمات بەردى.

خاتىرجەم بولالمىغان ساۋ ساۋ لەشكەرنى ئۆزى رۇشۇي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېغىزىغا ئاپىرىپ سەپ تارتتى. ئۇ 100دىن ئارتۇقراق ئادەم بىلەن تاغنىڭ يانباغرىغا چىقىپ يىراقتىن قارىۋىدى، قىسىملارغا بۆلۈنگەن جەڭ كېمىلىرى رەت - رېتى بىلەن تىزىلىپتۇ، رەڭمۇ رەڭ تۇغ - ئەلەملەر لەپىلدەپ، لەشكىرىي قوراللار پارقىراپ تۇرۇپتۇ. ئوتتۇرىدىكى چوڭ كېمىدە قارا سايىۋەن ئاستىدا سۇن چۈەن ئولتۇرۇپتۇ، ئوڭ - سول تەرىپىدە قەلەمدار - ئەلەمدار بەگلەر ئىككى رەت بولۇپ ئۆرە تۇرۇشۇپتۇ. ساۋ ساۋ قامچىسى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— بالا تاپساڭ سۇن چۈەندەكنى تاپ، ليۇ بياۋنىڭ بالىسىدەك بولۇپ قالسا، چوشقا بولىدۇ! — دېدى.

بۇ چاغدا تۇيۇقسىز چىققان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭلا، تۆۋەندىن كېمىلەر ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى، رۇشۇي قورغىنىنىڭ ئىچىدىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىگە تېگىش قىلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى چېكىنىپ شۇنداق قاچتىكى، ھېچكىم توختىتالمىغۇدەك قاچتى. ئۇشتۇمتۇت 1000دەك ئاتلىق تاغنىڭ يېنىغا قوغلاپ كېلىپ قالدى، زەڭگەر كۆزلۈك، قوڭۇر ساقاللىق بىر كىشى ھەممىنىڭ ئالدىدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. كۆپچىلىك سۇن چۈەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدى. سۇن چۈەن ئۆزى بىر توپ ئاتلىق لەشكەر بىلەن ساۋ ساۋغا تېگىش قىلغىلى كەلگەنىدى. ئىنتايىن چۆچۈگەن ساۋ ساۋ ئېتىنى تېز قايتۇرۇپ قاچماقچى بولۇۋېدى، كۈنچىقىش ۋۇنىڭ چوڭ پالۋانلىرىدىن خەن داڭ، جۇ تەي توپتوغرا قىر - چاپ قىلىپ كەلدى، ساۋ ساۋنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان شۈي چۇ ئات سىلىپ قىلىچ ئويىنىتىپ، ئىككى پالۋاننى توسۇدى، ساۋ ساۋ قۇتۇلۇپ قارارگاھىغا كېلىۋالدى. شۈي چۇ ئىككى پالۋان بىلەن 30 رەددى بەدەل ئېلىشىپ، ئاندىن قايتتى. قارارگاھىغا قايتقان ساۋ ساۋ شۈي چۇغا كاتتا ئىنئام بەردى، باشقا پالۋانلارغا:

— ياۋغا گەزلەشكەندە ئالدىن چېكىنىپ، غەيرىتىمىزنى

چۈشكۈنلۈككە ئۇچراتتىڭلار! بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلساڭلار، پۈتۈنلەي ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن! — دەپ كايىدى.

شۇ كۈنى كېچىسى، ئەلياتقۇ ۋاقتىدا تۇيۇقسىزلا قارارگاھ تېشىدا ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ چۇقان ئاۋازى چىقىپ كەتتى. تېز ئاتلىنىپ چىققان ساۋ ساۋ تۆت تەرەپلەپ چىقىۋاتقان يانغىننى كۆردى، ۋۇ لەشكەرلىرى چوڭ قارارگاھقا باستۇرۇپ كىردى. تاڭ ئاتقانغا قەدەر قىرغىن بولدى. ساۋ ساۋ لەشكىرى ئەللىك نەچچە چاقىرىم يەرگە چېكىنىپ قارارگاھ قۇردى. ئىچى پۇشقان ساۋ ساۋ لەشكىرىي كىتابلارنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى، چېڭ يۈي:

— باش ۋەزىر! سىلى لەشكىرىي ئىلمىدىن خەۋەردار تۇرۇپ «لەشكەرنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ مۆجىزە سۈرئەتلىكى» دە گەنلىكىنى بىلمەمتىلە؟ باش ۋەزىر بۇ قېتىمقى يۈرۈشنى بەك ئۇزۇن سوزۇۋەتتىلە، شۇڭا سۈن چۈەن تەييارلىق كۆرۈۋالدى. رۇشۈي ئېغىزىدىكى قورغان تۇپەيلى تېگىش قىلىشمىز قىيىنلاشتى. ياخشىسى ھازىرچە لەشكەرنى شۈيچاڭغا قايتۇرۇپ، باشقا ياخشى چارە تاپايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ساۋ ساۋ قوبۇل قىلمىدى. چېڭ يۈي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ساۋ ساۋ شىرەگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالدى. بىردىنلا تۇمەنلەرچە ئات چېپىۋاتقاندەك قالتىس دولقۇن ئاۋازى ئاڭلاندى. ساۋ ساۋ شۇنداق قارىسا، دەريادىن كۆزنى قاماشتۇرۇپ يوغان بىر قۇياش چىقتى؛ ئاسمانغا قارىۋىدى، بىر - بىرىگە قارشى يەنە ئىككى قۇياش بىر - بىرىنى يورۇتۇپ تۇرۇپتۇ. بىردىنلا دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقى قىزىل قۇياش تويتوغرا ئۇچتى - دە، قارارگاھ ئالدىدىكى تاغقا چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭدىن گۈلدۈرمامىدەك ئاۋاز ئاڭلاندى. ساۋ ساۋ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. بۇ چېدىر - بارگاھتا كۆرگەن بىر چۈش ئىدى. چېدىر-بارگاھ ئالدىدىكى لەشكەرلەر چۈش ۋاقتى بولغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەلۇم قىلماقتا ئىدى. ساۋ ساۋ ئات توقۇتۇپ، ئەللىك نەچچە ئاتلىق بىلەن قارارگاھتىن چىقىپ، چۆشىدە قۇياش چۈشۈپ كەتكەن تاغنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇيان ـ بۇيانغا قاراپ تۇرۇشىغا، توساتتىن بىر تۈركۈم ئاتلىق كېلىپ قالدى، ئالدىدا زەر دۇبۇلغا، زەر ساۋۇت كىيگەن بىر كىشى بار ئىدى. ساۋ ساۋ قارىسا سۈن چۈەن ئىكەن. ساۋ ساۋنىڭ كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن سۈن چۈەنمۇ ھېچ تەمتىرىمەستىن تاغدا ئېتىنى توختىتىپ، قامچىسى بىلەن ساۋ ساۋغا ئىشارەت قىلغان ھالدا:

— باش ۋەزىر! جۇڭيۈەنگە خوجا بولۇۋاتىدىلا، كاتتا دۆلەت كۆرۈۋاتىدىلا، نېمىشقا قانائەت قىلماستىن، يەنە بىزنىڭ جياڭنەنگە باستۇرۇپ كېلىدىلا؟ — دېدى.

— سىلى، — دېدى ساۋ ساۋ، — ۋەزىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، خاندانلىققا ھۆرمەت قىلمىدىلا، مەن خانىمىزنىڭ پەرمانى بىلەن ئالاھىدە سىلىنى جازالىغىلى كەلدىم!

— بۇ سۆزنى ئېيتىشقا نومۇس قىلمامدىلا؟ خان نامىدىن بەگلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتقانلىقلىرىنى ئەلدە بىلمەيدىغانمۇ كىشى بارمۇ؟ مەن خەن خاندانلىقىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلمايمەن، سىلىنى جازالاپ ئەلنى تەرتىپكە سالىمەن، — دېدى سۈن چۈەن.

دەرغەزەپ بولغان ساۋ ساۋ تاغقا چىقىپ سۈن چۈەننى تۇتۇشقا پالۋانلىرىغا بۇيرۇق چۈشۈردى. تۇيۇقسىز چېلىنغان ناغرا ئاۋازى بىلەن تاغنىڭ ئارقىسىدىن ئوڭدىن خەن داڭ، جۇ تەي، سولدىن چېن ۋۇ، پەن جاڭ باشچىلىقىدىكى ئىككى توپ لەشكەر چىقتى. تۆت پالۋان 3000 كاماندازنى باشلاپ يامغۇردەك ئوق ئۈزدى. ساۋ ساۋ تېزلىكتە پالۋانلىرى بىلەن ئارقىغا ياندى. ئارقىدىن تۆت پالۋان ناھايىتى تېز قوغلاپ كەلدى، يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، شۈي چۇ جەسۇر مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەر بىلەن كېلىپ توسۇپ، ساۋ ساۋنى قۇتقۇزۇۋالدى. ۋۇ لەشكىرى زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ رۇشۇيگە قايتتى.

قارارگاھقا قايتىپ كەلگەن ساۋ ساۋ: «سۆن چۆەن بوش ئادەم ئەمەس. قىزىل قۆياش بولۇپ چۆشۆمگە كىردى، كەلگۆسىدە پادىشاھ بولۇشى مۇقەررەر» دەپ ئويلىدى ـ دە، لەشكەرنى چېكىندۈرۈش خىيالىغا كەلدى. يەنە كۆنچىقىش ۋۇلۇقلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن نومۇس قىلىپ، يا ئالغا، يا كەينىگە ماڭالماي بىر قارارغا كېلەلمىدى. ھەر ئىككىلا لەشكەر يەنە بىر ئايدىن ئارتۇقراق كۆزلىشىپ، بىرنەچچە مەيدان جەڭ قىلغان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى يېڭىشەلمىدى. ئىككىنچى يىلىنىڭ بىرىنچى ئېيى كىرىپ، باھار يامغۇرى ئۇدا يېغىپ كەتكەچكە، لىمانلار سۇغا چۆشۈپ كېتىپ، لەشكەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى پاتقاقچىلىقتا قېلىپ، ئىنتايىن جاپا چەكتى. ساۋ ساۋنى راسا غەم بېسىۋالدى. ئۇ بىر كۈنى قارارگاھىدا مەسلىھەتچىلەر بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى، بەزىلەر ساۋ ساۋغا لەشكەرنى قايتۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت بەرسە، بەزىلىرى ھازىر باھار بولۇپ ھاۋا ئىسسىپ قالدى، ئەمدى ئېلىشىش كېرەك، چېكىنىش يارىمايدۇ دېگەن پىكىرنى بەردى. ساۋ ساۋ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا، بىردىنلا كۆنچىقىش ۋۇ ئەلچىسى مەكتۇپ ئېلىپ كەپتۇ دەپ مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ مەكتۇپنى ئوقۇدى، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

مەن ۋە سىلى باش ۋەزىر ھەممىمىز خەن خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرلىرىدۇرمىز، باش ۋەزىر سىلى ئەلگە خىزمەت قىلىش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشنى ئويلىماي، ئۆزلىرى بىلگەنچە ئۇرۇش قىلىپ، ئاھالە ـ خانىمانلارنى ھالاك قىلىۋاتىدىلا، بۇ كىشىلىككە نىسبەتەن ۋىجدانىي ھەرىكەتمۇ؟ ھازىر باھار تاشقىنى بولۇپ قالدى، جانابلىرى، تېز كەتسىلە، ئەكس ھالدا يەنە چىبى پالاكىتىگە قېلىشلىرى تۇرغان گەپ، جانابلىرى، مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈرلەر.

مەكتۇپ ئارقىسىغا يەنە مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغانىدى: «سىلى ئۆلمىگىچىلىك ماڭا تىنچلىق يوق».

مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغان ساۋ ساۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— «سۇن چۈەن مېنى ئەخمەق قىلماپتۇ، — دېدى ـ دە، ئەلچىنى ياخشى تارتۇقلىدى، شۇئان لەشكەرگە قايتىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. لۇ جياڭ هاكىمى جۇ گۇاڭنى ۋەنچىڭنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى بۈيۈك لەشكەرنى ئېلىپ شۈيجاڭغا قايتتى. سۇن چۈەنمۇ لەشكەرنى يىغىپ مولىڭغا قايتتى. سۇن چۈەن پالۋانلار بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— ساۋ ساۋ يۇقىرىغا قايتقان بولسىمۇ، ليۇ بېي جياميڭ قورۇلىدا بولۇپ تېخى قايتمىدى. نېمىشقا ساۋ ساۋغا قارشى ئىشلەتكەن لەشكەرلىرىمىز بىلەن بېرىپ جىڭجۇنى ئالمايمىز؟ — دېدى.

جاڭ جاۋ تەدبىر كۆرسىتىپ:

— لەشكەرنى مىدىرلاتمايلى. مېنىڭ بىر تەدبىرىم باركى، ليۇ بېينى قايتىلاپ جىڭجۇغا كېلەلمەيدىغان قىلىۋېتىمەن، — دېدى.

دەرھەقىقەت:

*قاچتى ساۋ ساۋ لەشكىرى يۇقىرى تەرەپكە توختىماي،*
*دېدى سۇن چۈەن دىلىدا: «تۆۋەننى ئىستىلا قىلاي.»*

جاڭ جاۋنىڭ قانداق تەدبىر كۆرسەتكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش ئىككىنچى باب

## ياڭ خۇەي، گاۋ پېيلار ئۆلتۈرۈلۈپ، فۇ گۇەن قورۇلىنىڭ ئېلىنغانلىقى
## لۇچېڭنى ئېلىشتا خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەرنىڭ ئەجىر-تۆھپە تالاشقانلىقى

ئەلقىسسە، جاڭ جاۋ تەدبىر كۆرسىتىپ:

— لەشكەرنى مىدىرلاتمايلى، ئەگەر لەشكەر تارتىدىغان بولساق، ساۋ ساۋ چوقۇم يەنە قايتىپ كېلىدۇ. ياخشىسى ئىككى پارە مەكتۇپ يازايلى، مەكتۇپنىڭ بىر پارىسىنى ليۇ بېي كۇنچىقىش ۋۇ بىلەن بىرلىشىپ، كۇنپېتىش سىچۇەننى ئالماقچى بولدى، دەپ ليۇ جاڭغا يازايلى ـ دە، ليۇ جاڭنى گۇمانغا سېلىپ، ليۇ بېيغا تېگىش قىلغۇزايلى؛ بىر پارىسىنى جاڭ لۇغا يېزىپ، ئۇنى جىڭجۇغا يۈرۈش قىلىشقا دەۋەت قىلايلى، ليۇ بېي ئالدى ـ كەينىگە قارىيالماي قالسۇن. ئاندىن لەشكەر تارتساق، ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ، — دېدى.

سۇن چۇەن قوبۇل قىلىپ دەرھال ئىككى جايغا ئەلچى ماڭغۇزدى.

جيا مېڭ قورۇلىدا خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان ليۇ بېي خەلقنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ توساتتىن جۇگې لياڭنىڭ يازغان مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، سۇن خانىمنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۈنچىقىش ۋۇغا قايتقانلىقىدىن ۋاقىپ بولدى، يەنە ساۋ ساۋنىڭ يۈرۈش قىلىپ رۇشۇيگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پاڭ تۇڭغا مەسلىھەت سېلىپ:

— ساۋ ساۋ سۈن چۈەنگە تېگىش قىپتۇ، ساۋ ساۋ غالىب بولىدىكەن، ئەلۋەتتە جىڭجۇنى ئالىدۇ، سۈن چۈەن غالىب بولىدىكەن ئۇمۇ چوقۇم جىڭجۇنى ئالىدۇ. قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېدى.

— جانابىي پاسىبانىم! غەم قىلمىسىلا، ئۇ يەردە جۇگې لياڭ بولغاچقا، كۈنچىقىش ۋۇلۇقلارنىڭ جىڭجۇغا تېگىش ھەددى ئەمەس، دەپ ئويلايمەن، سىلى ليۇ جاڭغا: «ساۋ ساۋ سۈن چۈەنگە تېگىش قىلغىلى كەپتىكەن، سۈن چۈەن جىڭجۇدىن ھەمدەم سوراپتۇ. سۈن چۈەن بىلەن مېنىڭ يېقىن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىم بولغاچقا، ھەمدەمدە بولماي تۇرالمايمەن، جاڭ لۇ بولسا ئۆزىنىلا قوغدايدىغان ئوغرى، ئۇنىڭ تەۋەيىمىزگە تېگىشى ھەرگىز ھەددى ئەمەس. مەن ھازىر لەشكەر بىلەن جىڭجۇغا قايتىپ، سۈن چۈەنگە قوشۇلۇپ ساۋ ساۋنى يوقىتىمەن، بىراق لەشكىرىم ئاز، تەمىناتىم كەمچىل. ئۇرۇق-تۇغقانلىقىمىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، تېزلىكتە 3 — 4 تۈمەن تاللانغان لەشكەر، 100 مىڭ خو سەپەر تەمىناتى ياردەم قىلىشلىرىنى، بۇلارنى مەرھەمەت قىلىپ كېچىكتۈرمەسلىك-لىرىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ بىر مەكتۇپ يازسىلا. ئەگەر لەشكەر، ئاشلىق قولىغا كېلىدىكەن، يەنە باشقىچە كېڭەش قىلىمىز، — دەپ مەسلىھەت بەردى پاڭ تۇڭ.

ليۇ بېي بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ، چېڭدۇغا كىشى ئەۋەتتى. ئەلچى قورۇل ئالدىغا كەلگەندە ياڭ خۇەي، گاۋ پېيلارغا خەۋەر يەتكۈزدى. گاۋ پېينى قورۇل ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ياڭ خۇەي ئەلچى بىلەن بىللە چېڭدۇغا كەلدى، ليۇ جاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ مەكتۇپنى تەقدىم قىلدى. مەكتۇپنى ئوقۇپ كۆرگەن

لیۇ جاڭ یاڭ خۇنىڭ كىلىشتىكى مەقسىتىنى سورىدى.

— مەخسۇس مۇشۇ مەكتۇپ ئۈچۈن كەلدىم. لیۇ بېي سىچۈەنگە كىرگەندىن بېرى، كەڭ دائىرىدە ياخشىلىق قىلىپ، ئاھالىنىڭ كۆڭلىنى ئالماقتا، ئىنتايىن بەدنىيەتتە ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇگۈن لەشكىرىي تەمىنات سوراپتۇ. بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر ياردەم بېرىدىكەنمىز، يانغىنغا ئوتۇن سالغان بولىمىز، — دېدى ياڭ خۇەي.

— مەن لیۇ بېي بىلەن ئاغا - ئىنى تۇرسام، بەرمەي بولامدۇ؟ — دېدى لیۇ جاڭ. بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— لیۇ بېي مەرد ئەزىمەتتۇر. ئۇنى كەتكۈزىۋەتمەي سىچۈەندە ئۇزۇن تۇرغۇزىۋېرىدىغان بولساق، يولۋاسنى ئۆيگە كىرگۈزۈپ قويغان بولىمىز. بۇگۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە لەشكىرىي تەمىنات بېرىدىغان بولساق، يولۋاسقا قانات چىقتى دېگەن سۆز! — دېدى.

كۆپچىلىك قارىسا، بۇ لىڭلىڭ جېڭياڭلىق لیۇ با ئىكەن، يەنە بىر ئىسمى زىچۇ ئىدى. لیۇ بانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ لیۇ جاڭ بىر قارارغا كېلەلمەي قالدى. خۇاڭ چۈەنمۇ ئىلتىجا قىلىپ قاتتىق تۇرىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، لیۇ جاڭ قېرى - ئاجىزلاردىن بولۇپ 4000 لەشكەر، 10 مىڭ خو گۈرۈچ ئاجرىتىپ، لیۇ بېيغا مەكتۇپ ئەۋەتتى. قورۇل - ئېغىزلارنى گاۋ پېي بىلەن ىبىلله قاتتىق ساقلاشقا يەنە ياڭ خۇەينى قايتۇردى.

جيامېڭ قورۇلىغا كەلگەن لیۇ جاڭ ئەلچىسى لیۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ مەكتۇپنى تاپشۇردى. لیۇ بېي مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇپ غەزەپ بىلەن:

— مەن بۇ يەردە كۈچ سەرپ قىلىپ، زەخمەت چېكىپ، سىز ئۈچۈن ياۋغا قارشى تۇرۇۋاتسام، سىز بۇگۈن مال - دۇنيا يىغىپ بېخىللىق قىلىسىز، لەشكەرلەر قانداق جان پىدالىق كۆرسىتىدۇ؟ — دېدى - دە، مەكتۇپنى يىرتىپ تاشلاپ تىللىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەلچى چىڭدۇغا قىچىپ كەتتى.
پاڭ تۇڭ:

— جانابىي پاسىبانىم، سىلى ئادەمگەرچىلىكنى، ھەققانىيەتنى مۇھىم كۆرەتتىلە، بۈگۈن مەكتۇپنى يىرتىپ كايىدىلا، بۇرۇنقى مۇناسىۋەتنىڭ ھەممىسى بەربات بولۇپ كەتتى، — دېدى.

— مۇشۇنداق بولدى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

— ئۈچ تەدبىرىم بار، — دېدى پاڭ تۇڭ، — تاللاپ ئىجرا قىلۇرلا.

— قېنى قايسى ئۈچ تەدبىر؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— بۈگۈن تاللانغان لەشكەر بىلەن كېچىلەپ يول يۈرۈپ، تويتوغرا چىڭدۇغا بېرىپ تۇيۇقسىز تېگىش قىلىش كېرەك. بۇ ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەدبىر. ياڭ خۇەي، گاۋ پېيلار سىچۈەننىڭ ئاتاقلىق پالۋانلىرىدۇر، بۇلار كۈچلۈك لەشكەر بىلەن قورۇل - ئېغىزلارنى توسۇپ ياتماقتا؛ ئەمدى سىلى جىڭجۇغا قايتىدىغان بىر ۋەزىيەت ئالسىلا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئىككى پالۋان ئەلۋەتتە ئۇزاتقىلى كېلىدۇ، تۇتۇپلا ئۆلتۈرۈش كېرەك - دە، قورۇل - ئېغىزلارنى تارتىۋېلىپ، ئاۋۋال فۇچېڭنى ئېلىپ، ئاندىن چىڭدۇغا يۈرۈش قىلىش كېرەك. بۇ ئوتتۇرانچى تەدبىر. بەيدىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، كېچە - كۈندۈزلەپ جىڭجۇغا قايتىش كېرەك - دە، ئاستا ئېلىشنىڭ چارىسىنى كۆرۈش لازىم. بۇ ھەممىدىن تۆۋەن تەدبىر. ئەگەر ئىككىلىنىپ ھەرىكەت قىلمايدىغان بولساق، زور قىيىنچىلىققا قالىمىز - دە، خالاسلىققا چىقالمايمىز، — دېدى پاڭ تۇڭ.

— مۇشاۋىرىم! ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەدبىرلىرى بەك جىددىي، ھەممىدىن تۆۋەن تەدبىرلىرى بەك سۇس بولۇپ، ئوتتۇرانچى تەدبىرلىرى جىددىيمۇ ئەمەس، ئاستىمۇ ئەمەس ئىكەن، ئوتتۇرانچى تەدبىرنى ئىجرا قىلساق بولامدىكىن، —

دېدى ليۇ بېي.

شۇنداق قىلىپ ليۇ جاڭغا، ساۋ ساۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈي جىن چېكىنىش ئۈچۈن چېگرا نىجىنغا لەشكەر تارتىپ كەلگەنىكەن، پالۋانلىرىم تۇسالماي قاپتۇ، ئۆزۈم بېرىشقا توغرا كېلىپ قالدى. كۆرۈشۈپ خوشلىشىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغىنىم ئۈچۈن، ئالاھىدە خەت يېزىپ خوشلاشتىم دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ يازدى. مەكتۇپ چىڭدۇغا يېتىپ كەلگەندە، ليۇ بېينى چىڭدۇغا قايتقۇدەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان جاڭ سۇڭ، راستقا ئوخشايدۇ دەپ، بىر پارە مەكتۇپ يېزىپ، ليۇ بېيغا ئەۋەتمەكچى بولدى. دەل بۇ ۋاقىتتا جاڭ سۇڭنىڭ ئاكىسى گۇاڭخەن ھاكىمى جاڭ سۇ كېلىپ قالدى. جاڭ سۇڭ مەكتۇپنى تېزلىكتە يېڭىنىڭ ئىچىگە يوشۇردى ـ دە، جاڭ سۇ بىلەن ئولتۇرۇپ سۆھبەتلەشتى. جاڭ سۇڭنىڭ ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن جاڭ سۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ قالدى. جاڭ سۇڭ شاراب ئەكېلىپ جاڭ سۇ بىلەن بىللە ئىچىشتى. شاراب تۇتۇۋاتقان ۋاقىتتا، تۇيۇقسىزدىنلا مەكتۇپ يەرگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنى جاڭ سۇنىڭ خىزمەتچىسى ئېلىۋالدى، مەرىكىدىن كېيىن، خىزمەتچى مەكتۇپنى جاڭ سۇغا سۇندى، جاڭ سۇ مەكتۇپنى ئوقۇدى، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

خان تاغىسى! كېچە ئۆزلىرىگە ئېيتقانلىرىم، يالغان ئەمەس ئىدى، نېمىشقا كېچىكىدىلا؟ قوراللىق كۈچ بىلەن تارتىۋېلىش، ئالغاندىن كېيىن قائىدە ـ يوسۇنلار بىلەن ئىزغا سېلىشنى قەدىمكىلەر قىممەتلىك ھېسابلايتتى. بۈگۈن ئۇلۇغ ئىش قولغا كەلگەن ۋاقىتدا، نېمە سەۋەبتىن ۋاز كېچىپ جىڭجۇغا قايتماقچى بولدىلا؟ كەمىنە جاڭ سۇڭلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۈمىدسىزلىنىپ قالدىم. مەكتۇپ يېتىپ بارغان كۈنىلا، تېز يۈرۈش قىلۇرلا. ئىچكى تەرەپتىن ماسلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېرىمەن، زىنھار كېچىكىلمىسۇن.

مەكتۇپنى ئوقۇپ كۆرگەن جاڭ سۇ ئىنتايىن چۆچۈپ كېتىپ: «ئىنىم ئەۋلادىمىز قىرىلىدىغان ئىشنى قىپتۇ، مەلۇم قىلماي بولمايدۇ» دېدى ـ دە، مەكتۇپنى كېچىلەپ ئاپىرىپ ليۇ جاڭغا كۆرسەتتى ۋە:

— ئىنىم جاڭ سۇڭ ليۇ بېي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، كۇنپېتىش سىچۈەننى تەقدىم قىلماقچى بوپتۇ، — دېگەنىدى، دەرغەزەپ بولغان ليۇ جاڭ:

— ئۇنىڭغا ئادەتتە يامان قارىمىغانتىم، نېمە سەۋەبتىن ئاسىيلىق قىلىدۇ! — دېدى ۋە دەرھال جاڭ سۇڭنى پۈتۈن خوتۇن، بالا ـ چاقىسى بىلەن قولغا ئېلىپ، جازا مەيدانىدا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى.

كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە بۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*تەڭدىشى يوق ئەر ئىدى خاتىرىسى كۈچلۈك يۇرت ئارا،*
*كىم بىلىپتۇ، يازمىشىدىن سىرى پاش بولدى مانا.*
*كۆز تىكىپ قىلدى ھەسەت خاقانى ليۇ بېي گۈللىسە،*
*يۇدى ئەڭلىنى بۈگۈن چېڭدۇدا قىزىل قانىدا.*

جاڭ سۇڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ليۇ جاڭ قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلىرىنى كېڭەشكە چاقىردى ۋە:

— ليۇ بېي ئېلىمنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى.

— ئىشنى كېچىكتۈرۈش يارىمايدۇ. دەرھال جايلاردىكى قورۇل ـ ئېغىزلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، لەشكەر ئارتتۇرۇپ ئەلنى ساقلاشقا، جېڭجۇ لەشكەرلىرىنىڭ بىرەرنىمۇ قورۇلدىن كىرگۈزمەسكە ئۇقتۇرۇش قىلايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى خۇاڭ چۈەن.

ليۇ جاڭ قوبۇل قىلىپ، ھەرقايسى قورۇللارغا جىددىي

ئۇقتۇرۇش ئەۋەتتى.

لىۋ بېي لەشكىرىنى ئېلىپ فۇچېڭغا قايتماقچى بولدى، ئۇ ئالدى بىلەن فۇشۈي قورۇلغا ئادەم ئەۋەتىپ، ياڭ خۇەي، گاۋ پېيلارنىڭ قورۇلدىن چىقىپ خوشلىشىشىنى تەلەپ قىلدى. ياڭ خۇەي:

— لىۋ بېينىڭ بۇ قايتىشى قانداق؟ — دېدى.

— لىۋ بېي ئۆلۈشكە تېگىشلىك. بىز ئىچىمىزگە ئۆتكۈر قورال تىقىپ ئۇزىتىشقا بارايلى - دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، پاسىبانىمىز ئۇچۇن بالايىئاپەتنى يوقىتايلى، — دېدى گاۋ پېي.

— بۇ ياخشى تەدبىر، — دېدى ياڭ خۇەي.

ئىككىيلەن 200 لەشكەر بىلەنلا قورۇلدىن ئۇزىتىشقا چىقتى، قالغانلارنى قورۇلدا قالدۇردى. لىۋ بېينىڭ بۈيۈك لەشكىرى سەپەرگە چىقىپ ئالدى فۇشۈي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا يېتىپ كەلدى. پاڭ تۇڭ ئات ئۈستىدىلا لىۋ بېيغا:

— ئەگەر ياڭ خۇەي، گاۋ پېيلار خۇشال كەلسە، ئېھتىيات قىلىش كېرەك؛ ئەگەر كەلمەيدىكەن، لەشكەر تارتىپ قورۇلنى ئېلىش كېرەك، كېچىكتۈرۈش يارىمايدۇ، — دەپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز بىر قۇيۇن شامال چىقىپ، ئاتنىڭ ئالدىدىكى «سەركەردە» دېگەن خەت يېزىلغان تۇغنى يىقىتىۋەتتى. لىۋ بېي پاڭ تۇڭدىن:

— بۇ نېمە ئالامەت؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى، ياڭ خۇەي، گاۋ پېي ئىككىيلەندە چوقۇم قاتىللىق قىلىش نىيىتى بار، ياخشى مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك، — دېدى پاڭ تۇڭ.

لىۋ بېي قېلىن ساۋۇت كىيىپ، شەمشەر ئېسىپ ھازىرلىق قىلىپ قويدى. ئادەملەر ياڭ خۇەي، گاۋ پېي ئىككى پالۋان ئۇزاتقىلى كەپتۇ، دەپ مەلۇم قىلدى. لىۋ بېي لەشكەرنى توختىتىپ دەم ئالدۇردى. پاڭ تۇڭ ۋېي يەن، خۇاڭ جۇڭلارغا:

— قورۇلدىن كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن ۋە پىيادە، ئاتلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىرىنىمۇ قويۇۋەتمەيسىلەر، — دەپ تاپشۇردى. ئىككى پالۋان بۇيرۇق ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

ياڭ خۇەي، گاۋ پىيلار يانلىرىغا ئۆتكۈر قورال تىقىپ، 200 لەشكەر بىلەن قوي، شارابلار ئېلىپ، توپتوغرا لەشكەر ئالدىغا كەلدى. لىيۇ بېينىڭ ھازىرلىقى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، تۇزاققا چۈشتى دەپ خۇرسەن بولدى. بارگاھقا كىرىشىۋېدى، لىيۇ بېي بىلەن پاڭ تۇڭ بارگاھتا ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئىككى پالۋان:

— خان تاغىسىنىڭ يىراق سەپەرگە چىقماقچى بولغانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، ئازغىنا شاراب بىلەن ئۇزاتقىلى كېلىشۇدۇق، — دېدى ـ دە، لىيۇ بېيغا شاراب تۇتتى. لىيۇ بېي:

— پالۋانلار! ھەر ئىككىڭلار قورۇلنى جاپا چېكىپ ساقلاۋاتىسىلەر، دەسلەپ بۇ قەدەھتىكى شارابنى سىلەر خۇش ئەتكەيسىلەر، — دېدى.

ئىككى پالۋان شارابنى ئىچىپ بولۇشىغا، لىيۇ بېي:

— مېنىڭ ئىككى پالۋان بىلەن يوشۇرۇن كېڭىشىم بار، بىكارچىلار چىقىپ تۇرۇڭلار — دەپ بىللە كەلگەن 200 لەشكەرنىڭ ھەممىسىنى بارگاھتىن چىقىرىۋەتتى، ئاندىن، — تۇتۇڭلار بۇ ئىككى مۇناپىقنى! — دەپ ئەتراپىدىكىلەرگە توۋلىدى. بارگاھنىڭ ئارقىسىدىن ئاۋاز بىلەن تەڭلا يۈگۈرۈپ چىققان لىيۇ فېڭ، گۈەن پىڭلار ياڭ خۇەي بىلەن گاۋ پىينى قارشىلىق كۆرسىتىپ بولغۇچىلىك تۇتۇۋالدى. لىيۇ بېي:

— مەن سىلەرنىڭ پاسىبانىڭلار بىلەن بىر ئۇرۇقداش بۇرادەر بولىمەن، ئىككىڭلار نېمە سەۋەبتىن بىرلىشىپ ئارىمىزنى بۇزۇۋسىلەر؟ — دەپ توۋلىدى.

پاڭ تۇڭ ئەتراپىدىكىلەرگە ئاختۇرۇڭلار! دەپ توۋلىدى، ئاختۇرۇش نەتىجىسىدە، دىگەندەك بىر دانىدىن ئۆتكۈر قورال

چىقتى. پاڭ تۇڭ ئىككىسىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇۋىدى، ليۇ بېي ئىككىلىنىپ قالدى. پاڭ تۇڭ:

— پاسبان، ئىككىسى سىلىنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىلغان، گۇناھىدىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى-دە، ياڭ خۇەي بىلەن گاۋ پېينى بارگاھ ئالدىدا ياساۋۇللارغا ئۆلتۈرگۈزدى. خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەر 200 لەشكەرنى ئاللىقاچان تۇتتۇرۇپ، بىرىنىمۇ قاچۇرمىدى. ليۇ بېي ئۇلارنى چاقىرتىپ، شاراب بېرىپ، ۋەھىمىسىنى باستى-دە:

— ياڭ خۇەي، گاۋ پېيلار بىز ئاغا-ئىنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق سالدى، يەنە يانلىرىغا ئۆتكۈر خەنجەر يوشۇرۇپ، قاتىللىق قىلماق بولغىنى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. سىلەر ئەيىبسىز، قورقماڭلار، — دېدى.

كۆپچىلىك باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. پاڭ تۇڭ:

— قوشۇنىمىز قورۇلنى ئالىدۇ، سىلەر يول باشلاپ بېرىڭلار، ئوبدان ئىنئام بېرىمىز، — دېدى.

كۆپچىلىك دەرھال ماقۇل دەپ جاۋاب بېرىشتى. بۇ كېچىسى 200 لەشكەر ئالدىدا، بۈيۈك لەشكەر ئارقىدا بولۇپ يولغا چۈشتى. تۇرشاۋۇل لەشكەر قورۇل تۈۋىگە كېلىپ:

— ئىككى پالۋان زور ئىش بىلەن قايتىپ كەلدى، قورۇلنى تېز ئېچىڭلار! — دەپ توۋلىدى. قورۇلدىكىلەر ئۆز لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ شۇئان قورۇلنى ئېچىپ بەردى. بۈيۈك لەشكەر تۇرۇلۇپلا كىرىۋالدى، لەشكەرلەر قوراللىرىنى قان قىلماستىن، فۇگۈەن قورۇلىنى ئالدى. سىچۈەن لەشكەرلىرى تامام ئەل بولدى. ليۇ بېي ئۇلارنى ئوبدان تارتۇقلىدى، دەرھال لەشكەرنى بۆلۈپ، ئالدى-ئارقا تەرەپلەرنى مۇداپىئە قىلدى. ئەتىسى لەشكەردىن ھال سورالدى، دىۋاندا مەرىكە ئۆتكۈزۈلدى. ليۇ بېي كەيپ بولۇپ قېلىپ، پاڭ تۇڭغا:

— بۈگۈنكى سورۇنىمىز نېمىدېگەن خۇشاللىق سورۇن-

ھە! — دېدى.

— لەشكەر كىشىلەرنىڭ ئىلىگە يۈرۈش قىلىپ كۆكئۆل ئاچىدىغان بولسا، ھەققانىي لەشكەر بولماي قالىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى پاك تۆك.

— ئۆتمۈشتە ۋۇۋاڭ جوغا يۈرۈش قىلغاندا، كۆكئۆل ئىچىپ خىزمەت يەتكۈزگەنىكەن، دەپ ئاڭلىغانىدىم، بۇمۇ ھەققانىيەتسىز لەشكەر بولامدۇ؟ سۆزلىرى نېمىشقا قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ؟ تېز چىقىپ كەتسىلە! — دېدى لىۇ بېي.

پاك تۆك قاقاقلاپ كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەتراپىدىكىلەر لىۇ بېينى يۆلەشتۈرۈپ ئارقا ھۇجرىغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۇخلاپ يېرىم كېچىدە مەستلىكتىن يېشىلدى. مۇلازىملار ئۇنىڭغا پاك تۆكنى ھەيدىگەن سۆزلىرىنى دەپ بېرىۋىدى، لىۇ بېي ناھايىتى پۇشايمان قىلىپ، ئەتىسى سەھەردە كىيىنىپلا داتاڭغا چىقتى ۋە پاك تۆكنى تەكلىپ قىلىپ ئەپۇ سوراپ:

— كېچە مەستلىكتە بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلىپ قويۇپتىمەن، زىنھار كۆڭۈللىرىگە ئالمىغايلا، — دېدى.

پاك تۆك بىمالال سۆزلىشىپ چاقچىقىنى قىلىۋىدى، لىۇ بېي:

— كېچە مەن ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويۇپتىمەن، — دېدى.

— سىلىدىنمۇ، مەندىنمۇ تەڭلا ئۆتۈلدى، يالغۇز جانابلىرىمىدىلا؟ — دېدى پاك تۆك.

لىۇ بېيمۇ كۈلۈپ كەتتى، بۇرۇنقىدەكلا كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ كەتتى.

لىۇ بېينىڭ ياك خوەي، گاۋ پېي ئىككى پالۋاننى ئۆلتۈرۈپ، فۇگۇەن قورۇلىنى ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان لىۇ جاڭ ناھايىتى چۆچۈپ كېتىپ:

— مۇنداق بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم! — دېدى ـ دە،

دەرھال قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنى يىغىپ، ياۋ لەشكىرىنى چېكىندۈرۈش مەسلىھەتىنى سورىدى.

— كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن لۈيشەنگە لەشكەر ئەۋەتىپ، بوغۇز يوللىرىنى ئېتەيلى. ليۇ بېينىڭ گەرچە تاللانغان لەشكەر، جەسۇر پالۋانلىرى بولسىمۇ ئۆتەلمەيدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى خۇاڭ چۈەن.

ليۇ جاڭ شۈئان ليۇ كۈي، لېڭ باۋ، جاڭ رېن، دېڭ شيەنلەرنى 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن كېچە ـ كۈندۈزلەپ يۈرۈپ لۈشيەننى ساقلاش، ليۇ بېيغا قارشى تۇرۇشقا ئەۋەتتى.

تۆت پالۋان سەپەرگە چىقىپ ئەتىسى، ليۇ كۈي:

— جىنپىڭشەن تېغىدا ئاجايىپ بىر شەخس بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، ئۇنىڭ دەرۋىشلىك لەقىمى «سامالىق ئادەم» ئىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ھايات ـ ماماتىنى، قەدىرلىك ـ قەدىرسىزلىكىنى بىلەرمىش. بۈگۈن لەشكىرىمىز دەل جىنپىڭشەندىن ئۆتىدۇ. بېرىپ سوراپ باقمايلىمۇ؟ — دېدى.

— مەرد ئەزىمەت ياۋغا قارشى يۈرۈشكە چىققاندا، تاغ ـ دالا ئادەملىرىدىن سوراپ ئولتۇرامدىكەن؟ — دېدى جاڭ رېن.

— ئۇنداق دېمەڭ، پەيغەمبەر: «ئىخلاس قىلسا، ئالدىن بىلىش مۇمكىن» دېگەن. بىز دانىشمەنلەردىن سوراپ، ياخشىلىققا مېڭىپ، شۇملۇقتىن قېچىشىمىز كېرەك، — دېدى ليۇ كۈي.

شۇنىڭ بىلەن تۆتەيلەن 50 — 60 لەشكەر بىلەن تاغ ئېتىكىگە كەلدى. ئوتۇنچىلاردىن سۈرۈشتە قىلغۇدى، ئۇ زاتنىڭ ئىستىقامەتگاھى تاغنىڭ چوققىسىدا دەپ كۆرسىتىپ بەردى. تاغقا چىققان تۆتەيلەن ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بىر دەرۋىش بالا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، نام ـ زاتىنى سوراپ، ئىبادەتخانىغا باشلاپ كىردى. «سامالىق ئادەم» يىكەن سېلىنچىدا ئولتۇراتتى. تۆتەيلەن باش قويۇپ، سەپەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ـ ئوڭۇشسىزلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سورىدى.

— كەمىنە تاغ ـ دالىلاردا ياشىغۇچى بىر تەرك ماكانمەن، خەير ۋە شۇملۇقنىڭ قانداق بىلەي؟ — دېدى «ساماڵىق ئادەم» . لىيۇ كۇي باش قويۇپ سوراپ تۇرۇۋالغاچقا، «ساماڵىق ئادەم» دەرۋىش بالىغا قەلەم ـ قەغەز ئەكەلدۈرۈپ، تۆۋەندىكى سەككىز جۈملە سۆزنى يېزىپ لىيۇ كۇيگە بەردى. بۇ سۆزلەر مۇنداق:

*سولدا ئەجدار، ئوڭدا سۇمۇرغ كەلسە سىچۇەنگە ئۇچۇپ،*
*يەرگە سۇمۇرغ يىقىلار، ئەجدەر چىقار كۆكنى قۇچۇپ.*
*بىرى چۈشسە قولغا گەر، قىسمەت بىرى بولماق چىقىم،*
*پەيتكە لايىق قىلسا ئىش، كەتمەس قىيامەتكە يورۇپ.*

— تۆتىمىزنىڭ بەخت قىسمىتىمىز قانداق؟ — دەپ سورىدى لىيۇ كۇي.

— قىسمەتتىن قۇتۇلۇش قىيىن، يەنە سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى نېمە؟

لىيۇ كۇي يەنە سوئال قويۇۋېدى، دەرۋىش كۆزىنى يۇمۇپ، قاپىقىنى سىلىڭۋالدى، خۇددى ئۇخلىغاندەك بىر قىياپەتتە بولۇپ، جاۋاب بەرمىدى. تۆتەيلەن تاغدىن چۈشتى. لىيۇ كۇي:

— ئەۋلىيانىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي بولمايدۇ، — دېدى.

— ئۇ بىر تەلۋە قېرى، سۆزىنى ئاڭلىغاننىڭ پايدىسى نېمە؟ — دېدى جاڭ رېن ۋە ئاتلىنىپ يولغا راۋان بولدى. لۇشيەنگە كېلىپ، لەشكەرلەرنى بۆلۈپ، قورۇل ـ ئېغىزلارنى ساقلاپ تۇردى.

— لۇچېڭ چىڭدۇنىڭ كاپالىتى، بۇ يەر قولدىن كېتىپ قالىدىغان بولسا، چىڭدۇنى ساقلاپ قېلىش قىيىن بولىدۇ. تۆتەيلەن كېڭەش قىلايلى، ئىككىيلەن لۇچېڭنى مۇھاپىزەت قىلايلى، ئىككىيلەن چىقىپ لۇچېڭنىڭ ئالدىدا تاغقا يۆلەپ مۇھىم

يەرگە ئىككى قارارگاھ قۇرۇپ، ياۋنى شەھەرگە يېقىن يولاتمايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى ليۇ كۈي.
— بىز چىقىپ قارارگاھ قۇرايلى، — دېدى لېڭ باۋ بىلەن دېڭ شيەن.
ناھايىتى خۇرسەن بولغان ليۇ كۈي لېڭ باۋ، دېڭ شيەنلەرگە 2 تۇمەن لەشكەر ئايرىپ بەردى. ئۇلار لۇچېڭدىن 60 چاقىرىم يىراقلىقتا قارارگاھ قۇرماقچى بولدى. ليۇ كۈي بىلەن جاڭ رېن لۇچېڭنى ساقلايدىغان بولدى.
فۇشۈي قورۇلىنى ئالغان ليۇ بېي لۇچېڭغا يۈرۈش قىلىش ھەققىدە پاڭ تۇڭ بىلەن كېڭەش قىلىۋاتاتتى. خادىملار: ليۇ جاڭ تۆت پالۋان ئەۋەتىپتۇ، بۈگۈن لېڭ باۋ بىلەن دېڭ شيەن ئىككىيلەن 2 تۇمەن لەشكەر ئېلىپ، لۇچېڭدىن 60 چاقىرىم بېرى ئىككى قارارگاھ قۇردى، دەپ مەلۇم قىلىشتى. ليۇ بېي پالۋانلارنى يىغىپ:
— ئىككى قارارگاھنى ئېلىپ تۇنجى ئەجىر كۆرسىتىشكە كىم بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى.
— مەن باراي! — دېدى دەرھاللا جاۋاب بېرىپ قېرى پالۋان خۇاڭ جۇڭ.
— پېشقەدەم پالۋانىمىز ئۆز قىسىملىرىنى باشلاپ لۇچېڭغا بارۇرلا، ئەگەر لېڭ باۋ، دېڭ شيەن قارارگاھلىرىنى ئالىدىكەنلا، چوقۇم زور ئىنئام بېرىلىدۇ، — دېدى ليۇ بېي.
ناھايىتى خۇشال بولغان خۇاڭ جۇڭ ئۆز قىسىمىنى ئېلىپ، خوشلىشىپ يولغا چىقماق بولدى. توساتتىن بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ:
— پېشقەدەم پالۋانىمىز بەك ياشاندى، قانداق بارىدۇ؟ كەمىنىلىرى ئىقتىدارسىز بولساممۇ، بېرىشنى خالايمەن، — دېدى.
ليۇ بېي نەزەر سېلىشۋېدى، ۋېي يەن ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مەن بۇيرۇق ئالدىم، نېمىدەپ مېنى قويۇپ ئۆزىڭىز باراي دەيسىز؟ — دېدى خۇاڭ جۇڭ.

— ياشانغانلار كۈچىدىن قېلىپ قالىدۇ، ئاڭلىشىمچە لېڭ باۋ، دېڭ شيەنلەر سىچۈەننىڭ ئاتاقلىق پالۋانلىرىمىش، كۈچ-قۇۋۋىتى تېشىپ تۇرىدىغان يىگىتلەرمىش. پېشقەدەم پالۋانىمىز ئۇلارغا يېقىن كېلەلمەي، پاسىبانىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشىغا دەخلى يەتكۈزەرمىكىن دەيمەن، شۇڭا سىلىنىڭ ئورنىلىرىدا باراي دەيمەن. مېنىڭ باشقا يامان نىيىتىم يوق، — دېدى ۋېي يەن.

— سىز! — دېدى ئىنتايىن غەزەپلەنگەن خۇاڭ جۇڭ، — مېنى قېرى كۆردىڭىز، مېنىڭ بىلەن لەشكىرىي ماھارىتىڭىزنى سىنىشىپ باقامسىز؟

— پاسىبانىڭ ئالدىدىلا سىنىشايلى. ئۇتقىنىمىز بارايلى، قانداق؟ — دېدى ۋېي يەن.

خۇاڭ جۇڭ دەرھال پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، نۆكەرلىرىگە: — قىلىچىمنى ئەكېلىڭلار! — دەپ توۋلىدى. ليۇ بېي دەرھال توسۇۋېلىپ:

— بولمايدۇ، مەن ھازىر پۈتۈنلەي ئىككىڭلارنىڭ كۈچىگە يۆلىنىپ، سىچۈەننى ئېلىشقا لەشكەر باشلاپ كەلدىم. بۈگۈن ئىككى يولۋاس بىر-بىرىڭلار بىلەن ئېلىشىدىغان بولساڭلار، ئەلۋەتتە بىرىڭلار زەخىملىنىسىلەر، ئۇلۇغ ئىشىمغا دەخلى يېتىدۇ. ئىككىڭلارنى ئاجرىتىپ قوياي، تالاشماڭلار! — دېدى.

— ئىككىڭلار تالاشماڭلار. بۈگۈن لېڭ باۋ، دېڭ شيەنلەر ئىككى قارارگاھ قۇرۇپتۇ. ھازىر ئىككىڭلار ئۆز لەشكەرلىرىڭلار بىلەن بېرىپ، بىردىن قارارگاھ ئېلىڭلار. ئاۋۋال ئالغۇچى بىرىنچى ئەجىر كۆرسەتكەن ھېسابلانسۇن، — دېدى پاڭ تۇڭ ۋە شۇئان خۇاڭ جۇڭنى لېڭ باۋ قارارگاھىنى ئېلىشقا، ۋېي يەننى دېڭ شيەن قارارگاھىنى ئېلىشقا تەيىنلىدى. ئىككىيلەن بۇيرۇق ئېلىپ كېتىشتى. پاڭ تۇڭ:

— بۇ ئىككىلەن يولدا يەنە تالىشىشلىرى مۇمكىن. پاسىبان! سىلى لەشكەر باشلاپ ئارقىدىن ھەمدەم بولسىلا، — دېدى.

لىيۇ بېي شەھەر ساقلاشقا پاڭ تۇڭنى قالدۇرۇپ، ئۆزى لىيۇ فېڭ، گۇەن پىڭلارنى ئېلىپ 5000 لەشكەر بىلەن ئارقىدىن يۈرۈش قىلدى.

قارارگاھىغا قايتقان خۇاڭ جۇڭ لەشكەرلەرگە ئەتىسى باش توخۇ ۋاقتىدا تائام ـ تاماق يېيىشكە، سۈبھى ۋاقتىدا تەخمۇتەخ بولۇپ، تاڭ ئېتىش بىلەن سول تەرەپتىكى جىلغا ئارقىلىق يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەردى. ۋېي يەن خۇاڭ جۇڭنىڭ قايسى ۋاقىتتا يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ كېلىشكە يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتتى. ئايغاقچى قايتىپ كېلىپ:

— ئەتە باش توخۇ بىلەن تاماق ـ تائام يەپ، سۈبھى بىلەن يۈرۈش قىلىدىكەن — دەپ مەلۇمات بەردى. خۇرسەن بولغان ۋېي يەن لەشكەرلىرىگە ئەلىياتقۇ ۋاقتىدا تائام ـ تاماق يەپ، ئېغىر ياتقۇدا يۈرۈش قىلىشقا، تاڭ ئاتقاندا دېڭ شيەن قارارگاھىنىڭ يېنىغا بېرىشقا بۇيرۇق بەردى. بۇيرۇق ئالغان لەشكەرلەرتائام ـ تاماق يەپ ئوبدان تويۇندى، ئاتلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئېلىپ تاشلىنىپ، ئادەملەر يېكچە چىشلىۋالدى، بايراقلار يىغىشتۇرۇلۇپ، ساۋۇتلار باغلاندى ـ دە، يوشۇرۇن ھالدا قارارگاھ باسقىنى قىلماق بولدى. لەشكەرلەر ئېغىر ياتقۇ ئەتراپىدا قارارگاھتىن يولغا چىقتى. يېرىم يولغا كەلگەندە، ئاتلىق كېتىۋاتقان ۋېي يەن: «يالغۇز دېڭ شيەن قارارگاھىنىلا ئالسام ئۆز ئىقتىدارىمنى كۆرسەتكەن بولمايمەن، ياخشىسى ئاۋۋال لېڭ باۋ قارارگاھىنى ئېلىپ، ئاندىن غالىب لەشكەر بىلەن بېرىپ، دېڭ شيەن قارارگاھىنى ئالاي. ئىككىلا جايدا مەن ئەجىر كۆرسەتكەن بولىمەن» دەپ ئويلىدى ـ دە، شۇئانلا لەشكەرلىرىنى تاغنىڭ سول تەرىپىدىكى يولغا مېڭىشقا بۇيرۇدى. تاڭ ئەمدى

www.uyghurkitap.com

يورۇپ، لېك باۋ قارارگاھىغا ئاز قالغاندا، ئۇ لەشكەرلىرىنى بىر ئاز دەم ئالغۇزدى. ناغرا ـ دۇمباق، تۇغ ـ ئەلەم، نەيزە ـ قىلىچلارنى رەت ـ رەت قىلىپ تىزدۇردى.

يولغا پىستىرما قىلىپ قويغان لەشكەرلەر ئۇچقاندەك بېرىپ لېك باۋ قارارگاھىغا مەلۇم قىلدى. تەخمۇتەخ بولۇپ تۇرغان لېك باۋ لەشكەرلىرى ئېتىلغان پو ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئاتلىنىپ چىقىپ، چاپ ـ چاپقا ئۆتتى. ۋېي يەن لېك باۋغا قارشى ئات سالدى. ئىككى پالۋان 30 رەددى بەدەل ئېلىشتى، ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ كەلگەن سىچۇەن لەشكەرلىرى خەن لەشكەرلىرىنى ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلدى. كېچىچە يول يۈرۈپ ھېرىپ قالغان خەن لەشكەرلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىدى. ئارقا سەپنىڭ پاتپاراقتا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان ۋېي يەن لېك باۋنى تاشلاپ، ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ قاچتى. سىچۇەن لەشكەرلىرى ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى، خەن قوشۇنى قاتتىق يېڭىلدى. بەش چاقىرىم ماڭا ـ ماڭمايلا، تاغنىڭ ئارقىسىدىن ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندى، بىر توپ لەشكەر بىلەن جىلغىدىن كېسىپ چىققان دېڭ شيەن نەرە تارتىپ:

— ۋېي يەن، تېز ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بول! — دېدى.

ۋېي يەن ئېتىنى قامچىلاپ چاپتۇردى. ئات تۇيۇقسىز مۈدۈرۈلۈپ كېتىپ، ئىككى پۇتى تىزلىنىپ قالدى ـ دە، ۋېي يەن يەرگە تىك موللاق چۈشتى. قوغلاپ يېتىپ كېلىپ قالغان دېڭ شيەن ۋېي يەنگە نەيزە سالدى. نەيزە كېلىپ سانجىلغۇچە-لىك، كامان تارىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭلا دېڭ شيەن ئاتتىن ئۆڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. ئارقىدىن لېك باۋ قۇتقۇزۇشقا كەلمەكچى بولۇۋېدى، تاغنىڭ باغرىدىن ئات چاپتۇرۇپ چۈشكەن بىر چوڭ پالۋان:

— قېرى پالۋان خۇاڭ جۇڭ دېگەن كەلدىم! — دەپ نەرە تارتقان پېتى، قىلىچىنى جەۋلانغا كەلتۈرۈپ، توغرا لېك باۋغا

ئات سالدى. ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەن لىڭ باۋ ئارقىغا قاچتى. خۇاڭ جۇڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي قوغلىدى، سىچۈەن لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى.

ۋېي يەننى خالاس قىلىپ، دېڭ شيەننى ئۆلتۈرگەن خۇاڭ جۇڭ لەشكەرلىرى بىلەن توپتوغرا قارارگاھ ئالدىغا قەدەر قوغلاپ كەلدى. لىڭ باۋ ئېتىنى قايتۇرۇپ يەنە خۇاڭ جۇڭ بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇن نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، ئارقىدىكى لەشكەر تۇرۇلۇپ كەلگەچكە، لىڭ باۋ سول قارارگاھتىن ۋاز كېچىپ، يېڭىلگەن لەشكىرىنى باشلاپ ئوڭ قارارگاھقا كەلدى. قارارگاھقا باشقىچە بايراقلار قادىلىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن لىڭ باۋ ناھايىتى ھەيران بولدى. ئېتىنى توختىتىپ قارىۋېدى، زەر ساۋۇت، كېمخاب تون كىيگەن بىر چوڭ پالۋان تۇرۇپتۇ، بۇ ليۇ بېي ئىدى، ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ليۇ فېڭ، ئوڭ تەرىپىدە گۈەن پىڭ تۇراتتى. ليۇ بېي:

— قارارگاھنى ئالدىم، نەگە بارماقچى بولىسىز؟ — دەپ توۋلىدى. ئەسلىدە ئارقىدىن ھەمدەملىشىشكە لەشكەر باشلاپ كەلگەن ليۇ بېي پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دېڭ شيەن قارارگاھىنى ئالغانىدى. ئىككىلا تەرەپتىن يول تاپالمىغان لىڭ باۋ تاغنىڭ چىغىر يوللىرى بىلەن لۇچېڭغا قايتماقچى بولدى. تېخى ئون چاقىرىم يول ماڭا ـ ماڭمايلا، تار يولغا پىستىرما قويۇلغان لەشكەرلەر تۇيۇقسىز چىقىپ، ئىلمەك ئوقۇرۇق بىلەن لىڭ باۋنى تىرىك تۇتۇۋالدى. ئەسلىدە ئۆز گۇناھىنى بىلگەن ۋېي يەن ئەمدى نېمىدەپ چۈشەندۈرىمەن دەپ، ھەمدەمچى لەشكەرلەرنى يىغىپ، كۈنپېتىش سىچۈەن لەشكەرلىرىگە يول باشلىتىپ، مۇشۇ يەرگە مۆكۈنۈۋالغانىكەن. ئىشى ئوڭدىن چىقىپ قالدى ـ دە، لىڭ باۋنى بەند قىلىپ، ليۇ بېي قارارگاھىغا ئەكەلدى.

ليۇ بېي ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىش تۇغىنى تىكلىدى، ئۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىچىدىن ئۆزىگە قارشى چىقىپ قورال تاشلاپ، ساۋۇتلىرىنى تاشلىسا، ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ئەگەر ئۆلتۈرۈلسە خۇن تۆلىنىدۇ، دەپ پەرمان چۈشۈردى؛ يەنە ئەل بولغان لەشكەرلەرگە:

— ئەي سىچۇەن لەشكەرلىرى! ھەممىڭلارنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلار، بالا ـ چاقاڭلار بار، ئەل بولۇشنى خالىغىنىڭلار لەشكەر بولۇڭلار، خالىمىغىنىڭلار قايتىڭلار، — دەپ جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئالقىش ساداسى يەرنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. خۇاڭ جۇڭ قارارگاھىنى قۇرۇپ بولۇپ، كېلىپ لىيۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ ۋېي يەن لەشكىرىي بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلدى، ئۆلتۈرۈش كېرەك، دېدى. لىيۇ بېي دەرھال ۋېي يەننى چاقىرتتى. ۋېي يەن لېڭ باۋنى ئەكىردى. لىيۇ بېي:

— ۋېي يەن گەرچە گۇناھلىق بولسىمۇ، مۇنۇ ئەجىر ـ تۆھپىسى بىلەن گۇناھىنى يۇيۇشى مۇمكىن، — دېدى ـ دە، ۋېي يەنگە ھاياتىنى قۇتقۇزغانلىق ئىلتىپاتى ئۈچۈن خۇاڭجۇڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە، بۇنىڭدىن كېيىن تالاشماسقا بۇيرۇق بەردى. ۋېي يەن باش قويۇپ ئەپۇ سورىدى. لىيۇ بېي خۇاڭ جۇڭغا زور ئىنئام بەردى، ئاندىن لېڭ باۋنى قارارگاھقا ئەكەلدۈرۈپ، ئۆز قولى بىلەن بەندىتىن بوشىتىپ، يۈرىكىنى ئورنىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن شاراب تۇتتى ۋە:

— ئەل بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆلۈمدىن ئازاد قىلسىلا، نېمىشقا ئەل بولمايدىكەنمەن؟ لىيۇ كۇي، جاڭ رېن مېنىڭ قىيامەتلىك دوستلىرىم بولىدۇ؛ ئەگەر قايتىشقا رۇخسەت قىلىدىغان بولسىلا، ئىككىيلەننى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، لوچېڭنى تەقدىم قىلغۇزىمەن، — دېدى لېڭ باۋ.

ليۇ بېي ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭغا كىيىم - كېچەك، ئېگەرلىك ئات ئىنئام قىلىپ، لۇچېڭغا قايتۇرماق بولدى. ۋېي يەن:

— بۇ ئادەمنى قويۇۋېتىشكە بولمايدۇ، بۇ يەردىن چىقىۋالسا قايتىپ كەلمەيدۇ، — دېدى.

— مەن كىشىلەرگە ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن. كىشىلەرمۇ ماڭا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرىدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

لېڭ باۋ لۇچېڭغا قايتىپ كېلىپ ليۇ كوي، جاڭ رېن بىلەن كۆرۈشكەندە، تۇتۇلۇپ قويۇۋەتكەنلىكىنى ئېيتماستىن:

— ئون نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاتنى تارتىۋېلىپ قېچىپ كەلدىم، — دېدى.

ليۇ كوي دەررۇ ھەمدەملىك سوراپ چېڭدۇغا كىشى ئەۋەتتى. دېڭ شيەننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ليۇ جاڭ ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى، دەرھال كۆپچىلىكنى يىغىپ كېڭەش قىلدى. چوڭ ئوغلى ليۇ شۈن كىرىپ:

— كەمىنە ئوغۇللىرى لەشكەر باشلاپ بېرىپ، لۇچېڭنى ساقلاي، — دېدى.

— ئوغلۇم، سىز بارىدىغان بولسىڭىز، ھەمدەملىككە كىمنى قېتىپ بەرسەك بولاركىن؟ — دېدى ليۇ جاڭ.

— مەن باراي! — دېدى بىراۋ. ليۇ جاڭ قارىسا قېيىنىنىسى ۋۇ يى ئىكەن.

— قېيىنىنىم، سىزنىڭ بارغىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى. قولداش سەركەردىلىككە كىمنى بەرسەك بولىدىكىن؟ — دېدى ليۇ جاڭ.

ۋۇ يى ۋۇ لەن بىلەن لېي تۇڭ ئىككىيلەننى قولداش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەركەردىلىككە تونۇشتۇردى، بۇلار 2 تۈمەن لەشكەر ئېلىپ لۇچېڭغا راۋان بولدى.

ليۇ كۇي، جاڭ رېنلار ئارقىدىنلا ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىۋېدى، ۋۇ يى:

— ياۋ شەھەرنىڭ تۆۋىگە كېلىپ قالدى، ئۇلارنى چېكىندۈرۈش قىيىن، ھەرقايسىلىرىنىڭ قانداق دانا قاراشلىرى بار ئىكىن؟ — دېدى.

— بۇ ئەتراپتىكى يەرلەر دەل فۇجياڭ دەرياسىنىڭ بويىدا، دەريانىڭ سۈيى ناھايىتى تېز ئاقىدۇ؛ ئالدىمىزدىكى قارارگاھلار تاغنىڭ ئېتىكىگە قۇرۇلغان، يەر تۈزلۈكى تولىمۇ ئويمان. مەن گۇرجەك ـ جوتۇلار بىلەن 5000 لەشكەر باشلاپ بېرىپ، فۇجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئېچىۋېتەي ـ دە، ليۇ بېينىڭ لەشكەرلىرى تامام سۇدا غەرق بولۇپ ئۆلسۇن، — دەپ مەسلىھەت بەردى لېڭ باۋ.

بۇ تەدبىرنى ماقۇل تاپقان ۋۇ يى سۇنى قويۇۋېتىشكە لېڭ باۋنى بۇيرۇپ، ۋۇ لەن، لېي تۇڭلارنى لەشكەرگە ھەمدەمدە بولۇشقا بۇيرۇدى. بۇيرۇق ئالغان لېڭ باۋ سۇنى باشلىۋېتىشكە كېرەكلىك سايمانلارنى ھازىرلاشقا كىرىشتى.

ليۇ بېي خۇاڭ جۇڭ بىلەن ۋېي يەنلەرنى بىردىن قارارگاھنى ساقلاشقا بۇيرۇپ، ئۆزى مۇشاۋىر پاڭ تۇڭ بىلەن كېڭەش قىلغىلى فۇچېڭغا قايتىپ كەتتى. ئايغاقچىلار ليۇ بېيغا:

— كۇنچىقىش ۋۇدىكى سۇن چۈەن كۇنچىقىش سىچۈەن جاڭ لۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئىتتىپاق تۈزۈپتۇ، جيامېڭ قورۇلىغا تېگىش قىلماقچىمىش، — دەپ مەلۇمات بەردى.

— ئەگەر، — دېدى چۆچۈگەن ليۇ بېي، — جيامېڭ قورۇلى قولدىن كېتىپ، ئارقا يولىمىز ئۈزۈپ تاشلانسا، يا ئالغا

ماڭالماي، يا ئارقىغا قايتالماي قالساق، قانداق قىلىمىز؟

— جابابلىرى! سىچۇەنلىك، بۇ يەرنىڭ ئوي - دۆڭىنى ياخشى بىلىدىلا، جىيامېڭ قورۇلىنى ساقلاشنى ئۇستىلىرىگە ئالسىلا قانداق؟ — دېدى مېڭ داغا پاڭ تۇڭ.

— قورۇلىنى بىللە ساقلاشقا مەن بىر كىشى تونۇشتۇراي. بىللە بارساق ئۇ يەر ھېچ نەرسە بولمايدۇ، — دېدى مېڭ دا.

ليۇ بېي كىملىكىنى سورىۋېدى، ئۇ:

— جىڭجۇدىكى ليۇ بياۋنىڭ قول ئاستىدا كەپتاۋۇل بولغان، نەنجۇن جىجياڭدىن. ئىسىم - زاتى خو جۈن، يەنە بىر ئىسمى جۇڭمياۋ، — دەپ تونۇشتۇردى مېڭ دا.

ليۇ بېي ناھايىتى خۇشال بولۇپ، شۇئان مېڭ دا، خو جۈنلەرنى جىيامېڭ قورۇلىنى ساقلاشقا ماڭدۇردى.

پاڭ تۇڭ يەمخانىغا قايتتى، دەرۋازىۋەن كىرىپ:

— زىيارەتلىرىگە مېھمان كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. ئىستىقبالغا چىققان پاڭ تۇڭ قارىۋېدى، قامىتى سەككىز چى، سىماسى ھەيۋەتلىك، كېسىلگەن چېچى بويىنىغا چۈشكەن، كىيىمى تەرتىپسىز بىر ئادەم ئىكەن. پاڭ تۇڭ:

— تەقسىر، كىم بولىدىلا؟ — دەپ سورىۋېدى، بۇ ئادەم جاۋاب بەرمەستىن تۇپتوغرىلا كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلىغىلى ياتتى. گۇمانلانغان پاڭ تۇڭ قايتا - قايتا سورىۋېدى، بۇ ئادەم:

— سەل تۇرۇپ تۇرسىلا، سىلىگە ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرى ھەققىدە دەپ بېرىدىغان سۆزۈم بار، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پاڭ تۇڭنىڭ گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. خىزمەتچىلەرنى شاراب - تائام كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئورنىدىن تۇرغان بۇ ئادەم تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماستىن، بولۇشىغا يېدى، تائامنى يەپ بولۇپ يەنە ئۇيقۇغا چۈشتى. تېخىمۇ

گۈمانلانغان پاك تۇڭ يەنە پايلاقچى بولۇپ قالمىسۇن دەپ، فا جېڭنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى. فا جېڭ ئالدىراپ يېتىپ كەلدى. پاك تۇڭ ئىستىقبالغا چىقىپ، فا جېڭغا:

— بىر ئادەم كەلدى ...... — دېدى.

— پېڭ ياڭ بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى فا جېڭ. ئۇ پەلەمپەيگە چىقىپ قارىدى.

— فا جېڭ، ئايرىلغىنىمىزدىن بېرى سالامەت تۇردىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى ئورنىدىن دەس قوپۇپ. دەرھەقىقەت:

*بىر - بىرلە كۆرۈشتى كونا دوستلار ئۇچرىشىپ،*
*توسۇغلى قۇشۇيدە سەلنى چارە - تەدبىر كۆرۈشتىپ.*

بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش ئۈچىنچى باب

## جۇگې لياڭنىڭ پاك تۇڭ ئۈچۈن قاتتىق يىغلىغانلىقى جاڭ فېينىڭ مەردلىك قىلىپ يەن يەننى بەندتىن بوشاتقانلىقى

ئەلقىسسە، فا جېڭ ھېلىقى ئادەم بىلەن كۆرۈشكەندە، ھەر ئىككىلەن چاۋاك چېلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. پاك تۇڭ سورىۋېدى، فا جېڭ:

— بۇ جاناب گۇاڭخەنلىك پېڭ ياڭ، يەنە بىر ئىسمى يۇڭيەن، سىچۈەننىڭ ئاتاقلىق زاتلىرىدىن بولىدۇ. توغرا سۆزلۈكى تۈپەيلى، ليۇ جاڭنىڭ كايىشلىقىغا ئۇچراپ، چېچى كېسىلگەنتى، بويىنىغا چەمبەر سېلىنغانتى، قۇل قىلىپ تاشلانغانتى، شۇڭا چېچى قىسقا، — دەپ تونۇشتۇردى. پاك تۇڭ ئۇنى ئېسىل مېھمان قاتارىدا كۈتتى ۋە پېڭ ياڭنى قەيەردىن كېلىشلىرى دەپ سورىدى.

— ئالاھىدە بىرنەچچە تۈمەن ئادىمىڭلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم. سەركەردە ليۇ بېيىنى كۆرگەندە ئېيتىمەن، — دېدى پېڭ ياڭ.

فا جېڭ دەررۇ ليۇ بېيغا مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي شەخسەن ئۆزى كېلىپ كۆرۈشتى ۋە كېلىش سەۋەبىنى سورىدى.

— سەركەردە جانابلىرى! ئالدى قارارگاھتا قانچىلىك لەشكەرلىرى بار؟ — دەپ سورىدى پېڭ ياڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

— خۇاڭ جوڭ، ۋېي يەنلەر بار، — دەپ راستتى بىلەن
دەپ بەردى لىيۇ بېي.

— سەركەردە بولغۇچىلار يەر شارائىتىنى بىلمىسە بولامدۇ؟ ئالدى قارارگاھلار فۇجياڭ دەرياسىغا ناھايىتى يېقىن ئورۇنلاشقان، ئەگەر دەريانىڭ سۈيىنى ئېچىۋېتىپ، ئالدى - ئارقا تەرەپتىن لەشكەر بىلەن توسۇيدىغان بولسا، بىرمۇ ئادەم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دېدى پېڭ ياڭ.

لىيۇ بېي شۇئان سەزدى. پېڭ ياڭ يەنە:

— يەتتەكەن يۇلتۇزى كۆنپېيتىشتا بولۇپ، ئاق يۇلتۇز بۇ يەرگە كېلىپ قالدى، بىر شۇملۇق بار، زىنھار ئېھتىيات قىلىڭلار، — دەپ جېكىلىدى.

لىيۇ بېي شۇئان پېڭ ياڭنى مەھكىمە مىرزىسى قىلىپ ئېلىپ قالدى. ۋېي يەن، خۇاڭ جوڭلارغا يوشۇرۇن كىشى ئەۋەتىپ، ئەتىسى ئاخشىمى دىگۇدەك ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن ياۋنىڭ سۇنى ئېچىۋېتىشىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈشكە بۇيرۇق بەردى. خۇاڭ جوڭ، ۋېي يەن كېڭەش قىلىشىپ، ئىككىيلەن نۆۋەت بىلەن بىر كۈندىن قاراۋۇللۇق قىلىشقا، ئەگەر ياۋ لەشكەرلىرى كېلىپ قالىدىكەن، ئۆزئارا خەۋەر قىلىشقا كېلىشتى.

بۇ كېچىسى بوران چىقىپ قاتتىق يامغۇر ياغقانلىقىنى كۆرگەن لېڭ باۋ 5000 لەشكەر باشلاپ، دەريا بويلاپ، دەريانى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇردى. بىردىنلا ئارقا تەرەپتىن چۇقان چىقىپ كەتتى. تەييارگەرلىك بارلىقىنى بىلگەن لېڭ باۋ دەررۇ لەشكەرلىرىنى قايتۇردى. ئارقىدىن ۋېي يەن لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ كەلگەچكە، كۆنپېيتىش سىچۇەن لەشكەرلىرى ئۆز - ئۆزىنى دەسسىشىپ كەتتى. قېچىپ كېتىۋاتقان لېڭ باۋ ۋېي يەنگە ئۇچراپ قالدى. بىرنەچچە رەددى بەدەل ئۇتۇلمەستىنلا ئۇنى ۋېي يەن تىرىك تۇتۇۋالدى. ھەمدەمگە كەلگەن ۋۇ لەن، لېي تۇڭلارنى خۇاڭ جوڭ لەشكىرى قىرغىن

قىلىپ چېكىندۇردى. ۋېي يەن لېڭ باۋنى فۇگۇەنگە ئېلىپ كەلدى. لىيۇ بېي كايىپ:

— مەن سىزگە ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ قايتۇرسام، نېمىشقا ئاسىيلىق قىلىسىز! بۇ قېتىم ئەپۇ قىلمايمەن! — دېدى - دە، لېڭ باۋنى ئاچچىقتۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزدى. ۋېي يەننى ياخشى تارتۇقلىدى. لىيۇ بېي پېڭ ياڭ شەرىپىگە مەرىكە بېرىپ مېھمان قىلدى. خادىملار: بىر دىنلا جىڭجۇ مۇشاۋىرى، جۇگې لياڭنىڭ خاس ئەلچىسى ما لياڭ مەكتۇپ ئېلىپ كەپتۇ، دەپ مەلۇم قىلدى. لىيۇ بېي قوبۇل قىلىپ سورىدى. ما لياڭ سالام رەسمىيەتلىرىنى ئادا ئەتكەچ:

— جىڭجۇ تىنچ - ئامان، جانابلىرى غەم - ئەندىشە قىلمىغايلا، — دېدى - دە، شۇئان مۇشاۋىرنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇردى. لىيۇ بېي مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇۋېدى، قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىكەن:

كەمىنە جۇگې لياڭلىرى كېچىسى قاپسىنى
هېسابلاپ كۆرسەم، بۇ يىل گۇيسى يىلى بولۇپ،
يەتتىكەن يۇلتۇزى غەربتە ئىكەن؛ يەنە يۇلتۇزلارغا قارىسام
ئاق يۇلتۇز لۇچېڭ دائىرىسىدە تۇرىدۇ. بۇ سەركەردە
جانابلىرى ئۈچۈن شۇملۇقنىڭ كۆپلۈكىگە، ياخشىلىقنىڭ
ئازلىقىغا ئالامەتتۇر. زىنھار ئېھتىيات قىلۇرلا.

مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغان لىيۇ بېي ئاۋۋال ما لياڭنى قايتۇردى ۋە:

— ئۆزۈم جىڭجۇغا بېرىپ مۇشۇ ئىش ھەققىدە سۆزلىشىپ كېلىمەن، — دېدى.

پاڭ تۇڭ كۆڭلىدە: «جۇگې لياڭ مېنىڭ كۇنپېتىش سىچۇەننى ئېلىپ زەپەر قۇچۇشۇمغا تارلىق قىلىپ، ئەتەيگە بۇ مەكتۇپنى يېزىپ توسقۇنلۇق قىلغان بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلىدى - دە، لىيۇ بېيغا:

www.uyghurkitap.com

— مەنمۇ قاپسىنى ھېسابلاپ كۆردۈم، يەتتكەن يۇلتۇزنىڭ غەربكە ئۆتۈۋالغانلىقىنىمۇ بىلىمەن، پاسبان، سىلى كۈنپېتىش سىچۈەنگە ئىگە بولدىلا، باشقا بىر ئاساسىي شۇملۇق يوق. كەمىنىلىرى يۇلتۇزلارغا قارىسام، ئاق يۇلتۇز لۇچېڭ دائىرىسىدە ئىكەن، دەسلەپ سىچۈەن پالۋانى لىڭ باۋنى ئۆلتۈردۈق، شۇم ئالامەت كەتتى. جانابلىرى گۇمانلىنىپ ئولتۇرماستىن، تېز يۈرۈش قىلىشلىرى كېرەك، — دېدى.

پاڭ تۇڭنىڭ ھەدەپ ئالدىرىتىشى تۈپەيلى، لىيۇ بېي لەشكەر تارتىپ ئىلگىرىلىدى. ئۇلارنى خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەر قارارگاھىغا باشلاپ كىردى. پاڭ تۇڭ فا جېڭدىن:

— بۇ يەردىن لۇچېڭغا نەچچە يول كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

فا جېڭ يەرگە خەرىتە سىزدى، لىيۇ بېي جاڭ سۇڭدىن قالغان خەرىتىنى ئېلىپ سېلىشتۇرۇۋىدى، خاتاسىز ئوخشاشلا چىقتى. فا جېڭ:

— تاغنىڭ يۇقىرىدا چوڭ يول بار، لۇچېڭنىڭ كۈنچىقىش قوۋۇقىغا چىقىدۇ؛ تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە كىچىك يول بار، لۇچېڭنىڭ كۈنپېتىش قوۋۇقىغا ئېلىپ چىقىدۇ. ھەر ئىككى يول بىلەن لەشكىرىي يۈرۈش قىلىش مۇمكىن، — دېدى.

— مەن، — دېدى پاڭ تۇڭ لىيۇ بېيغا، — ۋېي يەننى تۇرشاۋۇل قىلىپ، كىچىك يول بىلەن ئىلگىرىلەي، جانابلىرى خۇاڭ جۇڭنى تۇرشاۋۇل قىلىپ، تاغنىڭ يۇقىرىسىدىكى چوڭ يول بىلەن ماڭسىلا، لۇچېڭغا بېرىپ قوشۇلايلى.

— مەن ياشلىقىمدىن تارتىپ، ئات ئۈستىدە كاماندازلىق قىلىپ، سوقما يوللاردا تولا ماڭغانمەن. سىلى چوڭ يول بىلەن بېرىپ كۈنچىقىش قوۋۇقىنى ئالۇرلا، مەن كۈنپېتىش قوۋۇقىنى ئالاي، — دېدى لىيۇ بېي.

— چوڭ يولدا لەشكەرلەر چوقۇم يول توسۇپ تۇرىدۇ،

جانابلىرى لەشكەر بىلەن توسۇغايلا. مەن كىچىك يول بىلەن باراي.

— مۇشاۋىرىم! بولماسمىكىن، — دېدى ليۇ بېي، — كىچىك قولىدا تۆمۈر دەستە تۇتقان بىر ئەۋلىيا ئوڭ بىلىكىمگە ئۇرۇپ چۈش كۆرۈپ قالدىم، ئويغانغىنىمدىمۇ بىلىكىم ئاغرىۋاتىدۇ. بۇ سەپىرىمىزدە ياخشىلىق بولماي قالارمىكىن.

— مەردۇ ئەزىمەت جەڭدە ئۆلمەيدىكەن، ياردار بولىدۇ، بۇ تەبىئىي قانۇندۇر. ئۇيقۇدىكى چۈش بىلەن گۇمانلىنىپمۇ ئولتۇرامدىكىن؟ — دېدى پاڭ تۇڭ.

— جۇگې لياڭنىڭ مەكتۇپى مېنى گۇمانغا سېلىپ قويدى. سىلى فۇگۇەننى ساقلىسىلا قانداق؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى ليۇ بېي.

— جۇگې لياڭ جانابلىرىنى مەپتۇن قىلىۋاپتۇ. ئۇياق مېنى يالغۇزلا چوڭ تۆھپە كۆرسىتىپ كەتمىسۇن دەپ، ئەتەيگە مۇشۇ سۆزلىرى بىلەن جانابلىرىنى گۇمانغا سېلىپ قويدى. كۆڭلىدە گۇمان بولغاندىن كېيىن چۈشكە كىرىدۇ، قانداق شۇم ئالامەت بولاتتى؟ بۇ يولدا قۇربان بولسام نىيىتىمگە يەتكەن بولىمەن. پاسىبان! ئارتۇق سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەتە سەھەر چوقۇم يولغا چىقىش كېرەك، — دېدى پاڭ تۇڭ كۈلۈپ.

شۇ كۈنى سۇبھى ۋاقتىدا غىزا يەپ، تاڭ ئېتىش بىلەن سەپەرگە چىقىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش بېرىلدى. خۇاڭ جۇڭ بىلەن ۋېي يەن ئاۋۋال لەشكەر باشلاپ يولغا چىقتى. ليۇ بېي بىلەن پاڭ تۇڭ ئىشلار ھەققىدە كېلىشىپ تۇراتتى، بىردىنلا پاڭ تۇڭنىڭ ئېتى شاشلىق قىلىپ، مۇدۇرۇلۇپ كېتىپ، ئۇنى يەرگە يىقىتىپ تاشلىدى. ليۇ بېي ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئاتنى تۇتۇۋالدى ـ دە:

— مۇشاۋىرىم! نېمىشقا بۇ ناچار ئاتقا مىندىلە؟ — دېدى.

— بۇ ئاتنى ئۇزۇندىن بېرى مىنىپ كېلىۋاتىمەن، مۇنداق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قىلمايتتى، — دېدى پاك تۇك.

— جەڭدە شاشلىق قىلىدىغان بولسا، كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. مەن مىنگەن ئاق ئات ناھايىتى مۇلايىم بولۇپ كۆنگەن ئات. سىلى مىنۇرلا، ھەرگىز بىر نەرسە بولمايدۇ. بۇ ناچار ئاتنى مەن ئۆزۈم مىنەي، — دېدى - دە، لىۋ بېي پاك تۇك بىلەن ئېتىنى ئالماشتۇردى. پاك تۇك مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ:

— جانابىي پاسبانىم! بۇ ئىلتىپاتلىرىغا چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. يوللىرىدا جان پىدا قىلساممۇ، جاۋاب قايتۇرالمىغان بولىمەن، — دېدى.

ھەر ئىككىيلەن ئاتلىنىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى. پاك تۇڭنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلى بىسەرەمجان بولغان لىۋ بېي مەيۈسلەنگەن ھالدا يولغا چۈشتى.

لۇچېڭدىكى ۋۇ يى، لىۋ كۈيلار لىڭ باۋنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال كۆپچىلىك بىلەن كېڭەش قىلدى. جاڭ رېن:

— شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تۆۋەن تەرىپىدىكى تاغنىڭ بىر سوقماق يولى بار، ئۇ يول ئىنتايىن مۇھىم يول، مەن لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئۇ يەرنى ساقلاي. ھەربىرلىرى لۇچېڭنى مۇستەھكەم ساقلىسىلا، ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويۇشمىسىلا، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

بىردىنلا خەن لەشكەرلىرى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ شەھەرگە تېگىش قىلغىلى كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. سوقماق يولغا ئالدىن پىستىرما بولۇش ئۈچۈن، جاڭ رېن دەررۇ 3000 لەشكەر باشلاپ كەتتى. ۋېي يەن باشلاپ ماڭغان لەشكەرلەرنىڭ ئۆتۈۋاتقىنىنى كۆرگەن جاڭ رېن چۆچۈتمەي ھەممىسىنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئارقىدىن پاك تۇك لەشكىرى يېتىپ كەلدى، جاڭ رېننىڭ نۆكەرلىرى يىراقتىن قوشۇننىڭ ئالىي سەركەردىسىنى

كۆرسىتىپ:

— ئاق ئاتلىق چوقۇم لىۇ بېي، — دېدى.

ناھايىتى خۇشال بولغان جاڭ رېن مۇنداق، مۇنداق قىلىنسۇن! دەپ بۇيرۇق بەردى.

ئەگرى - توقاي يوللار بىلەن ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقان پاڭ تۇڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋېدى، ئىككى ياقتىكى تاغ تىك بولۇپ يولى تار، دەرەخلىك ئىكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ، ياز ئاخىرى، كۈز باشلانغان مەۋسۇم بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ شاخ - يوپۇرماقلىرى تازا ئۇسۇۋاتاتتى. گۇمانغا چۈشكەن پاڭ تۇڭ ئاتنى توختىتىپ:

— بۇ يەرنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

يېڭى ئەل بولغان كونېپېتىش سىچۈەن لەشكەرلىرى يولنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— بۇ يەرنىڭ ئىسمى سۇمۇرغ يىغار كۆتەل دېيىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— مېنىڭ دەرۋىشلىك لەقىمىم چۈجە سۇمۇرغ، بۇ جاينىڭ ئىسمى سۇمۇرغ يىغار كۆتەل ئىكەن. ماڭا زىيانلىق جاي ئىكەن، — دېدى - دە، پاڭ تۇڭ ھىماتچى لەشكەرنى جىددىي چېكىنىشكە بۇيرۇدى. يانباغىرنىڭ ئالدىدا ئېتىلغان توپ ئاۋازى بىلەن تەڭ چېكەتكىلەر ئۇچقاندەك ئوقيا ياغدى، ئوقيالارنىڭ ھەممىسى ئاق ئاتلىققىلا قارىتىپ ئېتىلدى. بىچارە پاڭ تۇڭ كەلسە - كەلمەس ئېتىلغان ئوقيا ئىچىدە ئۆلدى. شۇ يىلى 36 ياشتا ئىدى.

كېيىنكىلەر ئۇنىڭغا بېغىشلاپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*گۈل چىمەنزارلىق ئىدى قەدىمىي شىيەنشەننىڭ تېغى،*

*بولدى پاڭ تۇڭنىڭ ماكانى ئاشۇ تاغنىڭ ئېتىكى.*

*ئېيتىشاتتى باللار دوراپ تورۇلغىنى قوشاق،*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*چىقتى مەھلىدە ئېلىپ نام ئىستىبداتلىق بۇ كىشى.*
*ئەلنى ئۈچ توپقا بۆلۈپ تاشلارمۇ دەپ قىلغاچ پەرەز،*
*ئارىسالدا بولدى لەشكەر تارتىلى لەشكەر بېشى.*
*كىم بىلىپتۇ چۈشىدىۇ تەنگۇ دىگەن يۇلتۇزنى دەپ،*
*كەتتى كەلمەسكە توشۇپ سەركەردىنىڭ ،رىسقى ئىشى.*

بۇ ھادىسىدىن بۇرۇن كۇنچىقىش تۆۋەندە مۇنۇ باللار قوشىقى چىققانىدى:

*ئەجدىھاغا سۇمۇرغ قوشۇلۇپتۇ جۇپ بولۇپ،*
*بىرىشىپتۇ سىچۇەنگە ئىلگىرى ـ ئاخىر يول يۈرۈپ.*
*ئەمدى مېڭىپ بارغاندا، يولنىڭ ئاران تېڭىغا،*
*ھالاك بوپتۇ سۇمۇرغ، كۆتەل كۇنچىقىشىدا.*
*يامغۇر قوغلار شامالنى، شامال ھەيدەر يامغۇرنى،*
*خەن خانلىقى گۇللىسە، ئېچىلار سىچۈەن يولى.*
*كۇنپېتىشتا سىچۇەنىڭ يولى ئېچىلسا ئەگەر،*
*يېگانە قالار ئۆزى ئۇ چاغدا ئاشۇ ئەجدەر.*

ئەنە شۇ كۇنى جاڭ رېن پاڭ تۇڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، خەن لەشكەرلىرى تىقىلىپ قالدى ـ دە، نە ئالغا ماڭالماي، نە ئارقىغا چېكىنەلمەي، تەڭدىن تولىسى ھالاك بولدى. تۇرشاۋۇل لەشكەرلەر ئۇچقاندەك بېرىپ ئەھۋالنى ۋېي يەنگە مەلۇم قىلدى. ۋېي يەن دەررۇ لەشكەرلىرىنى قايتۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، تاغنىڭ يولى تار بولغاچقا، جەڭ قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ رېن قايتار يولنى توسۇپ، ئېگىز ئورۇنلارغا قونداقلىق ئوقيا ئورنىتىپ ئاتقاچقا، ۋېي يەن ھولۇقۇپ قالدى. يېڭى ئەل بولغان شۇ لەشكەرلىرى:

— ياخشىسى لۇچېڭغا تېگىش قىلىپ بېرىپ، چوڭ يول بىلەن ئىلگىرىلەش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلغان ۋېي يەن ھەممىنىڭ ئالدىدا يول

ئېچىپ لۈچېڭغا تېگىش قىلىپ كەلدى. چاڭ ـ توزان بىلەن تەڭ، ئالدى تەرەپتىن بىر توپ لەشكەر كېلىپ قالدى، بۇلار لۈچېڭنى ساقلاۋاتقان پالۋان ۋۇ لەن، لىي تۇڭلار ئىدى؛ ئارقىدىن جاڭ رېن لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ كەلدى. ئالدى-ئارقىدىن ئارىغا ئېلىپ چاپ ـ چاپ قىلغاچقا، ۋېي يەننى قاق ئوتتۇرىغا قامال قىلىۋالدى. ۋېي يەن قاتتىق جەڭ قىلىپمۇ قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى، ۋۇ لەن بىلەن لىي تۇڭنىڭ ھىماتچى لەشكىرى ئۆزلۈكىدىن پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، ئىككى پالۋان تېزلىكتە بولۇشۇشقا قايتىۋېدى، ۋېي يەنمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي قوغلاپ كەلدى. شۇ ئەسنادا ئالدى تەرەپتىن قىلىچ ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن بىر پالۋان نەرە تارتىپ:

— ۋېي يەن! ئالاھىدە ھەمدەملىككە كەلدىم! — دېدى. قارىسا مويسىپىت پالۋان خۇاڭ جۇڭ ئىكەن، ياۋنى ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلىش نەتىجىسىدە، ۋۇ لەن، لىي تۇڭ ئىككى پالۋان يېڭىلدى، خۇاڭ جۇڭ بىلەن ۋېي يەن تاكى لۈچېڭ تۈۋىگە قەدەر چاپ ـ چاپ قىلىپ كەلدى. ھەمدەمگە لەشكەر تارتىپ چىققان ليۇ كۈينى ئارقىدىن ھەمدەمگە كەلگەن ليۇ بېي توسۇۋالدى. خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەر ئارقىغا قايتىشتى. ليۇ بېي لەشكەرلىرى بىلەن لەشكەرگاھىغا يېتىپ كەلگەن ۋاقتىدا، سوقماق يول بىلەن چىققان جاڭ رېن لەشكىرى توسۇۋالدى. ليۇ كۈي، ۋۇ لەن، لىي تۇڭلار ئالدى تەرەپتىن قوغلاپ كېلىپ قالدى. ئىككى قارارگاھنى ساقلاپ قالالمىغان ليۇ بېي ھەم ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا چېكىنىپ، فۇگۇەنگە قاراپ قاچتى. يېڭىش تاپقان شۇ لەشكەرلىرى ئۇنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. ليۇ بېينىڭ لەشكەرلىرى، ئات ـ ئۇلاغلىرى ھېرىپ جەڭ قىلىشقا ماجالى قالمىغاچقا، ھەدەپ قېچىشتى. فۇگۇەنگە ئاز قالاي دېگەندە، جاڭ رېن لەشكىرى جىددىي قوغلاپ كېلىپ قالدى. بەختكە يارىشا سولدىن ليۇ فېڭ، ئوڭدىن گۇەن پىڭ ئىككى پالۋان 2 تۈمەن

يېڭى كۆچلۈك لەشكەرلەر بىلەن چىقىپ توسۇۋالدى ۋە چاپ ـ چاپ قىلىپ جاڭ رېننى چېكىندۈردى، يەنە 20 چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ، نۇرغۇن ئات ئولجا ئالدى.

لىيۇ بېي يەنە فۇگۇەنگە لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئورۇنلاشتى. پاڭ تۇڭنىڭ سۆرۈشتە قىلىۋېدى، سۇمۇرغ قونار كۆتەلدىن جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەن لەشكەرلەر:

— مۇشاۋىر ئېتى بىلەن كۆتەلنىڭ ئالدىدا كەلسە ـ كەلمەس ئېتىلغان ئوقيادا ئۆلۈپ كەتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ مۇسىبەت خەۋىرىنى ئاڭلىغان لىيۇ بېي كۈنپېتىشقا قاراپ يىغلاپ كەتتى، بىراقتىن ئۇنىڭ ئەرۋاھىغا قاراپ نەزىر ئۆتكۈزدى. پالۋانلارنىڭ ھەممىسى يىغا ـ زار قىلىشتى. خۇاڭ جوڭ:

— ھالا مۇشاۋىرىمىز پاڭ تۇڭ قۇربان بولدى. جاڭ رېن ئەلۋەتتە فۇگۇەنگە تېگىش قىلىدۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەڭ ياخشىسى جىڭجۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، مۇشاۋىر جۇگې لياڭنى تەكلىپ قىلىپ، سىچۈەننى ئېلىش توغرىسىدا كېڭەش قىلساق، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— جاڭ رېن لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ، شەھەر تۈۋىدە جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى خادىملار. خۇاڭ جوڭ بىلەن ۋېي يەن جەڭگە چىقماقچى بولدى. لىيۇ بېي:

— غەيرەت ـ جاسارىتىمىز يېڭىلا زەربىگە ئۇچرىدى، مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرۇپ مۇشاۋىرنى كۈتەيلى، — دېدى. خۇاڭ جوڭ، ۋېي يەنلەر بۇيرۇق بويىچە، شەھەرنى مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلدى. لىيۇ بېي بىر پارە مەكتۇپ يېزىپ، گۈەن پىڭگە:

— سىز مۇشاۋىرنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن، جىڭجۇغا بارۇرسىز، — دەپ تاپشۇرۇق بەردى.

گۈەن پىڭ مەكتۇپنى ئېلىپ كېچە ـ كۈندۈزلەپ جىڭجۇغا

راۋان بولدى. ليۇ بېي ئۆزى فۇگۇەننى مۇداپىئە قىلىپ جەڭگە چىقمىدى.

جۇگې لياڭ جىڭجۇدا، 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بەگ ـ سىپاھلارنى يىغىپ، كېچىلىك مەرىكە ئۆتكۈزۈپ سىچۇەننى ئېلىش ئىشى ئۈستىدە سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. دەل كۈنپېتىشتا يوغان بىر يۇلتۇز ئاسماندىن يەرگە چۈشتى ـ دە، نۇرى ھەر تەرەپكە تارقاپ كەتتى. چۆچۈپ كەتكەن جۇگې لياڭ قولىدىكى قەدەھنى يەرگە تاشلاپ، يۈزىنى چاڭگاللىغان ھالدا:

— ئاھ دەردىما! ۋاھ ھەسرەتا! — دەپ يىغلاپ كەتتى.

تەمتىرىشىپ قالغان بەگ ـ سىپاھلار سەۋەبىنى سورىدى. جۇگې لياڭ:

— يېقىندا ھېسابلاپ كۆرسەم يەتتەكەن يۇلتۇزى بۇ يىل كۈنپېتىشتا ئىكەن، مۇشاۋىرلىــــرىغا پايدىلىــــق بولمايدۇ؛ قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ لەشكىرىمىزگە تەئەرۇز قىلىــــپ، ئاق يۇلتۇزنىڭ لۇچېڭ دائىرىسىدە ئىكەنلىكى ھەققىدە جانابىـــــي پاسىبانغا مەكتۇپ يېزىپ، ئېھتىيات قىلىش لازىملىقىنىـــــى تەكىتلىگەنىدىم. كىم بىلسۇن بۈگۈن كېچە كۈنپېتىشقا يۇلتۇز چۈشتى، پاڭ تۇڭ چوقۇم قۇربان بولدى! — دېدى ـ دە، قاتتىق يىغلىغان ھالــدا، — بۈگۈن پاسىبانىم بىر بىلىكىدىن ئايرىلدى، — دېدى.

بەگ ـ سىپاھلار ھەممىسى ھەيران بولدى، بۇ سۆزگە ئىشەنمىدى. جۇگې لياڭ:

— بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا چوقۇم خەۋەر كېلىدۇ، — دېدى. مەرىكە توختىتىلىپ، مەرىكە ئەھلى تارقالدى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جۇگې لياڭ گۇەن يۈي باشلىقلار بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى، خادىملار: گۇەن پىڭ كەلدى، دەپ مەلۇم قىلىشتى. بەگ ـ سىپاھلار ھەممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەجەبلەندى. گۆەن پىڭ كىرىپ لىۋ بېينىڭ مەكتۇپىنى سۇندى. جۇگې لياڭ ئېچىپ ئوقۇۋىدى، مەكتۇپتا: «بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، مۇشاۋىر پاڭ تۇڭ سۇمۇرغ كۆتەلدە جاڭ رېن تەرىپىدىن ئوقيا بىلەن ئۆلتۈرۈلدى» دېيىلگەنىكەن. جۇگې لياڭ قاتتىق يىغلىدى، بەگ ـ سىپاھلارنىڭمۇ يىغلىمىغانلىرى قالمىدى. جۇگې لياڭ:

— ھالا جانابىي پاسبان فۇگۆەندە يا ئالغا باسالماي، يا ئارقىغا چېكىنەلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالدى، مەن بارمىسام بولمايدۇ، — دېدى.

— سىلى بارسىلا، جىڭجۇنى كىم ساقلايدۇ؟ جىڭجۇ مۇھىم ئورۇن، بۇ يەرگە سەل قاراشقا بولمايدۇ، — دېدى گۆەن يۈي.

— پاسبان جانابلىرى مەكتۇپىدا كىشىنىڭ ئىسىم ـ زاتىنى ئوچۇق يازمىغان بولسىمۇ، مەقسىتىنى چۈشەندىم، — دېدى ـ دە، لىۋ بېينىڭ مەكتۇپىنى بەگ ـ سىپاھلارغا كۆرسىتىپ، — پاسبان جانابلىرى مەكتۇپىدا جىڭجۇنى ماڭا ھاۋالە قىلىپ، ئەھۋالغا قاراپ بىراۋغا تاپشۇرۇشۇمنى بۇيرۇپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ، گۆەن پىڭنى مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتكىنىگە قارىغاندا گۆەن يۈينى بۇ ۋەزىپىگە تەيىن قىلىش نىيىتى باردەك تۇرىدۇ. گۆەن يۈي سىلى شاپتۇللۇقتىكى بۇرادەرلىك ئەھدىنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن، بۇ جاينى ساقلىسىلا. مەسئۇلىيەت ناھايىتى ئېغىر، جانابلىرى كۈچلىرىنىڭ بارىچە غەيرەت قىلغۇرلا، — دېدى جۇگې لياڭ.

گۆەن يۈيمۇ تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرماستىن دەرھال قوبۇل قىلدى. جۇگې لياڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ تامغىنى تاپشۇردى. گۆەن يۈي تامغىنى ئىككى قوللاپ ئېلىشقا تەمشەلگەندە، جۇگې لياڭ تامغىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مەسئۇلىيەت پالۋان سىلىنىڭ ئۈستىلىرىدە، — دېدى.

— مەردۇ ئەزىمەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە

ئالىدىكەن، ئۆلگۈچە ئادا قىلىدۇ، — دېدى گۈەن يۈي.
گۈەن يۈينىڭ «ئۆلۈم» سۆزىنى ئاغزىدىن چىقارغىنى ئۈچۈن، جۇگې لياڭ دىلىدا ياقتۇرمىدى ـ دە، تامغىنى بەرگۈسى كەلمىگەن بولسىمۇ، سۆز ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بېرىشكە مەجبۇر بولدى. جۇگې لياڭ:
— ئەگەر ساۋ ساۋ لەشكەر تارتىپ كەلسە، قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىدى.
— كۈچ بىلەن قارشى تۇرۇش كېرەك.
— ساۋ ساۋ، سۈن چۈەن تەڭ لەشكەر تارتىپ كەلسە قانداق قىلغۇلۇق؟
— لەشكەرنى بۆلۈپ قارشى تۇرماق كېرەك، — دېدى گۈەن يۈي.
— ئەگەر مۇنداق بولىدىغان بولسا، جىڭجۇ خەتەردە قالىدۇ. بىر ئېغىز سۆزۈم بار، پالۋان، خاتىرىلىرىڭگە ئوبدان ئېلىۋالسىلا، جىڭجۇنى ساقلاپ قالالايدىلا، — دېدى جۇگې لياڭ.
گۈەن يۈي ئۇ سۆزنى سورىۋېدى:
— يۇقىرى تەرەپتە ساۋ ساۋغا قارشى تۇرۇپ، تۆۋەن تەرەپتە سۈن چۈەن بىلەن بىرلىشىش لازىم، — دېدى جۇگې لياڭ.
— مۇشاۋىرىم! سۆزلىرىنى دىلىمغا نەقىش قىلىپ ساقلىغايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى گۈەن يۈي.
جۇگې لياڭ تامغىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، قەلەمدار بەگلەردىن ما لياڭ، يى جى، شياڭ لاڭ، مى جۇلارغا، پالۋانلاردىن مى فاڭ، لياۋ خۇا، گۈەن پىڭ، جۇ ساڭلارغا گۈەن يۈيگە ياردەملىشىپ جىڭجۇنى ساقلاشقا بۇيرۇق بەردى. بىر تەرەپتىن ئۆزى لەشكەر تارتىپ، سىچۈەنگە كىرمەكچى بولدى. ئالدى بىلەن جاڭ فېيغا تاللانغان 1 تۈمەن لەشكەر بېرىپ، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن باجۇنى ئېلىپ لۇچېڭنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىن چىقىشقا بۇيرۇدى، دەسلەپ يېتىپ بارغانلار بىرىنچى خىزمەت

يەتكۈزگەن ھېسابلىنىدۇ، دېدى. جاۋ يۈننى يەنە بىر توپ لەشكەر بىلەن تۇرشاۋۇل قىسىم قىلىپ، سۇنىڭ ئېقىمىغا قارشى دەريا بىلەن ماڭدۇردى، ئۇلارغا لۇچېڭدا كۆرۈشىمىز دېدى. جۇگې لياڭنىڭ ئۆزى ئارقىدىن جيەن يۇڭ، جياڭ ۋەنلەر بىلەن يولغا راۋان بولدى. جياڭ ۋەننىڭ يەنە بىر ئىسمى گۇڭيەن، لىڭلىڭشياڭ يېزىسىدىن بولۇپ، جىڭشياڭنىڭ ئاتاقلىق ئەربابلىرىدىن ئىدى، ھازىر مىرزىلىق قىلاتتى. ئەنە شۇ كۈنى جۇگې لياڭ 1 تۈمەن 5000 لەشكەر ئېلىپ، جاڭ فېي بىلەن بىر كۈندە يولغا چىقتى. جاڭ فېي يولغا چىقىش ئالدىدا، جۇگې لياڭ:

— كۈنپېتىش سىچۈەندە قەھرىمان ئەزىمەتلەر ناھايىتى كۆپ، ياۋغا سەل قارىماسلىق كېرەك. يول بويى لەشكەرلەرنى چىڭ تۇتسىلا، خەلقنىڭ ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، يۇرت - خالايىقنى بۇلاپ - تالاشقا يول قويمىسىلا. بارغانلىكى جايدا ئوبدان ھال سوراپ ياردەم - نەپىقە بەرسىلە، لەشكەرلەرنى قامچىلىمىسىلا. پالۋان، بۇرۇنراق لۇچېڭدا كۆرۈشۈشنى ئۈمىد قىلىمەن، كېچىكىپ قالمىغايلا! — دەپ تاپشۇردى.

جاڭ فېي مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاتلىنىپ يولغا راۋان بولدى، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئىلگىرىلىدى. بارغانلىكى يېرىدە، ئەل بولغانلارغا قىلچە چېقىلمىدى، خەنچۇەن ئارقىلىق لەشكەرلەرنىڭ ئالدى باجۇنگە كەلگەندە، ئايغاقچىلار:

— باجۇن ھاكىمى يەن يەن شۇجۇنلىقلارنىڭ ئاتاقلىق پالۋانى، ئۇ گەرچە ياشانغان بولسىمۇ، تېخى كۈچىدىن قالمىدى؛ ئېغىر كامانغا ماھىر، چوڭ قىلىچ ئىشلىتىدۇ، تۈمەن ئادەمگە تېتىيدىغان دىلاۋەر شەھەرنى ساقلاپ، ئەل بولۇش تۇغى قادىماپتۇ، — دەپ مەلۇمات بەردى.

جاڭ فېي شەھەردىن ئون چاقىرىم يەرگە قارارگاھ قۇردۇردى ۋە شەھەرگە ئادەم كىرگۈزۈپ: «قېرى تېززەك

كېلىپ ئەل بولۇڭ، پۈتكۈل شەھەر ئاھالىسىنىڭ ھاياتى ساقلىنىپ قالسۇن، ئەگەر ئىتائەت قىلمايدىكەنسىز، شەھەرنى تۈپتۈز قىلىپ تاشلاپ، نە ياش، نە قېرى دېمەستىن پۈتۈنلەي قەتلىئام قىلىۋېتىمەن!» دەپ خەۋەر قىلدۇردى.

باجۇندە تۇرغان يەن يەنگە كەلسەك، ئۇ ليۇ جاڭنىڭ فاجېڭنى ئەۋەتىپ، ليۇ بېينى سىچۈەنگە تەكلىپ قىلىپ ئەكىرگىنىنى ئاڭلاپ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ:

— بۇ يالغۇزلا تاغقا چىقىۋېلىپ، يولۋاسنى باشلاپ كىرىپ، ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلدۇرۇش دېمەكتۇر، — دەپ ئاھ تارتتى. ئىنتايىن غەزەپلەنگەن يەن يەن بىرنەچچە قېتىم لەشكەر تارتىپ بېرىپ، جەڭ قىلماق ئىستىگەن بولسىمۇ، بۇ يولدىن لەشكەر كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئېھتىيات قىلدى، ئەنە شۇ كۈنى جاڭ فېينىڭ لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ياۋغا قارشى 5 — 6 مىڭ ئەسكەر تەييارلاپ قويدى. بىراۋ:

— جاڭ فېي داڭلىق ـ چاڭبەندە بىر نەۋرىسى بىلەن ساۋ ساۋنىڭ 100 تۈمەن لەشكىرىنى چېكىندۈرگەن. ساۋ ساۋمۇ ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىسا، ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى، ياۋنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ھازىر خەندەكنى چوڭقۇرلىتىپ، قورغاننى ئېگىزلىتىپ، مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرۇۋالايلى. ياۋ لەشكىرى تەمىناتسىز بولغاچقا، بىر ئايغا قالماي ئۆزلۈكىدىن مۇقەررەر چېكىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە جاڭ فېينىڭ مىجەزى بەك چۇس، ھەدېسىلا نۆكەرلەرنى قامچىلايدۇ؛ ئەگەر جەڭ قىلماي تۇرۇۋالساق، چوقۇم غەزىپى ئۆرلەيدۇ، غەزىپى ئۆرلىگەندىن كېيىن، لەشكەرلىرىگە زوراۋانلىق قىلىدۇ، لەشكەرلىرى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلىدىغان بولساق، جاڭ فېينى تۇتۇش مۇمكىن، — دەپ تەدبىر كۆرسەتتى.

بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلغان يەن يەن لەشكەرلىرىنىڭ

ھەممىسىنى سىپىلغا چىقىرىپ مۇداپىئەدە تۇردى. تۇيۇقسىزلا بىر نۆكەر: «دەرۋازىنى ئېچىڭلار!» دەپ توۋلىدى. يەن يەن كىرگۈزۈپ سورىدى. بۇ نۆكەر مېنى سەركەردە جاڭ فېي ئەۋەتتى دەپ، جاڭ فېينىڭ سۆزلىرىنى توغرىسىغىلا دەپ بەردى. دەرغەزەپ بولغان يەن يەن:

— ھۇ ئەبلەخ! ئەدەپسىزلىك قىلىشقا نېمە ھەددىڭ! مەن سەركەردە يەن، ئوغرىغا ئەل بولمەنما! بېرىپ جاڭ فېيگە ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېيتقىن! — دەپ تىللىدى. لەشكەرلىرىگە ھېلىقى نۆكەرنىڭ قۇلاق - بۇرنىنى كەستۇرۇپ، ئۆز قارارگاھىغا قويىدۇرۇۋەتتى.

قايتىپ كېلىپ جاڭ فېي بىلەن كۆرۈشكەن نۆكەر يىغلاپ تۇرۇپ، يەن يەننىڭ تىل - ھاقارەتلىرىنى سۆزلەپ بەردى. غەزەپلەنگىنىدىن جاڭ فېينىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى - دە، دەرھال ئاتلىنىپ، بىرنەچچە يۈز لەشكەرلىرى بىلەن باجۇن شەھىرىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ جەڭگە ئۈندىدى. سىپىل ئۈستىدىكى لەشكەرلەر راسا تىللىغىلى تۇردى. مىجەزى چۇس جاڭ فېي بىرنەچچە قېتىم ئاسما كۆۋرۈك تۈۋىگە باستۇرۇپ بېرىپ، خەندەكتىن ئۆتۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئوقيا ئېتىپ قايتۇرۇۋەتتى، كەچ كىرگۈچە بىرمۇ ئادەم چىقمىدى، جاڭ فېي قورساق كۆپۈكى بىلەن لەشكەر قارارگاھىغا قايتتى. ئەتىسى سەھەردە يەنە لەشكەر باشلاپ بېرىپ جەڭگە ئۈندىدى. يەن يەننىڭ سىپىل راۋىقىدا تۇرۇپ ئاتقان ئوقياسى جاڭ فېينىڭ دوبۇلغىسىغا كېلىپ تەگدى. ئەلەمگە چىدىمىغان جاڭ فېي، سەن قېرىنى تۇتۇۋالغىنىمدا، گۆشۈڭنى يەيمەن، دېدى. كەچ كىرگەندە يەنە قۇرۇق قايتتى. ئۈچىنچى كۈنى جاڭ فېي لەشكەرنى ئېلىپ، سىپىل بويلاپ تىللاپ چىقتى. ئەسلىدە بۇ شەھەر تاغ شەھىرى بولۇپ، ئەتراپىدا غىچلا قالايمىقان تاغلار بار ئىدى. جاڭ فېي ئۆزى ئاتلىنىپ تاغقا چىقىپ پەستىكى

شەھەرگە نەزەر سېلىۋېدى، جابدۇنغان لەشكەرلەر قىسىملارغا بۆلۈنۈپ، شەھەرگە پىستىرما بولۇۋاپتۇيۇ، جەڭگە چىقماپتۇ؛ يەنە ئاھالىنىڭ خىش ـ تاش توشۇپ، شەھەر مۇداپىئەسىگە ياردەم بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. جاڭ فېي ياۋنى قىزىقتۇرۇپ ئاچىقىش ئۈچۈن، ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئاتلىرىدىن چۈشۈشكە، پىيادە لەشكەرلەرنى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى، شۇنىڭدىمۇ ھېچبىر ھەرىكەت كۆرۈلمىدى. يەنە بىر كۈن تىللاپ، بۇرۇنقىدەكلا قۇرۇق قايتتى.

جاڭ فېي لەشكەر قارارگاھىدا ئويلىنىپ: «كەچكىچە تىللىساقمۇ چىقمىسا، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟» دېدى ـ دە، ئۇشتۇمتۇتلا خىيالىغا بىر تەدبىر كەلدى، لەشكەرلەرنى جەڭگە ئۈندەشكە ئەۋەتمەستىن، ھەممىنى يېشىندۇرۇپ، لەشكەر قارارگاھىدا كۈتۈشكە، پەقەت 40 — 50لا لەشكەرنى سېپىل تۈۋىگە بېرىپ تىللاشقا بۇيرۇدى، يەن يەن لەشكەرلىرىنى قىزىقتۇرۇپ ئاچىقىپ، جەڭ قىلماقچى بولدى. بىلەكلىرىنى شىمايلاپ تەييارلانغان جاڭ فېي ياۋ لەشكىرىنىڭ كېلىشىنىلا كۈتتى. بىر توپ لەشكەر ئۈدا ئۈچ كۈن تىللىغان بولسىمۇ، شەھەردىكىلەر زادىلا چىقماي تۇرۇۋالدى. جاڭ فېي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ يەنە بىر تەدبىر ئويلىدى، لەشكەرلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئوتۇن كەسكىلى، چۆپ ئورۇغىلى، يول ئىزدىگىلى چىقىرىپ، جەڭگە ئۈندىگىلى كىشى ئەۋەتمىدى. شەھەردە تۇرۇپ جاڭ فېينىڭ بىرنەچچە كۈنگىچە دېرەكسىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگەن يەن يەن گۇمانلاندى ـ دە، ئون نەچچە لەشكىرىنى جاڭ فېينىڭ ئوتۇن كەسكىلى چىققان لەشكەرلىرىچە ياساندۇرۇپ، شەھەردىن يوشۇرۇن چىقاردى، لەشكەر ئىچىگە كىرىۋېلىپ، تاغقا چىقىپ تىڭ ـ تىڭلىدى.

ئەنە شۇ كۈنى لەشكەرلەر قارارگاھىغا قايتتى. جاڭ فېي لەشكەر قارارگاھىدا ئولتۇرۇپ، پۇتىنى تېپىپ تۇرۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يەن يەن قېرى مېنى ئەلەم بىلەن ئۆلتۈرىدىغان بولدى! — دەپ تىللىدى. قارارگاھ ئالدىدا ئۈچ - تۆتەيلەن:

— سەركەردە، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا. بىرنەچچە كۈندىن بېرى بىر سوقماق يول ئۇقۇشتۇق، باجۇندىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ كېتىشكە بولىدىكەن، — دېدى.

— مادامىكى بۇ سوقماق يول بولغاندىن كېيىن، نېمىشقا بۇرۇنراق كېلىپ ئېيتمايسىلە؟ — دېدى ئەتەيگە تۇۋلاپ جاڭ فېي.

— مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە ئۇقۇشتۇق، — دەپ جاۋاب بەردى نۆكەرلەر.

— ئىشنى كېچىكتۈرگىلى بولمايدۇ، بۈگۈن كېچە ئەلياتقۇ ۋاقتىدا غىزا يەپ، ئېغىر ياتقۇ بىلەن ئاي يورۇقىدىن پايدىلىنىپ يولغا چىقىمىز، لەشكەرلەر يىكچە چىشلەپ، ئاتلارنىڭ قوڭغۇراقلىرى ئېلىپ تاشلانسۇن، يوشۇرۇن ماڭىمىز. مەن ھەممىنىڭ ئالدىدا يول ئېچىپ بېرىمەن، سىلەر تەرتىپى بىلەن مېڭىڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى جاڭ فېي. بۇيرۇق ھەممە لەشكەر قارارگاھىغا ئۇقتۇرۇلدى.

ئايغاقچىلىققا چىققان نۆكەرلەر بۇ خەۋەرنى ئالغاندىن كېيىن، شەھەرگە قايتىپ يەن يەنگە مەلۇم قىلدى. ناھايىتى خۇرسەن بولغان يەن يەن:

— بۇ گادايىنىڭ سەۋر قىلالماسلىقىنى بىلەتتىم! سوقماق يول بىلەن ئوغرىلىقچە ماڭىدىغان بولساڭ، تەمىنات، يەم - خەشەك، هارۋىلىرىڭ ئەلۋەتتە ئارقىدا بولىدۇ؛ ئارقا يولنى توسىۋالسام قانداق ئۆتەلەيدۇ؟ ھەي ئەقىلسىز گاداي، تۇزىقىمغا چۈشتۈڭ! — دېدى ۋە شۇئان لەشكەرلەرنى ياۋغا يۈرۈشكە تەييارلىق كۆرۈشكە، بۈگۈن كېچە ئەلياتقۇ ۋاقتىدا تاماق يەپ،

ئىغىر ياتقۇ ۋاقتى بىلەن شەھەردىن چىقىپ، دەرەخنىڭ قويۇق يەرلىرىگە پىستىرما بولۇشقا، جاڭ فېي سوقماقنىڭ بوغۇزىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، هارۋىلار كەلگەندە، ناغرا ئاۋازى بىلەن تەڭلا هۇجۇم قىلىپ چىقىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. تۈن بولغاندا، يەن يەننىڭ پۈتكۈل قوشۇنى تويغۇچە غىـــزالاندى. جابدۇنۇپ تەييار بولدى ـ دە، شەھەردىن ئاستاغىنا چىقىپ، هەر تەرەپكە تارىلىپ پىستىرما بولدى، ناغرا ئاۋازىنىلا كۈتۈشتى؛ يەن يەننىڭ ئۆزى ئون نەچچە مۇئاۋىن سەركەردە بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، دەرەخلىك ئىچىگە سۇقۇندى.

تەخمىنەن ئىغىر ياتقۇ ۋاقتىدىن كېيىن، شەخسەن جاڭ فېينىڭ هەممىنىڭ ئالدىدا، ئۆزۈن نەيزىسىنى توغرىسىغا تۇتۇپ، ئاتلىق هالدا لەشكەر باشلاپ ئاستا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى يىراقتىن كۆرۈشتى. ئۈچ ـ تۆت يول يەرگە بارماستىنلا، ئارقىـــدىن هارۋىلار، لەشكەرلەر داۋاملىق كېلىشكە باشلىدى. بۇنى ئېنىق ئوبدان كۆرگەن يەن يەن ناغرا چالدۇرۇۋېدى، تۆت تەرەپكـە پىستىرما بولغان لەشكەرلەرنىڭ هەممىسى تەڭلا چىــقتـــى. هارۋىلارنى بۇلاشقا كەلمەك بولۇپ تۇرغىنىـــدا، ئارقىـــدىن چېلىنغان جاڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ بىر توپ لەشكەر يېتىپ كەلدى ۋە:

— توختا قېرى ئوغرى! خويما ئوبدان كۈتۈۋالدىم! — دېگەن نەرە ئاۋازى ئاڭلاندى. يەن يەن بىردىنلا ئۆرۈلۈپ قارىسا، باش پالۋان — قاپلان باش، دۈگىلەك كۆز، قارلىغاچ بويۇن، يولۋاس ساقال، توققۇز گەزلىك نەيزە تۇتقان، توق قارا ئات مىنگەن جاڭ فېي ئىدى. هەر تەرەپتىن چېلىنغان جاڭ ئاۋازى ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، لەشكەرلەر قىــر ـ چاپقا ئۆتتى.

جاڭ فېينى كۆرگەن يەن يەن ئۆزىنى ئوڭشىۋالالمايلا جەڭگە چۈشتى. ئون رەددى بەدەلگە ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا جاڭ فېي

چاندۇرغاندەك قىلىۋىدى، يەن يەن قىلىچ سالدى، جاڭ فېي چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىنى بىرياققا ئېلىپ، يەن يەنگە ئېتىلدى، ساۋۇتىنىڭ بوغقۇچىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۆرگە كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردى، نۆكەرلەر كېلىپ بەند قىلىۋالدى. بايا ئالدىدا ئۆتۈپ كەتكەن پالۋان ساختا جاڭ فېي ئىدى. يەن يەننى ناغرا ئاۋازى بىلەن سىگنال بېرىدۇ دەپ ئويلاپ، جاڭ فېي جاڭ ئاۋازىنى سىگنال قىلغانىدى . جاڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا چاپ - چاپقا ئۆتتى. سىچۈەن لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى قورال - ساۋۇتلىرىنى تاشلاپ باش ئەگدى.

جاڭ فېي باجۈن شەھىرىنىڭ تۆۋىگە باستۇرۇپ كەلگەندە، ھىماتچى لەشكەر شەھەرگە كىرىپ بولغانىدى. جاڭ فېي ئاھالىگە قول تەگكۈزمىدى، ئېلانلار چىقىرىپ ئاھالىنى تەسكىن قىلدى. نۆكەرلەر قورال ئاستىدا يەن يەننى ئېلىپ كەلدى. جاڭ فېي داتاڭدا ئولتۇردى، يەن يەن تىزلىنىشقا ئۇنىمىدى. غەزەپلەنگەن جاڭ فېي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ:

— چوڭ پالۋان بۇ يەرگە يېتىپ كەلسە، نېمىشقا ئەل بولمايسىز ۋە قارشى چىقىسىز؟ — دەپ توۋلىدى.

رەڭگىدە قىلچە قورقۇش ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يەن يەنمۇ توۋلاپ تۇرۇپ جاڭ فېيغا:

— سىلەر ۋىجدانسىزلىق قىلىپ، مېنىڭ ئېلىمگە تاجاۋۇز قىلدىڭلار! باش بېرىدىغان پالۋان باركى، ئەل بولىدىغان پالۋان يوق! — دەپ جاۋاب قايتۇردى.

دەرغەزەپ بولغان جاڭ فېي ئەتراپىدىكىلەرگە:

— ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

— ھەي ئوغرى! بېشىمنى ئالساڭ ئالمامسەن، نېمە توۋلايسەن؟ — دەپ توۋلىدى يەن يەنمۇ.

يەن يەننىڭ مەردانە ئاۋازىنى، رەڭگىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلى-كىنى كۆرگەن جاڭ فېي دەرھال چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، خۇش

چىراي بىلەن پەلەمپەيدىن چۈشتى ـ دە، ئەتراپتىكىلەرنى تولۇپ قايتۇردى، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن بەندتىن بوشاتتى، كىيىم ئېلىپ كىيگۈزدى ۋە يۆلەپ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى باش قويۇپ:

— سۆزلىرىم بىلەن قوپال تېگىپ قويدۇم، مۇئاپ قىلۇرلا. مەن ئەزەلدىن مويسىپىت پالۋانىمىزنىڭ ئاتاقلىق قەھرىمان ئىكەنلىكلىرىنى بىلەتتىم، — دېدى.

يەن يەن كۆرستىلگەن ئىلتىپاتقا تەسىرلىنىپ، ئەل بولدى. كېيىنكىلەر ئۇنى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*كۈنپېتىش سىچۈەندە ئاق چاچ پالۋان تۇتقان ماكان،*
*بارچە ئەلگە تارقىلىپ پۇر بولدى پاك نامى ئايان.*
*چىن ۋاپادارلىق دىلى گوياكى ئايدەك پاك ئىدى،*
*غەيرىتى ـ جاسارىتىن توسۇماقى تەس چاقچياڭ داۋان.*
*كەتسە بېشى رازىكى ئۇ تىز پۈكۈپ بولمىغايمۇ ئەل،*
*يوق بۇ باجۇ پالۋاننىڭ تەڭدىشى كەزسەڭ جاھان.*

يەنە جاڭ فېينى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتۈلگەندى:

*كۆرستىپ باتۇرلىغىن يەن يەننى تۇتتى ئاقىۋەت،*
*قىلدى قايىل شۇل ھامانە بارچە لەشكەر ـ ئەلنى مەرد.*
*ساقلىنىپ بۇتخانىسى با شۇدا تا ھازىرغىچە،*
*بۇ گۈزەردە كۈندە بار نەزىر ـ نەزۇرەت ـ خەيرىيەت.*

جاڭ فېي سىچۈەنگە كىرىش تەدبىرىنى سورىۋېدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى كىتابلىرى www.uyghurkitap.com

يەن يەن:

— يېڭىلگەن لەشكەرنىڭ سەركەردىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن زور ئىلتىپاتلىرىغا سازاۋەر بولدۇم، بارلىق كۈچۈم بىلەن خىزمەت قىلىپ، جاۋاب قايتۇرۇشۇم كېرەك. بىر دانە كامان، نە بىر تال ئوق ئىشلەتمەستىن، چىڭدۇنى ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى.

دەرھەقىقەت:

*قىلدى مايىل كۆڭلىنى يېگانە يالغۇز پالۋان،*
*شەھرۇ قەلئە بولدى تەسلىم ئارقا ـ ئارقىدىن جاھان.*

قانداق تەدبىر كۆرسەتكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش تۆتىنچى باب

## جۇگې لياڭنىڭ پەنت بىلەن جاڭ رېنىنى تۇتقانلىقى ياڭ فۇنىڭ ياردەمگە لەشكەر سوراپ ما چاۋنى تارمار قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، جاڭ فېي يەن يەندىن پەنت سورىدى، يەن يەن:
— بۇ يەردىن لەشكەر تارتىپ لۇچېڭنى ئېلىشقا ماڭسىلا. يول بويىدىكى قورۇللارنى ساقلاپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كەمىنىلىرىنىڭ باشقۇرۇشۇمدا بولۇپ، سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ بارلىقى مېنىڭ ئىلكىمدە. بۈگۈن سەردار جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتلىرىغا شۈكرەن بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن كەمىنىلىرى تۇرشاۋۇل قىسىم بولۇپ باراي، بارغانلىكى جايلاردا ھەممىنى چاقىرتىۋېلىپ ئەل قىلدۇراي، — دېدى.

جاڭ فېي ئارقىمۇئارقا تەشەككۇر بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن يەن يەن تۇرشاۋۇل قىسىم بولۇپ ماڭدى، جاڭ فېي لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئارقىدىن كەلدى. بارغانلىكى جايلار يەن يەننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاچقا، ھەممىنى چاقىرتىۋېلىپ ئەل قىلدۇردى. ئىككىلىنىپ قالارغا كېلەلمىگەنلەرگە نىسبەتەن يەن يەن:
— مەنمۇ ئەل بولدۇم، سىلەر قانداق قىلماقچىدىڭلار؟ — دېگەچكە، ئىش ئوڭۇشلۇق بولدى، بىرەر مەيدانمۇ جەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولمىدى.

جۇگې لياڭغا كەلسەك، ئۇ سەپەر كۈنى ليۇ بېيگە مەلۇم قىلىپ، ھەممىنىڭ لۇچېڭدا مۇلاقات بولۇشىنى تاپىلىدى. ليۇ بېي ئەمەلدارلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— بۈگۈن جۇگې لياڭ بىلەن جاڭ فېي ئىككى يول بويلاپ سىچۇەننى ئېلىشقا ماڭماقچى بولدى. ھەممىمىز لۇچېڭدا بىرلىشىپ، چېڭدۇغا بىرلىكتە كىرىمىز. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سۇ يولى بىلەن كېمىلەر، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ھارۋىلار سەپەرگە ئاتلاندى، ۋاقىت كېلىپ قالدى. بۈگۈن بىزمۇ سەپەرگە چىقىلى، — دېدى. خۇاڭ جۇڭ:

— جاڭ رېن كۈنىگە كېلىپ بىزنى جەڭگە ئۈندىمەكتە، شەھەردىن چىقمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ياۋ قوشۇنى بوشىشىپ قالدى، ھازىرلىقى يوق، بۈگۈن كېچە لەشكەرنى بۆلۈپ، قارارگاھلىرىغا باستۇرۇپ بارىلى، كۈندۈزى جەڭ قىلىشتىن ئاسان چۈشىدۇ، — دېدى.

ليۇ بېي بۇنىڭغا ماقۇل بولدى ـ دە، خۇاڭ جۇڭنى سول تەرەپكە، ۋېي يەننى ئوڭ تەرەپكە تېگىش قىلىش ئۈچۈن لەشكەر باشلاشقا بۇيرۇدى، ليۇ بېي ئۆزى ئوتتۇرىغا تەگمەكچى بولدى. شۇ كېچىسى ئەلياتقۇ مەھەل بولغاندا، ئۈچ تارام لەشكەرلەر تەڭلا يولغا چىقتى. دېگەندەكلا جاڭ رېن ھازىرلىقسىز تۇرغانىكەن. قارارگاھقا باستۇرۇپ كىرگەن ليۇ بېي لەشكەرلىرىنىڭ قويغان ئوتلىرى پەلەككە تۇتاشقانىدى. قاچقان شۇ لەشكەرلىرى كېچىچە مېڭىپ، لۇچېڭغا يېتىپ باردى، شەھەردىكى لەشكەرلەر ئالدىنغا چىقىپ شەھەرگە كىرگۈزدى. ليۇ بېي ئوتتۇرا يولغا قارارگاھ قۇردى؛ ئەتىسى لەشكەرلىرىنى لۇچېڭغا باشلاپ كېلىپ، شەھەرنى قورشاپ تېگىش قىلدى. جاڭ رېن جەڭگە چىقمىدى. ئۇدا تۆت كۈن تېگىش قىلغاندىن كېيىن، ليۇ بېي ئۆزى بىر

قىسىم لەشكەرلەر بىلەن كۆنپېتىش دەرۋازىغا بېرىپ تېگىش قىلدى، خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەرنى كۆنچىقىش دەرۋازىغا تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى، تۆۋەن، يۇقىرى دەرۋازىلارنى بولسا ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ چىقىپ كېتىشىگە بوش قويدى. ئەسلىدە تۆۋەن دەرۋازا تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك تاغ يولى بولغاچقا، يۇقىرى دەرۋازىدا فۇشۇي دەرياسى بولغاچقا قورشىمىغانىدى. ليۇ بېينىڭ كۆنپېتىش دەرۋازىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئات چاپتۇرۇپ شەھەرنى ئېلىش جېڭىگە سەركەردىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، چاشگاھتىن پېشىنغىچە جەڭ قىلىپ لەشكەرلەر بارا - بارا ھارغانلىقىنى كۆرگەن جاڭ رېن ۋۇ لەن بىلەن لېي تۇڭنى يۇقىرى دەرۋازىدىن لەشكەر باشلاپ چىقىپ، ئايلىنىپ كۆنچىقىش دەرۋازىغا بېرىپ خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى - دە، ئۆزى بىر قىسىم لەشكەرنى تۆۋەن دەرۋازىدىن باشلاپ چىقىپ، ئايلىنىپ كۆنپېتىش دەرۋازىغا بېرىپ، تەنھا ليۇ بېي بىلەن ئېلىشىدىغان بولدى. شەھەردىن ئېلىنىغان خەلق ئەسكەرلىرىنى سېپىلغا چىقىرىپ تەبلىجەڭ چالدۇرۇپ چۇقان سالغۇزدى.

كۈن پاتقانلىقىنى كۆرگەن ليۇ بېي ئاۋۋال ھىماتچى لەشكەرنى قايتىشقا بۇيرۇدى، لەشكەرلەر قايتىشىغىلا، سېپىلدىن چۇقان كۆتۈرۈلدى، تۆۋەن دەرۋازىدىن لەشكەرلەر چىقتى. جاڭ رېن ليۇ بېينى تۇتۇش ئۈچۈن قوشۇن ئىچىگە باستۇرۇپ كەلدى. ليۇ بېي لەشكىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. خۇاڭ جۇڭ بىلەن ۋېي يەننى بولسا ۋۇ لەن، لېي تۇڭلار توسۇۋالغاچقا، بىر - بىرىگە ھەمدەملىشەلمەي قالدى. ليۇ بېي جاڭ رېنغا تەڭ كېلەلمەي ئېتىنى تاغنىڭ سوقماق يولىغا بۇراپ قاچتى. جاڭ رېن قوغلاپ ماڭدى. ليۇ بېي تەنھا ئاتلىق بولۇپ، جاڭ رېن بىرنەچچە ئاتلىق قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ليۇ بېي ھەدەپ ئېتىنى قامچىلاپ ئالغا چېپىپ كېتىپ باراتتى، توساتتىنلا تاغ يولىدىن بىر قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەشكەر ئېتىلىپ چىقتى. لېۇ بېي ئات ئۈستىدە:

— ئالدىمدا پىستىرما لەشكەر، ئارقامدا قوغلىغۇچى لەشكەر، تەڭرى مېنى ھالاك قىلماقچىكەن! — دەپ پەرياد سېلىپ قىچقىرىپتىپ قارىسا كېلىۋاتقان لەشكەرنىڭ ئالدىدىكى سەركەردە جاڭ فېي يەن يەن بىلەن دەل مۇشۇ يول بىلەن كېلىۋاتاتتى، چاڭ - توزاننى كۆرۈپ، سىچۈەن لەشكىرى بىلەن جەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى - دە، ئالدى بىلەن باستۇرۇپ كەلدى جاڭ زېنغا يولۇقۇپ، جەڭ قىلىشتى. ئون نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىشۋېدى، ئارقىدىن يەن يەن چوڭ قوشۇن بىلەن كېلىپ قالدى. جاڭ رېن تېزلىكتە ئارقىغا ياندى. جاڭ فېي شەھەر تۈۋىگىچە قوغلاپ كەلدى. شەھەرگە چېكىنگەن جاڭ رېن ئاسما كۆۋرۈكنى تارتتۇرۇۋەتتى.

جاڭ فېي قايتىپ لېۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ:

— مۇشاۋىر لەشكەر بىلەن سۇنىڭ ئېقىنشىغا قارشى كېمىلەر بىلەن كەلگەچكە، مەن بىرىنچى بولۇپ كېلىپ خىزمەت يەتكۈزدۇم، — دېدى.

— تاغ يوللىرى خەتەرلىك ئىدى، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىماي، قانداق قىلىپ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئالدى بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى لېۇ بېي.

— يولدا 45 ئورۇندا قورۇل بار ئىكەن، ھەممە ئىش مويسىپىت پېشقەدەم سەركەردىمىز يەن يەننىڭ خىزمىتى بىلەن ئوڭۇشلۇق ھەل بولدى، قىلچە كۈچ سەرپ بولۇنمىدى، — دېدى جاڭ فېي ۋە ۋاپا يۈزىسىدىن يەن يەننى ئازاد قىلغان ۋەقەلەرنى باشتىن - ئاخىرغىچە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى، يەن يەننى باشلاپ كىرىپ لېۇ بېي بىلەن كۆرۈشتۈردى.

— پېشقەدەم سەركەردىمىز بولمىغان بولسىلا، — دېدى لېۇ بېي، — ئىنىم بۇ يەرلەرگە قانداق كېلەلەيتتى؟ — دەپلا

ئۇستىدىكى زەر قۇياقنى سېلىپ ئىنئام قىلدى. يەن يەن تەزىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئەمدىلا زىياپەتكە كىرەيلى دەپ تۇرۇشىغا چاپارمەنلەر كېلىپ:

— خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەن بىلەن سىچۈەن سەركەردىلىرى ۋۇ لەن، لېي تۇڭ جەڭ قىلىشىۋاتماقتا، شەھەردىن ۋۇ يى، لىيۇ كۇيلەر لەشكەر بىلەن ھەمدەمگە چىقىپ، ئىككى ياقتىن ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلغاچقا، ۋېي يەن، خۇاڭ جۇڭ ئىككى سەركەردە يېڭىلىپ، كۇنچىقىش تەرىپىگە كېتىپ قالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان جاڭ فېي لىيۇ بېيگە لەشكەرنى ئىككى يولغا بۆلۈپ ھەمدەم بېرىش تەكلىپىنى بەردى. شۇنداق قىلىپ جاڭ فېي سولدىن، لىيۇ بېي ئوڭدىن چاپ ـ چاپ قىلىپ كەلدى. ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن چۇقاننى ئاڭلاشقان ۋۇ يى بىلەن لىيۇ كۇي تەمتىرەپ شەھەرگە چېكىندى. لەشكەرلىرى بىلەن ھەدەپ خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەرنى قوغلاپ كېلىۋاتقان ۋۇ لەن، لېي تۇڭنىڭ قايتار يولىنى لىيۇ بېي بىلەن جاڭ فېي توسۇدى. خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەرمۇ ئارقىغا قايتىپ قىر ـ چاپقا ئۆتتى. ۋۇ لەن، لېي تۇڭلار تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئەل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. لىيۇ بېي ئۇلارنىڭ باش ئېگىشىنى قوبۇل قىلدى، لەشكەرلىرىنى يىغىپ شەھەر تۈۋىگە قارارگاھ قۇردى.

جاڭ رېنغا كەلسەك، ئۇ ئىككى پالۋاندىن ئايرىلغاچقا، ناھايىتى غەم ـ غۇسسىگە چۈشتى. ۋۇ يى بىلەن لىيۇ كۇي:

— جەڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن خەتەرلىك، ھەل قىلغۇچ بىر جەڭ قىلمىغۇچە، ياۋ لەشكەرلىرىنى قانداق چېكىندۈرىمىز؟ بىر تەرەپتىن چېڭدۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، جىددىي ئەھۋالنى پاسىبانىمىزغا مەلۇم قىلايلى، بىر تەرەپتىن پەنت ئىشلىتىپ ياۋغا تاقابىل تۇرايلى، — دەپ تەكلىپ بېرىشتى.

— ئەتە بىر بۆلۈم لەشكەر باشلاپ چىقىپ، ئۇلار بىلەن جەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلاي، يالغاندىن يېڭىلگەندەك بولۇپ، ئۇلارنى شەھەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئاپىراي، شەھەر ئىچىدىن يەنە بىر قىسىم لەشكەر چىقىپ ئوتتۇرىدىن كېسىپ تاشلىسا، ئۇلارنى يېڭەلەيمىز، — دېدى جاڭ رېن.

— سەركەردە لىيۇ كۈي بەگزادىمىزگە ھەمدەملىشىپ، شەھەرنى مۇداپىئە قىلسۇن، مەن لەشكەر باشلاپ چىقىپ جەڭگە ھەمدەملىنشەي، — دېدى ۋۇ يى.

مەسلىھەت قاراردىن ئۆتتى. ئەتىسى جاڭ رېن بىرنەچچە مىڭ لەشكەرنى باشلاپ، تۇغ ـ ئەلەملىرىنى ئوينىتىپ، سۇرەن-چۇقان سېلىپ، شەھەردىن جەڭگە چىقتى. جاڭ فېي ئاتلىنىپ، جەڭ مەيدانىغا چىقىپ جاڭ رېن بىلەن ئېلىشتى. جاڭ رېن ئون نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا يېڭىلگەندەك بولۇپ، سېپىل ئايلىنىپ قاچتى. جاڭ فېي كۈچىنىڭ بارىچە قوغلىدى. ۋۇ يى لەشكەرلىرى بىلەن توسۇۋالدى، جاڭ رېن لەشكەرلىرى بىلەن قايتىپ كېلىپ، جاڭ فېينى ئوتتۇرىغا قورشىۋالدى، جاڭ فېي ئالغا باسالماي، ئارقىغا چېكىنەلمەي قالدى. ئامالسىز قالغان بىر پەيتتە، بىر قىسىم لەشكەر دەريا بويلاپ چاپ ـ چاپ قىلىپ كەلدى. نەيزىسىنى ئوينىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ ئالدىدا كېلىۋاتقان بىر پالۋان ۋۇ يى بىلەن جەڭ قىلدى؛ بىر رەددى بەدەلدىلا، ۋۇ يىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ياۋ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، جاڭ فېينى قۇتۇلدۇردى. ھەممەيلەن قارىۋېدى، بۇ جاۋ يۈن ئىكەن. جاڭ فېي:

— مۇشاۋىرىمىز قەيەردە قالدى؟ — دەپ سورىدى.

— مۇشاۋىرمۇ يېتىپ كەلدى، شۇ تاپتا پاسىبانىمىز بىلەن كۆرۈشۈۋاتسا كېرەك، — دېدى جاۋ يۈن.

ئىككىيلەن ۋۇ يىنى ئېلىپ قارارگاھقا كەلدى. جاڭ رېن چېكىنىپ، كۈنچىقىش دەرۋازا بىلەن كىرىپ كەتتى.

جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەر قارارگاھقا كەلگىنىدە جۇگې لياڭ،

جيەن يۈك، جياڭ ۋەنلەر چېدىردا ئولتۇرغانىدى. جاڭ فېي ئاتتىن چۈشۈپ مۇشاۋىر بىلەن كۆرۈشتى.

— قانداق قىلىپ، — دەپ سورىدى ھەيران بولغان جۇگې لياڭ، — ئالدىن يېتىپ كەلدىلە؟

ليۇ بېي ۋاپا يۈزىسىدىن يەن يەننى ئازاد قىلغان ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بەردى.

— سەركەردە جاڭ فېينىڭ پەنت ئىشلىتەلىشى، جانابىي پاسىبانىنىڭ بەخت ـ سائادىتى، — دېدى جۇگې لياڭ قۇتلۇقلاپ.

جاۋ يۈن ۋۇ يىنى ئەكېلىپ ليۇ بېيغا توغرا قىلىشۋېدى، ليۇ بېي:

— ئەل بولامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— تۇتۇلدۇم، نېمىشقا ئەل بولماي، — دېدى ۋۇ يى.

ليۇ بېي ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ ئۆز قولى بىلەن بەندىتىن بوشاتتى.

— شەھەرنى قانچىلىك كىشى ساقلاۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى جۇگې لياڭ.

— ليۇ جىيۇيىنىڭ ئوغلى ليۇ شۈن، ياردەمچى سەركەردە ليۇ كۈي، جاڭ رېنلار بار. ليۇ كۈينىڭ كارى چاغلىق؛ جاڭ رېن شۇجۇنلۇق بولۇپ، ئىنتايىن جەسۇر ۋە پاراسەتلىك ئادەم، ئۇنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى ۋۇ يى.

— ئالدى بىلەن جاڭ رېننى تۇتۇپ، ئاندىن لۇچېڭنى ئالايلى، — دېدى جۇگې لياڭ، — شەھەر كۈنچىقىش تەرىپىدىكى كۆۋرۈكنىڭ ئىسمى نېمە؟

— جىنيەنچياۋ كۆۋرۈكى دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى ۋۇ يى.

جۇگې لياڭ دەرھال ئاتلىنىپ كۆۋرۈك يېنىغا كەلدى، دەريانى بىر ئايلىنىپ قارارگاھقا قايتىپ كەلدى ـ دە خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەرنى چاقىرتىپ:

— جىنيەنچياۋ كۆۋرۈكىدىن بەش ـ ئالتە چاقىرىم نېرىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىككى تەرەپنىڭ ھەممىسى قومۇشلۇق بولۇپ، پىستىرما قويۇشقا بولىدۇ. ۋېي يەن 1000 نەيزىۋاز باشلاپ چىقىپ سولغا مۆكۈنۈڭ ــ دە، ئات ئۈستىدىكى پالۋانغا نەيزە ئۇرۇڭ؛ خۋاڭ جۇڭ 1000 قىلىچۋاز باشلاپ چىقىپ ئوڭغا مۆكۈنۈڭ، مەخسۇس ئاتلارنىلا قىلىچلاڭ. ياۋ قوشۇنى تىرىپىرەن بولۇپ قاچقاندا، جاڭ رېن چوقۇم تاغنىڭ كۈنچىقىشتىكى سوقماق يول بىلەن قاچىدۇ. جاڭ فېي ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن 1000 لەشكەر بىلەن شۇ يەرگە پىستىرمىدا بولسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى، يەنە جاۋ يۈننى چاقىرىپ، — سىز جىنيەنچياۋ كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە مۆكۈنۈڭ، مەن جاڭ رېننى كۆۋرۈككە يەم بىلەن ئەكېلىپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنىمىزگىلا كۆۋرۈكنى بۇزۇپ تاشلاڭ ــ دە، لەشكىرىڭىز بىلەن كۆۋرۈكنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇرۇڭ، يۇقىرىغا يۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان جاڭ رېن چېكىنىپ تۆۋەنگە ماڭىدۇ ــ دە، دەلگىنە تۇزاققا چۈشىدۇ، — دەپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ياۋنى ئالدامغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۆزى لەشكەر باشلاپ جەڭگە چىقتى.

ليۇ جاڭ لۇچېڭغا ھەمدەم بېرىش ئۈچۈن جو يىڭ، جاڭ يى ئىككى پالۋاننى ئەۋەتتى. جاڭ رېن، جاڭ يى بىلەن ليۇ كۇيلەرنى شەھەر مۇداپىئەسىگە قالدۇرۇپ، ئۆزى تۇرشاۋۇل قىسمىنى، جو يىڭ ھىماتچى قىسمىنى باشلاپ، ياۋنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن شەھەردىن چىقتى. جۇگې لياڭ تەرتىپسىز بىر قىسىم لەشكەرنى باشلاپ جىنيەنچياۋ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، جاڭ رېنغا قارشى سەپ تۈزدى. قارا يېپەك لىپىتلىق باشلىق كىيگەن، پەي يەلپۈگۈچ تۇتقان، تۆت چاقلىق ھارۋىغا ئولتۇرغان جۇگې لياڭ ئىككى تەرىپىدە بىرەر يۈزدىن ئارتۇق ئاتلىق نۆكەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا چىقتى ــ دە، قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ جاڭ رېنغا:

— ساۋ ساۋ 100 تۈمەن لەشكىرى بار تۇرۇقلۇق، نامىنى

ئاڭلىغان ھامان كېتىپ قالاتتى؛ سەن كىم بولىسەن، ئەل بولماي نېمە ھەددىڭ؟ — دېدى.

جوگې لياڭ لەشكىرىنىڭ تەرتىپسىزلىكىنى كۆرگەن جاڭ رېن ئات ئۈستىدە سوغۇق كۈلۈپ:

— خەقلەر جوگې لياڭ لەشكەرنى كارامەت ئىشقا سالىدۇ دېيىشەتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، قۇرۇق نامىلا ئىكەنغۇ! — دېدى. ئۇ نەيزىسىنى ئويناتتىش بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا چاپ - چاپ قىلىپ كەلدى. جوگې لياڭ تۆت چاقلىق ھارۋىنى تاشلاپ ئاتلاندى - دە، چېكىنىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كەتتى. جاڭ رېن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. جىنيەنچياۋ كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندى، ليۇ بېي لەشكىرى سولدىن، يەن يەن لەشكىرى ئوڭدىن چاپ - چاپ قىلىپ كەلدى. جاڭ رېن ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلىپ دەررۇ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرمەكچى بولۇۋېدى، كۆۋرۈك بۇزۇپ تاشلاندى؛ يۇقىرىغا قاچماق بولۇۋېدى، قارىسا جاۋ يۈن لەشكەرلىرى بىلەن ئۇ قىرغاقتا سەپ تۈزۈپ تۇرغاچقا، يۇقىرىغا يۈرۈشكە جۈرئەت قىلالماي، دەريانى ئايلىنىپ تۆۋەن تەرەپكە قاراپ كەتتى. تېخى ئالتە - يەتتە چاقىرىم ماڭا - ماڭمايلا، قومۇشلۇق بىر يەرگە كېلىپ قالدى. تۇيۇقسىز قومۇشلۇقتىن چىققان ۋېي يەن لەشكىرى ئۇزۇن نەيزىلەر بىلەن قالايمىقان سانجىشقا باشلىدى. قومۇشلۇققا پىستىرما بولغان خۇاڭ جۇڭ لەشكەرلىرى ئۇزۇن دەستىلىك قىلىچلار بىلەن ئاتلارنىڭ پۇتىنى چاناشقا باشلىدى. ئاتلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يىقىلدى، تۇتۇپ باغلاندى. بۇ ھالدا پىيادە لەشكەر كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. جاڭ رېن ئازغىنا ئاتلىقلىرى بىلەن تاغدىكى سوقماق يول بويلاپ چىقتى، يولدا جاڭ فېيغا ئۇچراپ قالدى. جاڭ رېن ئەمدىلا چېكىنمەك بولۇۋېدى، جاڭ فېينىڭ بىرلا نەرىسى بىلەن لەشكەرلەر تەڭلا چىقتى - دە، جاڭ رېننى تىرىك تۇتۇۋېلىشتى. جاڭ رېننىڭ تۇزاققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن جۇ يىلى، جاڭ يۈن لەشكىرى ئالدىغا بېرىپ ئەل بولدى، بىرلىكتە چوڭ قارارگاھقا كېلىشتى. ليۇ بېي جو يىڭغا ئىنئام بەردى. جاڭ فېي جاڭ رېننى باغلاپ ئەكەلدى. جۇگې لياڭمۇ چېدىرغا كېلىپ ئولتۇردى. ليۇ بېي:

— شۇ پالۋانلىرى شەپىسىنى ئاڭلاپ ئەل بولۇشتى، نېمىشقا بۇرۇنراق ئەل بولمايسىز؟ — دېدى.

— سادىق خادىملار ئىككى خوجايىنغا ئىشلەمدۇ؟ — دېدى جاڭ رېن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ غەزەپ بىلەن.

— سىز، — دېدى ليۇ بېي، — قىسمەتنى بىلمەيدىكەنسىز، ئەل بولسىڭىز، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىسىز.

بۈگۈن ئەل بولغىنىم بىلەن، — دېدى جاڭ رېن، — كېيىن بەربىر ئەل بولمايمەن، مېنى تېز ئۆلتۈرۈڭ!

ليۇ بېي ئۆلتۈرۈشكە قىيمىدى. جاڭ رېن ئۈنلۈك تىللاۋەردى. جۇگې لياڭ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. كېيىنكىلەر ئۇنى مۇنداق نەزمە پۈتۈپ مەدھىيىلىدى:

*ئىككى خوجايىنغا جاڭ رېن بويسۇنۇشنى قىلدى رەت،*
*مەڭگۈ ھايات ساداقەتلىك يولدا قۇربان بولسىمۇ.*
*ئۇنىڭ ئالىيجانابلىقى خۇددى ئايدەك سۈپسۈزۈك،*
*نۇر چېچىپ تۇرماقتا لۇچېڭنى يورۇتۇپ تۇندىمۇ.*

ليۇ بېي ھەسرەت چەكتى، مەرھۇمنىڭ ساداقىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، جىنىيەنچياۋ كۆۋرۈكىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىشقا بۇيرۇدى.

ئەتىسى ئەل بولغان شۇلۇق پالۋانلاردىن يەن يەن، ۋۇ يى قاتارلىقلارنى تۇرشاۋۇل قىسىمنى باشلاپ مېڭىشقا بۇيرۇدى، ئۇلار توغرا لۇچېڭغا كېلىپ:

— دەرۋازىنى تېزرەك ئېچىپ ئەل بولۇڭلار! پۈتۈن شەھەردىكى ئاھالىنى ئازاب - ئوقۇبەتتىن ساقلاپ قېلىڭلار! —

دەپ توۋلىدى.
سىپىلدا تۇرغان لىيۇ كۆي تىللاشقا باشلىدى، يەن يەن ئەمدىلا ئوقيانى ئېلىپ ئېتىشقا تەمشىلىۋېدى، توساتتىن سىپىل ئۈستىدە بىر پالۋان شەمشىرىنى سوغۇرۇپ لىيۇ كۆينى چېپىپ تاشلىدى ۋە دەرۋازىنى ئېچىپ ئەل بولدى. لىيۇ بېي لەشكەرلىرى لۇچېڭغا كىردى، لىيۇ شۈن كۈنپېتىش دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپ چىڭدۇغا قاچتى. لىيۇ بېي ئاھالىنى تەسكىن قىلىشقا ئېلان چىقاردى. لىيۇ كۆينى ئۆلتۈرگۈچى ۋۇياڭلىق جاڭ يى ئىدى. لۇچېڭنى ئالغان لىيۇ بېي پالۋانلارنى ئوبدان تارتۇقلىدى. جۇگې لياڭ:
— لۇچېڭ ئېلىندى، ئەمدى چىڭدۇنى ئېلىشلا قالدى؛ ئەتراپ ئايماق - ۋىلايەتلەرنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، جاڭ يى، ۋۇ يىلار جاۋ يۈننى باشلاپ ۋەيشۈي، جياڭياڭ، جيەنۋېي قاتارلىق جايلارغا قاراشلىق ئايماق - ۋىلايەتلەردىن؛ يەن يەن، جو يىڭلار جاڭ فېينى باشلاپ باشى - دېياڭغا قاراشلىق ئايماق - ۋىلايەتلەردىن ھال سوراپ، ئەمەلدار - مەئمۇرلەرنى بەلگىلەپ ئەمىن قىلىشقا بارسۇن، ئاندىن چىڭدۇغا يىغىلسۇن، — دەپ بۇيرۇق بەردى.
جاڭ فېي، جاۋ يۈنلەر بۇيرۇق بويىچە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.
— ئالدىمىزدىكى يوللاردا قانداق ئۆتكەل - قورۇللار بار؟ — دەپ سورىدى جۇگې لياڭ.
— مىيەنجۇدا، — دېدى شۇلۇق ئەل بولغان پالۋانلار، — كۈچلۈك قوشۇن بولۇپ مۇداپىئە قىلىنماقتا؛ ئەگەر مىيەنجۇ ئېلىنىدىكەن، چىڭدۇ ئاسانلا قولغا كېلىدۇ.
جۇگې لياڭ يۈرۈش ھەققىدە كېڭەش چاقىردى. فا جېڭ:
— لۇچېڭ ئېلىندى، مەركىزىي سىچۈەن تەھلىكىدە قالدى. جانابلىرى ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن ئەلنى بويسۇندۇرىمەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېسىلە، لەشكەر تارتمىسىلا. كەمىنىلىرى لىۋ جاڭغا بىر مەكتۇپ يېزىپ، پايدا ـ زەرەرنى بايان قىلسام، لىۋ جاڭنىڭ بەيئەت قىلىشى تەبىئىي، — دېدى.

— فا جېڭ سۆزلىرى ناھايىتى توغرا، — دېدى جۇگې لياڭ ۋە مەكتۇپ يازدۇرۇپ چېڭدۇغا ئادەم ئەۋەتتى.

قېچىپ كەلگەن لىۋ شۈن ئاتىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، لۇ چېڭنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋېدى، لىۋ جاڭ ئالدىراپ ـ تېنەپ ئەمەلدارلىرىنى كېڭەشكە چاقىردى. ياردەمچى ئايماقبېگى جېڭ دۇ:

— ھالا لىۋ بېي شەھەرلىرىمىزنى ئېلىپ، يەرلىرىمىزنى بېسىۋالغان بولسىمۇ، لەشكىرى كۆپ ئەمەس، بىلىم ئەھلىلىرى تېخى بويسۇنۇپ كەتمىدى، دالىدىكى زىرائەت ئوزۇقلۇقى بولسىمۇ، ھەربىي ئەسلىھە تەمىناتلىرى يوق. بۇنىڭ ئۈچۈن باشى، زىتۇڭ ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆچۈرۈپ، فۇسۇيدىن ئۆتكۈزەيلى ـ دە، ئامبارىدىكى ئاشلىق ۋە دالىدىكى زىرائەتلەرنىڭ بارىغا ئوت قويۇپ، خەندەكنى چوڭقۇر قېزىپ، قورغاننى پۇختىلاپ مۇداپىئە قىلىپ تۇرايلى، ئۇلار كېلىپ جەڭگە ئۈندىسە، بىز چىقمايلى، ئوزۇق ـ تەمىناتى بولمىغاچقا، 100 كۈن ئۆتمەي لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ، شۇ چاغدا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلساق، لىۋ بېينى تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— ئۇنداق قىلىشقا بولماس، مەن خەلقنى ئەمىن قىلىپ تۇرۇپ ياۋغا قارشى تۇرماق كېرەك دەپ ئاڭلىغانىدىم، خەلقنى قوزغىتىپ، ياۋغا قارشى تەييارلىق كۆرمەك كېرەك دېگەننى ئاڭلىمىغان. بۇ تولۇق كاپالەتلىك تەدبىر ئەمەس، — دېدى لىۋ جاڭ.

دەل مەسلىھەت ئۈستىگە خادىملار فا جېڭدىن مەكتۇپ كەلدى دەپ مەلۇم قىلىشتى. لىۋ جاڭ مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەن كىشىنى

چاقىرتىپ كىردى. ئۇ مەكتۇپنى سۇندى. ليۇ جاڭ ئېچىپ ئوقۇدى، مەكتۇپنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

مۇقەددەم جىڭجۇغا ئىتتىپاق تۈزۈشكە ئەلچى ئەۋەتكەنىدىلە، جانابىي پاسىباننىڭ ئەتراپلىرىدا دىگلىك ئادەملەر بولمىغاچقا، ئىش بۇ ھالغا يېتىپ كەلدى. ھالا ليۇ بېي ئىلگىرىكى قەدىردانلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۇنتۇيالمايۋاتىدۇ. جانابلىرى ئەگەر بىردىنلا ھەقلىق تەرەپكە ئۆتسىلە، مېنىڭچە ئۇبدان ئىلتىپاتقا سازاۋەر بولاتتىلا. قايتىلاپ مۇھاكىمە قىلىپ قارار بېرىشلىرىنى سورايمەن.

بۇنى ئوقۇپ دەرغەزەپ بولغان ليۇ جاڭ مەكتۇپنى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلاپ:

— فا جېڭ پاسىبانىنى سېتىش ھېسابىغا شەرەپ قازانماقچى، ھەي، نانكور دەيۈز، — دەپ تىللىدى ۋە كەلگەن كىشىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقارغۇزۇۋەتتى. ئۇ دەرھال قېينىنىسى فېي گۇەننى لەشكەر تارتىپ بېرىپ مېەنجۇ ئايمىقىنى ساقلاشقا بۇيرۇدى. فېي گۇەن نەنياڭلىق لى يەن، يەنە بىر ئىسمى جېڭ فاڭ دېگەن كىشىنى بىللە لەشكەر تارتىپ بېرىشقا سايە قىلدى. شۇنداق قىلىپ، فېي گۇەن بىلەن لى يەن 3 تۈمەن لەشكەر بىلەن مېەنجۇنى ساقلاشقا كەلدى. يىجۇ ئايمىقىنىڭ ھاكىمىنىڭ ئىسمى دۇڭ خې، يەنە بىر ئىسمى يۈۋزەي بولۇپ، نەنجۈن جىجاڭدىن ئىدى. ئۇ خەنجۇڭدىن لەشكىرىي ھەمدەملىك سوراش ھەققىدە ليۇ جاڭغا يازما مەلۇمات سۇندى.

— جاڭ لۇ بىلەن ئەجدادىمدىن تارتىپ ئاداۋەتلىك تۇرسام ئۇ بىزگە ھەمدەم بولامدۇ؟ — دېدى ليۇ جاڭ.

— گەرچە بىز بىلەن ئاداۋەتلىك بولسىمۇ، ليۇ بېينىڭ لەشكىرى لوچېڭدا بولغاچقا، خەتەرلىك ۋەزىيەتتە قالدۇق. «كالپۇك بولمىسا چىش توڭلاپتۇ» دېگەنگە ئوخشاش پايدا ـ

زىياننى ئوبدان چۈشەندۈرسەك، چوقۇم قوبۇل قىلىدۇ، — دېدى دۇڭ خې.
ليۇ جاڭ مەكتۇپ يېزىپ خەنجۇڭغا ئەلچى ماڭدۇردى.

ئەمدى ما چاۋغا كەلسەك، ئۇنىڭ يېڭىلىپ چاپچىلار ئېلىگە كەلگىنىگە ئىككى يىلدىن ئاشتى. ئۇ چان لەشكەرلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، لۇڭشىدىكى ئايماق ـ ۋىلايەتلەرنى ئېلىۋالدى. بارغانلىكى يەرىدە ھەممە ئۇنىڭغا ئەل بولدى، يالغۇزلا جىجۇنى ئالالمىدى. جىجۇ ئايماقبېگى ۋېي كاڭ بىرنەچچە قېتىم ھەمدەملىك سوراپ شىيا خۇيۇەنگە كىشى ئەۋەتكەنىدى. شىيا خۇيۈەن ساۋ ساۋدىن بۇيرۇق بولمىغاچقا، لەشكىرىي ھەرىكەت قوزغىتالمىدى. ھەمدەمچى لەشكەرلىرىنىڭ كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن ۋېي كاڭ كۆپچىلىك بىلەن كېڭەش قىلىپ:
— ياخشىسى ما چاۋغا ئەل بولۇش كېرەك، — دېدى.
— ما چاۋ پادىشاھقا ئاسىيلىق قىلدى، ئۇنىڭغىمۇ ئەل بولامدىغان؟ — دېدى مەسلىھەتچى ياڭ فۇ يىغلاپ تۇرۇپ ئىلتىجا قىلىپ.
— ئەھۋال شۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدى، ئەل بولماي نېمە ئىلاج؟ — دېدى ۋېي كاڭ.
ياڭ فۇ ھەرقانچە ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋالسىمۇ ۋېي كاڭ قوبۇل قىلماي قوۋۇقنى ئېچىپ، ما چاۋغا ئەل بولماقچى بولدى. ناھايىتى غەزەپلەنگەن ما چاۋ:
— بۈگۈن ۋەزىيەتنىڭ مەجبۇرىيىتى بىلەن ئەل بولدىڭىز، چىن كۆڭلىڭىز بىلەن ئەل بولغىنىڭىز ئەمەس! — دېدى ـ دە، ۋېي كاڭ باشلىق قىرىق نەچچە ئادەمنىڭ بېرىنى قالدۇرماستىن ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. بەزىلەر:
— ياڭ فۇ ۋېي كاڭنى ئەل بولماسلىققا دەۋەت قىلغانىدى، ئۆلتۈرۈش كېرەك، — دېدى.

— بۇ ئادەم مەردلىكىنى ساقلىغان، ئۆلتۈرمەسلىك كېرەك، — دېدى ما چاۋ ۋە ياڭ فۇنى يەنە مەسلىھەتچىلىككە قويدى. ياڭ فۇ يەنە لياڭ كۈەن بىلەن جاۋ چۈينى تونۇشتۇردى. ما چاۋ بۇلارنىمۇ ئەلەمدار بەگلىكىگە تەيىنلىدى. ياڭ فۇ ما چاۋغا:

— رەپىقەم لىڭتاۋدا ۋاپات قىلغانىدى، ئىككى ئايلىق رۇخسەت بەرگەن بولسىلا، رەپىقەمنى دەپنە قىلىۋېتىپ، قايتىپ كەلسەم، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ما چاۋ ماقۇل دېدى.

ياڭ فۇ لىچېڭدىن ئۆتۈشىدە، قانۇن - پەرماننى ھىمايە قىلغۇچى سەركەردە جياڭ شۈي بىلەن كۆرۈشتى. جياڭ شۈينىڭ ئانىسى ياڭ فۇنىڭ ھاممىسى بولۇپ، بۇ يىل 82 ياشتا ئىدى. ياڭ فۇ جياڭ شۈينىڭ ئىچكەركى قورۇسىغا كىرىپ، باش قويۇپ تۇرۇپ ھاممىسى بىلەن كۆرۈشتى ۋە:

— شەھەرنى ساقلاپ قالالمىدىم، پاسىبانىم ئۆلدى، مەن ئۆلمىدىم، بۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ، ھامما، سىلى بىلەن كۆرۈشۈشكە خىجالەت بولماقتىمەن. ما چاۋ پادىشاھقا ئاسىيلىق قىلدى، ئۆزى بىلىپلا ئايماقبېگىنى ئۆلتۈردى، پۈتكۈل ۋىلايەت ئاھالىسى نارازىلىق بىلدۈرمەكتە. ھالا ئاغام لىچېڭنى سوراۋاتىدۇ، قاراقچىلارنى جازالايدىغان نىيىتى كۆرۈنمەيدۇ، بۇ خادىملىق قائىدىسىگە سىغامدۇ؟ — دېدى - دە، زار - زار يىغلاپ كەتتى.

ھاممىسى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ جياڭ شۈينى چاقىرتىپ:

— مەرھۇم ۋېي كاڭنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدا سىزنىڭمۇ جاۋابكارلىقىڭىز بار، — دەپ ئەيىبلىدى - دە، يەنە ياڭ فۇغا قاراپ، — مادامىكى سىز ئەل بولۇپ، نەپىقىسىنى ئېلىۋېتىپسىز، يەنە نېمىشقا جازا يۈرۈش قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ مۇناپىقتا بېرىلىشىم، بۇ ئېشىپ قالغان جاننى ساقلاپ قېلىپ، پاسىبانىمىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچىمەن، — دېدى ياڭ فۇ.

— ما چاۋ جەسۇر پالۋان، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش قىيىن، — دېدى جياڭ شۈي.

— باتۇر بولغان بىلەن، — دېدى ياڭ فۇ، — ئەقىلسىز، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇش ئاسان. مەن لياڭ كۇەن، جاۋ چۇنلەر بىلەن مەخپىي سۆزلىشىپ قويدۇم. ئاغا! سىلى يۈرۈش قىلىشقا ماقۇل بولسىلا، ئۇ ئىككىيلەن چوقۇم ئىچىدە تۇرۇپ ماسلىشىپ بېرىدۇ.

— سىز بۇرۇنراق يوقىتىشقا كىرىشمەي، قايسى ۋاقىتنى كۈتمەكچىدىڭىز؟ ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ ساداقەتلىك، مەردلىك ئۈچۈن ئۆلگەن ئادەم، ئۆلۈمنى تاپىدۇ، مېنى ئويلىماڭ. ئەگەر ياڭ فۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغان بولسىڭىز، مەن ئالدى بىلەن ئۆلۈپ، سىزنى ئەندىشىگە قالدۇرمايمەن، — دېدى جياڭ شۈينىڭ ئانىسى.

جياڭ شۈي لەشكەربېشى يىن فېڭ، جاۋ ئاڭلار بىلەن كېڭەش قىلدى. جاۋ ئاڭنىڭ ئوغلى جاۋ يۆ ما چاۋنىڭ قول ئاستىدىكى قولداش پالۋان ئىدى. بۇ كۈنى جاۋ ئاڭ قوشۇلغان بولسىمۇ، ئۆيىگە قايتىپ رەپىقىسى ۋاڭ شىغا:

— بۈگۈن جياڭ شۈي، ياڭ فۇ، يىن فېڭلار بىلەن ۋېي كاڭنىڭ قىساسىنى ئېلىش ھەققىدە كېڭەش قىلىشتۇق. ئوغلىمىز جاۋ يۆ ما چاۋنىڭ خىزمىتىدە، ھازىر يۈرۈش قىلىدىغان بولسام، ما چاۋ ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئوغلىمىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى.

— باشلىقىنىڭ، ئاتىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى قۇربان بولسىلىمۇ مەيلى. بىر ئوغۇل دېگەن نېمىكەن؟ ئەگەر سىلى بالىنى دەپ يۈرۈش قىلمايدىغان بولسىلا، مەن ئالدى

بىلەن ئۆلۈۋالىمەن، — دېدى رەپىقىسى توۋلاپ تۇرۇپ.

بۇنىڭ بىلەن جاۋ ئاڭ بېلىنى قاتتىق باغلىدى. ئەتىسى بىرلىكتە لەشكەر باشلاپ يۈرۈش قىلدى. جياڭ شۈي، ياڭ فۇ لىنچېڭدا تۇردى، يىن فېڭ، جاۋ ئاڭلار چىشەنگە ئورۇنلاشتى. ۋاڭ شى خانىم بارلىق زىبۇزىننەتلىرى، پۇللىرى، شايى - گەزلىمىلىرىنى ئېلىپ، ئۆزى چىشەندىكى لەشكەر ئىچىگە كېلىپ، لەشكەرلەرنى تارتۇقلىدى، كۆپچىلىكنىڭ روھىنى كۆتۈردى.

جياڭ شۈي، ياڭ فۇلارنىڭ يىن فېڭ، جاۋ ئاڭلار بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭ قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ما چاۋ دەرغەزەپ بولۇپ جاۋ يۈنى ئۆلتۈردى؛ پاڭ دې بىلەن ما دەيىنى لىچېڭغا لەشكەر تارتىپ باستۇرۇپ كىرىشكە بۇيرۇدى. جياڭ شۈي، ياڭ فۇ لەشكەر تارتىپ چىقتى، ئىككى سەپ سەپراس بولۇشتى، ئاق تون كىيىپ چىققان ياڭ فۇ، جياڭ شۈيلەر:

— پادىشاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋىجدانسىز مۇناپىقلار! — دەپ تىللىدى.

دەرغەزەپ بولغان ما چاۋ ئېتىلىپ چىقتى، ئىككى تەرەپ قۇچاقلاشما جەڭ قىلدى. ما چاۋنىڭ تەڭدىشى بولمىغان جياڭ شۈي، ياڭ فۇلار قاتتىق يېڭىلدى. ما چاۋ لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ كەلدى. ئارقىدىن نەرە ئاۋازى بىلەنلا يىن فېڭ، جاۋ ئاڭلار چاپ - چاپ قىلىپ كېلىپ قالدى، ما چاۋ دەررۇ ئارقىغا بۇرۇلماقچى بولغاندا، ئىككى ياقتىن قىستاپ كەلگەچكە، ئالدى ۋە ئارقا بىر - بىرىگە ھەمدەم بولالماي قالدى. جەڭ تازا قىزىغان ۋاقىتتا، يان تەرەپتىن نۇرغۇن لەشكەر قىرغىن قىلىپ كەلدى. ئەسلىدە شيا خوۋيۈەن ساۋ ساۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ما چاۋنى يوقىتىشقا لەشكەر باشلاپ كەلگەنىدى. ئۈچ تەرەپ كەلگەن قوشۇننىڭ ئارىسىدا قالغان ما چاۋ قاتتىق يېڭىلىپ ئارقىغا چېكىندى. كېچىچە مېڭىپ تاڭ ئاتقان ۋاقىتتا جىچېڭغا

www.uyghurkitap.com

كېلىپ، دەرۋازىنى ئېچىڭلار! دەپ توۋلىدى. سېپىلدىن قالايمىقان ئوقيا ئېتىلدى. سېپىلدا تۇرغان لياڭ كۇەن، جاۋ چۈيلەر ما چاۋنى قاتتىق تىللىدى؛ ما چاۋنىڭ رەپىقىسى ياڭ شىنى چېپىپ جەسىتىنى تاشلىدى؛ يەنە ما چاۋنىڭ ئۈچ گۆدەك بالىسىنى، ئون نەچچە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى بىر - بىرلەپ قىلىچلاپ تاشلىدى. دەرد - ئەلەم كۆكسىگە سىغمىغان ما چاۋ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى. ئارقىدىن بولسا شيا خۇيۈەن لەشكەر بىلەن قوغلاپ كەلدى. ئەھۋالنىڭ ئېغىرلاشقانلىقىنى كۆرگەن ما چاۋ داۋاملىق جەڭ قىلىشقا پېتىنالمىدى - دە، پاڭ دې، ما دەيلەر بىلەن يول ئېچىپ قاچتى. ئالدىدىن جياڭ شۈي، ياڭ فۇلار كېلىپ قالغاچقا، بىر پەس جەڭ قىلىپ، بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى، يەنە يىن فېڭ، جاۋ ئاڭلارغا ئۇچراپ قېلىپ بىردەم جەڭ قىلدى. 50 — 60 تەك ئادىمى قېلىپ، كېچىلەپ قاچتى. توخۇ چىللاشنىڭ ئالدى - كەينىدە، لىچېڭ شەھىرىگە يېتىپ كەلدى، قوۋۇق ساقلىغۇچىلار جياڭ شۈي لەشكەرلىرى قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ، كىرىشى ئۈچۈن قوۋۇقنى ئاچتى. ما چاۋ تۆۋەن دەرۋازىدىن باشلاپ شەھەر ئاھالىسىنى قەتلىئام قىلغىلى تۇردى، جياڭ شۈينىڭ دەرگاھىغا كېلىپ ئۇنىڭ قېرى ئانىسىنى تۇتۇپ چىقتى. جياڭ شۈينىڭ ئانىسى ھېچ قورقماستىن، ما چاۋنى قاتتىق تىللىدى. ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ما چاۋ ئۆزى شەمشەرلەپ تاشلىدى. يىن فېڭ، جاۋ ئاڭلار ئائىلىسىنىڭ چوڭ - كىچىك ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى ما چاۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. جاۋ ئاڭنىڭ رەپىقىسى ۋاڭ شى لەشكەر بىلەن بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلاردىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئىككىنچى كۈنى شيا خۇيۈەن چوڭ قوشۇننى باشلاپ يېتىپ كەلدى، ما چاۋ شەھەرنى تاشلاپ كۈنپېتىش تەرەپكە قاچتى. 20 چاقىرىم ماڭا - ماڭمايلا، ئالدى تەرەپتىن ياڭ فۇ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈپ توسۇۋالدى. ئۆچمەنلىكىدىن

چېشلىرىنى غۇچۇرلاتقان ما چاۋ ئېتىغا دېۋىتىپ، نەيزىسىنى ئېشقا سالدى. ياڭ فۇ يەتتە بۇرادەر تەڭلا جەڭ قىلدى. ما دەي، پاڭ دېلار بولسا ھىماتچى قوشۇننى توسۇۋالدى، ياڭ فۇنىڭ يەتتە بۇرادىرىنىڭ ھەممىسى ما چاۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ياڭ فۇ بەش يېرىدىن زەخىملەنگەن بولسىمۇ، يەنە قاتتىق جەڭ قىلدى. ئارقىدىن شيا خۇيۈەن لەشكەرلىرى قوغلاپ كەلگەچكە، ما چاۋ كېتىپ قالدى، پەقەت پاڭ دې، ما دەي بولۇپ ئالتە ـ يەتتە ئاتلىق ئادىمى قالغانىدى. شيا خۇيۈەن لۇڭشىدىكى ئايماقلار ئاھالىلىرىنى تەسكىن قىلىپ بولۇپ، جياڭ شۈيلەرنى بۆلۈنۈپ مۇداپىئە قىلىشقا بۇيرۇدى، ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، ياڭ فۇنى ھارۋا بىلەن شۈيدۇغا يولغا سالدى. ساۋ ساۋ ياڭ فۇنى گۇەنىېي بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. ياڭ فۇ:

— كەمىنە ياڭ فۇلىرى مۇشكۇلاتچىلىقتا خىزمەت يەتكۈزەلمىدىم، ئۆلسەممۇ بۇرچۇمنى ئادا قىلىشىم كېرەك ئىدى، بۇنىمۇ قىلالمىدىم، قانۇن بويىچە ئۆلۈمگە لايىقمەن، قايسى يۈزۈم بىلەن مەنسەپ ـ ئۇنۋان قوبۇل قىلىمەن؟ — دېدى تەكەللۇپ قىلىپ. ساۋ ساۋ يەنە قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا ئۇنۋان بەردى.

ما چاۋ پاڭ دې، ما دەيلەر بىلەن كېڭەش قىلىپ، خەنجۇڭدىكى جاڭ لۇغا باشپاناھ ئىزدەپ باردى. جاڭ لۇ ناھايىتى خۇشال بولدى، ما چاۋغا ئىگە بولۇش بىلەن كۈنپېتىشتا يىجۇنى ئېلىشىم، كۈنچىقىشتا بولسا ساۋ ساۋغا تاقابىل تۇرۇشۇم مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ما چاۋنى كۈيئوغۇل قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئۆيۈشتۈردى. ئۇلۇغ سەركەردە ياڭ بو:

— ما چاۋنىڭ خوتۇنى پاجىئەلىك قازاغا ئۇچرىدى، بۇ ما چاۋنىڭ كاساپىتىدىن بولدى. جانابلىرى نېمىدەپ كەرىملىرىنى بېرىدىلا؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى.

جاڭ لۇ بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىپ، كۈيئوغۇل قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىيىتىدىن كەچتى. بىرى ياڭ بونىڭ سۆزىنى ما چاۋغا يەتكۈزگەچكە، قاتتىق غەزەپلەنگەن ما چاۋدا ياڭ بونى ئۆلتۈرۈش نىيىتى تۇغۇلدى. بۇ ئەھۋالنى بىلگەن ياڭ بو ئىنىسى ياڭ سۇڭ بىلەن كېڭەش قىلىپ، ما چاۋنى يوقىتىش كويىغا چۈشتى. دەل شۇ پەيتتە جاڭ لۇدىن ھەمدەم سوراپ كەلگەن ليۇ جاڭ ئەلچىسى يېتىپ كەلدى، جاڭ لۇ ھەمدەم بېرىشكە ئۇنىمىدى. توساتتىن ليۇ جاڭ ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتكەن ئەلچى خۇاڭ چۈەن يېتىپ كەلدى دېگەن خەۋەر كەلدى. خۇاڭ چۈەن دەسلەپ ياڭ سۇڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە:

— كۇنچىقىش سىچۈەن بىلەن كۇنپېتىش سىچۈەننىڭ مۇناسىۋىتى كالپۇك بىلەن چىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت؛ ئەگەر كۇنپېتىش سىچۈەن قولدىن كېتىپ قالسا، كۇنچىقىش سىچۈەننىمۇ ساقلاپ قېلىش قىيىن. ھالا بىزگە ھەمدەمدە بولۇپ خالاسكارلىق قىلىدىغان بولسا، بۇنىڭ بەدىلىگە 20 ئايماق بېرىمىز، — دېدى.

ناھايىتى خۇشال بولغان ياڭ سۇڭ شۇئان خۇاڭ چۈەننى جاڭ لۇ ھوزۇرىغا باشلاپ كىرىپ كۆرۈشتۈردى. خۇاڭ چۈەن كالپۇك بىلەن چىش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدىلىگە 20 ئايماق بېرىلىدىغانلىقىنى سۆزلىۋېدى، پايدىغا قىزىققان جاڭ لۇ ماقۇل بولدى. باشلىق يەن پۇ:

— ليۇ جاڭ جانابلىرى بىلەن ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئاداۋەتلىك، ھالا ئەھۋال ئېغىر بولغاچقا ھەمدەملىك سوراپ كەپتۇ، سافتىكارلىق بىلەن ئايماقلار بېرىشنى ۋەدە قىلىپتۇ، ئۇنىڭغا ھەمدەم قىلىشقا بولمايدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

توساتتىن ئاستانىدە بىر كىشى:

— مەن لاياقەت ئەھلى بولمىساممۇ، بىر بۆلۈم لەشكەر بىلەن بېرىپ، ليۇ بېينى تىرىك تۇتۇپ كېلىشنى خالايمەن، بۇنىڭ بەدىلىگە يەر ئېلىش شەرت، — دېدى.

دەرھەقىقەت:

*ئەمدىلا كەلدى ھەقىقىي بەگ كۈنپېتىش سىچۇەنگە،*
*خەنجۇڭدىن خىل لەشكەر يۈرۈش قىلدى يەنە جەڭگە.*

بۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاتمىش بەشىنچى باب

## ما چاۋنىڭ جيامېڭگۈەن قورۇلىدا قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
## لىۋ بېينىڭ يىجۇ ئايمىقىغا پاسبان بولغانلىقى

ئەلقىسسە، لىۋ جاڭغا ھەمدەم بەرمەسلىك ھەققىدە يەن پۇ جاڭ لۇغا مەسلىھەت بەرگەندە، ما چاۋ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— جانابلىرىنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىغا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدىم. بىر بۆلۈم لەشكەر بىلەن بېرىپ جيامېڭگۈەن قورۇلىنى ئېلىپ، لىۋ بېينى تىرىك تۇتۇپ كېلەي. بۇنىڭ بەدىلىگە لىۋ جاڭ 20 ئايماقنى بەرسۇن، — دېدى.

جاڭ لۇ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئالدى بىلەن خۇاڭ چۈەننى چىغىر يول ئارقىلىق قايتۇردى ۋە ما چاۋغا 2 تۈمەن لەشكەر تەييارلاپ بەردى. بۇ چاغدا پاڭ دې كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاچقا، يۇرۇشكە قاتنىشالماي خەنجۇڭدا قالدى. جاڭ لۇ ياڭ بونى لەشكەرگە نازارەتچى قىلدى. ما چاۋ ئىنىسى ما دەي بىلەن ياخشى بىر كۈننى تاللاپ يولغا چىقتى.

ئەمدى لىۋ بېيگە كېلەيلى، ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن لۇ چېڭغا كېلىپ تۇردى. فا جېڭ ئەۋەتكەن ئەلچى قايتىپ كېلىپ:

— جېڭ دۇ لىۋ جاڭغا دالىدىكى ھەممە جايلارنىڭ ئامبارلىرىدىكى ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈشكە، باشقى

ئاھالىلىرىنى باشلاپ، فۇ شۈيىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ، خەندەكلەرنى چوڭقۇرلىتىپ، قورغانلارنى مۇستەھكەملەپ جەڭ قىلماي تۇرۇشقا مەسلىھەت بەردى، — دەپ مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان لىيۇ بېي، جۇگې لياڭلار ناھايىتى چۆچۈپ:

— ئەگەر بۇ سۆز بويىچە ئىش قىلسا ئىشىمىز چاتاق بولىدۇ! — دېيىشتى.

— جانابلىرى غەم قىلمىسىلا. بۇ تەدبىر زەھەرلىك بولسىمۇ، لىيۇ جاڭ ئۇنى قوبۇل قىلمايدۇ، — دېدى فا جېڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

بىر كۈن ئۆتمەي كىشىلەر لىيۇ جاڭ ئاھالىنى يۆتكىگىلى ئۇنىمىدى، جېڭ دۇنىڭ سۆزىنى ئالمىدى، دەپ خەۋەر ئېلىپ كەلدى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان لىيۇ بېينىڭ كۆڭلى ئاندىن ئارام تاپتى. جۇگې لياڭ:

— تېز يۈرۈش قىلىپ مىيەنجۇنى ئالايلى، بۇ يەرنى ئالالىساق چېڭدۇنى ئېلىش ئاسان بولىدۇ، — دېدى - دە، شۇئان خۇاڭ جۇڭ، ۋېي يەنلەرنى لەشكەر باشلاپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇدى. فېي گۇەن لىيۇ بېي لەشكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، لى يەننى قارشى جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. لى يەن 3000 لەشكەر بىلەن چىقتى، ھەر تەرەپ سەپلىرىنى تۈزۈشتى. خۇاڭ جۇڭ مەيدانغا چىقىپ، لى يەن بىلەن 40 — 50 رەددى بەدەل ئېلىشتى، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. جۇگې لياڭ سەپتە تەبىل جاڭ چالدۇرۇپ لەشكەرنى يىغدى. خۇاڭ جۇڭ سەپكە قايتىپ كېلىپ:

— لى يەننى تۇتىمەن دەپ تۇرسام مۇشاۋىر نېمىشقا لەشكەرنى يىغىۋالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— مەن لى يەننىڭ جەڭ قىلىش ماھارىتىنى كۆردۈم، كۈچ بىلەن ئېلىپ بولماس. ئەتە جەڭ قىلغاندا، سىلى يېڭىلگەندەك

بولۇپ، ئۇنى تاغ ئىچىگە باشلاپ بارسىلا، تويۇقسىز زەربە ئارقىلىق يېڭىمىز، — دېدى جوگې لياڭ.

خۋاڭ جوڭ بۇ پەنتنى قوبۇل قىلدى. ئەتىسى لى يەن يەنە لەشكەر باشلاپ كەلدى، خۋاڭ جوڭمۇ جەڭگە چىقتى، ئۇن رەددى بەدەل ئېلىشمايلا، خۋاڭ جوڭ يېڭىلگەندەك بولۇپ لەشكىرىنى باشلاپ قاچتى. لى يەن قوغلاپ كەلدى، قوغلا ـ قوغلا تاغنىڭ ئىچىگە كىرگەندە بىردىنلا چۈشەندى ـ دە، دەررۇ ئارقىغا ياندى، ۋېي يەن باشلاپ كەلگەن لەشكەرلەر سەپ تۈزۈپ ئالدىنى توسۇۋدى. تاغ بېشىدا تۇرغان جوگې لياڭ:

— جانابلىرى، ئەگەر ئەل بولمايدىكەنلا، — ئىككىلا تەرەپكە قونداقلىق ئوقياچىلار پىستىرما قىلىنغان، — پاك تۈگىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن، — دەپ توۋلىدى.

لى يەن دەررۇ ئاتتىن چۈشتى، ساۋۇتلىرىنى يېشىپ تاشلاپ ئەل بولدى، نۆكەرلەردىن بىرەر كىشىگىمۇ زىيان ـ زەخمەت قىلىنمىدى. جوگې لياڭ لى يەننى باشلاپ كېلىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتۈردى. ليۇ بېي ناھايىتى چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتتى. لى يەن:

— فېي گۇەن ليۇ جاڭنىڭ تۇغقىنى بولسىمۇ، مېنىڭ بىلەن كۆڭلى بەك يېقىن، مەن بېرىپ ئەل قىلدۇراي! — دېدى. ليۇ بېي لى يەننى شەھەرگە قايتىپ فېي گۇەننى ئەل قىلىشقا ئەۋەتتى. لى يەن مىيەنجۇ شەھىرىگە كىرىپ ليۇ بېينىڭ قانچىلىك ۋاپادار ـ ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى فېي گۇەنگە مەدھىيىلەپ بەردى؛ ئەگەر ئەل بولمىغاندا، چوڭ بالايىئاپەت بولىدىغانلىقىنى سۆزلىدى. فېي گۇەن بۇ سۆزگە قوشۇلۇپ شەھەر قوۋۇقىنى ئېچىپ ئەل بولدى. ليۇ بېي مىيەنجۇغا كىرىپ، لەشكەرلەرنى بۆلۈپ چېگدۇنى ئېلىش توغرىسىدا كېڭەش قىلدى. بىردىنلا چاپارمەنلەر كېلىپ:

— دۇڭچۇەنلىك جاڭ لۇ ما چاۋ بىلەن ياڭ بو، ما دەيلەرنى

جىيامىڭگوەن قورۇلىغا ئەۋەتىپ قاتتىق تىگىش قىلغۇزماقتا، قورۇلنى ساقلاۋاتقان مىلىڭ دا، خۇ جۇنلەرگە ۋاقتىدا ھەمدەم قىلىشقا لەشكەر ئەۋەتمەيدىغان بولسا، قورۇل قولدىن كىتىپ قالىدۇ، — دىگەن جىددىي خەۋەرنى يەتكۈزدى. ليۇ بىي ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى. جۇگې لياڭ:

— جاڭ فېي، جاۋ يۈن ئىككى پالۋانغىنا ياۋغا تاقابىل تۇرالايدۇ، — دىدى.

— جاۋ يۈن، — دىدى ليۇ بىي، — ھازىر لەشكىرى بىلەن سىرتتا، تىخى يىتىپ كەلمىدى. جاڭ فېي بۇ يەردە، تىز ئەۋەتەيلى.

— جانابلىرى! گەپ قىلماي تۇرسىلا، مەن ئۇنى دەي - دەيگە سالاي، — دىدى جۇگې لياڭ.

ما چاۋنىڭ قورۇلغا تىگىش قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان جاڭ فېي توۋلىغان پېتى كىرىپ:

— ئاغا! ما چاۋ بىلەن جەڭ قىلغىلى بارىمەن، خەير ئەمىسە! — دىدى.

— ھالا، — دىدى جۇگې لياڭ ئۇقمىغان كىشى بولۇپ ليۇ بىيغا قاراپ، — ما چاۋ قورۇلغا باستۇرۇپ كەپتۇ، بۇنىڭ تەڭدىشى يوق؛ جىڭجۇغا بىرىپ گۈەن يۈينى ئېلىپ كەلمەكتىن باشقا چارە يوق. شۇنىڭدىلا ياۋغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.

— مۇشاۋىر! مىنى نىمىشقا سەل چاغلايلا؟ مەن ساۋ ساۋنىڭ 100 تۈمەن لەشكىرىنى تەنھا توسۇغانىدىم، ما چاۋ بىرلا ئادەمغۇ، ئۇنىڭدىن غەم قىلامدىكەنمەن؟ — دىدى جاڭ فېي.

— سىز جاڭ فېي، — دىدى جۇگې لياڭ، — داڭيالڭ كۆۋرۈكىدە ساۋ ساۋنى توسۇغانلىقىڭىز راست، بۇ ساۋ ساۋنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى بىلمىگەنلىكىدىن بولغان، ئەگەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققان بولسا سىزگە بىرەر پالاكەت بولماي قالامتى! ئەلھال ما چاۋنىڭ قەھرىمانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ۋىيچاۋدا

ئالتە قېتىملىق جەڭدە ساۋ ساۋنى شۇنچىلىك ئەدەبلىدىكى، ساقلىلىنى كېسىشكە، تونىنى يۆتكەشكە مەجبۇر بولدى، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى. سەل قاراشقا بولمايدۇ. گۆەن يۈي بارغان تەقدىردىمۇ ئۇنى يېڭىشى ناتايىن.

— بۈگۈن زادى بارىمەن، ئەگەر ما چاۋنى يەڭمىسەم، قىلغان ۋەدەم بويىچە جازالىنىشقا رازىمەن، — دېدى جاڭ فېي.

— ئەگەر تىلخەت بېرىدىكەنسىز، — دېدى جۇگې لياڭ، — تۆرشاۋۇل قىسىمنى باشلاپ بارسىز. جانابىي خوجايىن شەخسەن ئۆزلىرى بىر بارسىلا. مەن مېيەنجۇنى ساقلاپ تۇراي، جاۋ يۈن كەلگەندە يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز.

— مەنمۇ بارسام! — دېدى ۋېي يەن.

جۇگې لياڭ 500 نۆكەر بىلەن پايلاقچىلىق قىلىشقا ۋېي يەننى ئالدىدا مېڭىشقا بۇيرۇدى. ئارقىدىن جاڭ فېينى ماڭغۇزدى، ليۇ بېي ھىماتچى قىسىم بولۇپ جيامېڭگۈەن قورۇلىغا قاراپ ماڭدى. پايلاقچىلار قىسىملىرى بىلەن قورۇلغا ئالدىن يېتىپ كەلگەن ۋېي يەن دەلگىنە ياڭ بوغا ئۇچراپ قالدى. ۋېي يەن ياڭ بو بىلەن جەڭ قىلدى، ئون رەددى بەدەل ئۆتمەيلا، ياڭ بو يېڭىلىپ قاچتى. مەن بىرىنچى بولۇپ خىزمەت كۆرسىتەي دېگەن نىيەتتە ۋېي يەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوغلىدى، ئالدىنى بىر بۆلۈم لەشكەر توسۇدى، ئۇنىڭ سەركەردىسى ما دەي ئىدى. ۋېي يەن ما چاۋمىكىن دەپ ئويلاپ، قىلىنچىنى ئوينىتىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ چىقتى. ئون نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشماستىنلا مادەي يېڭىلىپ قاچتى، ۋېي يەن قوغلىدى، ما دەي ئارقىغا ئۆرۈلۈپ ئوقيا ئېتىۋىدى، ئوق ۋېي يەننىڭ سول بىلىكىگە تەگدى. ۋېي يەن دەررۇ ئېتىنى قايتۇردى، ما دەي قورۇل ئالدىغا قەدەر قوغلاپ كېلىۋىدى، گۈلدۈرمامىدەك نەرە تارتقان بىر پالۋاننىڭ قورۇلدىن ئۇچقاندەك ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئەمدىلا كەلگەن جاڭ فېي قورۇل ئالدىدا

جەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ كۆرۈپ باقاي دەپ كەلگەنىدى،
قارىسا ۋېي يەنگە ئۇق تەگكەنىكەن، شۇڭا ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى
قورۇلدىن چۇشۇپ ۋېي يەننى قۇتقۇزدى، جاڭ فېي توۋلىغان
پېتى ما دەيگە:
— سىز كىم بولىسىز؟ ئاۋۋال ئىسىم - زاتىمىزنى
دېيىشىپ ئاندىن جەڭ قىلايلى! — دېدى.
— مەن شىنلىياڭلىق ما دەيدۇرمەن.
— سىز ما چاۋ ئەمەس ئىكەنسىز، تېز قايتىڭ! تەڭدىشىم
ئەمەسسىز! ما چاۋ ئۆزى كەلسۇن، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىمەن.
يەنىلىك جاڭ فېي كۇتۇپ تۇرۇپتۇ دەڭ! — دېدى جاڭ فېي.
— سىز مېنى كۆزىڭىزگە ئىلمايۋاتامسىز تېخى؟ — دېدى-
دە، مادەي نەيزىسىنى ئوينىتىپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ كېلىپ،
جاڭ فېي بىلەن ئېلىشتى. ئون رەددى بەدەل ئۆتمەستىنلا ما دەي
يېڭىلىپ قاچتى، جاڭ فېي قوغلىماقچى بولۇپ تۇرۇۋېدى،
قورۇلدىن چۇشكەن بىر ئاتلىق:
— ئىنىم، توختاڭ! — دەپ ۋارقىرىدى. جاڭ فېي
ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قارىۋېدى، ليۇ بېي كېلىپ قالغانىكەن. جاڭ
فېي قوغلىماي توختاپ قالدى، بىرلىكتە قورۇلغا
چىقتى. ليۇ بېي:
— مىجەزىڭىزنىڭ چۇسلۇقىدىن ئەندىشە قىلىپ،
ئارقىڭىزدىن بۇ يەرگە كەلدىم. مادامىكى ما دەينى
يېڭىپسىز. ئەمدى بىر كېچە دەم ئېلىپ، ئەتە ما چاۋ بىلەن
جەڭ قىلۇرسىز! — دېدى.
ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن قورۇل ئالدىدا چېلىنغان تەبىل
جەڭ ساداسى ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۇرگەنىدى، ما چاۋ
لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى. ليۇ بېي قورۇل ئۇستىدە تۇرۇپ
نەزەر تاشلىۋېدى، نىشان توغ ئاستىدا ئاتلىق ما چاۋ نەيزە تۇتقان
هالدا چىقىپ كەلدى؛ شىر سۇرەتلىك دۇبۇلغا كىيگەن، هايۋان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سۇرەتلىك كەمەر باغلىغان، كۆمۈش رەڭلىك ساۋۇت، ئاق تون كىيگەن بولۇپ، بىرىنچىدىن، ياسىنىشى ئالاھىدە بولسا، ئىككىنچىدىن، ئۆزىمۇ ئۆزگىچە كۆرۈنەتتى. لىيۇ بېي قاتتىق خۇرسىنىپ: «كىشىلەر قامەتلىك ما چاۋ، دەپ راست دېگەنىكەن!» دەۋەتتى. جاڭ فېي قورۇلدىن چۈشمەكچى بولۇۋېدى، لىيۇ بېي توسۇپ:

— ھازىرچە جەڭگە چىقماڭ. ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى سەل بېسىلسۇن، — دېدى.

قورۇل ئالدىدا بولسا ما چاۋ يالغۇزلا جاڭ فېينى جەڭگە ئۈندىمەكتە ئىدى. قورۇل ئۈستىدە تۇرغان جاڭ فېينىڭ ما چاۋنى يۇتۇۋەتكۈسى كېلەتتى، تۆت - بەش قېتىم ھەدەپ جەڭگە چىقمەن دېسىمۇ لىيۇ بېي توسۇۋالدى. چۈشتىن كېيىن ما چاۋ سېپىدىكى لەشكەرلەرنىڭ سەل ھارغانلىقىنى كۆرگەن لىيۇ بېي ئالدى بىلەن 500 ئاتلىق لەشكەر چۈشۈردى، ئارقىدىنلا جاڭ فېي قورۇلدىن چۈشتى. جاڭ فېي لەشكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ما چاۋ نەيزىسىنى ئارقىغا شىلتىغانىدى، لەشكەرلىرى بىر ئوقيا يەتكۈدەك يەرگە چېكىندى. جاڭ فېي لەشكەرلىرى توختىدى؛ قورۇلدىكى لەشكەرلەر ئارقا - ئارقىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. نەيزىسىنى قولىدا تۇتقان جاڭ فېي نەرە تارتىپ:

— يەنلىك جاڭ فېينى تونۇمسىز؟ — دېدى.

— بىرنەچچە ئەجدادىمدىن بېرى بەگ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان مەندەك ئادەم، سەن سەھرالىقنى نەدىن بىلەي! — دەپ جاۋاب بەردى ما چاۋ.

جاڭ فېي ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئىككى ئات مەيدانغا تەڭ چىقىپ، ئىككى نەيزە تەڭ كۆتۈرۈلدى. بىر يۈز رەددى بەدەل ئېلىشتى، يېڭىش - يېڭىلىش بولمىدى. كۆزىتىپ تۇرغان لىيۇ بېي: «ھەقىقىي ئارسلان پالۋان ئىكەن» دەپ قاتتىق بىر تىنىدى - دە، جاڭ فېيغا خېيىم - خەتەر بولۇپ قالمىسۇن دەپ،

جىددىي تەبىل بازىكەش چالدۇرۇپ لەشكەرلەرنى يىغىۋالدى. ئىككىلا پالۋان قايتتى. سەپكە قايتقان جاڭ فېي ئېتىنى سەلگىنە دەم ئالدۇردى ـ دە، دۇبۇلغىسىنى تاشلاپ، بېشىغا ياغلىق ئوراپلا ئاتلاندى، مەيدانغا چىقىپ ما چاۋنى جەڭگە چاقىردى. ما چاۋمۇ چىقتى، ئىككىسى يەنە جەڭ قىلىشتى. جاڭ فېي خەتەرگە ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغان ليۇ بېي ئۆزىمۇ جابدۇنۇپ قورۇلدىن چۈشۈپ سەپ ئالدىغا كەلدى؛ جاڭ فېينىڭ ما چاۋ بىلەن يەنە يۈز نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشقانلىقىنى، ئىككىلىسىنىڭمۇ روھىي كەيپىياتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆردى. ليۇ بېي لەشكەرلەرنى يىغىشقا تەبىل بازىكەش چالدۇردى. ئىككى پالۋان بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز سېپىگە قايتتى.

— بۈگۈن، — دېدى ليۇ بېي جاڭ فېيغا، — زاۋال بولۇپ قالدى، ما چاۋ بەك قەھرىمان ئىكەن، ياۋنى سەل چاغلىغىلى بولماس، ھازىرچە قورۇلغا چىقىڭ، ئەتە جەڭ قىلىڭ.

جەڭدە قىزىۋالغان جاڭ فېي بۇنىڭغا ئۇناتتىمۇ؟ توۋلاپ تۇرۇپ:

— ئۆلسەممۇ قايتمايمەن! — دېدى.

— بۈگۈن كەچ كىرىپ قالدى، ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ.

— ئوتقاشلارنى كۆپ يېقىپ كېچىلىك جەڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرسىلە!

ئات يەڭگۈشلەپ قايتىدىن مەيدانغا چىققان ما چاۋ:

— جاڭ فېي! كېچە جېڭى قىلالامسىز؟ — دەپ توۋلىدى.

مىجەزى چۇس جاڭ فېي ليۇ بېيدىن ئات يەڭگۈشلەپ، نەيزىسىنى ئېلىپ مەيدانغا چىقتى ۋە توۋلاپ تۇرۇپ:

— سېنى تۇتمىغۇچە، قورۇلغا چىقماسقا ئانت ئىچىمەن! — دېدى.

— سېنى يەڭمىگۈچە، قارارگاھقا قايتمايمەن! —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېدى ما چاۋ.

ئىككى تەرەپ لەشكەردىن چۇقان كۆتۈرۈلدى، يېقىلغان مىڭلارچە ئوتقاشلار مەيداننى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئىككى پالۋان سەپ ئالدىدا قاتتىق جەڭ قىلىشتى. يىگىرمە نەچچە رەددى بەدەل ئۆتۈلۈۋېدى، ما چاۋ ئېتىنى ئارقىغا بۇراپلا قاچتى. جاڭ فېي:

— نەگە قاچىسەن؟! — دەپ تۇۋلىدى.

ئەسلىدە ما چاۋ جاڭ فېينى يېڭەلمىگەندىن كېيىن كۆڭلىدە يالغاندىن يېڭىلگەندەك بولۇپ قاچسام، جاڭ فېي قوغلاپ كېلىدۇ، كۆرسەتمەستىن مىس ئومۇتنى قولۇمغا ئېلىپ، ئارقامغا بۇرۇلۇپلا جاڭ فېينى سالاي! دېگەن ئويغا كەلگەنىدى. ما چاۋنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ جاڭ فېيمۇ سەگەكلەشكەنىدى. ما چاۋ مىس ئومۇتنى ئاتقان ۋاقتىدا، جاڭ فېي ئۆزىنى بىر ياققا ئالدى، ئومۇت قولىقىنىڭ تۈۋىدىن ئۆتۈپ كەتتى. جاڭ فېي ئېتىنى بۇراپ قايتمۇېدى، ما چاۋ يەنە قوغلاپ كەلدى. جاڭ فېي كامانىنى بەتلەپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا ما چاۋغا ئاتتى. ما چاۋمۇ ئۆزىنى بىر ياققا ئېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ھەر ئىككى پالۋان ئۆز سەپلىرىگە قايتىشتى. ليۇ بېي سەپ ئالدىغا چىقىۋېلىپ:

— مەن كىشىلەرگە ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە مەردلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىمەن، ساختىپەزلىك قىلمايمەن. ما چاۋ، لەشكەرلىرىڭىزنى يىغىپ، دەم ئېلىڭ، پۇرسەتۋازلىق قىلىپ قوغلىمايمەن، — دەپ تۇۋلىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ما چاۋ ئۆزى ئارقىدا ماڭدى، لەشكەرلىرى ئاستا ـ ئاستا چېكىنىدى. ليۇ بېيمۇ لەشكەرلىرىنى يىغىپ قورۇلغا چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى جاڭ فېي قورۇلدىن چۈشۈپ يەنە ما چاۋ بىلەن جەڭ قىلماق بولۇپ تۇرۇۋېدى، مۇلازىملار مۇشاۋىر كەلدى دەپ مەلۇم قىلىشتى. ليۇ بېي جۇگې لياڭنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ما چاۋنى دەۋرىمىزدىكى شىرمەت پالۋان دەپ

ئاڭلىغاندىم، ئەگەر جاڭ فېي بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىشىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە بىرەيلەن زەخىملىنىدۇ؛ شۇڭا جاۋ يۈن بىلەن خۇاڭ جۇڭنى مېيەنجۇنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزۈم كېچىلەپ يول يۈرۈپ كەلدىم. ئەندەككىنە بىر پەنت بىلەن ما چاۋنى سىلىگە ئەل قىلدۇراي، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ما چاۋنىڭ قەھرىمانلىقىنى كۆرۈپ بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم. قانداق قىلىپ ئۇنى قولغا كەلتۈرگىلى بولار؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— ئاڭلىشىمچە كۈنچىقىش سىچۈەندىكى جاڭ لۇ ئۆزىنى «خەننىڭۋاڭ» دەپ ئېلان قىلغۇسى بار ئىمىش. مەسلىھەتچىسى ياڭ سۇڭ ناھايىتى پارىخور ئىمىش. چىغىر يول بىلەن خەنجۇڭغا كىشى ئەۋەتەيلى، ئاۋۋال ئالتۇن - كۈمۈش پارا بىلەن ياڭ سۇڭنى قولغا ئالايلى، ئاندىن كېيىن جاڭ لۇغا: «مېنىڭ ليۇ جاڭ بىلەن كۈنپېتىش سىچۈەن ئۈستىدىكى كۈرىشىم سىلىنىڭ ئىنتىقاملىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. پىتنە - ئىغۋالارغا قۇلاق سالمىسىلا. ئىش بىر تەرەپ بولغاندىن كېيىن، سىلىنى ‹خەننىڭۋاڭ› لىقىقا مەلۇم قىلىمەن» دەپ ئۆز نامىلىرىدىن خەت يازىمىز - دە، ما چاۋ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىمىز. قايتۇرىدىغان ۋاقتىدا، پەنت بىلەن ئۇنى تەسلىم قىلدۇرىمىز، — دېدى جۇگې لياڭ.

ناھايىتى خۇشال بولغان ليۇ بېي شۇئان خەت يازدى، ئالتۇن، مەرۋايىتلار بىلەن سۇن چيەننى چىغىر يول ئارقىلىق خەنجۇڭغا ماڭدۇردى. ئۇ كېلىپ ئاۋۋال ياڭ سۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، مەقسەتنى بايان قىلدى. ئاندىن ئالتۇن، مەرۋايىتلارنى ئالدىغا قويدى. ئىنتايىن خۇرسەن بولغان ياڭ سۇڭ سۇن چيەننى باشلاپ كىرىپ جاڭ لۇ بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە تىل ياغلىمىلىقى قىلدى. جاڭ لۇ:

— ليۇ بېي ئۆزى سول قول سەركەردە ئۇنۋانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن تۇرسا، مېنى قانداق قىلىپ خەنسۇڭۋاڭلىققا تونۇشتۇرالايدىكەن؟ — دېدى.

— ئۇ ئۇلۇغ خەن خانىنىڭ تاغىسى، تازا تونۇشتۇرالايدۇ، — دېدى ياڭ سۇڭ.

جاڭ لۇ خۇشال بولۇپ ما چاۋ لەشكىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى. سۇن چيەن ياڭ سۇڭنىڭ دەرگاھىدا جاۋاب كۈتۈپ ياتتى.

بىر كۈن ئۆتمەيلا ئەۋەتكەن كىشى قايتىپ كېلىپ:

— ما چاۋ ئىشىمىز تېخى ئەمەلگە ئاشمىدى، لەشكەرنى چېكىندۈرەلمەيمەن، دەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

جاڭ لۇ يەنە چاقىرتىشقا كىشى ئەۋەتتى، يەنە قايتقىلى ئۇنىمىدى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم چاقىرتىسىمۇ كەلمىدى. جاڭ سۇڭ:

— بۇ ئەزەلدىنلا گېپىدە تۇرمايدىغان ئادەم ئىدى، لەشكەرنى قايتۇرۇشقا ئۇنىمىغىنىغا قارىغاندا، چوقۇم ئىسيان قىلىش نىيىتى بار، — دېدى ۋە كىشىلەرنى: «ما چاۋ كۆنىپىتىش سىچۇەننى ئېلىپ، ئۆزى ھۆكۈمدار بولۇش بىلەن، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئالماقچى، خەنجۇڭغا خادىم بولۇشنى خالىمايدىكەن» دەپ سۆز تارقاتقۇزدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جاڭ لۇ ياڭ سۇڭدىن مەسلىھەت سورىدى. ياڭ سۇڭ:

— بىر تەرەپتىن ما چاۋغا ئادەم ئەۋەتىپ: «ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولىدىكەنسىز، بىر ئايلىق مۆھلەت بىلەن ئۈچ ئىشقا ماقۇل بولۇشىڭىز كېرەك. ماقۇل بولۇپ ئەمەلگە ئاشۇرىدىكەنسىز، ئىنئام بېرىلىدۇ؛ ئۇنداق بولمايدىكەن، چوقۇم ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسىز. بىرىنچى، كۆنىپىتىش سىچۇەننى ئالىسىز؛ ئىككىنچى، لىۋ جاڭنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلىسىز؛ ئۈچىنچى، جىڭجۇ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرىسىز. بۇ ئۈچ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىكەنسىز، بېشىڭىزنى

تاپشۇرىسىز» دېگەن سۆزلەرنى يەتكۈزۈش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن ما چاۋ لەشكىرىنىڭ ئۆزگىرىش قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قورۇل - ئىبغىزلارنى ساقلاشقا لەشكەر بىلەن جاڭ ۋېينى ئەۋەتەيلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

جاڭ لۇ بۇ مەسلىھەت بويىچە ئۈچ ئىشنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ما چاۋغا ئادەم ئەۋەتتى. ئىنتايىن ھەيران بولغان ما چاۋ:

— بۇ قانداق ئۆزگىرىش - ھە! — دېدى - دە، ما دەي بىلەن كېڭەش قىلىپ: «ياخشىسى لەشكەرنى چېكىندۈرەيلى» دېگەن يەرگە كەلدى. ياڭ سۇڭ يەنە:

— ما چاۋنىڭ لەشكىرىنى قايتۇرۇشىدا چوقۇم ئۆزگىچە نىيىتى بار، — دېگەن سۆز تارقاتقۇزدى. لەشكەرنى يەتنە يولغا بۆلگەن جاڭ ۋېي ئىبغىزلارنى مۇستەھكەم ساقلاپ ما چاۋ لەشكەرلىرىنى كىرگۈزمىدى. ما چاۋ نە ئالغا، نە ئارقىغا ماڭالماي، ئىلاجىسىز قېلىپ قالدى. جۇگې لياڭ ليۇ بېيغا:

— ھازىر ما چاۋ نە ئالدىغا ماڭالماي، نە ئارقىغا چېكىنەلمەي قىيىن ئەھۋالدا قالدى، مەن ما چاۋ قارارگاھىغا بېرىپ، ئۇپرىماس سۆزچان تىلىمنى ئىشقا سېلىپ، ما چاۋنى ئەل قىلاي، — دېدى.

— تەقسىر! سىلى مېنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك مۇھىم كىشىم بولىدىلا، مۇبادا بىرەرتە ھادىسە يۈز بېرىپ قالسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى ليۇ بېي.

جۇگې لياڭ بارىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. ليۇ بېي پەقەت بارغىلى قويمىدى.

بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغان پەيتتە، بىردىنلا مۇلازىملار جاۋ يۈن كۇنپېتىش سىچۈەندىن ئەل بولغان بىر كىشىنى خەت بىلەن ئەۋەتىپتۇ دەپ مەلۇم قىلىشتى. ليۇ بېي كىرىشكە ئىجازەت بەردى. بۇ ئادەم جيەننىڭ يۈيىۈەندىن بولۇپ، ئىسىم - زاتى لى خۈي، يەنە بىر ئىسمى دې ئاڭ ئىدى. ليۇ بېي:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئاڭلىسام جانابلىرى بۇرۇن ليۇ جاڭغا يېنىشلاپ مەسلىھەت بېرىپ كەلگەنىكەنلا، ئەمدى نېمە سەۋەبتىن ماڭا كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— «ياخشى قۇشلار دەرەخ تاللاپ ئۇۋا سالىدۇ، ئاقىل خادىملار خوجايىن تاللاپ خىزمەت قىلىدۇ» دېگەن سۆز بار. مۇقەددەم ليۇ جاڭغا مەسلىھەت بەرگەنلىكىم، خادىملىق بۇرچۇم ئىدى؛ ئۇ مەسلىھەتىمنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن چوقۇم يېڭىلىدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. سەركەردە جانابلىرىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك پەزىلەتلىرى پۈتكۈل سىچۈەنگە تارالدى، سىلىنىڭ زەپەر قۇچۇشلىرى چوقۇم، شۇڭا ئۆزلىرىگە كەلدىم، — دېدى لى خۇي.

— تەقسىر! — دېدى ليۇ بېي، — بۇ كېلىشلىرى مەن ليۇ بېيغا پايدىلىق.

— ھازىر ئاڭلىسام ما چاۋ يا ئالدىغا ماڭالماي، يا ئارقىغا چېكىنەلمەي، قىيىن بىر ئەھۋالدا قاپتۇ. بۇرۇن لۇڭشىدىكى ۋاقتىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە رابىتىم بار ئىدى، بېرىپ ما چاۋنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلسام قانداق؟ — دېدى لى خۇي.

— مېنىڭ ئورنۇمدا بىراۋنىڭ بېرىپ سۆزلىشىپ كېلىشىنى ئويلىشىۋاتاتتۇق. جانابلىرىنىڭ بېرىپ نېمە دەيدىغانلىقلىرىنى بىر ئاڭلاپ باقسام، — دېدى جۇگې لياڭ.

لى خۇي جۇگې لياڭنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. جۇگې لياڭ ناھايىتى خۇرسەن بولدى ـ دە، شۇئان لى خۇينى ماڭدۇردى.

ما چاۋ قارارگاھىغا كەلگەن لى خۇي ئاۋۋال ئىسىم ـ زاتىنى مەلۇم قىلدۇردى. ما چاۋ:

— لى خۇينىڭ سۆزمەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، بۇگۈن چوقۇم ماڭا نەسىھەت بەرگىلى كەلگەن، — دېدى ـ دە، ئالدى بىلەن 20 قوراللىق كاللا كېسەرنى بارگاھقا پىستىرما

قىلدى ۋە ئۇلارغا، — چېپىڭلار دەپ بۇيرۇق بېرىشىم بىلەن تەڭ، چىقىپ قىيما قىلىپ تاشلاڭلار! — دەپ تاپشۇردى.

بىر پەستىن كېيىن لى خۇي مەردانىلىك بىلەن كىرىپ كەلدى. بارگاھىدا رۇست ئولتۇرغان ما چاۋ قىمىرلىماستىن لى خۇيغا تىۋلاپ تۇرۇپ:

— نېمىگە كەلدىلە؟ — دېدى.

— ئالاھىدە ۋاستىچىلىك قىلغىلى كەلدىم، — دېدى لى خۇي.

— غىلىپىمدىكى شەمشەرنى، — دېدى ما چاۋ، — يېڭىدىن بىلەپ قويدۇم. قېنى، سۆزلەپ كۆرۈپ باقسىلا. ئەگەر سۆزلىرى كار قىلمايدىكەن، مەرھەمەت قىلىپ شەمشىرىمگە ئۆزلىرىنى ئۇتسىلا!

— سەركەردە! سىلىگە پات ئارىدا بىر بالا - قازا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ! يېڭى بىلىگەن شەمشەرلىرىنى مېنىڭ بېشىمغا ئەمەس، ئۆزلىرىگە سىناپ قالارلىمىكىن، — دېدى كۈلۈپ لى خۇي.

— ماڭا قانداق بالا - قازا بار ئىكەن؟

— ئۇستا پەردازچى يۆ بەگلىكىدىكى شى زى* نى سەت قىلىمەن دەپ قانچە پەرداز قىلسىمۇ ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى يېپىپ كېتەلمەپتۇ، چى بەگلىكىدىكى ۋۇ يەننى** چىرايلىق قىلىمەن دەپ قانچە پەرداز قىلسىمۇ ئۇنىڭ سەتلىكىنى يېپىپ كېتەلمەپتۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم، «چۈشتىن كېيىن كۈن ئولتۇرىدۇ، تولۇن ئايدىن كېيىن، ئاي يەنە يېرىملىشىدۇ». بۇ ئالەمدىكى دائىمىي قائىدىدۇر. سەركەردە، سىلىنىڭ ساۋ ساۋدا ئاتا قىساسلىرى بار، لۇڭشى تەرەپلىرى بىلەن قاتتىق ئاداۋەتلىرى بار؛ ئالدى تەرەپتە ليۇ جاڭنى قۇتقۇزالمىدىلا، جىڭجۇ لەشكىرىنى

---

* شى زى — شى شى. چۇنچيۇ دەۋرىدە يۆ بەگلىكىدە ئۆتكەن بىر ساھىبجامال.
** ۋۇ يەن — جۇاڭ لىچۇن. جەنگو دەۋرىدە جى بەگلىكىدە ئۆتكەن بىر سەت ئايال.

www.uyghurkitap.com

چېكىندۇرەلمىدىلە، ئارقىدا ياڭ سۇڭنى بىسىپ جاڭ لۇ بىلەن كۆرۈشەلمەيدىلا؛ كۆز ئالدىلىرىدا ئەلگە سىغىدىغان يەرلىرى قالمىدى، تۈزۈك بىر خوجايىنغا ئىگە بولمىدىلا؛ ئەگەر يەنە ۋېيشۈيدىكىدەك ياكى جىچېڭدىكىدەك يېڭىلىشلەر يۈز بېرىدىغان بولسا، قايسى يۈزلىرىنى كۆتۈرۈپ خەلقىئالەم بىلەن كۆرۈشىدىلا؟ — دېدى لى خۇي.

— جانابلىرىنىڭ سۆزى ناھايىتى توغرا، بىراق مېنىڭ ئۈچۈن ماڭىدىغان يول قالمىدى، — دېدى ما چاۋ بېشىنى لىڭشىتىپ.

— جانابلىرى مېنىڭ سۆزۈمگە كىرىدىغان بولسىلا، نېمە ئۈچۈن بارگاھقا كاللا كېسەرلەرنى پېشتىرما قىلىپ قويىدىلا؟ — دېدى لى خۇي.

ناھايىتى خىجىل بولغان ما چاۋ تۇۋلاپ كاللا كېسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋەتتى. لى خۇي:

— خان تاغىسى لىيۇ بېي ئىپتىدادا ئەھلىلىرىنى بەك ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋالىدىكەن، چوقۇم زەپەر قۇچۇشىغا كۆزۈم يەتتى، شۇڭلاشقا لىيۇ جاڭنى تاشلاپ ئۇنىڭغا ئۆتتۈم. مەرھۇم پەدەرلىرى ئۆتمۈش يىللاردا خان تاغىسى بىلەن مۇناپىقلارنى جازالاشقا ئەھدىلەشكەنىدى، سىلى نېمىشقا زۇلمەتنى تاشلاپ يورۇقلۇقتىن پاناھ تىلىمەيدىلا، بىر تەرەپتىن ئاتا قىساسىنى ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن خىزمەت كۆرسىتىپ شۆھرەت قازانمايدىلا؟ — دېدى.

ناھايىتى خۇشال بولغان ما چاۋ دەرھال ياڭ بەيىنى چاقىردى ـ دە، بىر شەمشەر ئۇرۇپ ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، لى خۇي بىلەن بىرلىكتە قورۇلغا كېلىپ، لىيۇ بېيغا ئەل بولدى. لىيۇ بېي شەخسەن ئىستىقبالغا چىقىپ، ئۇنى ئالىي مېھمان تەرىقىسىدە كۈتتى. ما چاۋ باش قويۇپ:

— بۈگۈن دانا پاسبانغا يولۇقۇپ، خۇددى بۇلۇت، تۇمان

ئىچىدىن سۆزۈك ئاسمانىنى كۆرگەندەك بولدۇم! — دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

بۇ ۋاقىتتا سۈن چيەنمۇ قايتىپ كەلدى. ليۇ بېي قورۇلىنى ساقلاشقا خۇ جۇن، مېڭ دالارغا قايتا بۇيرۇق بېرىپ، چېگرىنى ئېلىشقا لەشكەر تارتتى. جاۋ يۈن، خۇاڭ جۇڭلار ليۇ بېينى مىيەنجۇغا باشلاپ كىردى. خادىملار سىچۇەن پالۋانى ليۇ سۇ، ما خەنلەر لەشكەر تارتىپ كەپتۇ دەپ مەلۇم قىلىشتى. جاۋ يۈن:

— مەن چىقىپ بۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ كېلەي! — دېدى ـ دە، ئاتلىنىپ لەشكەر باشلاپ چىقىپ كەتتى. ليۇ بېي شەھەردە ما چاۋنى كۈتۈپ، شاراب ئىچىشىپ ئولتۇراتتى، مەزكە ـ سورۇن تېخى باشلانمىغانىدى. جاۋ يۈن ئىككىيلەننىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ تەقدىم قىلدى. ھەيران بولغان ما چاۋنىڭ جاۋ يۈنگە بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئېشىپ كەتتى. ما چاۋ:

— جانابىي پاسىبان! سىلى جەڭ قىلمەن دېمىسىلە، مەن ليۇ جاڭنى چاقىرىپ چىقىپ ئەل قىلدۇراي. ئەگەر ئەل بولمايدىكەن، مەن ئىنىم ما دەي بىلەن چېگرىنى ئېلىپ، ئىككى قوللاپ تەقدىم قىلاي! — دېدى.

ليۇ بېي ناھايىتى خۇشال بولدى. بۇ كۈننى ھەممە خۇرسەنچىلىك بىلەن ئۆتكۈزدى.

يېجۇغا قايتىپ بارغان لەشكەرلەر ليۇ جاڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشتى. ليۇ جاڭ قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ، قوۋۇقنى تاقىتىپ چىقمايدىغان بولدى. خادىملار ھەمدەمگە كەلگەن ما چاۋ لەشكىرى شەھەرنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە يېتىپ كەلدى دەپ مەلۇم قىلىشتى، ليۇ جاڭ ئاندىن سېپىل ئۈستىگە چىقىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالىدى. شەھەرنىڭ تۆۋىگە كېلىپ قالغان ما چاۋ، ما دەيلەر:

— ليۇ جاڭ سۆزگە چىقسۇن! — دېدى توۋلاپ.

ليۇ جاڭ سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ سۆز سورىدى. ئاتلىق

تۇرغان ما چاۋ قامچىسى بىلەن ئىشارەت قىلىپ:
— مەن ئەسلىدە جاڭ لۇنىڭ لەشكىرى بىلەن يىغۇغا ھەمدەمگە كەلگەنىدىم، كىم بىلسۇن، جاڭ لۇ ياڭ سۇڭنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرىغا ئىشىنىپ ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى. ھالا خان تاغىسى لىۇ بېيغا ئەل بولدۇم. ئاھالە خانىمانلارنىڭ قىيىنچىلىقتا قالماسلىقى ئۈچۈن، جانابلىرى، ئەلنى تاپشۇرۇپ ئەل بولارلا، ئەگەر جاھىللىق قىلىدىغان بولسىلا، مەن ئالدى بىلەن شەھەرگە تېگىش قىلىمەن! — دېدى.
قورقۇپ كەتكەن لىۇ جاڭ رەڭگى ئۆچۈپ، دەرد ئىچىگە سىغماي، ئۆكدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى، بەگ - سىپاھلار ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇپ ھوشىغا كەلتۈردى. لىۇ جاڭ:
— مەن ئەقىلسىزلىق قىلدىم، ئەمدى پۇشايماننىڭ پايدىسى يوق! پۈتكۈل شەھەر ئاھالىسىنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن، قوۋۇقنى ئېچىپ ئەل بولغان تۈزۈك، — دېدى.
— شەھەردە 3 تۇمەندىن ئارتۇقراق لەشكەر بار، پۇل - ۋەج، رەخت - پۇچۇق، تەمىنات، يەم - خەشەكلىرىمىز بىر يىللىغا يېتىدۇ. نېمىدەپ ئەل بولىمىز؟ — دېدى دۇڭ خې.
— ئاتا - بالا ئىككىمىز سىچۈەن ئېلىنى يىگىرمە نەچچە يىل سوراپتۇق، خەلققە ياخشىلىق قىلالمىدۇق؛ ئۈچ يىللىق جەڭدە داللار قانغا بويالدى، بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ گۇناھىمدۇر، بۇنىڭغا قانداق تىنچلىنىمەن؟ خەلقنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ياخشىسى ئەل بولۇش كېرەك، — دېدى لىۇ جاڭ.
بۇ سۆزنى ئاڭلىغان كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى كۆز يېشى قىلدى. تۇساتتىن بىراۋ:
— جانابىي پاسبانىنىڭ سۆزى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە مۇۋاپىقتۇر، — دېدى.
كۆپچىلىك قارىسا باشى شىچۇڭگۇلۇق چياۋ جۇ، يەنە بىر

ئىسمى يۈننەن دېگەن كىشى ئىكەن. بۇ ئادەم ئەزەلدىن رەسەتچىلىكتىن خەۋەردار ئىدى. ليۇ جاڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، چياۋ جۇ:

— كىچە يۇلتۇزغا قارىۋىدىم، يۇلتۇزلار سىچۈەن پادىشاھلىقى ئۈستىگە توپلىشىۋاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ يۇلتۇزنىڭ يورۇقى ئايغا ئوخشايدۇ، بۇ پادىشاھلىق ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىلى مۇقەددەم بالىلار: «يېڭى تائام دېسەڭلار، ئىگەم كەلسۇن بىلسەڭلار» دەپ قوشاق ئېيتىشىپ يۈرەتتى، بۇ بېشارەتتۇر. تەقدىر - قىسمەتكە خىلاپلىق قىلىش يارىمايدۇ، — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان خۇاڭ چۈەن، ليۇ بالار ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، ليۇ جاڭ توسۇۋالدى. بىردىنلا شۇجۈن ھاكىمى شۈي جىڭ شەھەردىن ئوغرىلىقچە چىقىپ ئەل بوپتۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. ليۇ جاڭ قاتتىق يىغلىغان پېتى ھەرىمىگە قايتتى.

ئەتىسى خان تاغىسى ليۇ بېيىنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى جيەن يۇڭ سېپىل تۈۋىدە قوۋۇقنى ئېچىڭلار دەپ چاقىرىۋاتىدۇ دەپ مەلۇمات كەلدى. ليۇ جاڭ قوۋۇقنى ئېچىپ باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇدى. جيەن يۇڭ ھارۋىدىن چۈشمەي مەغرۇرانە كېلىۋاتاتتى. توساتتىن قولىدا شەمشەر تۇتقان بىراۋ:

— نامىسىز ئادەملەر مەرتىۋىگە ئىگە بولسا، ئەتراپتىكىلەرنى كۆزى كۆرمەيدۇ! سىچۈەن ئېلىنىڭ ئەربابلىرىغا سەل قاراشقا نېمە ھەددىلىرى! — دەپ توۋلىدى. جيەن يۇڭ تېزلىكتە ھارۋىدىن چۈشۈپ كۆرۈشتى. بۇ كىشى گۇاڭ خەن مىيەنجۇلۇق، ئىسىم - زاتى چىن مى، يەنە بىر ئىسمى زىچى دېگەن كىشى ئىدى. جيەن يۇڭ كۈلۈپ:

— دانىشمەن ئاغىمىزنى تونۇماي قاپتىمەن، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، — دېدى - دە، بىرلىكتە ليۇ جاڭ ھوزۇرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىردى، لىيۇ بېيىنىڭ كەڭ قورساق ئىكەنلىكى، زىيانكەشلىك قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى. شۇڭلاشقا لىيۇ جاڭ قەتئىي ئەل بولۇش قارارىغا كېلىپ، جيەن يۇڭنى ياخشى كۈتتى. ئەتىسى ئەل بولۇش ئۈچۈن تامغا - دەستەكلەر ئېلىپ، جيەن يۇڭ بىلەن بىرگە هارۋىغا ئولتۇرۇپ، شەھەردىن چىقتى. قارارگاھتىن ئىستىقبالغا چىققان لىيۇ بېي قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يىغلىغان هالدا:

— مېنىڭ ئىنسانىيەتسىزلىكىمدىن ئەمەس، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىدىن شۇنداق بولۇپ قالدى! — دېدى - دە، بىرلىكتە قارارگاھقا كىردى. تامغا - دەستەكلەرنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئاتلىق يانمۇيان مېڭىپ شەھەرگە كىرىشتى.

لىيۇ بېي چېڭدۇغا كىرگەندە، ئاھالە خۇشبۇي ئىسرىق سېلىپ، شام يېقىپ، قوۋۇق ئالدىغا چىقتى. مەھكىمىگە كىرگەن لىيۇ بېي، داتاڭدا ئولتۇردى. بەگ - سىپاھلارنىڭ ھەممىسى باش قويدى؛ پەقەت خۇاڭ چۈەن بىلەن لىيۇ با ئىشىكنى تاقىۋېلىپ چىقمىدى. غەزەپلەنگەن پالۋانلار بېرىپ، ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋېدى، لىيۇ بېي:

— بۇ ئىككىيلەنگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلارنىڭ ئۈچ ئەۋلادى قىرىپ تاشلىنىدۇ! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى - دە، شەخسەن ئۆزى ئۇلارنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، ئىككىيلەننى داۋاملىق ئەمەل تۇتۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ ئىككىيلەن لىيۇ بېيىنىڭ ئىلتىپاتىدىن تەسىرلىنىپ ئۆيىدىن چىقتى. جۇگې لياڭ:

— هالا كۈنپېتىش سىچۈەن تىنچىتىلدى؛ ئىككى پاسبانىنى سىغدۇرۇش قىيىن. لىيۇ جاڭنى جىڭدۇغا ماڭدۇرايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— شۇجۇنگە ئەمدىلا ئىگە بولدۇم، لىيۇ جاڭنى يىراققا ماڭغۇزمايلى، — دېدى لىيۇ بېي.

— لىيۇ جاڭ بەك زەئىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشنىڭ

ئاساسىنى قولدىن بېرىپ قويدى. پاسىبان! ئەگەر سىلى مەزلۇم كىشىلەردەك يۇمشاق كۆڭۈل بولۇپ، ئىشلار توغرىسىدا كەسكىن قارار بېرەلمەيدىغان بولسىلا، بۇ زېمىننى ئۇزۇن ساقلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.

ليۇ بېي ماقۇل بولدى، ليۇ جاڭ شەرىپىگە مەزىكە ـ سورۇن تەييارلىدى. ليۇ جاڭغا مال ـ مۈلكىنى يىغىشتۇرۇشقا، ھەيۋەتلىك سەركەردىلىك تامغىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ۋە خانىم ھەم تامام خىزمەتكارلار بىلەن نەنجۇن گۇڭئەنگە بېرىپ ئورۇنلىشىش ئۈچۈن تېز يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەردى.

ليۇ بېي ئۆزى يىجۇ پاسىبانى بولدى. ئەل بولغان قەلەمدار ـ ئەلەمدار، بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان تارتۇقلىدى، ئۇلارغا ئۇنۋانلار بەردى. يەن يەننى تۇرشاۋۇل سەركەردە، فا جېڭنى شۇجۇن ھاكىمى، دۇڭ خېنى لەشكەر باشقۇرغۇچى كەپتاۋۇل، شۇي جىڭنى سول قول سەركەردە دورغاب، پاڭ يىنىنى لەشكەرگاھتىكى ئەمىر لەشكەر، ليۇ بانى سول قول سەركەردە، خۇاڭ چۇەننى ئوڭ قول سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ۋۇ يى، فېي گۇەن، پېڭ ياڭ، جۇ يىلىڭ، لى يەن، ۋۇ لەن، لېي تۇڭ، لى خۇي، جاڭ يى، چىن مى، چياۋ جۇ، لۇي يى، خۇ جۇن، دىڭ جى، ياڭ سۇڭ، جۇ جۇن، فېي يى، فېي شى، مېڭ دالار بولۇپ جەمئىي ئاتمىش نەچچە ئەل بولغان قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىلدى. جۇگې لياڭ مۇشاۋىر، گۇەن يۈي قاراقچىلارنى تازىلاش سەركەردىسى، خەنشۇ بېگى، جاڭ فېي ياتلارغا يۈرۈش قىلىش سەركەردىسى، شىنتىڭ بېگى، جاۋ يۈن چەت ـ ياقا جايلارنى ساقلاش سەركەردىسى، خۇاڭ جۇڭ غەربكە يۈرۈش سەركەردىسى، ۋېي يەن ئەلەم كۆرسىتىش سەركەردىسى، ما چاۋ غەربنى تىنچىتىش سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلەندى. سۈن چيەن، جيەن يۇڭ، مى جۇ، مى فاڭ، ليۇ فېڭ، گۇەن پىڭ، جۇ ساڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لياۋ خۇا، ما لياڭ، ما سۇ، جياڭ ۋەن، يى جىلار ھەمدە جىڭ، شياڭ ۋىلايەتلىرىدىكى كونا قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئورنى كۆتۈرۈلۈپ ئىنئام بېرىلدى. گۆەن يۈيگە 500 جىڭ ئالتۇن، 1000 جىڭ كۈمۈش، 50 مىڭ تىزىق داچەن، 1000 توپ سېچۈەن كىمخابى ئىنئام قىلىنىپ، ئەلچى بىلەن ئەۋەتىپ بېرىلدى. باشقا ئەمەلدار پالۋانلارغىمۇ مەرتىۋە بويىچە پەرقلىق ھالدا ئىنئام بېرىلدى. لەشكەرلەرگە مال ـ ۋاران سويۇلۇپ، مەرىكە ـ سورۇن بېرىلدى، ساقچىلاردىن ئاھالىگە ئاشلىق بېرىلدى. لەشكەر، ئاھالە ئىنتايىن خۇرسەن بولۇشتى.

يىجۇ ئايمىقىدا تىنچلىق ئورنىغاندىن كېيىن، ليۇ بېي چېڭدۇنىڭ داڭقى چىققان يەرلىرى بىلەن تۇرالغۇ ئىمارەتلەرنى ئەمەلدارلارغا بۆلۈپ ھەدىيە قىلماقچى بولدى. جاۋ يۈن:

— يىجۇ ئاھالىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچرىغاچقا، يەر ـ زېمىنلىرى، ئۆي ـ ئىمارەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى، بۇلارنى ئاھالىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، خەلق خاتىرجەم ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللانسۇن، شۇنىڭدىلا خەلق قايىل بولىدۇ؛ ئۇنى تارتىۋېلىپ خۇسۇسىيلارغا ئىنئام قىلىپ بېرىش يارىمايدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ليۇ بېي ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلدى. مۇشاۋىر جۇگې لياڭغا ئەلنى ئىدارە قىلىش نىزاملىرى تاپشۇردى. جىنايى ئىشلار قانۇنى بەك قاتتىق تۈزۈلگەنىدى. فاڭ جېڭ:

— مۇقەددەم گاۋ زۇ خانىمىزنىڭ ئۈچ تۈرلۈك قانۇن چەكلىمىلىرىنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن، ئاھالىنىڭ ھەممىسى مىننەتدارلىق بىلدۈرگەنىدى. مۇشاۋىرىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇننى كەڭرەك تۈزۈپ خەلقنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرساق، — دېدى.

— جانابلىرى بىرنى بىلىپ، ئىككىنچىسىنى بىلمەي

قاپتىلا. چىن خاندانلىقى زوراۋان قانۇن ئىجرا قىلغاچقا، ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى نارازى بولغانىدى، شۇڭا گاۋ زۇ خانىمىز كەڭ ئىنسانپەرۋەرلىك قىلدى. ھالا ليۇ جاڭ غاپىل، زەئىپ بولۇپ، ياخشى سىياسەت ئىجرا قىلمىدى، قانۇننىڭ ئانچە رولى بولمىدى؛ پادىشاھلىق بىلەن ۋەزىر ئوتتۇرىسىدىكى قائىدە ـ يوسۇنلار بارا ـ بارا يوقىلىشقا باشلىدى. ياخشى كۆرگەنلەرنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈردى، كىشىلەر مەرتىۋىسى ئۆسكەنسېرى ۋەھشىيلەشتى؛ ئۆزى ياقتۇرغانلارغا ئىلتىپات كۆرسەتتى، ئىلتىپات كۆرسەتكەنسېرى بىر ـ بىرىنى مەنسىتمىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن ھەممە ئەسكىلىكلەر تۇغۇلدى. بىزنىڭ شانۇ-شەۋكىتىمىز قانۇن بىلەن بولۇشى كېرەك، قانۇن ئىجرا قىلىنسا، ئىلتىپات شۇنىڭدىن كېلىدۇ؛ مەرتىۋىنى چەكلەش كېرەك، ئەنە شۇنىڭدىلا مەرتىۋىسى ئۆسكەنلەر مەرتىۋىنى شەرەپ دەپ بىلىدۇ. ئىلتىپات ـ شەرەپ بىللە ماڭسا، يۇقىرى بىلەن تۆۋەندە ئەدەپ ـ قائىدە بولىدۇ. مانا بۇ ئىدارە قىلىشنىڭ يولى، شۇڭا ئۇنى شۇنداق تۇزدۇم، — دېدى جۇگې لياڭ.

فا جېڭ بۇنى ئاڭلاپ، باش قويۇپ قايىل بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن لەشكەر ـ ئاھالە ئارىسىدا پاراكەندىچىلىك تۈگىدى. لەشكەر 41 ئايماققا بۆلۈپ تۇرغۇزۇلدى. ھەممە جايدا ئەمىنلىك ئورنىدى. شۇجۇن ھاكىمى فا جېڭ كېچىككىنە ئاداۋەت ئۈچۈنمۇ ئۆچ ئالاتتى. بەزىلەر جۇگې لياڭغا:

— فا جېڭنىڭ زوراۋانلىقى بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكىلى تۇردى، سەل تاناۋىنى تارتىپ قويۇش كېرەك، — دېدى.

— مۇقەددەم جانابىي پاسىبان قىيىنچىلىقتا قېلىپ جىڭجۇنىلا ساقلاپ ياتقانىدى، شۇ چاغدا يۇقىرىدا ساۋ ساۋدىن، كۇنچىقىشتا سۈن چۈەندىن ۋەھىمە قىلاتتى. فا جېڭنىڭ ھەمدەملىكى بىلەنلا ئۆزىمىزنى ئوڭشاپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدۇق، ئۇنى چەكلەشكە بولماسمىكىن. بۇگۈن كىچىككىنە

www.uyghurkitap.com

ئىشلار ئۈچۈن، فا جېڭنى چەكلەپ يۈرمەيلى! — دېدى جۇگې لياڭ.

شۇڭا سۈرۈشتە قىلماي قويدى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان فا جېڭ ئۆزىنى تۈزەتتى.

بىر كۈنى ليۇ بېي جۇگې لياڭ بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇراتتى، بىردىنلا چاپارمەن كىرىپ گۈەن يۈي ھەدىيە قىلىنغان ئالتۇن، شايى ـ گەزلىملەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن، گۈەن پىڭنى ئەۋەتىپتۇ، دەپ مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي كىرىشكە ئىجازەت بەردى. گۈەن پىڭ باش قويۇپ سالام-سەھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، خەت سۇندى:

— دادام ما چاۋنىڭ جەڭ ماھارىتى ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، سىچۈەنگە كىرىپ بىر سىناشماقچى بولدى. بۇ ئىشنى تاغامغا مەلۇم قىلغىن دېۋىدى، — دېدى.

— ئەگەر گۈەن يۈي سىچۈەنگە كىرىپ، ما چاۋ بىلەن پالۋانلىق سىنىشىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن چىقىشالمايلا قالىدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

— ھېچ ۋەقەسى يوق. مەن جاۋاب يازاي، — دېدى جۇگې لياڭ.

ليۇ بېي گۈەن يۈينىڭ سەپرا مىجەزلىكىنى بىلگەچكە، جۇگې لياڭغا خەت يازدۇردى ـ دە، گۈەن پىڭنى كېچە ـ كۈندۈزلەپ جىڭجۇغا قايتۇردى.

گۈەن پىڭ جىڭجۇغا قايتىپ كەلگەندە، گۈەن يۈي:

— ما چاۋ بىلەن سىنىشىش ھەققىدىكى ئىشنى دېدىڭىز-مۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مۇشاۋىرنىڭ خېتى بار، — دەپ جاۋاب بەردى گۈەن پىڭ.

گۈەن يۈي خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

سەركەردە! ئاڭلىشىمچە سىلى ما چاۋ بىلەن پالۋانلىق سىناشماقچى بوپتىلا. كەمىنە جۇگې لياڭلىرنىڭ قارىشىچە، ما چاۋ پالۋانلىقتا باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ، چىڭ بو، پىڭ يۈلەر* سىياقىدىكى ئادەم جاڭ فېي بىلەن ئېلىشىپ يېڭەلمىدى، كۆركە ساقال تورۇم**، باشقىلاردىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە چىقىمەن دەمدىغاندىلا.

بۈگۈن جانابلىرى جىڭجۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدىلا، بۇ ناھايىتى جاۋابكارلىق ئىشتۇر. سىلى سىچۈەنگە كىرىپ، جىڭجۇ قولدىن كېتىپ قالسا، زور گۇناھلىق بولىدىلا. مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

خەتنى ئوقۇپ بولغان گۈەن يۈي ساقىلىنى تۇتاملاپ تۇرۇپ كۈلگەن ھالدا:

— جۇگې لياڭ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپتۇ، — دېدى ـ دە، خەتنى ھەممە مېھمانلىرىغا كۆرسىتىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن سىچۈەنگە كىرىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى.

ليۇ بېينىڭ كۇنپېتىش سىچۈەننى ئېلىپ، ليۇ جاڭنى گۇڭئەنگە قوغلىغانلىقىنى ئاڭلىغان كۇنچىقىش ۋۇدىكى سۈن چۈەن دەرھال جاڭ جاۋ، گۇ يۇڭلارنى كېڭەشكە چاقىرىپ:

— باشتا ليۇ بېي مېنىڭدىن جىڭجۇنى ئارىيەتكە ئالغان ۋاقتىدا، كۇنپېتىش سىچۈەننى ئالغاندا، جىڭجۇنى قايتۇرىمەن دېگەنىدى. ھازىر با، شۇ 41 ۋىلايەتنى ئاپتۇ، ئەمدى خەنشۈي دەرياسىنىڭ يۇقىرىدىكى ۋىلايەتلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر قايتۇرمايدىكەن، قورالغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

— بىزدە تېخى ئەمدىلا تىنچلىق ئورناشتى، لەشكەر

---

* چىڭ بو، پىڭ يۈ — مەشھۇر پالۋانلار.
** گۈەن يۈينىڭ لەقىمى.

قوزغىتىشقا بولماسمىكىن. مېنىڭ بىر تەدبىرىم باركى، ليۇ بېي جىڭجۇنى ئىككى قوللاپ جانابىي پاسسبانغا تاپشۇرىدۇ، — دېدى جاڭ جاۋ.

دەرھەقىقەت:

*كۈنپېتىش سىچۇەن كۆكىدە يېڭىلا ئاتقاندا تاڭ،*
*كۈنچىقىش ۋۇلۇق تالاشتى يەر قىلىپ مالىماتاڭ.*

قانداق تەدبىر كۆرسەتكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



www.uyghurkitap.com

# ئاتمىش ئالتىنچى باب

## گۇەن يۇيىنىڭ يالغۇز قىلىچ بىلەن مەرىكىگە بارغانلىقى
## خانىش فۇ خانىمنىڭ پادىشاھلىق يولىدا قۇربان بولغانلىقى

ئەلقىسسە، سۇن چۇەن جىڭجۇ دەۋاسىنى قىلماقچى بولۇۋېدى، جاڭ جاۋ تەدبىر كۆرسىتىپ:

— لىۇ بېيىنىڭ ئاساسىي يۆلەنچۈكى جۇگې لياڭ. ئۇنىڭ ئاكىسى جۇگې جىن ھالا ۋۇ بېگىگە خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. جۇگې جىننىڭ ئۇلۇغ — ئۇششاق بالا - چاقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، جۇگې جىننى سىچۇەنگە ئەۋەتەيلى، ۋەقەنى ئىنىسىغا ئېيتقۇزۇپ، جىڭجۇنى قايتۇرۇپ بېرىش ھەققىدە جۇگې لياڭنى لىۇ بېيغا نەسىھەت قىلغۇزايلى. «ئەگەر جىڭجۇ قايتۇرۇلمايدىكەن، بالا - چاقىلىرىم چوقۇم بۇنىڭ كاساپىتىگە كېتىدىغان بولىدى» دېگۈزەيلى. جۇگې لياڭ قېرىنداشلىق ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ماقۇل بولىدۇ، — دېدى.

— جۇگې جىن سەممىي، راستگۆي بىر شەخس تۇرسا، بالا - چاقىلىرىنى تۇتۇشقا قانداق قولۇم بارىدۇ؟ — دېدى سۇن چۇەن.

— بۇ بىر ھىيلە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويساق، خاتىرجەم بولىدۇ، — دېدى جاڭ جاۋ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سوْن چوْەن بوْ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ، شۇئان جوْگې جىننىڭ بالا - چاقىلىرىنى مەھكىمىگە ساختا نەزەربەند قىلىپ قويدى؛ مەكتۇپ بىلەن جوْگې جىننى كوْنپېتىش سىچوْەنگە ماڭدۇردى. جوْگې جىن بىرنەچچە كوْن ئۆتمەستىنلا، چېڭدۇغا يېتىپ كەلدى، ئالدى بىلەن ليۇ بېيغا مەلۇم قىلىشقا كىشى كىرگۈزدى. ليۇ بېي جوْگې لياڭدىن:

— هازىر ئاغلىرى نېمە ئۈچۈن كەلدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— جىڭجوْنى قايتۇرۇۋېلىشقا كەلدى، — دېدى جوْگې لياڭ.

— قانداق جاۋاب بېرىش كېرەك؟

— ...... دەپلا جاۋاب بېرىش لازىم، — دېدى جوْگې لياڭ.

جوْگې لياڭ مەسلىھەتنى پىشۇرۇۋېلىپ قويۇپ، شەھەردىن جوْگې جىننىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى. خوْسۇسىي دەرگاھىغا باشلىماستىن يەمخانىغا باشلاپ باردى؛ باش قويۇپ سالاملىق رەسمىيەتلىرى ئادا ئېتىلگەندىن كېيىن، جوْگې جىن هۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدى. جوْگې لياڭ:

— ئاغا! گەپ - سۆز بولسا قىلسىلا، نېمىشقا كۆڭۈللىرىنى بۇزۇدىلا؟ — دېدى.

— ئۆيدىكى ئۈلۈغ - ئۇششاق بالا - چاقىلىرىمنىڭ بارلىقى هالاك بولىدىغان بولدى!

— جىڭجوْنى قايتۇرمىغانلىق ئىشى ئۈچۈن بولمىسۇن يەنە؟ ئىنىلىرى تۇپەيلى، پۈتكۈل بالا - چاقىلىرىنى قولغا ئالغان بولسا، مەن ئىنىلىرىمۇ قانداق تىنچلىنالايمەن؟ ئاغا! غەم قىلمىسىلا، جىڭجوْنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ چارىسىنى قىلاي، — دېدى جوْگې لياڭ.

جوْگې جىن ناهايىتى خۇشال بولۇپ، جوْگې لياڭ بىلەن بىرگە كىرىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى، سوْن چوْەننىڭ

مەكتۇپىنى سۇندى. مەكتۇپنى ئوقۇپ كۆرگەن ليۇ بېي دەرغەزەپ بولۇپ:

— سۇن چۈەن سىڭلىسىنى ماڭا بەرگەنىدى، جىڭجۇدا يوقلۇقىمدىن پايدىلىنىپ، سىڭلىسىنى ئوغرىلىقچە ئەكېتىپتۇ، بۇ قائىدىگە سىغامدۇ؟ مەن سىچۈەن لەشكەرلىرى بىلەن، جياڭنەنگە يۈرۈش قىلىپ، ئۆچۈمنى ئالىمەن دەۋاتسام، تېخى يەنە جىڭجۇنى دەۋا قىلامدىكىنا؟ — دېدى.

— ۋۇ بېگى ئاغامنىڭ بالا - چاقىلىرىنى تامامەن تۇتۇۋاپتۇ، ئەگەر قايتۇرمايدىغان بولساق، ئاغام بىلەن پۈتكۈل بالا - چاقىلىرى ھالاك بولىدۇ. ئاغام ئۆلتۈرۈلسە، مەن يالغۇز قانداق ئۆتىمەن؟ جانابىي پاسىبان! كەمىنە جۇگې لياڭلىرىنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن، جىڭجۇنى كۆنچىقمىش ۋۇغا قايتۇرۇپ بېرۇرلا. كەمىنىلىرى بىلەن ئاغامنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېتىبار بېرۇرلا، — دېدى جۇگې لياڭ باش قويۇپ يىغلاپ تۇرۇپ.

ليۇ بېي زادىلا ئۇنىمىدى، جۇگې لياڭ يىغلاپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالدى. ليۇ بېي ئەستە:

— خەير، مۇشاۋىرنىڭ يۈز - خاتىرىسى ئۈچۈن جىڭجۇنىڭ تېڭىنى قايتۇرۇپ، چاڭشا، لىڭلىڭ، گۈيياڭ ئۈچ ۋىلايەتنىمۇ بېرەيلى، — دېدى.

— مادامىكى ۋەدە بەردىلە، ئۈچ ۋىلايەتنى تاپشۇرۇپ بېرىش ھەققىدە گۈەن يۈيگە خەت بېرۇرلا، — دېدى جۇگې لياڭ.

— جۇگې جىن ئۇياققا بارغانلىرىدا، ئىنىمدىن چىرايلىقچە تەلەپ قىلۇرلا. ئىنىمنىڭ مىجەزى چۇس، مەن ھەم قورقىمەن. ئېھتىياتلىق بىلەن ئىش قىلۇرلا، — دېدى ليۇ بېي.

خەتنى ئالغان جۇگې جىن ليۇ بېي، جۇگې لياڭلار بىلەن خوشلىشىپ، يولغا راۋان بولدى، جىڭجۇغا كەلگەندە، گۈەن يۈي تەكلىپ قىلىپ كىردى. سالام - سەھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، جۇگې جىن ليۇ بېينىڭ خېتىنى چىقىرىپ:

— خان تاغنىسى ئالدى بىلەن ئۆچ ۋىلايەتنى كونچىقىش ۋۇغا قايتۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى، جانابىي سەركەردىنىڭ بۇگۇنلا تاپشۇرۇپ، كەمىنە جوگى جىنلىرىنى ئۆز پاسبانى بىلەن كۆرۈشۈشكە قايتۇرۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

— مەن ئاغام بىلەن شاپتۇللۇقتا خەن خاندانلىقىنى تىكلەشكە ئانت قىلىشقانمەن. جىڭجو ئەسلىدە ئۇلۇغ خەن خاندانلىقىنىڭ زېمىنى، بىرەر سۇلۇق يەرنىمۇ كىشىگە بېرەمدىكەن؟ «سەركەردىلەر چەتتىكى ۋاقتىدا، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماسلىقا ھەققى بار». گەرچە ئاغامنىڭ خېتى بولسىمۇ، زادى قايتۇرمايمەن، — دېدى گۇەن يۈي چىرايىنى تۇرۇپ.

— ھازىر ۋۇ بېگى مېنىڭ پۈتكۈل بالا ـ چاقىلىرىمنى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر جىڭجو قايتۇرۇلمىسا، ئۆلتۈرۈلۈشىمىز مۇقەررەر. سەركەردىنىڭ رەھىم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن! — دەپ ئىلتىماس قىلدى جوگى جىن.

— بۇ، — دېدى گۇەن يۈي، — ۋۇ بېگىنىڭ ھىيلىسى، بۇنىڭ بىلەن ئالدىنىپ قالمايمەن.

— سەركەردە، نېمىدەپ يۈز ـ خاتىر قىلمايدىلا؟ — دېدى جوگى جىن.

— بەس. سۆزنى توختىتايلى! — دېدى گۇەن يۈي شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ، — بۇ شەمشەر يۈز ـ خاتىر قىلمايدۇ.

— ئاتا، خاپا بولمىسىلا! مۇشاۋىرغا قانداق يۈز كېلەلەيلا، — دېدى گۇەن پىڭ.

— ئەگەر مۇشاۋىرنىڭ يۈز ـ خاتىرىنى قىلمىسام، كونچىقىش ۋۇغا قايتالمايتتىلا! — دېدى گۇەن يۈي.

خىجالەتچىلىكتىن يۈزى قىزىرىپ كەتكەن جوگى جىن شۇئان خوشلاشتى ـ دە، كېمىگە چۈشۈپ جوگى لياڭ بىلەن

كۆرۈشۈشكە يەنە كۈنپېتىش سىچۈەنگە راۋان بولدى. كەلسە جۇگې لياڭ تەپتىش ئىشلىرىغا چىقىپ كېتىپتۇ. جۇگې جىن يەنە ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشۈپ، گۇەن يۈيىنىڭ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ بايان قىلىپ بەردى. ليۇ بېي:

— ئىنىمنىڭ مىجەزى چۇس، سۆز ئۆتكۈزمەك ناھايىتى تەس، سىلى ھازىرچە قايتسىلا، مەن كۈنچىقىش سىچۇەن، خەنجۇڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىنى ئېلىپ، شۇ يەرلەرنى ساقلاشقا گۇەن يۈيىنى يۆتكەيمەن، ئەنە شۇ ۋاقىتىدا جىڭجۇنى تاپشۇرۇپ بېرەيلى، — دېدى.

ئامالسىز بولۇپ قالغان جۇگې جىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى، كۈنچىقىش ۋۇغا قايتىپ كېلىپ سۈن چۇەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى. دەرغەزەپ بولغان سۈن چۇەن:

— جۇگې جىن! بۇ بېرىپ - كېلىپ يۈرۈشلىرى پۈتۈنلەي جۇگې لياڭنىڭ ھىيلىسى بولۇپ قالمىسۇن؟ — دېدى.

— يوقسۇ. ئىنىم يىغلاپ تۇرۇپ ليۇ بېيغا مەسلىھەت بەرگىنى ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەتنى ئاۋۋال قايتۇرۇشقا ۋەدە بەرگەنىدى، گۇەن يۈي جاھىللىق قىلىپ بېرىشكە ئۇنىمىدى، — دېدى جۇگې جىن.

— مادامىكى، ليۇ بېي ئالدى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنى قايتۇرۇپ بېرەي دېگەندىن كېيىن، چاڭشا، لىڭلىڭ، گۈيياڭ ۋىلايەتلىرىگە بەگلەر تەيىنلەپ كۆرەيلى، قېنى قانداق بولىدىكىن، — دېدى سۈن چۇەن.

— جانابىي پاسىبان! سۆزلىرى ناھايىتى توغرا! — دېدى جۇگې جىن.

سۈن چۇەن جۇگې جىننى بالا - چاقىلىرىنى ئەكېتىشكە بۇيرۇدى ۋە ئۈچ ۋىلايەتكە بەگلەر تەيىنلەپ ماڭدۇردى. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەستىنلا، ئۈچ ۋىلايەتكە ئەۋەتىلگەن بەگلەر قوغلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قايتىپ كېلىپ، سۈن چۈەنگە:
— گۈەن يۈي قوبۇل قىلمىدى، كېچىلەپ ھەيدىدى، كېچىكىپ كەتكەنلەرنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، — دېيىشتى.
دەرغەزەپ بولغان سۈن چۈەن لۈ سۇنى چاقىرتىپ كېلىپ:
— ئۆتمۈشتە ليۇ بېي مېنىڭدىن جىڭجۇنى ئارىيەتكە ئالغان ۋاقتىدا، سىلى كېپىل بولغان ئىدىلە؛ ھالا ليۇ بېي كۇنپېيتىش سىچۈەننى ئېلىپ تۇرۇقلۇقمۇ، جىڭجۇنى قايتۇرۇپ بەرگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، سىلى قاراپ ئولتۇرامدىلا؟ — دەپ كايىدى.
— مەنمۇ ئويلىغان، بىر تەدبىرنى سىلىگە دېمەكچى بولۇپ تۇرغانىدىم، — دېدى لۈ سۇ.
سۈن چۈەن قانداق تەدبىر دەپ سورىدى. لۈ سۇ:
— لۈكۈغا لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، گۈەن يۈينى مەرىكىگە تەكلىپ قىلىپ كىشى ئەۋەتەيلى. گۈەن يۈي كېلىدىكەن، چىرايلىقچە سۆزلىشەيلى، ئەگەر قوبۇل قىلمايدىكەن، كاللا كېسەرلەرنى پىستىرما قويۇپ ئۆلتۈرەيلى؛ مۇبادا كېلىشكە ئۇنىمايدىكەن، شۇئان لەشكىرى يۈرۈش قىلىپ، كۈچ بىلەن جىڭجۇنى ئالايلى، — دېدى.
— بۇ مەسلىھەت پىكرىمگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. تېز ئىجرا قىلىنسۇن، — دېدى سۈن چۈەن.
— بولماسمىكى — دەپ پىكىر بەردى كەن زې، — گۈەن يۈي ئەلدىكى شىرمەت پالۋان، سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئىش جايىدىن چىقماي قالسا، ئەكسىچە ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش ئېھتىمالى بار.
— ئەگەر مۇنداق بولىدىغان بولسا، جىڭجۇنى قاچان قايتۇرۇۋالغىلى بولىدۇ؟ — دەپ كايىدى سۈن چۈەن ۋە لۈ سۇنى تېز بېجىرىشكە ماقۇل كۆردى. لۈ سۇ سۈن چۈەن بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، لۈكۈغا كېلىپ، لۈي مېڭ، گەن نىڭلار بىلەن مەسلىھەتلەشتى؛ لۈكۈ قارارگاھىنىڭ تېشىدىكى لىنجياڭ

شىپاڭىدا مەرىكە ـ سورۇن ھازىرلاتتى؛ تەكلىپنامە يېزىپ، بارگاھتىكى سۆزمەن كىشىلەردىن بىرىنى ئەلچى قىلدى ـ دە، كېمە بىلەن يولغا سالدى. دەريادىن ئۆتۈپ لىمان ئاغزىغا كەلگەندە، گۆەن پىڭ سۇرۇشتە قىلغاندىن كېيىن، ئەلچىنى جىڭجۇغا باشلاپ كىرىپ، گۆەن يۈي بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئەلچى لۇ سۇنىڭ مەرىكىگە تەكلىپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، تەكلىپنامىنى سۇندى. گۆەن يۈي خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئەلچىگە:

— لۇ سۇ تەكلىپ قىپتۇ، مەن ئەتە باراي، سىز قايتىپ تۇرۇڭ، — دېدى.

ئەلچى خوشلىشىپ كەتتى. گۆەن پىڭ:

— لۇ سۇ سىلىنى ياخشى نىيەتتە بىلەن تەكلىپ قىلغان ئەمەس، ئاتا! نېمىشقا ماقۇل دەيدىلا؟ — دېدى.

— بىلمەيتتىممۇ؟ — دېدى گۆەن يۈي كۈلۈپ، — جۇگې جىن قايتىپ بېرىپ مېنى ئۈچ ۋىلايەتنى بەرگىلى ئۇنىمىدى دەپ سۇن چۈەنگە دېگەن، شۇڭلاشقا لۇ سۇنى لۇكۇغا لەشكەر ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېنى مەرىكىگە چاقىرتىپ، جىڭجۇنى قايتۇرۇۋالماقچى. ئەگەر بارمىسام، مېنى قورقتى دەپ ھېسابلايدۇ. ئەتە كىچىك كېمىگە چۈشۈپ، ئون نەچچە خاس يىگىت بىلەن قىلىچ كۆتۈرۈپ مەرىكىگە باراي، قېنى، لۇ سۇنىڭ قانداق قىلىپ ماڭا قول سالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي.

— ئاتا! نېمىشقا قىممەتلىك ۋۇجۇدلىرىنى يولۋاس ـ بۆرىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا تاشلاپ بېرىدىلا؟ تاغامنىڭ ھاۋالىسىگە ئېتىبار بىلەن قارىمىغان بولۇپ قالارلىمىكىن، — دېدى گۆەن پىڭ.

— مەن مىڭلارچە نەيزە، تۈمەنلەرچە قىلىچ، ئوقيا، تاشبورانلار ئىچىدە، ئادەم يوق مۇھىتتىكىدەك يەككە ئېتىم بىلەن ھېچ توسقۇنسىز ھەريان كېزىمەن؛ جياڭدۇڭلۇق چاشقانلار تۈپەيدىن ئەندىشە قىلاتتىممۇ؟ — دېدى گۆەن يۈي.

www.uyghurkitap.com

— لۇ سۇ ئالىيجاناب ئادەم بولسىمۇ، — دېدى ما لياڭمۇ مەسلىھەت بېرىپ، — بۈگۈن ئىش جىددىي تۈس ئېلىپ قالدى، ئۆزگىچە نىيىتى يوق دېگىلى بولمايدۇ. سەركەردەم، يەڭگىل بارمىسىلا.

— ئۆتمۈشتە جەنگو دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىدىن بولغان لىن شياڭرۇ توخۇ باغلىيالمىغۇدەك كۈچى بولمىسىمۇ، مېيەنچى مەرىكىدە چىن بەگلىكىنىڭ بەگ ۋە ۋەزىرلىرىنى زادىلا پىسەنت قىلمىغانىدى؛ ھالبۇكى، مەن لەشكىرىي سەنئەتنى ئۆگەنگەنمەنغۇ؟ بىرنىشقا ۋەدە بەرگەنىكەنمەن، ئىناۋەتسىزلىك قىلىش يارىمايدۇ، — دېدى گۇەن يۈي.

— سەركەردەم، سىلى بارىدىغان بولسىلىمۇ، تەييارلىقىمىز بولۇشى كېرەك، — دېدى ما لياڭ.

— ئوغلۇم ئون دانە تېز ئۈزەر كېمە تاللاپ، سۇنىڭ تىلىنى ياخشى بىلىدىغان 500 لەشكەرنى يوشۇرۇپ، دەريادا كۈتۈپ تۇرسۇن. مېنىڭ نىشان تۇغۇم كۆتۈرۈلۈشى بىلەن دەريادىن ئۆتسۇن، — دېدى گۇەن يۈي.

گۇەن پىڭ بۇيرۇق بويىچە ھازىرلىق كۆرۈشكە چىقىپ كەتتى.

ئەلچى قايتىپ بېرىپ، لۇ سۇغا گۇەن يۈي ئەتە چوقۇم بارىمەن دەپ مەردانىلىك بىلەن جاۋاب بەردى، دەپ مەلۇم قىلدى. لۇ سۇ لۈي مېڭ بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— بۇ كېلىشى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ لەشكەر بىلەن كەلسە مەن ۋە گەن نىڭ بىر توپ لەشكەر بىلەن قىرغاقنىڭ يانلىرىغا پىستىرما بولايلى - دە، توپ ئېتىش بەلگىسى بىلەن، جەڭ قىلىشقا تەييار بولايلى؛ ئەگەر لەشكەرسىز كەلسە، دىۋاننىڭ ئارقىسىغا 50 كاللا كېسەرنى پىستىرما قىلىپ، ئۇنى مەرىكە - سورۇندىلا ئۆلتۈرەيلى، — دېدى

لۇي مېڭ مەسلىھەت بېرىپ.

بۇلار ئەنە شۇنداق كېلىشتى. ئەتىسى لۇ سۇ قىرغاقتا تۇرۇپ يىراقتىن كۆزىتىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ناشتىدىن كېيىن دەريادا بىر كېمە كۆرۈندى، كېمىچىسى بىلەن بولۇپ بىرنەچچىگىنە ئادەم ئولتۇرغان بۇ كېمىدە، شامالدا بىر ئەلەم لەپىلدەپ تۇراتتى، يوغان قىلىپ يېزىلغان «گۆەن» ھەرپى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كېمە بارا - بارا قىرغاققا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭدا قارا ياغلىق چىگكەن، يېشىل تون كىيگەن گۆەن يۈي كۆرۈندى. ئۇنىڭ قېشىدا قىلىچ تۇتقان جۇ ساڭ، يان قىلىچ ئاسقان سەككىز - توققۇزچە گۆەنشىلىك يىگىتلەر ئۆرە تۇراتتى. ھەيران بولغان لۇ سۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئايۋانغا باشلاپ كىردى. سالام - سەھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، مەرىكىگە تەكلىپ قىلىپ، شارابخورلۇق قىلىشتى. بەگلەر قەدەھ كۆتۈرۈپ تەكلىپ قىلغاندىمۇ، گۆەن يۈيگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. گۆەن يۈي تەبىئىي ھالدا سۆز - كۈلكىسىنى داۋام قىلدۇردى.

شاراب ئىچىلىپ يېرىم خۇش كەيپ بولغان چاغدا، لۇ سۇ:

— جانابلىرىغا بىر ئېغىز سۆزۈم بار، قۇلاق سېلىشلىرىنى سورايمەن. مۇقەددەم ئاغىلىرى خان تاغىسى، كەمىنە لۇ سۇلىرىنى پاسىبانىمغا كېپىل بېرىپ، كۇنپېتىش سىچۇەننى ئالغاندا قايتۇرۇش شەرتى بىلەن، جىڭجۇنى ۋاقىتلىق ئارىيەتكە ئالغانىدى. ھالا كۇنپېتىش سىچۇەننى ئېلىشتىلايۇ، جىڭجۇنى قايتۇرۇشمىدىلا، بۇ ئىناۋەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— بۇ پادىشاھلىق ئىشى، مەرىكىدە تەرگەشمەيلى، — دېدى گۆەن يۈي.

— بىزنىڭ پاسىبانىمىز، — دېدى لۇ سۇ داۋام قىلىپ، — كىچىككىنە جياڭدۇڭ زېمىنىدىن ئۇ جىڭجۇنى جانابىي باشلىقلارنىڭ يېڭىلىپ يىراقتىن كېلىشكەنلىرىنى

ئويلاپ، پاناھلانسۇن دەپ بەرگەن. ئەمدى يىجۇ ئايمىقىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ھەرقايسىلىرى جىڭجۇنى ئۆزلۈكلىرىدىن قايتۇرۇپ بېرىشلىرى كېرەك ئىدى؛ خان تاغىسى ئالدى بىلەن ئۇچ ۋىلايەتنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، جانابلىرى ئۇنىماپتىلا، ئېھتىمال بۇ ئىشلىرى قائىدىگە سىغمىسا كېرەك.

— ۋۇلىن ئۇرۇشىدا، سول قول سەركەردە شەخسەن ئوقيا، تاشبورانلار تەھلىكىسىگە قارىماي، ياۋنى ئۆلتۈرۈپ تارمار قىلىغاندى، ئازغىنا يەرگە ئىگە بولماي، ئەجرى بىكارغا كېتەمدۇ؟ جانابلىرى، بۇگۇن يەنە يەر دەۋاسى قىلىۋاتىدىلا! — دېدى گوەن يۇي.

— ئۇنداق ئەمەس، جانابلىرى، باشتا خان تاغىسى بىلەن چاڭبەندە يېڭىلىپ، ئىلاجىلىرى قالماي، قوۋۋەتلىرى تۈگەپ، يىراقلارغا قاچماق بولۇشقانىدىلە، پاسىبانىم ماكانسىز قالغان خان تاغىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ، زېمىنىنى ئايىماي، پاناھلاشقا جاي ئارىيەتكە بېرىپ، كېيىنكى زەپەر قۇچۇشلىرىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى؛ ھالبۇكى خان تاغىسى ئىلتىپات ياخشىلىقنى قايرىپ قويىدى، كۈنپېتىش سىچۈەننى ئېلىپ تۇرۇقلۇق يەنە جىڭجۇنى ئىشغال قىلىپ ياتماقتا، ئاچكۆزلۈك قىلىپ ھەققانىيەتكە خىلاپ ئىش قىلماقتا، بۇنىڭغا خەلقئالەم مەسخىرە قىلارمىكىن، جانابلىرى بۇنى ئوبدان بىلىدىلا، — دېدى لۇ سۇ.

— بۇلارنىڭ ھەممىۋاسى ئاغامنىڭ ئىشى، بۇ مەن ئارىلىشىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى گوەن يۇي.

— مەن جانابلىرىنى شاپتۇلۇقتا خان تاغىسى بىلەن ئۆلسەك - تىرىلسەك بىللە بولىمىز، دەپ ئەھدىلەشكەنلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۆزلىرىنى چەتكە تارتىپ نېمە قىلىدىلا؟ — دېدى لۇ سۇ.

گوەن يۇي جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، پايىدە تۇرغان جۇ ساڭ تۇۋلاپ تۇرۇپ:

— ئەلنىڭ يەرلىرىنى پەزىلەت ئىگىلىرىگىنە ئىگىلىشى كېرەك. يالغۇز سىلى كۈنچىقىش ۋۇلۇقلارنىڭ بولۇشى كېرەكمىدى؟ — دېدى.

تەرىنى بۇزغان گۆەن يۈي دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، جۇ ساڭنىڭ قولىدىكى قىلىچنى ئېلىپ، دىۋان ئوتتۇرىسىغا كېلىپ تۇردى ـ دە، جۇ ساڭغا كۆز تىكىپ، تۇۋلىغان ھالدا:

— بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئىشى، سىز نېمە تولا گەپ قىلىپ يۈرۈيسىز! يۈگۈرۈك! — دېدى.

چۈشەنگەن جۇ ساڭ ئاۋۋال دەريا قىرغىقىغا بېرىپ، قىزىل ئەلەمنى بىرلا چۆرۈۋېدى، گۆەن پىڭنىڭ كېمىلىرى ئوقيادەك جياڭدۇڭ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئوڭ قولىدا قىلىچ تۇتقان گۆەن يۈي سول قولى بىلەن لۇ سۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، مەست بولۇپ قالغان قىياپەتتە:

— جانابلىرى، بۈگۈن مېنى مەرىكىگە تەكلىپ قىلغانىدىلە، جىڭجۇ ئىشىنى تىلغا ئالمىسىلا. بۈگۈن مەن مەست بولۇپ قالدىم، بىكاردىن بىكار كونا قەدىردانلىقىمىزغا تەسىر يەتمىسۇن. باشقا بىر كۈنى جانابلىرىنى جىڭجۇغا مەرىكىگە تەكلىپ قىلىپ كىشى ئەۋەتەي، شۇ چاغدا ئايرىم كېڭەشەيلى، — دېدى.

لۇ سۇنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتتى. گۆەن يۈي لۇ سۇنى دەريانىڭ بويىغا قەدەر قويۇۋەتمەستىن بىللە ئەكەلدى. ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن چىقماق بولغان لۈي مېڭ، گەن نىڭلار گۆەن يۈينىڭ بىر قولىدا ئۇزۇن قىلىچنى، بىر قولىدا لۇ سۇنى تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، لۇ سۇغا خېيىمخەتەر يەتمىسۇن دەپ، قول سېلىشقا جۈرئەت قىلىشالمىدى. گۆەن يۈي كېمىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاندىن لۇ سۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى ۋە كېمىنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپ، لۇ سۇ بىلەن خوشلاشتى. ھاڭۋېقىپ قالغان لۇ سۇ گۆەن يۈي كېمىلىرىنىڭ شامال ياردىمى بىلەن كېتىۋاتقانلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراپ تۇرۇپ قالدى. كېيىنكىلەر گۇەن يۈينى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*كۈنچىقىش ۋۇ بەگلىرىنى كۆردى ئۇ گويا بالا،*
*باردى تىغلىق مەرىكىگە تېگەلمىدى ھېچكىم ئاڭا.*
*ئەنە شۇ يىللاردىكى باتۇرلۇقى — شىرمەتلىكى،*
*ئۇزدى مىيەن چى مەرىكىسى باتۇرى شىياڭرۇدىن يانا.*

گۇەن يۈي جىڭجۇغا قايتتى. لۇ سۇ بىلەن لۇي مېڭ كېڭەش قىلىشتى. لۇ سۇ:
— بۇ تەدبىرىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېدى.
— پاسىبانغا مەلۇم قىلايلى ـ دە، لەشكەر تارتىپ بېرىپ گۇەن يۈي بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى لۇي مېڭ.
لۇ سۇ شۈئانغا سۈن چۈەنگە مەلۇمات يوللىدى. بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان سۈن چۈەن كېڭەش ئۈيۈشتۇردى، پۈتكۈل لەشكىرىنى سەپەرۋەر قىلىپ جىڭجۇنى ئالماقچى بولدى. ئەنە شۇ پەيتتە بىردىنلا ساۋ ساۋ يەنە 30 تۈمەن لەشكەر بىلەن كېلىۋېتىپتۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. ئىنتايىن چۆچۈپ كەتكەن سۈن چۈەن لۇ سۇغا، ھازىرچە جىڭجۇغا تەگمەڭلار، لەشكەرنى خېفېي، رۇشۇيگە يۆتكەپ ساۋ ساۋغا تاقابىل تۇرۇڭلار! دەپ بۇيرۇق بەردى.

ساۋ ساۋ تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. مەسلىھەتچى فۇ گەن يەنە بىر ئىسمى يەنسەي ساۋ ساۋغا مەسلىھەت بېرىپ مەلۇمات يازدى. مەلۇمات مۇنداق يېزىلغانىدى:
ئەمەلدارلار ئالدى بىلەن نوپۇزلۇق بولۇشى،
قەلەمدارلار ئاۋۋال پەزىل ـ ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك،

دەپ ئاڭلىغانىدىم؛ نوپۇز بىلەن پەزىلەت تەكشى يۇرۇتۇلگەندە، ئاندىن پادىشاھلىق ئىشى ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇرۇن ئەل زور پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالغانىدى، ئالىيلىرى ئۇندىن توققۇزنى كۈچ بىلەن بىر تەرەپ قىلدىلا؛ ھالا ۋۇ بەگلىكى بىلەن شۇ بەگلىكىلا خان ئالىيلىرىنىڭ ئەمرى بويىچە ئىش قىلمايۋاتىدۇ. ۋۇ بەگلىكىنىڭ چاڭجياڭى، شۇ بەگلىكىنىڭ يۈكسەك تاغ توسۇقلىرى بولۇپ، لەشكىرىي كۈچ بىلەن يېڭىش قىيىن. مېنىڭچە ھازىر ئىلىم - مەرىپەت، ئەدەپ - ئەخلاق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، قورال - ياراغنى ئىشقا سالماي، لەشكەرلەرنى دەم ئالدۇرۇپ پۇرسەت كۈتەيلى. بۈگۈن نەچچە تۈمەن لەشكەر چاڭجياڭنىڭ بويىغا ئورۇنلاشساق، مۇناپىق قاراقچىلار توسۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوبدان يوشۇرۇنۇۋالسا، لەشكىرىمىز پائالىيىتىنى كۆرسىتەلمەيدۇ، تۇيۇقسىز بىر ئۆزگىرىش بولمىغۇچىلىك كۈچىمىزنى ئىشقا سالالماي قالىمىز - دە، نوپۇز - قۇدرىتىمىز بوشقا كېتىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن.

مەلۇماتنى ئوقۇپ بولغان ساۋ ساۋ تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈش قىلمايدىغان بولدى، مەكتەپلەر قۇردى، بىلىملىك زاتلارنى تەكلىپ قىلدى. ۋاڭ سەن، دۇ شى، ۋېي كەي، خې چيالار كېڭەش قىلىشىپ، ساۋ ساۋنى ۋېي ۋاڭلىقىغا مەلۇم قىلىشماق بولۇۋېدى، مىرزىبەگ شۈن يۈ:

— بولماسمىكىن، باش ۋەزىرنىڭ ئەمىلى ۋېي بەگلىك دەرىجىسىگە يېتىپ، توققۇز ئىنئام ئېلىش شەرىپىگە ئىگە بولدى، ئورنى چېكىگە يەتتى؛ بۈگۈن يەنە پادىشاھلىققا كۆتۈرىمىز دېسەك، قائىدىگە توغرا كەلمەسمىكىن، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ:

— بۇ ئادەممۇ شۇن يۈيىنى دورىماقچى! — دېدى.

شۇن يۈ ئاڭلاپ، ئەندىشە ـ غەزەپ تۈپەيلى ئاغرىپ يېتىپ قالدى ـ دە، ئون نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ۋاپات بولدى، شۇ يىلى ئۇ 58 ياشتا ئىدى. ساۋ ساۋ تەنتەنە بىلەن دەپنە قىلدۇردى. ۋېي پادىشاھى بولۇش ئىشىنى توختىتىپ قويدى.

بىر كۈنى شىيەندى خان خانىش فۇ خېنىم بىلەن ئولتۇرغىنىدا، ساۋ ساۋ شەمشىرى بىلەن سارايغا كىرىپ كەلدى. ساۋ ساۋنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن فۇ خېنىم ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. خانمۇ ساۋنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى. ساۋ ساۋ:

— سۇن چۈەن، لىيۇ بېيلار ئۆز يۇرتلىرىدا بەگ بولۇۋېلىپ، خانلىققا ئىتائەت قىلمىدى، قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېدى.

— ۋېي بېگى! سىلى ھەممىگە ئۆزلىرى ھۆكۈم قىلسۇن-لا، — دېدى خان.

— ئالىيلىرىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى، — دېدى ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ، — تاشقىرىدىكى ئادەملەر ئاڭلىسا، مېنى خاننى بوزەك قىلدى دەيدۇ.

— جانابلىرى ئەگەر ماڭا ھەمدەمدە بولىدىغان بولسىلا، ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايمەن؛ ئىلتىپات كۆرسىتىپ مېنى تاشلىمىسىلا، — دېدى خان.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ غەزەپ كۆزى بىلەن خانغا چەكچىيىپ، رەنجىگەن ھالدا چىقىپ كەتتى. خاننىڭ ئەتراپىدىكى خادىملىرى:

— يېقىندا ۋېي بېگىنىڭ ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلىماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئۆزۈڭغا قالماي چوقۇم تەختىنى تارتىۋالىدۇ، — دېيىشتى. خان بىلەن خانىش فۇ خېنىم قاتتىق يىغلىشىپ كەتتى، خانىش:

— دادام فۇ ۋەننىڭ ئۇزۇندىن بېرى ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى بار ئىدى، بۇگۈن دادامغا خەت يېزىپ ئەۋەتەي، يوشۇرۇن چاچىسىنى بەرسۇن، — دېدى.

— ئۆتمۈشتە، — دېدى خان، — دوڭ چېڭ ئىشنى يوشۇرۇن ئېلىپ بارالماي، ئەكسىچە زور قازاغا يولۇققانىدى؛ بۇگۈن سىر يەنە بىلىنىپ قالىدىغان بولسا، مەن بىلەن سىلى تامام ھالاك بولىمىز!

— كۈن بويى مۇنداق ئەنسىزلىك بىلەن ياشىغاندىن كۆرە، بۇرۇن ئۆلگەن ياخشىراق! مېنىڭچە ھەرەم خادىملىرىنىڭ ئىچىدە مۇ شۇن ئەڭ سادىقتۇر. بۇ خەتنى شۇ ئارقىلىق ئەۋەتەيلى، — دېدى خانىش خېنىم.

شۇئان مۇ شۇننى چاقىرتىپ، باشقا خادىملارنى چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. خان يىغلاپ تۇرۇپ، مۇ شۇنغا:

— مۇناپىق ساۋ ساۋ ۋېي پادىشاھى بولماقچى بولۇۋېتىپتۇ. قاچان بولمىسۇن چوقۇم تەختىنىمۇ تارتىۋالىدۇ. مەن بۇ مۇناپىقنى يوشۇرۇن يوقىتىش ھەققىدە خانىشنىڭ ئاتىسى فۇ ۋەنگە بۇيرۇق بەرمەكچىدىم، ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مۇناپىقنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى بولغاچقا، ئۇلارغا ھاۋالە قىلغىلى بولمايدۇ. خانىشنىڭ مەخپىي خېتىنى فۇ ۋەنگە يەتكۈزۈپ بېرىشكە سىزنى بۇيرۇماقچىمەن. سىزنى سادىق بولغاچقا، چوقۇم ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلماس دەپ ھېسابلايمەن، — دېدى.

— خادىملىرى ئالىيلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئىلتىپاتلىرىغا سازاۋەر بولغانمەن، ئۆلسەممۇ جاۋابىنى قايتۇرماي تۇرالمايمەن. رۇخسەت قىلسىلا خادىملىرى باراي! — دېدى مۇ شۇن ھەم يىغلاپ.

خانىش يىغلاپ تۇرۇپ خەتنى مۇ شۇنغا بەردى، مۇ شۇن خەتنى چېچىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، سارايدىن خۇپىيانە چىقىپ، فۇ ۋەن دەرگاھىغا كېلىپ خەتنى تاپشۇردى. خانىش فۇ خانىمنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان خەت ئىكەنلىكىنى كۆرگەن

www.uyghurkitap.com

فۇ ۋەن مۇ شۈنگە:

— مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ مۇخلىسلىرى ناھايىتى كۆپ، تېز بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. جياڭدۇڭدىكى سۈن چۈەن، كۇنپېتىش سىچۈەندىكى لىيۇ بېيىنىڭ لەشكىرى تاشقى تەرەپتىن يۇرۇش قىلىپ كەلسە، ساۋ ساۋ چوقۇم جەڭگە ئۆزى بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سارايدىكى سادىق ۋەزىرلەرنى ياردەمگە چاقىرىپ، بىرلىكتە جاجىسىنى بىرىشىمىز كېرەك. ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىپ ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلساق، ئاندىن نەتىجە بېرىدۇ، — دېدى.

— جانابىي خان قېيناتىسى! خان ۋە خانىشقا جاۋاب خەت يېزىپ، مەخپىي پەرمان چىقىرىشقا تەلەپ قىلۇرلەر، ۋۇ بىلەن شۇغا يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلار بىلەن لەشكىرىي يۈرۈش قىلىش، مۇناپىقنى جازالاپ خانىمىزنى خالاس قىلىش توغرىسىدا كېلىشەيلى، — دېدى مۇ شۈن.

فۇ ۋەن خەت يېزىپ مۇ شۈنگە تۇتقۇزدى. مۇ شۈن خەتنى چېچىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ فۇ ۋەن بىلەن خوشلىشىپ سارايغا قايتتى.

كىشىلەر ئەھۋالنى ئاللىقاچان ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلغانىدى. ساۋ ساۋ ئالدى بىلەن ساراي قوۋۇقى ئالدىغا كېلىپ كۈتۈپ تۇردى. قايتىپ كەلگەن مۇ شۈن ساۋ ساۋغا يولۇقتى. ساۋ ساۋ:

— نەگە بېرىپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— خانىشنىڭ تاۋى يوق بولۇپ قالغانىكەن، تېۋىپ چاقىرغىلى بۇيرۇدى، — دېدى مۇ شۈن.

— چاقىرغان تېۋىپىڭىز قېنى؟

— تېخى چاقىرىپ كەلمىدىم.

ساۋ ساۋ ئادەملىرىگە، ئاختۇرۇڭلار، دەپ توۋلىدى، ئۇلار ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى ئاختۇرۇش نەتىجىسىدە ھېچ نەرسە چىقمىغاچقا قويۇۋەتتى. قەزارا شامال باشلىقنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

ساۋ ساۋ يەنە چاقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ باشلىقىنى ئالدۇرۇپ قارىدى. بىرنەرسە بولمىغاچقا، باشلىقىنى قايتۇرۇپ بېرىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. مۇ سۇن باشلىقىنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ تەتۈر كىيىۋالدى. ساۋ ساۋ گۇمانلىنىپ، چېچىنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇدى، فۇ ۋەنىنىڭ خېتى چىقتى. ساۋ ساۋ خەتنى ئوقۇپ سۇن چۈەن، ليۇ بېيلارنى تاشقى تەرەپتىن ھەمدەمگە چاقىرماق بولغانلىقىنى بىلىپ، ئىنتايىن غەزەپلەندى، مۇ شۇننى مەخپىي ئۆيگە سولاپ سوراق قىلدى، مۇ شۇن ئىقرار قىلمىدى. ساۋ ساۋ كېچىلەپ 3000 لەشكەر بىلەن فۇ ۋەنىنىڭ دەرگاھىنى مۇھاسىرە قىلدى ـ دە، ياش ـ قېرى ھەممە ئادەملىرىنى قولغا ئالدى؛ خانىش فۇ خانىمنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خېتىنى تېپىۋالدى. فۇ ۋەنىنىڭ ئۈچ ئەۋلادى تامام قاماققا ئېلىندى. تاڭ ئېتىش بىلەن ئوردا ياساۋۇللىرى سەركەردىسى شى لۈينى يارلىقنامە بىلەن سارايغا كىرگۈزۈپ، ئالدى بىلەن خانىشتىن تامغىسىنى تاپشۇرۇۋالغۇزدى.

بۇ كۈنى خان تاشقى سارايدا شى لۈينىڭ 300 لەشكەر بىلەن كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— نېمە ئىشقا كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— ۋېي بېگىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن خانىشنىڭ تامغىسىنى ئالغىلى كېلىۋېدىم، — دېدى شى لۈي.

ئىشنىڭ ئاشكارا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن خاننىڭ قورقۇپ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ كەتتى. شى لۈي ئارقا سارايغا كىرگەندە، فۇ خانىش خانىم ئەمدى ئورنىدىن تۇرغانىدى. شى لۈي تامغىدارنى چاقىرىپ، تامغىنى سوراپ ئاچىقىپ كەتتى. ئىشنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن فۇ خانىش خانىم سارايىنىڭ ئارقىسىدىكى كىچىك خانىشلار ساراي ئۆيىنىڭ تام ئارىلىقىغا يوشۇرۇنۇۋالدى. بىر پەستىن كېيىن مىرزىبەگ خۇا شىن 500 لەشكەر بىلەن ئارقا سارايغا كىرىپ كەلدى، ساراي

خادىملىرىدىن:

— فۇ خانىش خانىم قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

ساراي خادىملىرى:

— بىلمەيمىز، — دېدى.

خۇا شىن نۆكەرلەرگە قىزىل ئىشىكنى ئاچتۇرۇپ قارىسا، ئۆيدە يوق ئىكەن؛ خۇا شىن تامنىڭ ئارىلىقىغا كىرىۋالغان بولۇشى كېرەك دەپ ئويلاپ، تامنى بۇزۇپ ئاختۇرۇشقا بۇيرۇدى. خۇا شىن خانىشنىڭ چېچىنى تۇتۇۋېلىپ سۆرەپ چىقتى. خانىش:

— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن! — دەپ يالۋۇردى.

— ۋېي بېگىمنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندە ئىلتىماس قىلىسىلا! — دېدى خۇا شىن توۋلاپ.

ئىككى نۆكەر چېچى چۇۋۇلغان، يالاڭ ئاياغ خانىشنى ئېتىرگەن پېتى ئاچىقىپ كەتتى.

ئەسلىدە خۇا شىن خېلى داڭقى بار بىلىملىك كىشى ئىدى. بۇرۇن بىڭ يۈەن، گۇەن نىڭلار بىلەن ياخشى دوست بولغاچقا، زامانداشلىرى ئۈچەيلەننى بىر ئەجدىھاغا ئوخشىتىپ: خۇا شىننى ئەجدىھانىڭ بېشى، بىڭ يۈەننى ئەجدىھانىڭ قورسىقى، گۇەن نىڭنى ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقىغا تەمسىل قىلىشاتتى. بىر كۈنى گۇەن نىڭ خۇا شىن بىلەن كۆكتاتلىقتا يەر چاناۋېتىپ، يەردە ياتقان ئالتۇننى كۆرۈپ قالدى، گۇەن نىڭ قارىماي يېرىنى چاناۋەردى، خۇا شىن قولىغا ئېلىپ قاراپ تاشلىۋەتتى. يەنە بىر كۈنى گۇەن نىڭ خۇا شىن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈۋاتاتتى، تالادا ھۆرمەتلىك ئېسىل خانىم ھارۋىلىق كېلىۋاتىدۇ، دېگەن ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن مىدىرلىمىدى، خۇا شىن كىتابىنى قويۇپ، بېرىپ قارىدى. گۇەن نىڭ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خۇا شىننى رەزىل ئادەم دەپ ھېسابلاپ بىر بورىنى ئىككى قىلىپ كېسىپ ئورنىنى ئايرىپ

ئولتۇردى ۋە خۇا شىن بىلەن بولغان دوستلۇقنى ئۈزدى. كېيىن گۇەن نىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، لياۋدۇڭغا بېرىپ ئىستىقامەت قىلدى، دائىم ئاق باشلىق كىيىپ، بىر بالىخانىدا ياشىدى، ۋېي بەگلىكىدە ئەمەلدار بولۇشقا زادى ئۇنىمىدى؛ خۇا شىن بولسا ئاۋۋال سۇن چۇەنگە، كېيىن ساۋ ساۋغا خىزمەت قىلدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ فۇ خانىش خانىمنى قولغا ئېلىش ئىشىنى بېجىردى.

كېيىنكىلەر خۇا شىن توغرىسىدا مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*شۇ زامان خۇا شىن چىقىپ كۆرسەتتى ياۋۇزلۇقىنى،*
*تۈتتى خانىشنى شۇئان بۇزۇپ سارايىنىڭ تېمىنى.*
*بولۇشۇپ زالىمغا ئۇ يولۋاسقا ئۇندۇردى قانات،*
*قالدۇرۇپ مەسخىرىگە ئۇ «ئەجدەر بېشى» دەپ نامىنى.*

گۇەن نىڭنى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمىمۇ پۈتكەندى:

*ئولتۇرۇپتۇ سالدۇرۇپ لياۋدۇڭدا گۇەن نىڭ ئۆي ـ راۋاق،*
*ئادىمى قالماپتۇيۇ، نامۇ نىشان قاپتۇ بىراق.*
*بېرىلىپ راھەتكە خۇا شىن قالدى مەسخىر كۆلكىگە،*
*كىيدى ئاق باشلىقنى گۇەن نىڭ ئالدى ئاخىر نام ـ ئاتاق.*

خۇا شىن فۇ خانىش خانىمنى تاشقى سارايغا ئاچىقتى. خانىشنى كۆرۈپ قالغان خان چۆچۈپ، مەلىكىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. خۇا شىن:

— ۋېي بېگىدىن بۇيرۇق بار، تېز يۈرۈش كېرەك! — دېدى.

— ئەمدى ھايات كۆرەلمەيدىغان بولدۇم! — دېدى خانىش خانغا قاراپ يىغلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مېنىڭمۇ ھاياتىمنىڭ قانداق بولۇشى نامەلۇم! — دېدى خان.

نۆكەرلەر خانىشنى ئاچىقىپ كەتتى، خان مەيدىسىگە ئۇرۇپ يىغلىدى ۋە يېنىدا تۇرغان شى لۇينى كۆرۈپ:

— جانابىي شى لۇي! ئالەمدە مۇشۇنداقلا ئىش بولامدۇ! — دېدى ـ دە، يىغلاپ يەرگە يىقىلىپ قالدى. شى لۇي خاننى ئەتراپىدىكىلەرگە يۆلىتىپ سارايغا ئەكىرىپ قويدى.

خۇا شىن خانىشنى تۇتقان پېتى ساۋ ساۋ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ساۋ ساۋ:

— مەن سىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلسام، سىلەر ئەكسىچە ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدۇڭلار! مەن سىزنى ئۆلتۈرمەيدىكەنمەن، سىز چوقۇم مېنى ئۆلتۈرىسىز! — دەپ تىللىدى ـ دە، ئادەملىرىگە كالتەكلىتىپ ئۆلتۈرگۈزدى ۋە دەرھال سارايغا كىرىپ، فۇ خانىش خانىم تۇغقان ئىككى بالىنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگۈزدى. شۇ كۈنى كەچتە فۇ ۋەن، مۇ شۇنلەرنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادى بولۇپ 200دىن ئارتۇق ئادەمنى تامامەن جازا مەيدانىدا ئۆلتۈرگۈزدى. ئەمەلدار ۋە ئاھالىنىڭ ھەممىسى قاتتىق قورقۇپ كەتتى. ۋاقىت جيەنئەننىڭ 19 ـ يىلى 11 ـ ئاي ئىدى.

كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە ھەسرەت چېكىپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*ۋەھشىيلىك بابىدا يوق ساۋ ساۋغا تەڭداش ھېچ كىشى،*
*ئۆزى سادىق مەرد تۇرۇپ نە بولدى فۇ ۋەننىڭ ئىشى.*
*ئىسىتەي! خانىش خېنىم بولدى بۈگۈن خاندىن جۇدا،*
*يەتمىدى پۇقراغىمۇ بۇ ئەر ـ خوتۇن قولداشلىقى.*

فۇ خانىش خانىم ئۆلتۈرۈلگەندىن باشلاپ، شيەندى خان بىرنەچچە كۈن تاماق يېمىدى. ساۋ ساۋ كىرىپ:

— ئالىيلىرى، غەم قىلمىغايلا. خادىملىرىنىڭ ئۆزگىچە نىيىتى يوق. مېنىڭ بىر كەرىمەم بار، ئالىيلىرىغا رەپىقە بولسۇن، ئۆزى ئىنتايىن ئاقىل، بەك ۋاپادار دۇر، رەسمىي ئوردا خانىمى بولۇشقا لايىقتۇر، — دېدى.
شيەندى خان ياق دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنداق قىلىپ جيەنئەننىڭ 20 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يېڭى يىل بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن، ساۋ ساۋنىڭ قىزى ساۋ گۈيرېن رەسمىي خانىش قىلىندى. خاننىڭ قول ئاستىدىكى بەگلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىرنەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.
بۇ ۋاقىتتا ساۋ ساۋنىڭ نوپۇز - قۇدرىتى كۈنسايىن ئۆسۈۋەردى، ئۇ ۋۇ بەگلىكى بىلەن شۇ بەگلىكىنى يوقىتىش ھەققىدە ۋەزىرلەرنى كېڭەشكە چاقىردى. جيا شۈي:
— شيا خۇدۇن بىلەن ساۋ رېننى چاقىرتىپ، بۇ ئىشنى كېڭەشەيلى، — دېدى.
ساۋ ساۋ دەرھال ئۇلارنى كېچىلەپ چاقىرىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى. ساۋ رېن شيا خۇدۇندىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى ۋە كېچىلەپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن ساۋ ساۋ سارىيىغا كىردى. ساۋ ساۋ مەست بولۇپ يېتىپ قالغانىكەن، شۈي چۇ شەمشىرىنى تۇتۇپ دېۋان ئىشىكىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپتۇ. ساۋ رېن كىرمەكچى بولۇۋېدى، شۈي چۇ توسۇۋالدى. غەزەپلەنگەن ساۋ رېن:
— مەن باش ۋەزىرنىڭ تۇغقىنى بولىمەن، نېمىدەپ توسىسىز؟ — دېدى.
— سەركەردە، سىلى تۇغقىنى بولسىلىمۇ، چەت - ياقا جايلارنى ساقلىغۇچى بەگ، مەن شۈي چۇ يات بولساممۇ، ھازىر ئىچكى ياساۋۇلمەن. جانابىي پاسىبانىم مەست بولۇپ دېۋاندا يېتىپ قالدى، سىلىنى كىرگۈزەلمەيمەن، — دېدى شۈي چۇ.
ساۋ رېن بۇنى ئاڭلاپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى، ساۋ ساۋ بۇنى ئاڭلاپ: «شۈي چۇ ھەقىقىي سادىق خادىم ئىكەن!»

دەپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. بىرنەچچە كۈنگە قالماي شىيا خۇدۇنمۇ يېتىپ كەلدى. بىرلىكتە يۈرۈش قىلىش توغرۇلۇق كېڭەش قىلىشتى. شىيا خۇدۇن:

— ۋۇ، شۇلارغا ئالدىراپ تېگىش قىلغىلى بولمايدۇ، ئالدى بىلەن خەنجۇڭدىكى جاڭ لۇنى يوقىتايلى ـ دە، غالىب قوشۇن شۇغا يۈرۈش قىلساق، گاچلا قىلىپ ئېلىۋالىمىز، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— بۇ دەل مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولدى، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە شۇئان لەشكەر بىلەن كۈنپېتىشقا يۈرۈشنى باشلىۋەتتى.

دەرھەقىقەت:

*خانىنى بوزەك قىلدى ئۇ قاتىللىقىنى كۆرستىپ،*
*كەتتى زور لەشكەرنى باشلاپ ئۆزگە يۇرتقا يول ئېلىپ.*

كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش يەتتىنچى باب

## ساۋ ساۋنىڭ خەنجۇڭ تەۋەسىدە تىنچلىق ئورناتقانـ
## لىقى
## جاڭ لياۋنىڭ شياۋ ياۋجىننى زىلزىلىگە كەلتۈرـ
## گەنلىكى

ئەلقىسسە، كۆنپېتىشقا يۈرۈش قىلغان ساۋ ساۋ ئۆز لەشكەرلىرىنى ئۈچ قىسىمغا بۆلدى. شيا خۇيۇەن بىلەن جاڭ خېتى تۇرشاۋۇل قىسىمنى، ئۆزى باشقا پالۋانلار بىلەن بارگاھ لەشكىرىنى باشلاپ ماڭىدىغان بولدى. ساۋ رېن بىلەن شيا خۇدۇن ھىماتچى قوشۇننى باشلاپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان بولدى. ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى ئاللىقاچان خەنجۇڭغا يەتكۈزدى. جاڭ لۇ ئىنىسى جاڭ ۋېي بىلەن ياۋنى چېكىندۈرۈش تەدبىرى ھەققىدە كېڭەشتى. جاڭ ۋېي:

— خەنجۇڭنىڭ توسالغۇ بولغۇدەك ئەڭ مۇھىم يېرى ياڭپىڭگۇەن قورۇلى. قورۇلنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى تاغـ ئورمانلار يېنىدا ئون نەچچە لەشكەرگاھ قۇرۇپ، ساۋ ساۋ لەشكىرىگە تاقابىل تۇرساق. ئاغا، سىلى خەنزىڭدا تۇرۇپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكنى كۆپلەپ يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرسىلا، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

جاڭ لۇ ماقۇل كۆرۈپ، چوڭ پالۋانلىرىدىن ياڭ ئاڭ، ياڭ رېنلارنى ئىنىسى بىلەن شۇ كۈنىلا يولغا سالدى. لەشكەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياڭپىڭگۈەن قورۇلغا كېلىپ، لەشكەرگاھلار قۇرۇپ ئورۇنلاشتى. ساۋ ساۋنىڭ تۇرشاۋۇل قىسمىنى باشلاپ ماڭغان شيا خۇيۇەن، جاڭ خېلارمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ياڭپىڭگۈەن قورۇلىدا هازىرلىق كۆرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قورۇلدىن 15 چاقىرىم نېرىغا لەشكەرگاھ قۇردى. بۇ كېچە لەشكەرلەر ھېرىپ كەتكەچكە، دەم ئېلىشتى. تۇيۇقسىز لەشكەرگاھنىڭ ئارقىسىدىن يانغىن چىقتى ــ دە، ياڭ ئاڭ، ياڭ رېنلار ئىككى تەرەپتىن باستۇرۇپ كەلدى. شيا خۇيۇەن، جاڭ خې دەرھال ئاتلانغۇچە تەرەپ ــ تەرەپتىن نۇرغۇن لەشكەر تۇرۇلۇپ كېلىپ قېلىپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى، ئۇلار ئارقىغا چېكىنىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. غەزەپلەنگەن ساۋ ساۋ:

— ئىككىڭلار نۇرغۇن يىللار لەشكىرىي يۈرۈشتە بولغانىدىڭلار. «لەشكەر ئۇزۇن سەپەر قىلىپ ھېرىپ ــ ئېچىپ كەتكەندە قارارگاھ باسقىنىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم» لىقىنى بىلمەيتتىڭلارمۇ؟ نېمىشقا هازىرلىق كۆرمەيسىلەر؟ — دەپ كايىدى ــ دە، لەشكىرىي قانۇننىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ، ئىككىيلەننى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. كۆپ بەگلەر ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالدى.

ئەتىسى ساۋ ساۋ ئۆزى تۇرشاۋۇل قىسمىنى باشلاپ كەلدى، تاغ يوللىرىنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، دەرەخلەرنىڭ قويۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوللىرىنى بىلەلمەي، پىستىرمىغا لەشكەر قويۇلغان بولمىسۇن دەپ لەشكەر باشلاپ قارارگاھىغا قايتتى. ساۋ ساۋ شۈي چۇ، شۈي خۇاڭ ئىككى پالۋانغا:

— بۇ جاينىڭ مۇنداق خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، چوقۇم يۈرۈش قىلمىغان بولاتتىم، — دېدى.

— لەشكەرلەر بۇ يەرگە كېلىپ قالدى، جانابىي پاسبان، زەخمەت چېكىشتىن قورقماسلىق كېرەك، — دېدى شۈي چۇ.

ساۋ ساۋ ئەتىسى شۇي چۇ بىلەن شۇي خۇاڭنىلا ئېلىپ جاڭ ۋېينىڭ قارارگاھىنى كۆزىتىشكە كەلدى. ئۈچ ئات تاغنىڭ يانباغرىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندە، جاڭ ۋېينىڭ قارارگاھى كۆرۈندى. ساۋ ساۋ قامچىسى بىلەن يىراقنى كۆرسىتىپ ئىككى پالۋانغا:

— بۇ قەدەر پۇختا ئورنىشىۋاپتۇ، تېز تارمار قىلىش قىيىن، — دېدى.

ئەمدىلا سۆزلەپ تۇرۇشىغا ئارقىدىن تارتىلغان بىرلا نەرە بىلەن تەڭ ئوقيا يېغىپ كەتتى. ياڭ ئاڭ، ياڭ رېنلار ئىككى يوللاپ چاپ - چاپ قىلىپ كەلدى. ساۋ ساۋ ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. شۇي چۇ:

— مەن ئوغرىلارنى توسۇي، شۇي خۇاڭ، سىلى جانابىي پاسىبانىنى ياخشى قورۇقدىسىلا! — دەپ توۋلىدى - دە، قىلىچىنى ئېلىپ ئالغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، ئىككى پالۋانغا تاقابىل تۇردى. ياڭ ئاڭ، ياڭ رېنلار شۇي چۇغا تەڭ كېلەلمەي چېكىندى، باشقىلار ئالغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇي خۇاڭ ساۋ ساۋنى قورۇقداپ، تاغنىڭ باغرىدىن ئۆتكەندە، ئالدىدىن يەنە بىر توپ لەشكەرلەر چىقىپ قالدى؛ قارىسا شيا خۇيۇەن، جاڭ خېلار ئىكەن، ئۇلار چۇقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ لەشكەر باشلاپ ھەمدەمگە كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ياڭ ئاڭ، ياڭ رېنلارنى چېكىندۇرۇپ، ساۋ ساۋنى قۇتۇلدۇرۇپ، قارارگاھىغا قايتتى. ساۋ ساۋ تۆت پالۋاننى ئوبدان تارتۇقلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە تېگىش قىلماي، ئەللىك نەچچە كۈنگىچە جىم ياتتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىگە چېكىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. جيا شۇي:

— ياۋنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقىنى تېخى بىلمەي تۇرۇپ، نېمىشقا ئۆزلۈكىمىزدىنلا چېكىنىمىز؟ — دېدى.

— ياۋ لەشكىرى، — دېدى ساۋ ساۋ، — ھەر كۈنى

دېگۈدەك تەق بولۇپ سەگەك تۇرغاچقا، ئۇلارنى يېڭىش ناھايىتى قىيىن دەپ ئويلايمەن. بىز لەشكەرنى چېكىندۇرسەك، ياۋ بوشىشىپ، تەييارلىق كۆرمەيدۇ، ئاندىن بىز يېنىك چەۋەندازلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز تېگىش سالساق، ئۇلارنى چوقۇم يېڭىمىز.

— باش ۋەزىر سىلىنىڭ كارامەت تەدبىرلىرىگە ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، — دېدى جيا شۈي.

شۇنىڭ بىلەن شيا خۇيۈەن، جاڭ خېلارنى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، 3000دىن يېنىك چەۋەنداز بىلەن چىغىر يول ئارقىلىق ياڭپىڭگۇەن قورۇلىنىڭ ئارقىسىدىن تۇيۇقسىز تېگىشكە بۇيرۇدى. ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى بۇ تەرەپتە قارارگاھنى تامام يىغىشتۇرۇپ لەشكىرىنى باشلاپ ماڭدى. ساۋ ساۋ لەشكىرىنىڭ چېكىنگەنلىكىنى ئاڭلىغان ياڭ ئاڭ ياڭ رېننى كېڭەشكە چاقىرىپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوغلاپ تېگىش قىلساق، دېدى. ياڭ رېن:

— ساۋ ساۋنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى تولا، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەستىن تۇرۇپ، قوغلاشقا بولماسمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— سىلى بارمايدىغان بولسىلا، مەن ئۆزۈم باراي، — دېدى ياڭ ئاڭ.

ياڭ رېن ھەرقانچە توسۇسىمۇ ياڭ ئاڭ ئۇنىمىدى. ئۇ قارارگاھنى ساقلاشقا ئازغىنا لەشكەر قالدۇردى - دە، بەش قارارگاھتىكى لەشكەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئېلىپ ماڭدى. شۇ كۈنى تۇمان بولغاچقا، قارشىسىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈپ بولمايتتى. ياڭ ئاڭ لەشكىرى يېرىم يولغا كەلگەندە، ماڭالماي قالغاچقا، ۋاقىتىنچە توختاپ قالدى.

شيا خۇيۈەن لەشكەر بىلەن تاغنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتكەندە، پۈتكۈل ئەتراپنى تۇمان قاپلىۋالدى. شيا خۇيۈەن ئادەملەرنىڭ

سۆزلەشكەن، ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پىستىرما لەشكەر بار ئوخشايدۇ دەپ، لەشكەرلىرىنى ئالدىرىتىپ ماڭغۇزدى، بۇلار تۇماندا ئادىشىپ، ياڭ ئاڭ قارارگاھى ئالدىغا كېلىپ قالدى. قارارگاھنى ساقلاپ تۇرغان لەشكەرلەر ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ياڭ ئاڭ لەشكىرى بىلەن قايتىپ كەلگەن بولسا كېرەك دەپ، قارارگاھ قوۋۇقىنى ئاچتى، ساۋ ساۋ لەشكىرى تۇرۇپلا كىرىپ كەتتى، قارىسا ئادەم يوق ئىكەن، ئۇلار قارارگاھقا ئوت قويدى. بەش قارارگاھتىكى لەشكەر قارارگاھنى تاشلاپ پۈتۈنلەي قېچىپ كەتتى. تۇمان تارقالغاندىن كېيىن ياڭ رېن ئۇلارنى قۇتقۇزۇشقا لەشكەر باشلاپ كەلدى. ئۇ شيا خۇيۇەن بىلەن بىرنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، ئارقىدىن جاڭ خې لەشكىرى كېلىپ قالدى. قىرغىن قىلىپ يۇرۇپ يول ئاچقان ياڭ رېن نەنجىنگە قاچتى. ياڭ ئاڭ قايتماقچى بولغان ۋاقتىدا، شيا خۇيۇەن بىلەن جاڭ خې ئۇنىڭ قارارگاھىنى ئىگىلەپ ئېلىشقانىدى. ئارقىدىن بولسا ساۋ ساۋ بۈيۈك لەشكەر بىلەن قوغلاپ كېلىپ قالدى. ئۇنى ئىككى تەرەپلەپ ئارىغا ئېلىپ چاپ - چاپ قىلغاچقا، ھەممە تەرەپتىن يولى ئېتىلدى. سەپنى بۆسۈپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان ياڭ ئاڭ دەل جاڭ خېغا دۇچ كەلدى، بۇلار بىر - بىرى بىلەن ئېلىشتى، جاڭ خې ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. يېڭىلگەن لەشكەرلەر ياڭپىڭگۇەنگە كېلىپ، جاڭ ۋېي بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە، جاڭ ۋېي ئىككى پالۋاننىڭ يېڭىلىپ قاچقانلىقىنى، قارارگاھلارنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ يېرىم كېچىدە قورۇلىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەنىدى. ساۋ ساۋ دەرھال ياڭپىڭگۇەن بىلەن قارارگاھلارنى ئىگىلىۋالدى. جاڭ ۋېي، ياڭ رېنلار قايتىپ كېلىپ جاڭ لۇ بىلەن كۆرۈشتى. جاڭ ۋېي ئىككى پالۋان مۇھىم ئېغىزلارنى قولدىن بېرىپ قويغاچقا، ئۆتكەلنى ساقلاشقا بولمىدى دېيىدى، جاڭ لۇ دەرغەزەپ بولۇپ ياڭ رېننى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ياڭ

رىن:

— ساۋنى قوغلىمايلى دەپ، ياڭ ئاڭغا مەسلىھەت بەرگەنىدىم، زادىلا ئاڭلىمىدى، شۇڭا يېڭىلىپ قالدۇق. مەن يەنە بىر لەشكەر بىلەن جەڭگە باراي، چوقۇم ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرىمەن. ئەگەر يېڭىلىپ قالسام، لەشكىرىي قانۇن بويىچە جازالىنىشقا رازىمەن، — دېدى. جاڭ لۇ تىلخەت ئالدى. ياڭ رىن ئاتلىنىپ، 2 تۈمەن لەشكەر بىلەن نەنجىڭدىن چىقىپ قارارگاھ قۇردى.

لەشكەر بىلەن ئىلگىرىلىمەكچى بولغان ساۋ ساۋ ئالدى بىلەن شيا خۇيۈەننى 5000 لەشكەر بىلەن نەنجىڭ يولىنى چارلاپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار دەل ياڭ رىن لەشكىرىگە كەزلەشتى، ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشتى، ياڭ رىن قول ئاستىدىكى پالۋانى جاڭ چىنى مەيدانغا چىقاردى، ئۇ شيا خۇيۈەن بىلەن ئېلىشتى، ئۈچ رەددى بەدەل ئۆتۈلمەستىنلا، شيا خۇيۈەن جاڭ چىنى قىلىچلاپ تاشلىدى. ياڭ رىن ئۆزى نەيزىسىنى ئېلىپ شيا خۇيۈەنگە ئات سالدى، ئۇ شيا خۇيۈەن بىلەن ئوتتۇز نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشتى، بۇلار بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. شيا خۇيۈەن يېڭىلگەندەك بولۇپ قاچتى، ياڭ رىن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى، شيا خۇيۈەن ھىيلە بىلەن ياڭ رىننى قىلىچلاپ تاشلىدى. لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ قاچتى. شيا خۇيۈەننىڭ ياڭ رىننى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ دەرھال يۈرۈش قىلىپ توپتوغرا نەنجىڭنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قارارگاھ قۇردى. جاڭ لۇ دەرھال قەلەمدار - ئەلەمدارلار، بەگ - سىپاھلارنى كېڭەشكە چاقىردى. يەن پۇ:

— مەن بىر ئادەم تونۇشتۇرىمەن، بۇ ئادەم ساۋ ساۋنىڭ پالۋانلىرىغا تاقابىل تۇرالايدۇ، — دېدى. جاڭ لۇ كىملىكىنى سورىدى.

— نەنئەندىكى پاڭ دې مۇقەددەم ما چاۋ بىلەن جانابلىرىدىن پاناھ تىلىگەنىدى؛ كېيىن ما چاۋ كۇنپېتىش سىچۇەنگە يۈرىدىغان

ۋاقتىدا، پاڭ دې ئاغرىپ قېلىپ قالغانىدى. جانابلىرى، ئىلتىپات قىلىپ بۇ ئادەمنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدىلە، نېمىشقا بۇ ئادەمنى بۇيرۇمايمىز؟ — دېدى يەن پۇ.

جاڭ لۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ دەرھال پاڭ دېنى چاقىرتىپ كەلدى، ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىپ ھال - ئەھۋال سورىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا 1 تۈمەن لەشكەر بېرىپ جەڭگە بۇيرۇدى. ئۇ شەھەردىن ئون نەچچە چاقىرىم يەرگە بارغاندا، ساۋ ساۋ لەشكىرىگە مۇقابىل بولدى. پاڭ دې مەيدانغا چىقىپ قارشى تەرەپنى جەڭگە ئۈندىدى. ساۋ ساۋ ۋېيچياۋدىكى ۋاقتىدىلا پاڭ دېنىڭ باتۇرلۇقىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەچكە، پالۋانلىرىغا:

— پاڭ دې شىلياڭنىڭ جەسۇر پالۋانى بولۇپ، ئەسلىدە ما چاۋنىڭ كىشىسى ئىدى، بۈگۈن گەرچە جاڭ لۇنىڭ قېشىدا بولسىمۇ، ئۇنىڭغا قەلبىدىن بېرىلگىنى يوق، مەن بۇ ئادەمگە ئىگە بولماقچىمەن. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئاستا جەڭ قىلىپ ھارغۇزۇڭلار، ئاندىن ئۇنى تۇتىمىز، — دېدى.

ئالدى بىلەن جاڭ خې چىقىپ، بىرنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپلا قايتتى. شيا خۇيۇەنمۇ بىرنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپ قايتتى، شۈي خۇاڭمۇ تۆت - بەش رەددى بەدەل ئېلىشىپ قايتتى، ئاخىردا شۈي چۇمۇ ئەللىك نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپ قايتتى. تۆت پالۋان بىلەن جەڭ قىلغان پاڭ دې زادىلا قورقمىدى. پالۋانلارنىڭ ھەممىسى ساۋ ساۋ ئالدىدا پاڭ دېنىڭ لەشكىرىي سەنئەتتىكى ماھارىتىنى ماختاشتى. كۆڭلىدە خۇرسەن بولغان ساۋ ساۋ پالۋانلار بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— بۇ ئادەمنى قانداق قىلىپ ئەل قىلدۇرساق بولاركىن؟ — دېدى.

— جاڭ لۇنىڭ ياڭ سۇڭ دېگەن بىر مۇشاۋىرى بار، ناھايىتى پارىخور. ھازىر يوشۇرۇنچە ئالتۇن، كىمخابلار سوۋغا قىلىپ، پاڭ دې بىلەن جاڭ لۇنىڭ ئارىسىغا پىتنە سالايلى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدىلا پاك دېنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، — دېدى جيا شۆي.

— ئادەمنى نەجىڭگە قانداق كىرگۈزىمىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— بىز ئەتىكى جەڭدە يېڭىلگەندەك بولۇپ، قارارگاھنى تاشلاپ قاچايلى، پاڭ دې قارارگاھىمىزنى ئىگىلىسۇن، بىز كېچىسى شەبىخۇن قىلىپ قارارگاھىمىزنى قايتۇرۇۋالساق پاڭ دې شەھەرگە چېكىنىدۇ، سۆزمەن نۆكەردىن بىرىنى ياۋ لەشكەرلىرىچە كىيىندۇرىمىز ـ دە، ئۇسۇپ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، شەھەرگە كىرسۇن، — دېدى جيا شۆي.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، ئىش بىلەرمەن ئەپچىل نۆكەردىن بىرنى تاللاپ، ئۇبدان تارتۇقلىدى، ئىچىگە يۇرەك دالدىلىغۇچ ئالتۇن ساۋۇتتىن بىرنى، تېشىغا خەنجۇڭ لەشكەرلىرىچە كىيىندۇرگۈزۈپ، ئاۋۋال يېرىم يولغا بېرىپ كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئەتىسى ئالدى بىلەن شيا خۇيۈەن، جاڭ خېلار ئىككى توپ لەشكەر بىلەن يىراقتا بېرىپ پىستىرما قىلدۇردى؛ شۆي خۇاڭنى جەڭگە ئۇندەشكە چىقاردى، شۆي خۇاڭ بىرنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپلا قاچتى، پاڭ دې لەشكىرى بىلەن باستۇرۇپ كەلدى، ساۋ ساۋ لەشكىرى ئارقىغا چېكىنىۋەردى، پاڭ دې ساۋ ساۋ قارارگاھىنى ئالدى. قارارگاھتىكى نۇرغۇن ئاشلىق ـ تۇلۇك، يەم ـ خەشەكنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدى، دەرھال جاڭ لۇغا مەلۇمات يوللىدى؛ ئۆزى قارارگاھتا قۇتلۇقلاش مەرىكىسى ئۆتكۈزدى. شۇ كېچە ئەلياتقۇدىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا ئۈچ تەرەپتىن يانغىن چىقتى؛ ئوتتۇرىدا شۆي خۇاڭ، شۆي چۇ، سولدىن جاڭ خې، ئوڭدىن شيا خۇيۈەن بولۇپ، ئۈچ يول لەشكىرى تەڭلا قارارگاھ باسقىنىغا كەلدى. ھازىرلىقسىز تۇرغان پاڭ دې ئاتلىنىپ ياۋ سېپىنى يېرىپ چىقىپ شەھەرگە قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

ئارقىدىن ئۈچ يول لەشكىرى قوغلاپ كەلدى. پاڭ دې تېزلىكتە شەھەر قوۋۇقىنى ئاچتۇرۇپ، ئالدىراپ - تېنەپ لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە كىرىۋالدى.

بۇ ۋاقىتدا ھىلىقى ئەۋەتىلگەن ئايغاقچىمۇ لەشكەرلەرگە ئارىلىشىپ شەھەرگە كىردى - دە، ياڭ سۇڭنىڭ قورۇسىغا كېلىپ كۆرۈشتى ۋە:

— باش ۋەزىر ساۋ ساۋ ئۆز ۇزۇندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ نام - شۆھرەتلىرىنى ئاڭلىغانىكەن، ئالاھىدە بۇ ئالتۇن ساۋۇتنى ھەدىيە قىلىپ ئەۋەتتى، — دەپ مەخپىي خەتنى سۇندى.

ئىنتايىن خورسەن بولغان ياڭ سۇڭ مەخپىي خەتنى ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدى، ئايغاقچىغا:

— ۋېي بېگىگە بېرىپ ئېيتىڭ، خاتىرجەم بولسۇن. مەن ياخشى تەدبىر بىلەن خىزمىتىنى قىلىمەن، — دېدى - دە، كەلگەن ئادەمنى قايتۇردى. ئۇ كېچىلەپ جاڭ لۇ قېشىغا كىرىپ:

— پاڭ دې ساۋ ساۋدىن پارا ئېلىپ، بۇ مەيدان جەڭنى سېتىپتۇ، — دېدى.

دەرغەزەپ بولغان جاڭ لۇ پاڭ دېنى چاقىرتىپ كايىپ تىللىدى ۋە ئۆلتۈرمەكچى بولدى. يەن پۇ ناھايىتى تەسلىكتە تىلىۋالدى. جاڭ لۇ:

— ئەتە جەڭگە چىقىسىز، يېڭىلىپ قالىدىكەنسىز، چوقۇم ئۆلۈمگە بۇيرۇيمەن! — دېدى.

پاڭ دې دەرد - ئەلەم ئىچىدە چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى شەھەرگە تېگىش قىلدى، پاڭ دې لەشكەر بىلەن شەھەردىن چىقتى. ساۋ ساۋ شۈي چۇنى مەيدانغا چىقاردى، شۈي چۇ يېڭىلگەن بولۇپ قاچتى. پاڭ دې قوغلىدى. يانباغرىنىڭ ئۈستىدە ئاتلىق تۇرغان ساۋ ساۋ:

— پاڭ دې! نېمىشقا بۇرۇنراق ئەل بولمايسىز؟ — دەپ توۋلىدى.

پاك دې: «ساۋ ساۋنى تۇتۇۋالسام، 1000 پالۋاننى تۇتقاندەك بولىمەن!» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئېتىنى يانباغرىغا چاپتۇردى. تارتقان بىر نەرە ئاۋازى بىلەن تەڭ، ئاسمان يىقىلىپ، يەر يېرىلغاندەكلا بولدى، ئۇ ئات ـ پېتى بىلەنلا ئورىغا چۈشۈپ كەتتى، ھەر تاماندىن ئىلمەك ـ ئوقۇرۇق، سالمىلار تەڭلا سوزۇلۇپ، پاك دېنى تىرىك تۇتۇۋالدى، ئۇنى يانباغرىغا ئاچىقىشتى. ساۋ ساۋ ئېتىدىن چۈشۈپ، نۆكەرلەرنى تۇۋلاپ نېرىغا كەتكۈزۈۋەتتى، ئاندىن ئۆز قولى بىلەن ئۇنى بەندىتىن بوشىتىپ، ئەل بولامسىز؟ دەپ سورىدى. پاك دې جاڭ لۇنىڭ ئىنسانىيەتسىز ئادەم ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ ئەل بولدى. ساۋ ساۋ ئۇنى قولتۇقلاپ ئاتلاندۇردى، سىپىلدىكىلەرنى كۆرسۇن دەپ، ئەتەيگە بىللە چوڭ قارارگاھقا قايتىپ كەلدى. ئادەملەر جاڭ لۇغا پاك دې ساۋ ساۋ بىلەن ئاتلىق يانمۇيان يۈرىدۇ، دەپ مەلۇم قىلدى. جاڭ لۇ ياڭ سۇڭ سۆزىنىڭ راستلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندى.

ئەتىسى ساۋ ساۋ ئۈچ تەرەپلەپ ئۇزۇن شوتىلارنى قويۇپ، ئاتقۇچ توپ بىلەن تېگىش قىلدى. ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن جاڭ لۇ ئىنىسى جاڭ ۋېي بىلەن كېڭەش قىلدى. جاڭ ۋېي:

— ئامبار ـ خەزىنىلەرنى تامام كۆيدۈرەيلى، نەنشەن بىلەن بېرىپ، باجۇڭنى ساقلايلى، — دېدى.

— ئەڭ ياخشىسى قوۋۇقنى ئېچىپ ئەل بولايلى! — دەپ مەسلىھەت بەردى ياڭ سۇڭ.

جاڭ لۇ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇراتتى. جاڭ ۋېي:

— زادى ئوت قويۇۋېتىپ مېڭىش كېرەك، — دېدى.

— مەن ئەسلىدە، خانلىقنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماقچىدىم، نىيىتىمگە يېتەلمىدىم؛ بۈگۈن ئامالسىزلىقتىن بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ، ئامبار ـ خەزىنىلەر پادىشاھلىقنىڭ

بولغاچقا، كۆيدۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ، — دېدى جاڭ لۇ ۋە ئامبار- خەزىنىلەرنى شۇئان پېچەتلىتىپ قۇلۇپ سالدۇردى - دە، ئەلياتقۇ ۋاقتىدا پۇتكۇل بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، تۆۋەن قوۋۇقتىن بۆسۇپ چىقتى. ساۋ ساۋ قوغلاتقۇزماي، لەشكەرلىرى بىلەن نەنجېڭگە كىردى؛ جاڭ لۇنىڭ ئامبار - خەزىنىسىنى پېچەتلىتىپ قويغانلىقىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى ۋە دەرھال باجۇڭغا كىشى ئەۋەتىپ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلدى. جاڭ لۇنىڭ ئەل بولغۇسى بولىسىمۇ، جاڭ ۋېي ئۇنىمىدى. ياڭ سۇڭ باجۇڭغا يۇرۇش قىلىش ھەققىدە ساۋ ساۋغا مەخپىي خەت يېزىپ، ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى. خەتنى ئالغان ساۋ ساۋ شەخسەن باجۇڭغا لەشكەر باشلاپ كەلدى. جاڭ لۇ ئىنىسى جاڭ ۋېينى لەشكەر بىلەن جەڭگە چىقاردى، ئۇ شۈي چۇ بىلەن ئېلىشتى، شۈي چۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. يېڭىلگەن لەشكەرلەر قايتىپ كىرىپ جاڭ لۇغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. جاڭ لۇ شەھەرنى قەتئىي ساقلىماقچى بولدى.

ياڭ سۇڭ:

— بۈگۈن چىقىپ كەتمىسەك، ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بولىمىز. مەن شەھەرنى ساقلاي. پاسبان، سىلى چىقىپ شەخسەن ھەل قىلغۇچ بىر جەڭ قىلسىلا، — دەپ مەسلىھەت بەردى. جاڭ لۇ بۇنى ماقۇل كۆردى. يەن پۇ جاڭ لۇنى چىقمىسىلا دەپ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، جاڭ لۇ ئۇنىماي، شۇئان ياۋغا قارشى لەشكەر باشلاپ چىقتى. جەڭ باشلىنا - باشلانماي تۇرۇپلا سەپ ئارقىدىكىلەر قېچىشقا باشلىدى. جاڭ لۇ دەررۇ چېكىنمەكچى بولۇۋېدى، ئارقىدىن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قوغلاپ كەلدى. جاڭ لۇ سېپىلنىڭ تۈۋىگە كەلدى، ياڭ سۇڭ قوۋۇقنى ئەتتۈرۈۋېلىپ ئاچقۇزمىدى. جاڭ لۇغا مېڭىش يولى قالمىدى، ساۋ ساۋ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ:

— نېمىشقا بۇرۇنراق ئەل بولمايسىز! — دەپ توۋلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاڭلۇ ئاتتىن چۈشۈپ باش قويۇپ ئەل بولدى. ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭ ئامبار - خەزىنىلەرنى پېچەتلەپ قويغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، پەۋقۇلئاددە ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى - دە، جاڭلۇغا تۆۋەن تەرەپنى تىنچىتىش سەركەردىسى دېگەن مەرتىۋە بەردى. يەن پۇ قاتارلىقلارغا ئاددەتتىكى بەگلىك مەرتىۋىسى بەردى. شۇنداق قىلىپ پۈتكۈل خەنجۇڭ تەۋەسىدە تىنچلىق ئورناتتى. ساۋ ساۋ ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ھاكىم، سەرلەشكەرلەر تەيىنلەپ، لەشكەرلەرنى ئوبدان تارتۇقلىدى. يالغۇز ياڭ سۇڭ پاسىباننى سېتىش ھېسابىغا شەرەپ قازانماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن جازا مەيدانىغا ئاچىقىپ خالايىق ئالدىدا ئۆلتۈردى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*پاسىباننى سېتىپ شۆھرەت قازانماق بولسا كىم،*
*تويلىغان ۋەجى كېتەر قولىدا قالماي بىر سىقىم.*
*روزىغارى تاپمىدى روناق، ئۆزى نابۇت بولۇپ،*
*قالدى مەسخىرە - كۈلكىگە مەڭگۈ - ئەبەت ياڭ سۇڭ بېگىم.*

ساۋ ساۋ كۈنچىقىش شىچۈەننى ئالغاندىن كېيىن، دىۋان مىرزىسى سىما يى:

— ليۇ بېي ساختىلىق قىلىپ، كۈچ بىلەن ليۇ جاڭنى بويسۇندۇردى، شۇجۇن ئاھالىسى تېخى ئۇنىڭغا بېرىلگىنى يوق. بۇ گۈن جانابلىرى خەنجۇڭنى ئالدىلا، يىجۇ ئاپىمىنقى چوقۇم لەرزىگە كېلىدۇ، تېزدىن لەشكەر تارتىپ تېگىش قىلسىلا، چوقۇم تارمار بولىدۇ. بىلەرمەنلەر ۋاقىتتىن پايدىلىنىشنى قىممەتلىك دەپ ھېسابلايدۇ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— ئادەملەرنىڭ دەردكە قىلىنىشى قانائەت قىلماسلىقىدا،

ئۇنىڭ يەرلىرىنى ئالغاندىن كېيىن يەنە شۇجۇنىڭ زېمىنىغا كۆز تىكىۋاتىدىلا! — دېدى ساۋ ساۋ ھەسرەتلىنىپ.

— سىما يىنىڭ سۆزى توغرا، — دېدى لىيۇ يې، — مەگەر سېلگىنە تەخىرگە قالساق، ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ماھىر جۇگې لياڭ ۋەزىر بولسا، باتۇرلۇقتا باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار ئۈچ قوشۇنغا سەركەردە بولسا، شۇجۇن ئاھالىسى خاتىرجەم بولىدۇ ـ دە، قورۇل ـ ئېغىزلارنى مەھكەم ساقلايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا چېقىلغىلى بولمايدۇ.

— لەشكەرلەر ئۇزۇن سەپەردە جاپا چەكتى، ھازىرچە دەم ئالدۇرۇش كېرەك، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە لەشكەرلىرىنى قىمىرلاتمىدى.

ساۋ ساۋنىڭ كۈنچىقىش سىچۈەننى ئالغانلىقىنى ئاڭلىغان كۈنپېتىش سىچۈەن ئاھالىسى ساۋ ساۋ چوقۇم كۈنپېتىش سىچۈەننى ئېلىشقا كېلىدۇ، دەپ ئويلىغاچقا، كۈن بويى دېگۈدەك قورقۇپ يۈرۈشمەكتە ئىدى. لىيۇ بېي مۇشاۋىرىنى كېڭەشكە تەكلىپ قىلدى. جۇگې لياڭ:

— مېنىڭ بىر تەدبىرىم باركى، ساۋ ساۋ ئۆزلۈكىدىن چېكىنىدۇ، — دېدى.

لىيۇ بېي قانداق تەدبىر ئىكەنلىكىنى سورىدى.

— ساۋ ساۋ سۈن چۈەندىن ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن، لەشكەرنى بۆلۈپ خېفېيغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەگەر بىز ھازىر جياڭشيا، چاڭشا، گۈيياڭ ئۈچ ۋىلايەتنى ۋۇلۇقلارغا قايتۇرۇپ بەرسەك، سۆزمەن زاتلاردىن ئەۋەتىپ، پايدا ـ زەرەرىمىزنى بايان قىلىپ، ۋۇلۇقلارنى خېفېيغا تېگىش قىلىشقا ئۈندىسەك، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى شۇ تەرەپكە جەلپ قىلىپ تۆۋەن تەرەپكە ماڭغۇزىدۇ، — دېدى.

— كىمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتسەك بولار؟ — دەپ سورىدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىيۇ بېي.

— مەن باراي، — دېدى يى جى.

لىيۇ بېي ناھايىتى خۇشال بولۇپ شۇئان خەت يېزىپ سوۋغا-سالام ھازىرلىدى - دە، يى جىنى ئاۋۋال جىڭجۇغا بېرىپ، ئەھۋالنى گۇەن يۈيگە ئۇقتۇرۇپ، ئاندىن ۋۇغا بېرىشقا بۇيرۇدى. يى جى سۇن چۈەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مولىڭغا كەلدى، ئاۋۋال نامىنى مەلۇم قىلغۇزدى، سۇن چۈەن يى جىنى قوبۇل قىلدى. يى جى سۇن چۈەن بىلەن كۆرۈشۈپ سالام-سەھەتلەشكەندىن كېيىن سۇن چۈەن:

— ئۆزلىرى نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— يېقىندا جۇگې جىن چاڭشا قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەتنى ئالغىلى بارغاندا، مۇشاۋىر خىزمەتكە چىقىپ كەتكەنلىكتىن، تاپشۇرۇلماي قالغانىدى، بۈگۈن مەخسۇس قايتۇرۇپ بېرىش خېتىنى ئېلىپ كەلدىم. ئەسلىدە جىڭجۇ، نەنجۈن، لىڭلىڭلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرماقچى بولغانىدۇق؛ كۈنچىقىش سىچۈەننى ساۋ ساۋ ئېلىۋالغاچقا، گۇەن يۈينىڭ تۇرىدىغان جايى بولماي قالدى. ھازىر خېفېي بوش، ساۋ ساۋ لەشكىرىنى تۆۋەن تەرەپكە يۆتكەش ئۈچۈن، جانابلىرىنىڭ خېفېيغا تېگىش قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز. پاسىبانىم كۈنچىقىش سىچۈەننى ئالىدىكەن، پۈتكۈل جىڭجۇ زېمىنىنى قايتۇرىدۇ، — دېدى يى جى.

— سىلى ھازىرچە يەمخانىغا قايتىپ تۇرسىلا، مەن كېڭەش قىلاي، — دېدى سۇن چۈەن.

يى جى چىقىپ كەتتى. سۇن چۈەن مەسلىھەتچىلىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. جاڭ جاۋ:

— لىيۇ بېي ساۋ ساۋنىڭ كۈنچىقىش سىچۈەننى ئېلىشىدىن قورقۇپ، بۇ تەدبىرنى ئىشلەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ، ساۋ ساۋنىڭ خەنجۇڭدىكى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، پۈرسەتنى قولدىن

بەرمەي خېفپىينى ئېلىش، بۇمۇ ياخشى تەدبىر، — دېدى.

بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرگەن سۇن چۈەن يى جىنى شۇغا قايتۇردى، ساۋ ساۋغا قارشى يۈرۈش ھەققىدە كېڭەش قىلدى. چاڭشا، جياڭشيا، گۈيياڭ ئۈچ ۋىلايەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، لەشكەرنى لۇكۇغا ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا لۇ سۇغا تاپشۇرۇق بەردى؛ لۈي مېڭ، گەن نىڭلارنى چاقىرتتى. يەنە يۈيخاڭدىن لىڭ تۇڭنى چاقىرتتى.

بىر كۈن ئۆتمەيلا لۈي مېڭ، گەن نىڭلار ئاۋۋال يېتىپ كەلدى. لۈي مېڭ:

— ساۋ ساۋ لۇجياڭ ھاكىمى جۇ گۇاڭنى ۋەنچېڭدا تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدى. ھازىر نۇرغۇن يەرلەرنى ئۆزلەشتۇرۇپ شال تېرىپ، خېفپىي لەشكىرىنى تەمىنلەۋاتىدۇ. بۇگۈن ئالدى بىلەن ۋەنچېڭنى ئېلىپ، ئاندىن كېيىن خېفپىيغا تېگىش قىلايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— بۇ مەسلىھەت مېنىڭ پىكرىمگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، — دېدى سۇن چۈەن ۋە شۇئان لۈي مېڭ، گەن نىڭلارنى تۇرشاۋۇل قىسمىنى باشلاپ مېڭىشقا، جياڭ چىن، پەن جاڭلارنى ھىماتچى قىسمىنى باشلاپ مېڭىشقا بۇيرۇدى. سۇن چۈەننىڭ ئۆزى جۇ تەي، چېن ۋۇ، دۇڭ شى، شۇي شېڭلارنى ئېلىپ بارگاھ قىسمىنى باشلاپ ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا چېڭ پۇ، خۇاڭ گەي، خەن داڭلار جايلارنىڭ مۇداپىئە خىزمىتىدە بولغاچقا، بۇ يۈرۈشكە ئىشتىراك قىلمىدى.

لەشكەرلەر دەريادىن ئۆتۈپ خېجۇنى ئېلىپ، ۋەنچېڭغا قاراپ ماڭدى. ۋەنچېڭ ھاكىمى جۇ گۇاڭ ھەمدەملىك سوراپ خېفپىيغا كىشى ئەۋەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن شەھەرنى پۇختا ساقلاپ سىرتقا چىقمىدى. سۇن چۈەن ئۆزى سېپىل تۈۋىگە كېلىپ كۆزەتتى، سېپىل ئۈستىدىن ئوقيا ياغدۇرۇلدى، سۇن چۈەننىڭ كۇنلۇكىگە ئوق تەگدى. سۇن چۈەن قارارگاھىغا قايتىپ كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پالۋانلاردىن:

— ۋەنچېڭنى قانداق ئېلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— لەشكەرلەرگە توپبا تاغ ياسىتىپ تېگىش قىلىش كېرەك، — دېدى دۇڭ شى.

— ئۇزۇن شوتىلارنى تېكلەيلى، پەشتاق كۆۋرۈكلەر ياسىتىپ، يۇقىرىدا تۇرۇپ پەستىكى شەھەرگە تېگىش قىلايلى، — دېدى شۇي شېڭ.

— بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىگە ۋاقىت كېتىدۇ، خېفېيدىن ھەمدەمچى لەشكەر كېلىپ قالسا، شەھەرنى ئالغىلى بولمايدۇ. ھازىر بىزنىڭ لەشكىرىمىز يېڭىدىن كەلدى، روھ - غەيرىتى ناھايىتى ئۈستۈن، ئەنە شۇ روھ - غەيرەتتىن پايدىلىنىپ جىددىي تېگىش قىلايلى. ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەن جەڭ قىلساق، چۈش ئاياغلاشقۇچە شەھەرنى ئالىمىز، — دېدى لۈي مېڭ.

سۈن چۈەن قوبۇل قىلدى. ئەتىسى سۈبھى ۋاقتىدا ناشتا قىلىپ بولغان ئۈچ قوشۇن جىددىي تېگىشكە باشلىدى، سېپىلدىن ئوقيا، تاشلار ياغدۇرۇلدى. قولىغا تۆمۈر زەنجىر ئالغان گەن نىڭ ئوقيا، تاشبورانلار تەھلىكىسىگە قارىماي، سېپىلغا چىقتى، جۇ گۇاڭ كاماندازلارنى تەڭلا ئوق ئۈزۈشكە بۇيرۇدى، ئوقلارنى ئىككى تەرەپكە قېقىۋەتكەن گەن نىڭ زەنجىر بىلەن جۇ گۇاڭنى بىر ئۇرۇپ يىقىتىپ تاشلىدى. لۈي مېڭ شەخسەن ناغرا چېلىپ بەردى، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى سېپىلغا چىقتى - دە، جۇ گۇاڭنى قىلىچ بىلەن چاناپ تاشلىدى. قالغانلار ئەل بولۇپ، ۋەنچېڭ ئېلىندى، بۇ ئەمدىلا چاي ۋاقتى بولغان چاغ ئىدى. جاڭ لياۋ لەشكەر بىلەن يېرىم يولغا كەلگەندە، چاپارمەنلەر ۋەنچېڭ قولدىن كەتتى دەپ مەلۇم قىلدى. جاڭ لياۋ دەرھال لەشكىرىنى خېفېيغا قايتۇردى.

سۈن چۈەن ۋەنچېڭغا كىرگەندە، لىڭ تۇڭمۇ لەشكەر باشلاپ يېتىپ كەلدى. سۈن چۈەن ھال سوراپ، لەشكەرنى تارتۇقلىدى،

لۈي مېڭ، گەن نىڭ باشلىق پالۋانلارغا ئىنئام بېرىپ، قۇتلۇقلاش مەرىكىسى بەردى. لۈي مېڭ گەن نىڭنى ھۆرمەتلەپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى مەدھىيىلىدى. شاراب ئىچىلىپ يېرىم خۇش كەيپ بولغان چاغدا، گەن نىڭنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك ئاداۋىتى ئېسىگە چۈشۈپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە لۈي مېڭنىڭ ماختىغانلىقىنى كۆرگەن لىڭ تۇڭنىڭ كۆڭلىدە غەزەپ ئوتى ياندى، ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇزۇنغىچە قادىلىپ قارىدى - دە، بىردىنلا قىپشىدىكىلەرنىڭ يېنىدىن شەمشەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئوتتۇرىغا چىقىۋالدى ۋە:

— مەرىكىدە كۆڭۈل ئاچقۇدەك بىر ئىش يوق ئىكەن، مەن شەمشەرۋازلىق قىلىپ بېرەي، — دېدى.

ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن گەن نىڭ يەل - يېمىش شىرەسىنى بىر ياققا ئىتتىرىپ قويۇپ، ئىككى قولىغا ئىككى يالمانىنى ئالدى - دە، ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— مەرىكىدە مېنىڭ يالمان ئويۇنىنىمنى كۆرۈڭلار! — دېدى. ئىككىيلەننىڭ ياخشى نىيەتتە ئەمەسلىكىنى كۆرگەن لۈي مېڭ بىر قولىغا سوپەر، بىر قولىغا قىلىچ ئېلىپ، ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ:

— ئىككىڭلار گەرچە ئۇستا بولساڭلارمۇ، مېنىڭدەك ئەپچىل ئەمەسسىلەر، — دېدى - دە، قىلىچ بىلەن سوپەرنى ئويىنىتىشقا باشلىدى، ئىككىيلەننى ئىككى ياققا ئايرىۋەتتى. بۇ ئەھۋالنى كىشىلەر ئالدىراپ سۈن چۈەنگە مەلۇم قىلدى. سۈن چۈەن تېزلىكتە ئاتلىنىپ كېلىپ توپتوغرا مەرىكىگە كىرىپ كەلدى. سۈن چۈەننى كۆرۈپ، ھەممەيلەن قوراللىرىنى تاشلىدى. سۈن چۈەن:

— دائىم ئىككىڭلارغا كونا ئاداۋەتنى ساقلىماڭلار دەپ كەلسەم، بۈگۈن يەنە نېمىشقا مۇنداق قىلىشتىڭلار؟ — دېدى. لىڭ تۇڭ يىغلاپ تۇرۇپ سۈن چۈەننىڭ ئايىغىغا يىقىلدى.

سۈن چۇەن قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىپ توختىتىۋالدى.

ئەتىسى خېفېيغا ئۈچ قوشۇن بىلەن يۈرۈش قىلدى.

جاك لياۋ ۋەنچېڭ قولدىن كەتكەنلىكى ئۈچۈن، خېفېيغا قايتقاندىن كېيىن كۆڭلى ناھايىتى پەرىشان ئىدى، تۇيۇقسىزلا ساۋ ساۋنىڭ بىر ياغاچ ساندۇقچىسىنى ئېلىپ ماڭغان شۈ تى يېتىپ كەلدى. ساندۇقچە ئۈستىدە ساۋ ساۋنىڭ پېچىتى بولۇپ: «ياۋ كەلگەندە، ئېچىپ كۆرۈلسۇن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىدى. شۇ كۈنلا شەخسەن سۈن چۇەن 10 تۇمەن لەشكەر بىلەن خېفېيغا تېگىش قىلغىلى كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. جاك لياۋ ساندۇقچىنى ئېچىپ قارىدى. ئىچىدىكى خەتتە: «ئەگەر سۈن چۇەن كەلسە، جاك لياۋ، لى ديەن سەركەردىلەر جەڭگە چىقسۇن، يۆي جىن شەھەرنى ساقلىسۇن» دېيىلىپتۇ. جاك لياۋ بۇ خەتنى لى ديەن، يۆي جىنلارغا كۆرسەتتى. يۆي جىن:

— سەركەردە، سىلىنىڭ رايىلىـــــرى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— پاسىبان يىراق سەپەردە بولغاچقا، ۋۇلۇۇقلار بىزنى چوقۇم يېڭىمىز دەپ ئويلايدۇ. بۈگۈن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، غەيرەت بىلەن جەڭ قىلايلى، ئۇلارنىڭ روھىغا زەربە بېرىپ، كۆپچىلىكنى خاتىرجەم قىلايلى، شۇ چاغدا شەھەرنى ساقلىغىلى بولىدۇ، — دېدى جاك لياۋ.

لى ديەن بىلەن جاك لياۋنىڭ ئارىسى خېلىدىن بېرى ئوچۇق بولغاچقا، جاك لياۋنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىندىمەي تۇرۇۋالدى. لى ديەننىڭ سۆزلىمەي تۇرۇۋالغىنىنى كۆرگەن يۆي جىن:

— ياۋلار ساندا بەك كۆپ، بىز ئازمىز، قارشى چىقىشىمىز قىيىن بولارمىكىن، ئەڭ ياخشىسى شەھەرنى پۇختا ساقلايلى، — دېدى.

— ھەربىرلىرى شەخسىي غەرەز بىلەن ئومۇمىي ئىشقا ئېتىبار بېرىشمەيۋاتىدىلا، بۈگۈن ئۆزۈم چىقىپ بىر ھەل قىلغۇچ

جەڭ قىلاي، — دېدى جاڭ لياۋ ۋە شۇھامان ئادەملىرىگە، ئات توقۇڭلار! دەپ بۇيرۇق بەردى.

— سەركەردە! — دېدى لى ديەن مەردانىلىك بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، — سىلى مۇنچىلىك قىلىۋاتسىلا، مەن شەخسىي غەرەز بىلەن پادىشاھلىق ئىشىنى قايرىپ قويۇمەنمۇ؟ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىمەن.

— لى ديەن! ھەممىدىن بۇرۇن بىرىنىڭ خالايدىكەنلا، ئەتە بىر توپ لەشكەر باشلاپ چىقىپ شياۋياجىننىڭ شىمالىغا پىستىرما بولۇرلەر؛ ۋۇ لەشكىرى ئۆتۈپ كەتكەندە، ئالدى بىلەن شياۋشچياۋ كۆۋرۈكىنى بۇزۇپ تاشلىغايلا، مەن يۈي جىن بىلەن ئۇلارغا تېگىش قىلىمەن، — دېدى جاڭ لياۋ ناھايىتى خۇشال بولۇپ.

بۇيرۇق ئالغان لى ديەن، لەشكەرلەرنى پىستىرما قىلىشقا كەتتى.

سۇن چۈەن لۈي مېڭ، گەن نىڭلارنى تۇرشاۋۇل قىسىمغا باش قىلىپ ماڭغۇزدى، ئۆزى لىڭ تۇڭ بىلەن يولغا چىقتى. لۈي مېڭ، گەن نىڭ باشلاپ ماڭغان تۇرشاۋۇل قىسىم يۈي جىنغا دۇچ كەلدى. گەن نىڭ مەيدانغا چىقىپ، يۈي جىن بىلەن ئېلىشتى. يۈي جىن بىرنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپلا يالغاندىن يېڭىلىپ قاچتى. گەن نىڭ لۈي مېڭنى چاقىرىپ لەشكەر بىلەن بىرلىكتە قوغلىدى، تۇرشاۋۇل قىسىمنىڭ ياۋنى يەڭگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىككىنچى قىسىمدىكى سۇن چۈەن لەشكەرلىرىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، شياۋياجىننىڭ يۇقىرى تەرىپىگە يېتىپ كېلىۋېدى، توساتتىن داۋاملىق ئېتىلغان توپ ئاۋازى بىلەن تەڭ، سولدىن جاڭ لياۋ لەشكىرى، ئوڭدىن لى ديەن لەشكىرى چاپ-چاپقا ئۆتتى. ئىنتايىن چۆچۈگەن سۇن چۈەن تېزلىكتە لۈي مېڭ، گەن نىڭلارنى ھەممىگە قايتسۇن دەپ كىشى ئەۋەتىپ تۇرۇشىغا، جاڭ لياۋ لەشكىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. لىڭ

تۆڭنىڭ قول ئاستىدا 300دىن ئارتۇقراقلا ئاتلىق نۆكەر بولغاچقا، شىددەتلىك چاپ ـ چاپ قىلىپ كەلگەن ساۋ ساۋ لەشكىرىنى توسۇپ قالالمىدى. لىڭ تۆڭ:

— پاسىبان! نېمىشقا شياۋچياۋ كۆۋرۈكىدىن تېز ئۆتۈپ كەتمەيدىلا؟ — دەپ توۋلىدى.

شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا جاڭ لياۋ 2000 دەك ئاتلىق لەشكەر بىلەن چاپ ـ چاپ قىلىپ ئالدىغىلا كېلىپ قالدى. لىڭ تۆڭ ئارقىغا يېنىپ قاتتىق جەڭ قىلدى. سۇن چۈەن كۆۋرۈككە ئات سالدى، كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن بىر جاڭدىن ئارتۇقراق يەر بۇزۇپ تاشلانغان بولۇپ، بىر تالمۇ تاختاي يوق ئىكەن. سۇن چۈەن ئالاقزادە بولۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئەنە شۇ پەيتتە كەنجى سەركەردە گۇ لى:

— پاسىبان! ئاتنى كەينىگە ياندۇرۇپ، ئاندىن چاپتۇرغان پېتى كۆۋرۈكتىن سەكرىتىپ ئۆتۈپ كەتسىلە! — دەپ ۋارقىرىدى.

سۇن چۈەن ئاتنى ئۈچ جاڭچە يىراقلىققا قايتۇرۇپ، ئاندىن تىزگىنلەپ قامچىلىۋىدى، ئات سەكرىگەن پېتى ئۈچقاندەك كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*تەنشى دەرياسىدىن ئۆتتى «سوملۇق» ئات سەكرەپ ـ كېچىكىپ،*
*يېڭىلىپ خېفېيدا قالدى ۋۇ بېگى ھەسرەت چېكىپ.*
*قامچىلاپ تۇلپارىنى سانغان ھامانە ئارقىغا،*
*ئۆتتى شياۋياۋجىندا قاشتاش ئەجدىھا پەرۋاز ئېتىپ.*

سۇن چۈەن كۆۋرۈكنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئۆتكەندە، شۈي شېڭ بىلەن دۇڭ شىلار كېمە بىلەن ئالدىغا چىقتى. لىڭ تۆڭ، گۇ لىلار جاڭ لياۋنى توسۇپ قالدى. گەن نىڭ، لۈي مېڭلار ھەمدەمگە كېلىۋىدى، ئارقىسىدىن يۈي جىن قوغلاپ كەلدى، لى

دېيەنمۇ توسۇۋېلىپ جەڭ قىلدى، ۋۇ لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ھالاك بولۇپ كەتتى. لىڭ تۆڭنىڭ 300 دىن ئارتۇقراق يىگىتلىرىنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ تۈگىدى. بىرنەچچە يېرىگە نەيزە تەگكەن لىڭ تۆڭ قىرغىن قىلا ـ قىلا كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، كۆۋرۈك بۇزۇپ تاشلانغاچقا، دەريادىن ئايلىنىپ قاچتى. كېمىدە تۇرۇپ كۆرگەن سۇن چۈەن دەررۇ كېمە ئاپىرىشقا دۇڭ شىنى بۇيرۇدى، لىڭ تۆڭ كېمىگە چۈشۈپ قايتىپ كەلدى. لۈي مېڭ، گەن نىڭلار قاتتىق جەڭ قىلىپ يۇرۇپ، مىڭ تەسلىكتە دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئۆتۈۋالدى. بۇ بىر مەيدان جەڭدە جياڭنەنلىكلەر قورقۇپ كەتتى؛ شۇنىڭدىن كېيىن جياڭ لياۋنىڭ ئېتىنى چىقارسا، باللارمۇ كېچىسى قورقۇپ يىغلىيالمايتتى. پالۋانلار سۇن چۈەننى قوروقداپ قارارگاھقا قايتتى. سۇن چۈەن لىڭ تۆڭ بىلەن گۇ لىنى ئوبدان تارتۇقلىدى ۋە لەشكەرنى يىغىپ رۇشۇيگە قايتتى ـ دە، كېمىلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن بىللە يۇرۇش قىلىش ھەققىدە كېڭەش قىلىشتى، يەنە بىر تەرەپتىن ھەمدەمچى لەشكەر ئەكېلىشكە جياڭنەنگە كىشى ئەۋەتتى.

رۇشۇيدىكى سۇن چۈەننىڭ لەشكەر تارتىپ يۇرۇش قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان جاڭ لياۋ خېفېيدا لەشكەر ئاز بولغاچقا، ياۋغا تاقابىل تۇرۇش قىيىن بولارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ شۆ تىنى كېچىلەپ خەنجۇڭغا بېرىپ، ساۋ ساۋدىن ھەمدەمچى لەشكەر تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتتى. ساۋ ساۋ بەگلەر بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— مۇشۇ پەيتتە كۇنىپېتىش سىچۈەننى ئېلىش مۇمكىنمۇ؟ — دېدى.

— ھازىر شۇلۇقلار ئۆزىنى بىر ئاز جايلىۋالدى، تەييارگەرلىكى بار، تېگىش قىلغىلى بولماس. ياخشىسى لەشكەرنى چېكىندۇرۇپ، خېفېينى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇپ، جياڭنەنگە چۈشەيلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى ليۇ بېي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساۋ ساۋ خەنجۇك دېڭجۇڭشەننى ساقلاشقا شيا خۇيۋەننى، مېڭتۇيەن قاتارلىق ئېغىزلارنى ساقلاشقا جاڭ خېنى قالدۇردى. قارارگاھلارنى يىغىشتۇرۇپ، رۇشۇي قورغىنىغا راۋان بولدى. دەرھەقىقەت:

*ئەمدى تىنچىتقاندا لۇڭيۇنى جەسۇر پالۋان قوشۇن،*
*تۇغ ـ ئەلەملەر كۆتۈرۈپ ماڭدى، يەنە جياڭنەن ئۇچۇپ.*

كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش سەككىزىنچى باب

## گەن نىڭنىڭ 100 چەۋەنداز بىلەن ۋېي قارارگاھىغا تېگىش قىلغانلىقى
## زو سىنىڭ قەدەھ تاشلاپ ساۋ ساۋنى ئوينىتقانلىقى

ئەلقىسسە، سۈن چۈەن رۇشۈيكۇدا لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىزلا ساۋ ساۋ خەنجۇڭدىن 4 تۈمەن لەشكەر بىلەن خېفېينى قۇتقۇزغىلى كەپتۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. سۈن چۈەن مەسلىھەتچىلەر بىلەن كېڭەشىپ، ئالدى بىلەن دۇڭ شى، شۈي شېڭلارنى 50 كېمە بىلەن رۇشۈيكۇغا پىستىرما بولۇشقا ئەۋەتتى؛ چېن ۋۇنى لەشكەر بىلەن دەريا بويىدا سەيياره قاراۋۇللۇق قىلىشقا قويدى. جاڭ جاۋ:

— ھازىر ساۋ ساۋ يىراقتىن كەلدى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ غەيرەت - جاسارىتىنى سۇندۇرۇش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— ساۋ ساۋ يىراقتىن كەلدى، كىم ئالدى بىلەن ئۇنى تىرىپىرەن قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ غەيرەت - جاسارىتىنى سۇندۇرۇشقا بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى سۈن چۈەن چېدىر - بارگاھتىكىلەرگە قاراپ.

— مەن باراي! — دېدى لىڭ تۇڭ.

— قانچىلىك لەشكەر كېرەك؟ — دەپ سورىدى سۈن چۈەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— 3000 لەشكەر كۇپايە، — دېدى لىك تۇك.

— 100 چەۋەنداز ياۋنى تىرىپىرەن قىلىش مۇمكىن، 3000 لەشكەرنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى گەن نىڭ.

لىڭ تۇڭ ناھايىتى غەزەپلىنىپ ئىككىيلەن سۇن چۇەننىڭ ئالدىدا تالىشىپ كەتتى. سۇن چۇەن:

— ساۋ ساۋ لەشكىرى كۈچلۈك، ئۇنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، — دېدى ۋە لىڭ تۇڭنى 3000 لەشكەر بىلەن رۇشۇيكۇنى كۆزىتىشكە، ئەگەر ساۋ ساۋ لەشكىرى يولۇقسا جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى. لىڭ تۇڭ بۇيرۇق ئېلىپ 3000 لەشكەر بىلەن رۇشۇي قورغىنىدىن يولغا چىقتى. كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزانلار بىلەن تەڭ ساۋ ساۋ لەشكىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ساۋ ساۋنىڭ تۇرشاۋۇلى جاڭ لياۋ لىڭ تۇڭ بىلەن ئېلىشتى، بۇلار 50 رەددى بەدەل ئېلىشتىيۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. سۇن چۇەن لىڭ تۇڭغا خېيىمخەتەر يېتىپ قالمىسۇن دەپ لۈي مېڭنى ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇشقا ئەۋەتىپ، لىڭ تۇڭنى قارارگاھقا قايتۇرۇپ كەلدى.

لىڭ تۇڭنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن گەن نىڭ شۇ ھامان سۇن چۇەنگە:

— بۈگۈن كېچە 100 چەۋەنداز بىلەن ساۋ ساۋ قارارگاھىغا تېگىشكە بارىمەن، بىر ئادەم ياكى ئات چىقىم بولسىدىكەن، خىزمەت كۆرسەتكەنلىك ھېسابلانمىسۇن، — دېدى.

سۇن چۇەنمۇ غەيرەتلىنىپ كېلىپ بارگاھتىن 100 خىللانغان چەۋەندازنى گەن نىڭغا ئاجرىتىپ بەردى. لەشكەرلەرگە يەنە 50 شىشە شاراب، 50 جىڭ قوي گۆشى ئىنئام قىلدى. قارارگاھىغا قايتىپ كەلگەن گەن نىڭ 100 يىگىتنى قاتار ئولتۇرغۇزدى، ئالدى بىلەن ئۆزى كۈمۈش پىيالىدا ئىككى پىيالە شاراب ئىچىپ، 100 يىگىتكە:

— بۈگۈن كېچە بۇيرۇق بويىچە ياۋنىڭ قارارگاھىغا تېگىشكە

بارىمىز، قېنى، تولدۇرۇپ بىر پىيالىدىن شارابقا مەرھەمەت قىلىڭلار، جۈرئەت بىلەن ئالغا بېسىڭلار! — دېدى.

كۆپچىلىك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. كۆپچىلىك يۈزىدە قورقۇش ئالامىتىنى كۆرگەن گەن نىڭ شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ، غەزىپى بىلەن:

— مەن ئالىي سەركەردە بولۇپ تۇرۇقلۇق جېنىمنى ئايىمايمەنۇ، سىلەر نېمىدەپ ئىككىلىنىسىلەر! — دەپ توۋلىدى.

گەن نىڭنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرگەن كۆپچىلىك باش قويۇپ تۇرۇپ:

— ئۆلگۈچە خىزمەتلىرىدە بولىمىز، — دېيىشتى.

گەن نىڭ كۆپچىلىككە شارابنى ئىچكۈزۈپ، گۆشنى يېگۈزدى. شاراب ئىچىلىپ بولغاندا، ئەلياتقۇ بولاي دەپ قالغانىدى. 100 دانە ئاق غاز پېيىنى ئالدۇرۇپ، بەلگە ئۈچۈن دۇبۇلغىنىڭ ئۈستىگە قاداتقۇزدى، ھەممەيلەن ساۋۇتلىرىنى كىيىپ ئاتلىنىپ، ئۈچقاندەك ساۋ ساۋ قارارگاھى يېنىغا كەلدى، توسۇقلارنى ئېلىپ تاشلاپ، نەرە تارتقان پېتى قارارگاھ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ، ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن توپتوغرا بارگاھقا ئات سالدى. ئەسلىدە بارگاھنىڭ ئەتراپىدىكى يوللارغا لەشكەر، ھارۋىلار ياندىشتۇرۇلۇپ، ھېچ نەرسە ئۆتەلمىگۈدەك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. بۇلار ئۆتۈشەلمەي قالدى. گەن نىڭ 100 چەۋەنداز يىگىتنى ھەريانغا چاپ - چاپقا سالغاچقا، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قانچىلىك ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىشەلمەي، ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدى. گەن نىڭنىڭ 100 چەۋەندازى قارارگاھ ئىچىدە تەرەپ - تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ، ئۇچرىغانلىكى ياۋنى چاپقىلى تۇردى. قارارگاھلاردىن ناغرا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئوتقاشلار يۇلتۇزدەك كۆرۈندى، چۇقان ساداسى ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈردى. گەن نىڭ قارارگاھنىڭ تۆۋەن قوۋۇقىدىن چاپ - چاپ بىلەن چىقىپ كەتتى، ھېچكىم ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. سۈن چۈەن جۇ تەينى بىر توپ لەشكەر بىلەن ھەمدەمگە ئەۋەتتى. گەن نىڭ 100 چەۋەنداز بىلەن رۇشۈيگە قايتتى. پىستىرما بولۇشىدىن ئەندىشە قىلغان ساۋ ساۋ قوغلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*ناغرا ـ دۇمباق ياڭراپ، سالدى جاھاننى لەرزىگە،*
*يەتسە ۋۇ لەشكىرى نەگە چۈشتى جىنلار نالىگە.*
*100 چەۋەنداز كىردى ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىنى بىسىپ،*
*پالۋان ـ شىرمەت بۇ گەن نىڭ بولدى ئايان ھەممىگە.*

گەن نىڭ قارارگاھىغا نە بىر يىگىتى، نە بىر ئېتى چىقىم بولماي قايتىپ كەلدى؛ ئۇ قارارگاھ ئالدىغا كەلگەندە، 100 چەۋەندازنىڭ ھەممىسىگە ناغرا، نەي چالغۇزدى. «ياشىسۇن!» دەپ توۋلىغان ياڭراق شوئارلار ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈردى. سۈن چۈەن شەخسەن ئىستىقبالغا چىقتى، گەن نىڭ ئاتتىن چۈشۈپ باش قويدى. سۈن چۈەن يۆلەپ گەن نىڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— سەركەردە، بۇ سەپەر قېرى ئوغرىنى ئوبدان چۆچۈتۈپ قويدىلا. بۇ سىلىدىن كېچىش ئەمەس، دەلگىنە جاسارەتلىرىنى كۆرمەكچىدىم، — دېدى ـ دە، شۇئان ئۇنىڭغا 1000 توپ شايى ـ ئەتلەس، 100 دانە ئۆتكۈر قىلىچ ئىنئام بەردى. باش قويۇپ تۇرۇپ ئالغان گەن نىڭ ئىنئامنى 100 يىگىتكە بولۇپ بەردى. سۈن چۈەن پالۋانلارغا:

— ساۋ ساۋنىڭ جاڭ لياۋى بولسا، مېنىڭ گەن نىڭىم بار، ياۋغا دەلمۇدەل تاقابىل تۇرالايمىز، — دېدى.

ئەتىسى جاڭ لياۋ لەشكەر باشلاپ كېلىپ جەڭگە ئۈندىدى. گەن نىڭنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگەن لىڭ تۇڭ غەيرەتلىنىپ:

— مەن جاڭ لياۋغا قارشى چىقاي! — دېدى.
سۈن چۈەن رۇخسەت قىلدى. لىڭ تۇڭ 5000 لەشكەر بىلەن رۇشۇيدىن چىقتى. سۈن چۈەننىڭ ئۆزى گەن نىڭنى ئېلىپ، سەيكە بېرىپ جەڭنى كۆزەتتى. ئىككى سەپ دۇگىلەك دائىرە ھاسىل قىلىپ سەپراس تۇرغاندا، جاڭ لياۋ ئات سېلىپ چىقتى، سولدا لى ديەن، ئوڭدا يۇي جىن بار ئىدى. لىڭ تۇڭ قىلىچىنى ئېلىپ، ئېتىنى قامچىلاپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى، جاڭ لياۋ يۇي جىننى جەڭگە چىقاردى. ئىككىيلەن 50 رەددى بەدەل ئېلىشتىيۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ ئاتلىنىپ نىشان تۇغ ئاستىغا كېلىپ قارىدى، قارىسا ئىككى پالۋان قىزىق جەڭ قىلىۋېتىپتۇ، ساۋ ساۋ شيۇنى يوشۇرۇن ئوقيا ئېتىشقا بۇيرۇدى. ساۋ شيۇ ئۆزىنى جاڭ لياۋنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ، يايىنى بەتلەپ ئوقنى قويۇۋەتتى، ئوق كېلىپ لىڭ تۇڭنىڭ ئېتىغا تەگدى، ئات تىككە بولۇپ لىڭ تۇڭنى يەرگە تاشلىۋەتتى. يۇي جىن دەررۇ نەيزە ئۇرماقچى بولدى، كامان ئاۋازى بىلەن تەڭلا، يۈزىگە ئوق تەگكەن يۇي جىن ئوڭدىسىغا ئاتتىن يىقىلدى. ھەر ئىككى توپ لەشكەر ئىچىدىن تەڭلا ئادەم چىقىپ، ئۆز پالۋانلىرىنى قۇتقۇزۇپ قارارگاھلىرىغا ئېلىپ كەتتى، تەبىل بازىكەش چېلىنىپ جەڭ توختىتىلدى. قارارگاھقا قايتىپ كەلگەن لىڭ تۇڭ سۈن چۈەنگە باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.
— ئوقيا ئېتىپ سىلىنى خالاس قىلغۇچى گەن نىڭدۇر، — دېدى سۈن چۈەن.
— جانابلىرىنىڭ مۇنداق ياخشىلىق قىلىشلىرىنى ئويلىمىغانىدىم! — دېدى لىڭ تۇڭ گەن نىڭغا باش قويۇپ.
شۇنىڭدىن باشلاپ لىڭ تۇڭ گەن نىڭ بىلەن قىيامەتلىك دوست بولۇپ كەتتى، ئاداۋەتتىن ئادا - جۇدا سارقىت بولدى.
يۇي جىنغا ئوق تەگكەنلىكىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ چېدىر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارگاھتا داۋالاشقا بۇيرۇدى. ئەتىسى لەشكەرنى بەش تارامغا بۆلۈپ، رۇشۇيگە تېگىش قىلغىلى كەلدى؛ ئوتتۇرا تارام قوشۇنغا ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى، سول بىرىنچى تارام قوشۇنغا جاڭ لياۋ، ئىككىنچى تارام قوشۇنغا لى دىيەن، ئوڭ بىرىنچى تارام قوشۇنغا شۈي خۇاڭ، ئىككىنچى تارام قوشۇنغا پاڭ دې باشچىلىق قىلدى. ھەرقايسى تارام قوشۇن 1 تۈمەندىن لەشكەر ئېلىپ، دەريا بويىغا باستۇرۇپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا دۇڭ شى، شۈي شېڭ ناملىق ئىككى پالۋان كېمىدە ئىدى. بەش تارام لەشكەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن لەشكەرلەر ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. شۈي شېڭ:

— پادىشاھنىڭ تۇزىنى يېگەندىن كېيىن پادىشاھلىقىنىڭ ئىشىغا سادىق بولۇش كېرەك، نېمىدىن قورقاتتۇق؟ — دېدى-دە، شۇئان بىرنەچچە يۈز جەسۇر يىگىتنى ئېلىپ، قېيىققا ئولتۇرغۇزۇپ، نېرىقى قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ، لى دىيەن لەشكىرىنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. كېمىدە قالغان دۇڭ شى لەشكەرلەرگە ناغرا چالدۇرۇپ، چۇقان سالدۇرۇپ جەڭگە مەدەت بەردى. تۇساتتىن قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپ، ئاسمان ـ پەلەك كۆچلۈك دولقۇن كۆتۈرۈلدى. چوڭ كېمىلەرنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا كۆزى يەتكەن لەشكەرلەر قولۋاققا چۈشۈپ جېنىنى قۇتقۇزماقچى بولۇشتى. قولىغا شەمشەر ئالغان دۇڭ شى:

— بەگدىن بۇيرۇق ئالغان قوماندانلار بۇ يەردە قاراقچىلاردىن مۇداپىئە كۆرۈۋاتسا، كېمىلەرنى تاشلاپ كېتىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭلار! — دەپ تۇۋلىغان پېتى كېمىدىن چۈشكەن ئون نەچچە لەشكەرنى شەمشەرلەپ تاشلىدى. بىر پەستىن كېيىنلا بوران تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىپ، كېمىلەرنى ئاغدۇرۇۋەتتى، دۇڭ شى دەريادا غەرق بولدى. شۈي شېڭ لى دىيەن لەشكىرى ئىچىدە گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا چاپ ـ چاپ قىلىپ يۈردى. دەريا بويىدا جەڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان چېن ۋۇ بىر

توپ لەشكەرنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى، دەل پاك دېغا يولۇقۇپ قېلىپ، ئىككى توپ لەشكەر قوچاقلاشما جەڭ قىلىپ كەتتى. رۇشۇي قورغىنىدا تۇرغان سۇن چۈەن ساۋ ساۋ لەشكىرىنىڭ دەريا بويىغا باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شەخسەن ئۆزى جۇ تەي بىلەن بىر توپ لەشكەر باشلاپ جەڭگە ھەمدەملەشكىلى كەلدى. ئۇ شۇي شېڭنىڭ لى ديەن لەشكىرى ئىچىدە قاتتىق جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، ھەمدەم بېرىش ئۈچۈن لەشكەرنى باشلاپ جەڭگە كىرىپ كەتتى، جاڭ لياۋ، شۇي خۇاڭلار ئېلىپ ماڭغان ئىككى توپ لەشكەر سۇن چۈەننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. دۆڭدە تۇرۇپ سۇن چۈەننىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ تېزلىكتە شۇي چۇنى جەڭگە چىقاردى، شۇي چۇ قىلىچىنى ئېلىپ لەشكەر ئىچىگە ئات سېلىپ ياۋ لەشكىرىنى ئىككى بۆلەككە ئايرىپ تاشلىغاچقا، سۇن چۈەن لەشكىرى بىر - بىرىگە ھەمدەم بېرەلمەي قالدى.

لەشكەر ئىچىدىن قىر - چاپ قىلىپ چىققان جۇ تەي دەريانىڭ بويىغا كېلىپ قارىسا، سۇن چۈەن يوق ئىكەن. ئېتىنى قايتۇرۇپ تاشقىرىدىن سەپ ئىچىگە قىرغىن قىلىپ كىرىپ، ئۆز لەشكەرلىرىدىن:

— پاسىبان قېنى؟ — دەپ سورىدى.

لەشكەرلەر قولى بىلەن لەشكەرلەر قېلىن تۇرغان جاينى كۆرسىتىپ:

— پاسىبان قامالغا چۈشۈپ خەتەردە قېلىپ قالدى! — دېيىشتى.

جۇ تەي قاتتىق جەڭ قىلىپ يۈرۈپ، سۇن چۈەننى تاپتى - دە:

— پاسىبان! ئارقامدىن مېڭىپ قىر - چاپ قىلىپ چىقسىلا! — دېدى - دە، جۇ تەي ئالدىدا، سۇن چۈەن ئارقىدا غەيرەت بىلەن چاپ - چاپ قىلدى، دەريا بويىغا كەلگەندە، جۇ

تەي ئارقىسىغا قارىۋىدى، سۇن چۈەن يەنە يوق، قايتىپ مۇھاسىرىنىڭ ئىچىگە يەنە كىرىپ، سۇن چۈەننى تېپىۋالدى.
سۇن چۈەن:
— ئوقيا تەڭلا ئېتىلغاچقا چىقالمىدىم، قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېدى.
— پاسىبان! سىلى ئالدىمدا ماڭسىلا، مەن ئارقىلىرىدىن ماڭاي، مۇھاسىرىدىن چىقىش مۇمكىن، — دېدى جۇ تەي.
سۇن چۈەن ئالدىدا ئات چاپتۇردى، جۇ تەي ئوڭ - سول تەرەپتىن توسۇپ قوغداپ ماڭدى، بەدىنىنىڭ بىرنەچچە يېرىگە نەيزە تەگدى، كامان ئوقلىرى قېلىن ساۋۇتىنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن سۇن چۈەننى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. دەريانىڭ بويىغا كەلگەندە، سۇ لەشكەرلىرى بىلەن ھەمدەمگە يېتىپ كەلگەن لۈي مېڭ سۇن چۈەننى كېمىگە چۈشۈرۈۋالدى.
— مەن جۇ تەينىڭ ئۈچ قېتىم مۇھاسىرىگە كىرىشى بىلەن، قات - قات مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقتىم. بىراق شۈي شېڭ ئوتتۇرىدا قېلىپ قالدى، قانداق قۇتۇلۇپ چىقالايدۇ؟ — دېدى سۇن چۈەن.
— مەن يەنە بېرىپ خالاس قىلىپ كېلەي! — دېدى جۇ تەي، قايتىدىن مۇھاسىرە ئىچىگە قىر - چاپ قىلىپ كىرىپ، شۈي شېڭنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. ھەر ئىككى پالۋان ناھايىتى ئېغىر يارىدار بولدى. لۈي مېڭ لەشكەرلىرىگە قىرغاقتىكى ياۋ لەشكەرلىرىنى ئوقياغا تۇتتۇرۇپ، ئىككى پالۋاننى كېمىگە چۈشۈرۈپ قۇتقۇزۇۋالدى.
چېن ۋۇ پاڭ دې بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى، ئارقىدىن ھەمدەم كۈچى بولمىغاچقا، پاڭ دې تەرىپىدىن قوغلىنىپ جىلغىنىڭ ئاغزىغا كېلىپ قالدى، بۇ يەرنىڭ دەرەخلىرى ناھايىتى قويۇق ئىدى؛ چېن ۋۇ يەنە جەڭ قىلماقچى بولۇپ ئارقىغا بۇرۇلغاندا، يېڭى دەرەخكە ئىلىنىپ قېلىپ، ياۋغا تىغ

كۆتۈرەلمەي قالدى ـ دە، پاڭ دې تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. سۇن چۈەننىڭ قۇتۇلۇپ كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ ئېتىنى قامچىلىدى ـ دە، لەشكەرلىرى بىلەن دەريانىڭ ياقىسىغا كېلىپ، ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرۇپ ئوقيا ئېتىشتى. ئوقى تۈگەپ قالغان لۈي مېڭ تازا تەمتىرەپ قالغان بىر پەيتتە تۇيۇقسىزلا دەريادىن بىرمۇنچە كېمىلەر كېلىپ قالدى، بۇ لەشكەرنىڭ پالۋانى سۇن سېنىڭ كۇيئوغلى لۇ شۇن 10 تۈمەن لەشكەر بىلەن كەلدى؛ بىر پەس ئوق ئېتىش بىلەن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈردى، ئۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قىرغاققا چىقتى ـ دە، ساۋ ساۋ لەشكىرىنى قوغلاپ قىرغىن قىلدى، بىرنەچچە مىڭلىغان ئات غەنىيمەت ئالدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قاچتى. ھەددى ـ ھېسابسىز لەشكەرلىرى يارىدار بولۇپ كەتتى. پاتىپاراقتا قالغان لەشكەر ئىچىدە چېن ۋۇنىڭ جەسىتى تېپىۋېلىندى.

سۇن چۈەن چېن ۋۇنىڭ قۇربان بولغانلىقىنى، دۇڭ شىنىڭ دەريادا غەرق بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى قايغۇردى، ئادەم چىقىرىپ دۇڭ شىنىڭ جەسىتىنى تاپتۇردى، چېن ۋۇنىڭ جەسىتى بىلەن بىرلىكتە تەنتەنىلىك ھالدا دەپنە قىلدۇردى. سۇن چۈەن يەنە جۇ تەينىڭ خالاسكارلىق بىلەن مۇھاپىزەت قىلغانلىق خىزمىتى شەرىپىگە مەرىكە ـ سورۇن تەييارلىدى. قەدەھ تۇتۇپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ، تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ:

— ئۆزلىرى جانلىرىنى پىدا قىلىپ، بىرنەچچە ئون يەرلىرىگە نەيزە جاراھىتى ئېلىپ، مېنى ئىككى قېتىم قۇتقۇزدىلا، ئەزايى ـ بەدەنلىرى تىلىم ـ تىلىم بولۇپ كەتتى، سىلىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدلىرى بەدىلىگە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن، سىلىنى لەشكەرنىڭ مۇھىم خىزمىتىگە تەيىن قىلماي تۇرالايمەنمۇ؟ سىلى خىزمەت كۆرسەتكەن خىزمەتچىم بولدىلا، مەن سىلى بىلەن شەرەپنى، خورلۇقنى ئۆلگۈچە بىرلىكتە كۆرۈشۈم كېرەك، — دېدى ـ دە، جۇ تەينىڭ كىيىمىنى

سالغوزوپ، پالۋانلارغا كۆرسەتتى؛ ئۇنىڭ پۇتكۇل ئەزايىنى بەدىنىنىڭ تېرىسى بىلەن مۇسكۇللىرى تامامەن دېگۈدەك پىچاق بىلەن ئويۇپ تاشلىغاندەك بولۇپ كەتكەنىكەن. سۈن چۈەن جاراھەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. بىر يارا ئۈچۈن بىر جام شاراب ئىچكۈزدى. شۇ كۈنى جۇ تەي قاتتىق مەست بولۇپ كەتتى. سۈن چۈەن كىرىپ ـ چىقىشتا تۇتۇش ئۈچۈن كۆك كۈنلۈك ئىلتىپات قىلىپ، جۇ تەينىڭ شەرىپىنى نامايان قىلدى.

سۈن چۈەن رۇشۈيدە ساۋ ساۋغا بىر ئايدىن ئارتۇق تاقابىل تۇردى، ساۋ ساۋنى يېڭەلمىدى. جاڭ جاۋ، گۇ يۇڭلار مەسلىھەت بېرىپ:

— ساۋ ساۋنىڭ كۈچى زور، كۈچ بىلەن يېڭىش مۇمكىن ئەمەس؛ جەڭنى ئۇزۇنغا سوزىدىغان بولساق، لەشكەرلەرنى جىق چىقىم بېرىپ ئۈزۈپ قويىمىز؛ ياخشىسى سۈلھى قىلىپ ئاھالىنى خاتىرجەم قىلغىنىمىز ئوبدان بولارمىكىن، — دېدى.

سۈن چۈەن بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، سۈلھى تەلەپ قىلىپ، بۇ جىزنى يىلدا باج ـ خىراج تۆلەش ۋەدىسى بىلەن ساۋ ساۋ قارارگاھىغا ئەۋەتتى، جياڭنەننى تېز ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ساۋ ساۋمۇ ئۇنى قوبۇل قىلدى؛ ئاۋۋال سۈن چۈەن لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرسۇن، ئاندىن مەن لەشكەرنى ئېلىپ قايتىمەن دېدى. بۇ جىز جاۋاب بىلەن قايتتى، سۈن چۈەن رۇشۈيكۈنى ساقلاشقا جياڭ چىن، جۇ تەيلەرنى قالدۇرۇپ، بۈيۈك لەشكەرنىڭ ھەممىسىنى كېمىگە چۈشۈرۈپ مولىڭغا قايتتى.

ساۋ ساۋ رېن، جاڭ لياۋلارنى خېفېيغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، لەشكەرنى ئېلىپ شۈيچاڭغا قايتتى. قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەممىسى ساۋ ساۋنى ۋېي پادىشاھى قىلىشقا تەكلىپ

بەردى. مىرزابەگ سۇي يەنلا بولمايدۇ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى.
— سىلى شۇن يۇينىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرمىدىلىمۇ؟ — دېدى بەگلەر.
— ئاھ، زامان! زامان! ئۆزگىــرىپ قاپسەن! ئۆز - ئۆزىنىمۇ تەيىنلەمدىكەن! — دېدى سۇي يەن غەزەپ بىلەن.
سۇي يەن بىلەن ئارازلىشىپ قالغانلار ساۋ ساۋغا كىرىپ مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ سۇي يەننى قولغا ئېلىپ جاۋابكارلىققا تارتتى. كۆزلىرىنى چەكچەيتكەن سۇي يەن ساۋ ساۋنى خاننى بوزەك قىلغان مۇناپىق ئوغرى دەپ تىللىدى. بۇنى ئەدلىيە دىۋانى ساۋ ساۋغا يەتكۈزدى، ساۋ ساۋ سۇي يەننى زىنداندا ئۆلتۈرگۈزدى. كېيىنكىلەر سۇي يەننى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*جىڭخېلىق سۇي يەن ئۆزى مىجەزى ئىتتىك سەپرا،*
*ئۇجمەك ساقال، يولۋاس كەبى كۆز، باغرى قاتتىق شۇنچىلا.*
*ھىيلە - مىكرىدىن يىراق، نام ۋە جاسارىتى بۈيۈك،*
*خانغا سادىق، نام - شۆھرىتى ياشايدۇ مەڭگۈلا.*

جيەنئەننىڭ 21 - يىلى 5 - ئايدا، ۋەزىرلەر شيەندى خانغا: «ۋېي بېگى ساۋ ساۋنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى پۈتۈن جاھانغا پۇر بولۇپ كەتتى، يى يىن، جۇ گۇڭلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتــى، مەرتىۋىسىنى ئاشۇرۇپ پادىشاھلىق مەرتىۋە بېرىش لازىمدۇر» دەپ ئىلتىماس يازدى.
شيەندى خان شۇئان جۇڭ ياۋنى ساۋ ساۋنى «ۋېي پادىشاھى» قىلىپ تىكلەش توغرىسىدا پەرمان يېزىشقا بۇيرۇدى. ساۋ ساۋ ئۈچ قېتىم مەلۇمات يېزىپ تەكەللۇپ قىلدى. خان بۇلارنى قوبۇل قىلمىدى، ساۋ ساۋ پەرمانغا بويسۇنۇپ ۋېي پادىشاھى دېگەن مەرتىۋىنى باش قويۇپ تۇرۇپ قوبۇل قىلىپ ئالدى. قىممەت باھا مەرۋايىت، گۆھەر تاقىغان 12 پۆپۈكلۈك باشلىق (تاج) كىيدى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئالتۇن يالتىلىغان ئالتە ئات قوشقان پوچتىغا ئولتۇرۇپ، شاھانە لىباس كىيدى، كوچىغا چىقسا كوچىلاردا كىشى يۈرۈشنى مەنئى قىلدۇردى، يېچۇنگە ۋېي پادىشاھ سارىيى سالدۇرۇپ، ۋارىسلىق قىلىدىغان شاھزادىنى بەلگىلەش توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزدى. ساۋ ساۋنىڭ چوڭ خوتۇنى دىڭ خانىم تۇغمىغانىدى. كىچىك خوتۇنلىرىدىن ليۇ خانىم ساۋ ئاڭنى تۇغقانىدى. بۇ ئوغۇل جاڭشيۇغا يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدا، ۋەنچېڭدا ئۆلدى. بيەن خانىم تۆت ئوغۇل تۇغقانىدى: چوڭى ساۋ پى، ئىككىنچىسى ساۋ جاڭ، ئۈچىنچىسى ساۋ جى، تۆتىنچىسى ساۋ شيۇڭ ئىدى. شۇڭلاشقا دىڭ خانىمنى قالدۇرۇپ، بيەن خانىم خانىشلىققا بەلگىلەندى. ئۈچىنچى ئوغلى ساۋ جى يەنە بىر ئىسمى زىجيەن بولۇپ، ئىنتايىن زېرەك ئىدى، قەلەمنى قولىغا ئالسىلا ماقالە تەييار بولاتتى، ساۋ ساۋ ئۇنى ۋارىسلىق قىلىدىغان شاھزادە قىلىش نىيىتىگە كەلدى. شاھزادە چوڭ ئوغلى ساۋ پى بولالماي قېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ مەسلىھەتچى تۆرە جيا شۈيدىن مەسلىھەت سورىغاندا، جيا شۈي مۇنداق، مۇنداق قىلىش كېرەك دەپ ئۆگىتىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساۋ ساۋ يۈرۈشكە چىقسا، ئوغۇللىرى ئۇزىتىپ چىقاتتى، ساۋ جى ئاتىسىنىڭ خىزمىتى، پەزىلىتىنى ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن مەدھىيىلەيتتى، يالغۇز ساۋ پىلا ئاتىسى بىلەن خوشلاشقاندا، يىغلاپ باش قوياتتى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەسىرلىنەتتى. شۇڭا ساۋ ساۋ جىنى قۇۋ، ساۋ پىنى سەمىمىي ھېسابلايتتى. ساۋ پى يەنە ساۋ ساۋنىڭ يېقىن خادىملىرىنىڭ ئاغزىنى ياغلاپ، ئاتىسىغا ئۆزىنى ئەخلاقلىق دەپ ئېيتقۇزدى. ساۋ ساۋ ۋارىسلىق قىلىدىغان شاھزادىسىنى بەلگىلىمەكچى بولۇپ، بىر قارارغا كېلەلمەي جيا شۈيدىن:

— پادىشاھ ۋارىسلىقىغا كىمنى بەلگىلىسەم بولار؟ — دەپ سورىدى.

جيا شۆي جاۋاب بەرمىدى. ساۋ ساۋ سەۋەبىنى سورىۋىدى، جيا شۆي:

— ئويلىنىۋاتىمەن، شۇڭا جاۋاب بېرەلمىدىم، — دېدى.

— نېمىنى ئويلاۋاتىدىلا؟

— يۈەن شاۋ، ليۇ باۋ ئاتا ـ بالىلارنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى.

ساۋ ساۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، شۇئان چوڭ ئوغلى ساۋ پىنى پادىشاھ ۋارىسلىقىغا بەلگىلىدى.

قىش پەسلىدىكى ئونىنچى ئايدا ۋېي پادىشاھ سارىيى پۈتتى، چاھارباغقا ئاجايىپ گۈللەرنى، غەيرىي مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئەكېلىپ تىكىش ئۈچۈن، جايلارغا ئادەملەر ئەۋەتتى. ۋۇ تەۋەسىگە بارغان ئەلچى سۈن چۈەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋېي پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقىنى يەتكۈزدى ـ دە، ئاندىن ئاپېلسىن ئېلىش ئۈچۈن ۋېنجۇغا يۈرۈپ كەتتى. بۇ سۈن چۈەننىڭ ۋېي پادىشاھىغا ھۆرمەت قىلىۋاتقان ۋاقتى بولغاچقا، شەھەردىن قىرىق نەچچە ئەپكەش يوغان ئاپېلسىن تاللىتىپ، تېزلىكتە يېجۈنگە ماڭدۇردى. يولدا ھېرىپ قالغان ئەپكەشچىلەر تاغنىڭ تۈۋىدە دەم ئېلىشىپ ئولتۇراتتى، بىر كۆزى قارىغۇ، بىر پۇتى ئاقساق، بېشىغا توقۇلما باشلىق، ئۇستىگە ئەسكى كىيىم كىيگەن بىر دەرۋىش كېلىپ سالام قىلدى ۋە:

— سىلەر ئەپكەش كۆتۈرۈپ جاپا چېكىپسىلەر، پېقىر دەرۋىشلار ھەممىڭلارغا ھەمدەملىشىپ بىردەم كۆتۈرۈشسەم قانداق؟ — دېدى.

كۆپچىلىك ناھايىتى خۇشال بولدى. شۇنداق قىلىپ دەرۋىش ھەر ئەپكەشنى بەش چاقىرىم يولغىچە كۆتۈرۈشۈپ بەردى، ئەمما، دەرۋىش كۆتۈرگەنلىكى ئەپكەش يېنىكلىشىپ قالدى، بۇنىڭغا ھەممەيلەن ھەيران بولۇشتى. دەرۋىش كېتىش ئالدىدا ئاپېلسىن توشۇغۇچى بەگكە:

— پېقىر ۋېي پادىشاھىنىڭ يۇرتدىشى بولىمەن؛ ئىسمىم ـ زاتىم زو سى، يەنە بىر ئىسمىم يۈەن فاڭ، دەرۋىشلىك نامىم «ۋۇ جياۋ موللا» . يېجۇنگە بارغىنىڭىزدا، زو سى سالام ئېيتتى دەپ قويارسىز، — دېدى ـ دە، يېڭىنى سىلكىگەن پېتى كېتىپ قالدى.

ئاپىلىسىن ئالغىلى بارغان بەگ يېجۇنگە كېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈپ ئاپېلسىننى تاپشۇردى. ساۋ ساۋ ئۆزى يېرىپ قارىۋېدى، ساپلا پوستلاق بولۇپ، ئىچى كاۋاك چىقتى. ھەيران بولغان ساۋ ساۋ ئاپېلسىن ئەكەلگەن كىشىدىن سورىدى، ئەكەلگۈچىلەر يولدىكى زو سى ۋەقەسىنى دەپ بېرىشتى. ساۋ ساۋ ئىشەنمەي تۇراتتى، توساتتىن قوۋۇق باقار كىرىپ:

— بىرى دەرۋىش زو سى بولىمەن، ئۇلۇغ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەتتىم، دەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ساۋ ساۋ كىرىشكە ئىجازەت بەردى. ئاپېلسىن ئەكەلگەن بەگ:

— يولدا بىز كۆرگەن ئادەمنىڭ دەل ئۆزى شۇ، — دېدى.

— قانداق سېھىر بىلەن ئېسىل مېۋىنى جايلاپ كەتتىڭىز؟ — دەپ توۋلىدى ساۋ ساۋ.

— ئۇنداق ئىشمۇ بولامدىكەن؟ — دېدى زو سى كۈلۈپ تۇرۇپ. ئاپېلسىننى ئېلىپ يېرىۋېدى، ئىچى گۆشلۈك بولۇپ ناھايىتى مەززىلىك چىقتى. ساۋ ساۋنىڭ ئېلىپ يارغىنىلا كاۋاك چىقتى. تېخىمۇ ھەيران بولغان ساۋ ساۋ زو سىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئۇنىڭدىن سۆز سورىدى. زو سى شاراب، گۆش تەلەپ قىلدى، ساۋ ساۋ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. 50 سىر كايە شاراب ئىچىپ مەست بولمىدى، پۈتۈن قوينى يەپمۇ تويمىدى. ساۋ ساۋ:

— مۇنچىلىك قىلىدىغان قانداق ھۈنىرىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر دەرۋىشلىرى، — دېدى زو سى، — كۆن پېتىش

سىچۇەن جىيالىڭ ئېمېي تېغىدا 30 يىل مۇنەججىملىك تەلىماتى ئالدىم، تۇيۇقسىز تاش تامنىڭ ئىچىدىن ئىسمىمنى چاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى، قارىسام كۆرۈنمىدى. بۇ ئەھۋال بىرنەچچە كۈن داۋام قىلدى، توساتتىن چىققان گۈلدۈرماما ئاۋازىنىڭ لەرزىسى بىلەن تاش تام يېرىلىپ، ئۈچ جىلد تىلسىم نامىغا ئىگە بولدۇم، كىتابنىڭ ئىسمى «سىرلىق ساماۋى كىتاب» بولۇپ، بىرىنچى جىلدنىڭ ئىسمى «ئاسمان سىرلىرى»، ئىككىنچى جىلدنىڭ ئىسمى «زېمىن سىرلىرى»، ئۈچىنچى جىلدنىڭ ئىسمى «ئىنسان سىرلىرى» ئىدى. ئاسمان سىرلىرى بۇلۇت، شاماللار ئارا كېزىپ، ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇچۇشنى، زېمىن سىرلىرى تاغۇ تاشلارنى تېشىپ ئۆتۈشنى، ئىنسان سىرلىرى ئەلدە كېزىپ، شەكلىنى يوشۇرۇپ ۋۇجۇدىنى ئۆزگەرتىشنى، شەمشەر-خەنجەرلەر ئېتىپ، ئادەملەرنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى تەلىم بېرىدۇ. ئەي ئۇلۇغ پادىشاھىم! مەنسەپ دەرىجىلىرى چېكىگە يەتتى، ئەمدى چېكىنىپ پېقىر دەرۋىشلىرى بىلەن، ئېمېي تېغىغا چىقىپ ئىستىقامەت قىلسىلا بولمامدۇ؟ ئۈچ جىلد تىلسىم نامىنى ئۆگىتىپ قوياي.

— مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى چېكىنىشنى ئويلاپ يۈرەتتىم، لېكىن سارايدا مۇناسىپ ئادەم يوق، — دېدى ساۋ ساۋ.

— يېجۇدىكى خان تاغىسى ليۇ بېي بارغۇ! شۇنىڭغا ئورۇنلىرىنى ئۆتۈنۈپ بەرسىلە بولمامدۇ؟ بولمىسا، مەن پېقىر دەرۋىش ئاتقۇچ شەمشەر بىلەن كاللىلىرىنى ئېلىپ تاشلايمەن، — دېدى زو سى كۈلۈپ.

— بۇ ليۇ بېينىڭ سۇخەنچىسى ئىكەن! — دېدى ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە، — تۇتۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

زو سى توختىماستىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ساۋ ساۋ ئون نەچچە گۇندىپايىنى ئۇنى تۇتۇپ ئۇرۇشقا بۇيرۇدى. گۇندىپايلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆچىنىڭ بارچە كالتەكلىگەن بولسىمۇ، بۇ زو سىغا ھېچ تەسىر قىلمىدى، ئۇ خورەك تارتىپ ھەدەپ ئۇخلاۋاتاتتى. غىزەپلەنگەن ساۋ ساۋ ئىبغىر تاقاق ئەكەلدۈرۈپ مىخلاپ قۇلۇپلىدى، ئاندىن زىندانغا تاشلاپ قارانچۇقلۇققا ئادەم قويىدى. تاقاق، قۇلۇپلارنىڭ ھەممىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ھېچبىر زەخىملەنمىگەن زو سى يەردە بەخىرامان ياتاتتى. تاماق بەرمەستىن ئۇدا يەتتە كۈن قاماپ قويدى. كېيىن قارىسا زو سى راۋۇرۇس ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ رەڭگى تېخىمۇ قىزىرىپ ئوڭشىلىپ كېتىپتۇ. گۇندىپايلار ئەھۋالنى ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلىنىشتى. ساۋ ساۋ چاقىرتىپ سورىدى، زو سى:

— نەچچە ئون يىل تائام يېمىسەممۇ ھېچ نەرسە بولمايدۇ؛ كۈنىگە 1000 قوي بولسىمۇ تامام يېۋېتىمەن، — دېدى.

ساۋ ساۋ ئامالسىز بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى پادىشاھ سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن كاتتا مەرىكە ـ سورۇنغا ھەممە بەگلەر كېلىشتى. قىزىق شاراب ئىچىلىۋاتقان ۋاقىتتا، پۇتىغا ياغاچ كەش كىيگەن زو سى مەرىكە ـ سورۇنغا كىرىپ، سورۇن ئالدىدا ئۆرە تۇردى. ھەممە بەگلەر ھەيران بولۇشتى. زو سى:

— ئۇلۇغ شاھ! بۈگۈن سۈدىن، قۇرۇقلۇقتىن چىقىدىغان ھەممە نەرسىلەرنى تەييارلاپ، ۋەزىرلەرگە كاتتا مەرىكە قىلىپ بېرىپتىلا، ئەلدە غارايىپ نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن، بۇلاردىن يەنە نېمە لازىم ئىكەن؟ كەمىنە دەرۋىشلىرى ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى.

— ئەجدىھانىڭ جىگىرىدىن شورپا قىلدۇرماقچىدىم، ئەكېلىپ بېرەلەمسىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— بۇنىڭ نېمە قىيىنلىقى بار! — دېدى زو سى قەلەم ـ سىياھ ئالدۇرۇپ، گەج تامغا بىر ئەجدىھانىڭ سۈرىتىنى سىزدى ـ دە، يېڭىنى بىرلا سىلكىۋېدى، ئەجدىھانىڭ قورسىقى

ئۈزلۈكسىدىن يېرىلدى. زو سى ئەجدىھانىڭ قورسىقىدىن قانلىرى تېمىپ تۇرغان يېپيېڭى بىر جىگەر ئېلىپ بەردى. ساۋ ساۋ ئىشەنمىدى ۋە:

— ئالدىن يېڭىـڭـىزنىڭ ئىـچـىـگە يوشۇرۇپ قويىـغانىكەنـسىز! — دەپ تىۋىلىدى.

— ھازىر ھاۋا سوغۇق، دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپلەر تامام قۇرۇدى؛ قېنى، ئۇلۇغ شاھ، سىلىگە قانداق ياخشى گۈل كېرەك، خالىغانلىرىنى دېسىلە، — دېدى زو سى.

— مودەنگۈل كېرەك.

— بۇمۇ ئاسان، — دېدى زو سى ۋە گۈل تەشتىكىنى ئالدۇرۇپ ئالدىغا قويۇپ، سۇ پۈركىدى. بىردەمدىلا بىر تۈپ مودەنگۈل ئۈنۈپ چىقىپ، بىر جۈپ گۈل ئېچىلدى. بەگلەر ھەيران بولۇشتى. زو سىنى بىللە تائام يېيىشكە تەكلىپ قىلىشتى. ئاشپەز بېلىق گۆشى قويدى. زو سى:

— سۇڭجياڭنىڭ لۇبۇ بېلىقى ناھايىتى مەززىلىك بولىدۇ، — دېدى.

— 1000 يوللارچە يىراقتا تۇرسا، قانداق ئالدۇرغىلى بولىدۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— بۇنىڭ نېمە قىيىنلىقى بار! — دېدى زو سى، دەرھال قارماق ئالدۇرۇپ، دىۋان ئالدىدىكى كۆلچەككە سالدى، بىردەمدىلا بىرنەچچە ئون دانە چوڭ لۇبۇ بېلىقى تۇتۇپ، قويۇپ قويدى. ساۋ ساۋ:

— كۆلچىكىمدە بۇ بېلىقلار ئەزەلدىن بار ئىدى، — دېدى.

— ئۇلۇغ شاھ! نېمىشقا ئالدامچىلىق قىلىدىلا؟ ئالەمدىكى لۇبۇ بېلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىككى ئاي قۇلاقلىق بولۇپ، يالغۇز سۇڭجياڭنىڭ لۇبۇ بېلىقىلا تۆت ئاي قۇلاقلىق بولىدۇ، شۇنىڭدىن پەرق ئېتىش مۇمكىن، — دېدى زو سى. بەگلەر قارىسا، دېگەندەك تۆت ئاي قۇلاقلىق ئىكەن. زو سى:

— سۇڭجياڭنىڭ لۇبۇ بىلىقىنى پىشۇرۇش ئۇچۇن بىغىر رەڭ بىج زەنجىۋىل كېرەك، — دېدى.

— ئالدۇرالامسىز؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— ئاسان، — دېدى زو سى ۋە بىر دانە ئالتۇنداس ئالدۇرۇپ، ئۈستىگە تونىنى يېپىپ قويدى. بىردەمدىلا داسقا لىققىدە بىغىر رەڭ بىج زەنجىۋىل پەيدا بولدى. ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويدى، ساۋ ساۋ قولى بىلەن ئېلىۋىدى، بىردىنلا داستا «ساۋ ساۋنىڭ يېڭى ئەسىرى» دېگەن بىر كىتابنى كۆردى. ئېلىپ قارىسا، بىرمۇ ھەرپى ئۆزگىچە ئەمەس ئىكەن. ساۋ ساۋ ئىنتايىن شۈبھىگە چۈشۈپ قالدى. زو سى شىرەدىكى قاشتېشى قەدەھنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تولدۇرۇپ ئېسىل شاراب قۇيدى ـ دە، ساۋ ساۋغا تۇتۇپ:

— ئۇلۇغ شاھ! بۇ شارابنى نۇش ئەيلىسىلە، 1000 يىل ئۆمۈر كۆرىدىلا، — دېدى.

— سىز ئاۋۋال ئىچىڭ! — دېدى ساۋ ساۋ.

زو سى دەرھال باشلىقىدىكى تۇغناغىچتىن يۇلۇپ، قەدەھنى بىرلا سىزدى. شاراب ئوتتۇرىدىنلا ئىككىگە بۆلۈندى، ئۆزى يېرىمىنى ئىچىپ، يېرىمىنى ساۋ ساۋغا تۇتتى. ساۋ ساۋ توۋلىدى، زو سى قەدەھنى ھاۋاغا ئاتتى. بىر ئاق پاختەككە ئايلىنىپ، سارايىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۈستىگە قارىشىپ قالغان بەگلەر زو سىنىڭ قاياققا كېتىپ قالغانلىقىنى بىلىشەلمەي قالدى. بىردىنلا «زو سى ساراي قوۋۇقىدىن چىقىپ كەتتى» دەپ مەلۇم قىلىشتى. ساۋ ساۋ:

— مۇنداق سېھىرگەرنى ئەلۋەتتە يوقىتىۋېتىش كېرەك، بولمىسا چوقۇم زىيانكەشلىك قىلىدۇ، — دېدى ـ دە، دەرھال شۈي چۇنى 300 تۆمۈر ساۋۇتلۇق لەشكەر بىلەن تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئاتلانغان شۈي چۇ لەشكەرلەرنى باشلاپ شەھەر دەرۋازىسىغا قوغلاپ كەلگەندە، ياغاچ كەش كىيگەن زو سىنىڭ

ئالدىدىلا ئاستا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇي چۇ ئات چاپتۇرۇپ قوغلىسىمۇ يېتىشەلمىدى. قوغلاپ بىر تاغقا كەلگەندە، قارشىسىدىن بىر پادىچى بالا قوي ھەيدەپ كېلىپ قالدى، زو سى قوي پادىسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى، شۇي چۇ ئوقيا بىلەن ئاتقانىدى، زو سى غايىب بولدى. شۇي چۇ قوي پادىسىنى تامام ئۆلتۈرۈپ ئاندىن قايتىپ كەتتى. پادىچى بالا قويلارغا قاراپ يىغلاپ تۇردى. تۇيۇقسىزدىنلا قوينىڭ كاللىسى ئىنسان تىلىغا كىرىپ، بالىنى چاقىرىپ:

— قويلارنىڭ كاللىسىنى گەۋدىسىگە تۇتاشتۇرۇپ قويۇڭ! — دېدى.

قورقۇپ كەتكەن بالا يۈزىنى ئەتكەن پېتى قېچىپ كەتتى. بىردىنلا ئارقىدىن بىراۋ:

— قورقۇپ قاچماڭ، تىرىك قوي ئېلىڭ! — دەپ توۋلىدى.

بالا ئارقىسىغا قارىۋىدى، يەردە ياتقان ئۆلۈك قويلارنى تىرىلدۈرگەن زو سى يېڭىنى سىلكىگەن پېتى كېتىپ قالدى؛ ئۇچقاندەك يۈرۈپ بىر پەستىلا كۆزدىن غايىب بولدى. بالا قايتىپ كېلىپ ۋەقەنى پاسىبانغا دەپ بېرىۋىدى، پاسىبان ئەھۋالنى يوشۇرۇشتىن قورقۇپ، ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ زو سىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇپ، تۆت ئۆچۈن جايلارغا بۇيرۇق بەردى. ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدىلا شەھەرنىڭ ئىچ - تېشىدا بولۇپ، بىر كۆزى قارىغۇ، بىر پۇتى ئاقساق، بېشىغا ئاق توقۇلما باشلىق، ئۇستىگە ئەسكى كىيىم، پۇتىغا ياغاچ كەش كىيگەن، شەكلى - سىماسى ئوخشاش 3 — 4 يۈز ئادەم تۇتۇلدى. بۇ خەۋەر شەھەرگە پۇر كەتتى. ساۋ ساۋ پالۋانلىرىغا چوشقا، قوي قېنىنى چاچقۇزدى - دە، شەھەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى مەشىق مەيدانىغا ئاچىقتۇردى. شەخسەن ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى 500 لەشكەر بىلەن مۇھاسىرە قىلىپ تۇرۇپ تامام ئۆلتۈرگۈزدى. ھەممەيلەننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بويۇن قورساقلىرىدىن بىر كۆك گازسىمان ھاۋا چىقىپ، ئاسمانغا ئۆرلەپ كەتتى، بىر يەرگە يىغىلىپ، بىر زور سىغا ئايلاندى. ئاسماندىن بىر ئاق تۇرنىنى چاقىرىۋېلىپ مىنىۋالدى ـ دە، چاۋاك چېلىپ قاقاقلاپ كۈلگەن ھالدا:

— ئەگەشسىمۇ يولۋاسقا چاشقانلار، بىر كۈندىلا ئۆلىدۇ مەككارلار! — دېدى.

ساۋ ساۋ پالۋانلارغا:

— ئوقيا بىلەن ئېتىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. تۇيۇقسىزدىن قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى؛ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، باشلىرىنى قولىغا ئېلىشتى ـ دە، مەشىق مەيدانىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ساۋنى ئۇرماقچى بولدى. قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەر، پالۋانلار يۈزلىرىنى ئېتىشىۋالدى، قورقۇنچلۇقلىرى تۆپىلى ئۆگدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈشتى، بىر ـ بىرىگە قارىشالماي قالدى.

دەر ھەقىقەت:

*قۇدرەتلىك قۇۋ ـ مەككارلار ھالاك قىلدىلەر ئەلنى،*
*كۆرسىتىپ دەرۋىش ھۈنەر ھەيران قىلدى ئادەمنى.*

ساۋ ساۋ ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئاتمىش توققۇزىنچى باب

## گۇەن لۇنىڭ رەم ئېچىپ سېھىرى كارامەت كۆرسەتكەنلىكى
## بەش بەگنىڭ خەن مۇناپىقنى جازالاش يولىدا پىداكارلىق بىلەن قۇربان بولغانلىقى

ئەلقىسسە، ئەنە شۇ كۈنى قارا بوران ئىچىدە ھەممە جەسەتلەرنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ قورقۇپ كېتىپ يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. بىر پەستىن كېيىن شامال توختاپ، جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى كۆزدىن غايىب بولدى. ئەتراپىدىكىلەر ساۋ ساۋنى يۆلەشتۈرۈپ سارايغا ئەكەلدى. ساۋ ساۋ قورقۇپ كەتكەن سەۋەب بىلەن كېسەل بولۇپ قالدى. كېيىنكىلەر زوسىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*بىرلا سەكرەپ چىقتى ئۇ كۆككە — بۇلۇتنىڭ قەھرىگە،*
*سەيلى قىلدى كۈللى جۇڭگونى تاياندى سېھرىگە.*
*ئۇ ھامانە كۆرسىتىپ سېھرىي كارامەتلەرنى كۆپ،*
*بەرسە ساۋ ساۋغا بېشارەت يانمىدى ئۇ كەينىگە.*

ساۋ ساۋنىڭ ئىچكەن دورىلىرى كېسىلىگە پايدا قىلمىدى. رەسەتبېگى شۈي جى شۈيچاڭدىن ساۋ ساۋنى كۆرۈشكە كەلگەندە، ساۋ ساۋ شۈي جىنى رەم سېلىشقا بۇيرۇدى. شۈي جى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۇلۇغ پادشاھىم! كارامەت رەممال گۇەن لونى ئاڭلىغانمىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— نامىنى ئاڭلىدىم، ھۈنىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. تەپسىلىي سۆزلەپ باقسىلا، قېنى، — دېدى ساۋ ساۋ.

— گۇەن لونىڭ، — دېدى شۈي جى، — يەنە بىر ئىسمى گۇڭ مىڭ بولۇپ، پىڭيۈەنلىك ئادەم. رەڭگىروھى سەت، ئىشقىۋاز، تاماشاپەرەس. ئاتىسى لاڭيا جىچيۇغا باشلىق بولغان، گۇەن لو گۆدەكلىكىدىن تارتىپ يۇلتۇزلارنى كۆزىتىشكە ھېرىس ئىكەن، كېچىسى ئۇخلىمايدىكەن. ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ توسۇپ قالالمايدىكەن. دائىم: «توخۇ، ئاق قۇلار ۋاقىتنى بىلگەن يەردە، ئادەم دۇنيادا شۇنداقلا يۈرەمدىكەن؟» دەيدىكەن. قوشنا باللار ئوينىغان ۋاقىتتا، ھەمىشە يەرگە ئاسمان جىسىملىرى، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى سىزار ئىكەن. سەل چوڭ بولغاندا، جۇيى رەم كىتابىنى ئوبدان ئۆگىنىپتۇ. شامالغا قاراپ ياخشىلىق ۋە شۇملۇق ئالامەتلىرىنى دەپ بېرىشنى ئۆگىنىپتۇ. ئىلمىي ھېسابنى كارامەت بىلىدىكەن ۋە كىشىنىڭ رەڭگىروھىغا قاراپ تەقدىر ـ قىسمىتىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن. لاڭيا ھاكىمى شەن زىچۈن ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ، گۇەن لونى كۆرۈشۈشكە چاقىرتىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا 100دىن ئارتۇق مېھمانلىرى بولۇپ، ھەممىسى سۆزمەن زاتلاردىن ئىكەن. گۇەن لو شەن زىچۈنگە: «يېشىم كىچىك، قورقۇپ تۇرىمەن، ئاۋۋال ئۈچ سىركايە ئېسىل شاراب بەرسىلە، ئىچىۋېلىپ ئاندىن سۆزلىشەي» دەپتۇ، ھەيران بولغان شەن زىچۈن دەرھال ئۈچ سىركايە شاراب بېرىپتۇ. گۇەن لو شارابنى ئىچىپ بولۇپ، شەن زىچۈنگە: «بۈگۈن مۇشۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشەمدۇ؟» دېگىنىدە، شەن زىچۈن: «مەن سىزگە تاقابىل تۇرالايمەن» دەپتىكەن. شۇنداق قىلىپ گۇەن لو بىلەن رەم قائىدىلىرى

ھەققىدە بەھس قىلىشىدىكەن. گۆەن لو ھارماستىن ئىخچام قىلىپ چوڭقۇر، سىرلىق سۆزلەيدىكەن. شەن زىچۇن ئارقا ـ ئارقىدىن قىيىن مەسىلىلەرنى قويسىمۇ، گۆەن لو راۋان جاۋاب بېرىدىكەن. ئەتىگەندىن كەچكىچە يېمەك يېمەستىن سۆزلىشىپتىكەن، شەن زىچۇن بىلەن مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئاپىرىن ئوقۇشۇپ كېتىپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەلدە «ئەۋلىيا بالا» دەپ شۆھرەت قازانغانىكەن. كېيىن ئاھالىدىن گوئېن دېگەن كىشى بۇرادەر ئۇچەيلەننىڭ ھەممىسى پۇت ئاغرىقىغا دۇچار بولۇپ قېلىپ، گۆەن لونى رەم سېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىپتۇ. گۆەن لو: «رەم بويىچە ئۇ سىلىنىڭ ئائىلىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقىدا ئايال جىن بار ئىكەن، ئۇ سىلىنىڭ چوڭ ئانىلىرى بولمىسا، كىچىك ئانىلىرى بولىدۇ. ئۆتكەن قەھەتچىلىك يىللىرىدا، بىرنەچچە شىڭ گۈرۈچ ئۇچۇنلا قۇدۇققا ئىتتىرىۋېتىشكەنىكەنلا، ئۇستىگە تاشلانغان يوغان تاش بېشىنى يانجىۋەتكەنىكەن. بۇ يېتىمە ئەرۋاھ ئەلەمگە چىدىماي، خۇداغا نالە قىلغاچقا، سىلى باشلىق بۇرادەرلىرىگە بۇ جازا بېرىلىپتۇ، قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس» دېگەنىكەن. گوئېن بۇرادەرلەر يىغلاپ تۇرۇپ گۇناھىنى ئۇستىگە ئالغانىكەن. ئەنپىڭ ھاكىمى ۋاڭ جى گۆەن لونىڭ كارامەت رەممال ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپتىكەن. شىندۇ ئامبىلى رەپىقىسىنىڭ دائىم بېشى ئاغرىيدىكەن، ئوغلىنىڭ بولسا يۈرىكى ئاغرىيدىكەن، شۇڭا گۆەن لودىن رەم سېلىپ بېقىشنى ئۆتۈنۈپتىكەن. گۆەن لو: «بۇ دېۋانىنىڭ كۈنپېتىش بۇرجىكىدە ئىككى ئەر كىشىنىڭ جەستى بار ئىكەن. بىرىدە نەيزە، بىرىدە ئوقيا بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بېشى تامنىڭ ئىچىدە، پۇتى تامنىڭ تېشىدا. نەيزە تۇتقان جەسەت، نەيزىنى باشقىلارغا سانجىغاچقا، باش ئاغرىيدۇ، ئوقيا تۇتقان جەسەت ئوقيانى كۆكسىگە ئاتقاچقا، يۈرەك ئاغرىيدۇ» دەپتىكەن. يەرنى كولىتىپ كۆرسە، سەككىز چى چوڭقۇرلۇقتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگەندەك ئىككى گۇەنسەي چىقىپتۇ، گۇەنسەيىنىڭ بىرىدە نەيزە، بىرىدە ئوقيا بار ئىكەن، گۇەنسەي ياغىچى چىرىپ كېتىپتۇ. گۇەن لو جەسەتنىڭ سۆڭەكلىرىنى شەھەردىن ئون چاقىرىم نېرى ئاچىقتۇرۇپ، كۆمۈشكە بۇيرۇپتۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ سىندۇ ئامبىلىنىڭ رەپىقىسى بىلەن ئوغلى ساقىيىپتۇ. گۇەن تاۋ ئامبىلى جۇگې يۈەن شىنشىڭغا ھاكىم بولۇپ كۆچىدىغان ۋاقتىدا، گۇەن لو ئۇزاتقىلى بارغانىكەن. مېھمانلاردىن بىرى گۇەن لو يوشۇرۇن سىرلارنى تاپالايدۇ دەپتۇ، ئىشەنمىگەن جۇگې يۈەن قارلىغاچ تۇخۇمى، ھەرە ئۇۋۇسى، ئۆمۈچۈك قاتارلىق ئۈچ خىل نەرسىنى ئايرىم ئۈچ قۇتىغا يوشۇرۇن سېلىپ، گۇەن لونى رەم سېلىپ تېپىشقا بۇيرۇپتۇ. رەم سېلىپ بولۇپ، ھەربىر قۇتىنىڭ ئۈستىگە تۆت قۇردىن خەت يېزىپتۇ. بىرىنچىسىگە: «ئۇنىڭ گرادۇسى تېزدىن ئۆزگىرىپ كېتەر، پېشايۋانلارنى ئۆزىگە ماكان ئېتەر، شەكلى ئوخشاش ئەركەك ھەم چىشىسىنىڭ، قانات كېرىپ ئاسماندا پەرۋاز ئېتەر. بۇ — قارلىغاچ تۇخۇمى»، ئىككىنچىسىگە: «خاندانى تەتۈرىگە مۇئەللەق، ئىشىك - پەنجىرىلىرى تولىدۇر بەك؛ شەھۋىتىنى يوشۇرۇپ يېتىشتۈرەر زەھەردىن، كۈز پەسلىگە يەتكەندە تۇغۇپ كۆپىيەر مۇتلەق. بۇ — ھەرە ئۇۋۇسى»، ئۈچىنچىسىگە: «ئۇزۇنغىنا پۇتلىرى تىترەپ - تىترەپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قوسقان يىپلىرى تورغا ئوخشاش بولىدۇ؛ تورلىرىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ تاپىدۇ ئوزۇق - ئوقەت، قاراڭغۇ كېچىلىرى تاپىدۇ ئۇ مەنپەئەت. بۇ — ئۆمۈچۈكتۇر» دەپ جاۋاب يېزىپتۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھەيران بوپتۇ. يېزىدا كالىسىنى يوقىتىپ قويغان بىر قېرى موماي رەم سېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنىكەن. گۇەن لو: «يۇقىرىدىكى دەريا بويىدا، يەتتەيلەن ئۆلتۈرۈپ پىشۇرۇۋاتىدۇ كالا؛ تېز بېرىپ ئىزدىسىڭىز، تېرە، گۆشى تېخى بار» دەپ ھۆكۈم قىلغانىكەن. موماي بېرىپ ئىزدىگەنىكەن، دېگەندەك يەتتەيلەن كەپىنىڭ ئارقىسىدا كالا

پىشۇرۇپ يەۋېتىپتۇ، تېرىسى، گۆشى تېخى بار ئىكەن. موماي ئايماق ھاكىمى لىيۇ بىنغا ئەرز قىپتۇ، يەتتەيلەن قولغا ئېلىنىپ جازالىنىپتۇ. ھاكىم مومايدىن: «قانداق بىلىپ قالدىڭىز؟» دەپ سورىغىنىدا، موماي كارامەت رەممال گۇەن لونىڭ دەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئىشەنمىگەن لىيۇ بىن گۇەن لونى مەھكىمىگە چاقىرتىپ، تامغا خالتىسى ھەم قىرغاۋۇل پېيىنى قۇتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، رەم سېلىشقا بۇيرۇپتۇ. گۇەن لو رەمنى سېلىپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بىرى: «ئىچى چاسا، تېشى يۇمىلاق، پۈتۈك خەتلىرى رەڭمۇرەڭ بوياق؛ بېسىلىدۇ ئالاقىلەرگە، چىقىدۇ ئىچىدىن مۆھۈر تامغا. بۇ — تامغا خالتىسى» . يەنە بىرى: «بۇ ئېگىز تاغنىڭ قۇشى، قىزىل كىمخاب ۋۇجۇدى؛ قارا سېرىق قاناتى، چىللار بولغاندا ۋاقتى. بۇ — قىرغاۋۇل پېيى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھەيران بولغان لىيۇ بىن ئۇنى دەرھال ئېسىل مېھمان تەرىقىسىدە كۈتۈۋاپتۇ. بىر كۈنى گۇەن لو شەھەر ئەتراپىغا سەير قىلغىلى چىقىپتۇ، ئېتىزلىقتا ئىشلەۋاتقان بىر يىگىتكە يولنىڭ بويىدا تۇرۇپ نەزەر ساپتۇ، بىر ھازادىن كېيىن: «ئەي يىگىت! نام شەرىپلىرى نېمە، قانچە ياشقا كىردىلە؟» دەپ سوراپتۇ. بۇ يىگىت: «ئىسىم ـ زاتىم جاۋ يەن، 19غا كىردىم. تەقسىر، ئۆزلىرى كىم بولىدىلىكى؟» دەپتۇ. گۇەن لو: «مەن گۇەن لو بولىمەن. قوشۇمىڭىزدىن ئۆلۈم ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، ئۈچ كۈنىنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئۆلىسىز. ئەجەب چىرايلىق ـ كېلىشكەن يىگىت ئىكەنسىز، ئەپسۇس ئۆمرىڭىز قىسقا ئىكەن» دەپتۇ. جاۋ يەن دەررۇ ئۆيىگە قايتىپ ئاتىسىغا ئېيتقانىكەن، بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئاتىسى دەرھال گۇەن لوغا يېتىشىپ بېرىپ، يەرگە باش قويغان ھالدا «قايتىپ ئوغلۇمنى خالاس قىلىشلىرىنى سورايمەن!» دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. گۇەن لو: بۇ تەقدىر ـ قىسمەت، قانداق قۇتۇلۇش مۇمكىن؟» دەپتۇ. ئاتىسى: «كەمىنە قېرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرگىنە ئوغلۇم ئىدى، خالاس قىلىشلىرىنى سورايمەن! » دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. جاۋ يەنمۇ يىغلاپ ئىلتىماس قىپتۇ. ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ مۇنچىۋالا قىلىپ كەتكىنىنى كۆرگەن گوەن لو جاۋ يەنگە: «بىر شىشە مۇسەپپا شاراب، بىر پارچە بۇغا گۆشى هازىرلاپ - دە، ئەتە تۆۋەن تەرەپتىكى تاغنىڭ ئىچىگە كىرىڭ، يوغان دەرەخنىڭ تۆۋىدىكى تاشتا شاهمات ئويناۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆرىسىز. تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان، ئاق كىيىملىك كىشىنىڭ چىرايى ناهايىتى سەت، خۇنۇكتۇر؛ يۇقىرى تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان قىزىل كىيىملىك كىشىنىڭ چىرايى ناهايىتى ساهىبجامالدۇر. ئۇلار شاهماتقا تازا كىرىشىپ كەتكەن ۋاقتىدا، يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، شاراب بىلەن بۇغا گۆشى تۇتقايسىز. ئىچىپ - يەپ بولغان ۋاقتىدا، يىغلاپ باش قويۇپ تۇرۇپ ئۆمۈر تىلىسىڭىز، چوقۇم پايدا ئالىسىز. لېكىن مېنىڭ ئۆگەتكەنلىكىمنى ئېيتمايسىز» دەپتۇ. بوۋاي گوەن لونى ئۆيىدە ئېلىپ قاپتۇ. ئەتىسى جاۋ يەن شاراب، گۆش، قەدەھ، پەتنۇسلارنى ئېلىپ تۆۋەن تەرەپتىكى تاغ ئىچىگە كىرىپتۇ. بەش - ئالتە چاقىرىمچە يول ماڭغانىكەن، دېگەندەك يوغان بىر تۈپ قارىغاينىڭ تۆۋىدىكى تاشتا ئىككى ئادەم هېچ نەرسىگە قارىماستىن، شاهماتقا بېرىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. جاۋ يەن تىزلىنىپ شاراب، گۆشىنى تۇتۇپتۇ، شاهماتقا بېرىلىپ كەتكەن ئىككىيلەن تۇيماستىن شارابنى تامام ئىچىپ بوپتۇ. جاۋ يەن يىغلاپ باش قويۇپ تۇرۇپ ئۆمۈر تىلەپتۇ. ئىككىيلەن هەيران بوپتۇ - دە، قىزىل كىيىملىك كىشى: «بۇنى چوقۇم گوەن لو دەپ بەرگەن. ئىككىمىز مېهماندارچىلىقنى قوبۇل قىلىپ تاشلاپتۇق، رەهىم قىلىشىمىز لازىم» دەپتۇ. ئاق كىيىملىك كىشى يېنىدىن دەپتىرىنى چىقىرىپ ئاختۇرۇپ كۆرۈپتۇ، جاۋ يەنگە: «بۇ يىل 19 ياشتا بولۇپ، ئۆلۈشكە تېگىشلىك ئىكەنسىز. هازىر ‹ئون› نىڭ ئۈستىگە ‹توققۇز› نى يازدۇرۇپ قوياي، 99 يىل ئۆمۈر

كۆرىسىز. قايتىپ گۇەن لوغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئىككىنچىلەپ ئىلاھى سىرلارنى پاش قىلغۇچى بولمىسۇن؛ بولمىسا تەڭرىنىڭ قەھرىگە سازاۋەر بولىدۇ» دەپتۇ. قىزىل كىيىملىك كىشى قەلەمنى ئېلىپ يېزىپ قويۇپتۇ، خۇش بۇي شامالنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىككىيلەن ئىككى دانە ئاق تۇرنىغا ئايلىنىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. جاۋ يەن قايتىپ كېلىپ گۇەن لودىن سورىغانىكەن. گۇەن لو: «قىزىل كىيىملىكى زۇل ئۆمۇر يۇلتۇزى بولۇپ، ئاق كىيىملىكى يەتتىكەن يۇلتۇزىدۇر» دەپتۇ. جاۋ يەن: «يەتتىكەن يۇلتۇزنى توققۇز يۇلتۇزدىن تەركىب تاپقان دەپ ئاڭلىغانىدىم، بىرلا ئادەم ئىكەنغۇ» دەپ سورىغاندا، گۇەن لو: «تارالسا توققۇز بولىدۇ، قوشۇلسا بىر بولىدۇ. يەتتىكەن يۇلتۇزى ئۆلۈمگە، زۇل ئۆمۇر يۇلتۇزى ھاياتقا مۇئەككەلدۇر. بۇگۇن ئۆمۇر بەخش قىپتۇ، ئەمدى غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى نېمە؟» دەپتۇ. ئاتا ـ بالا باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۇرۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلاھىي سىرلارنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان گۇەن لو كىشىلەرگە ئاسانلىقچە رەم سالمايدىغان بوپتۇ، بۇ ئادەم پىڭيۇەندە. ئۇلۇغ شاھ! قازا ـ ھادىسىلەرنى بىلگىلىرى كەلسە، بۇ ئادەمنى چاقىرتسىلا بولمامدۇ؟

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، گۇەن لونى چاقىرتىش ئۈچۈن پىڭيۇەنگە كىشى ماڭدۇردى. گۇەن لو كېلىپ باش قويۇپ كۆرۈشتى. ساۋ ساۋ رەم سېلىشقا بۇيرۇدى. گۇەن لو:

— كېسەللىرى ئارۋاق تۇپەيلىدىن بولغانىكەن، غەم قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى.

ساۋ ساۋنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، كېسىلى ئاستا ـ ئاستا يەڭگىللەپ قالدى. ساۋ ساۋ ئەلنىڭ ئىشلىرىغا رەم سېلىشنى بۇيرۇدى.

— ئۈچ سەككىزىنچى يىلدا، چوشقا ئۈچرار يولۋاسقا؛ دىڭجۈننىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، قازا يېتەر بىر بۆلەككە، — دېدى

رەم سالغان گوۋەن لو.

ساۋ ساۋ يەنە بەخت ـ تەلەي قىسمەت ھەققىدە رەم سېلىپ بېقىشنى بۇيرۇدى.

— شىر ئوردىسىدا، تەڭرى ئورنى بولدى بىقارار، خاندانلىق يولى ئۈزگىرىپ ئەلدە، ئەۋلادلىرى قەدىرلىك بولار، — دېدى رەم سېلىپ گوۋەن لو.

ساۋ ساۋ تەپسىلىي سورىۋىدى، گوۋەن لو:

— تەقدىر ـ قىسمەتنى ئالدىنئالا ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس، كېيىنكى ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى. ساۋ ساۋ گوۋەن لونى رەسەتبېگى قىلماقچى بولۇۋىدى، گوۋەن لو:

— تەقدىر ـ قىسمەتتە مېنىڭ مۇشۇنداق كەمبەغەل ئۆتۈشۈم بەلگىلەنگەن، بۇ خىزمەتكە مۇناسىپ ئەمەسمەن، قوبۇل قىلالمايمەن، — دېدى.

ساۋ ساۋ سەۋەبىنى سورىدى، گوۋەن لو:

— پېشانەمنىڭ ئاساسىي سۆڭىكى، كۆزۈمنىڭ ئاقلاش قارىچۇقى، بۇرنۇمنىڭ قاڭشىرى، پۇتۇمنىڭ تىيەنگېڭى، دۈمبەمنىڭ سەنجياسى، قورسىقىمنىڭ سەنرېنى* يوق. تەيشەن تېغىغا چىقىپ، جىنلارنىلا ئىدارە قىلىشقا يارايمەن، ھايات ئادەملەرنى ئىدارە قىلالمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— قىياپىتىمگە قاراپ تەقدىر ـ قىسمىتىمنى سۆزلەپ بەرسىلە، — دېدى ساۋ ساۋ.

— ۋەزىرلىكنىڭ ئىنتىھا دەرىجىسىگە يەتتىلە، يەنە سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى گوۋەن لو.

ساۋ ساۋ تەكرار سوراپ تۇرۇۋالسىمۇ، گوۋەن لو كۈلۈپلا قويۇپ جاۋاب بەرمىدى. ساۋ ساۋ قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنىڭ

---

* تىيەنگېڭ، سەنجيا، سەنرېن — سېھىرگەرلىك ئاتالغۇلىرى.

قىياپىتىگە قاراپ تەقدىر ـ قىسمىتىنى سۆزلەپ بېرىشنى بۇيرۇدى. گۇەن لو:

— ھەممىسى ئەلنى ئىدارە قىلغۇچى ۋەزىرلەردۇر، — دېدى.

ساۋ ساۋ بەخت ـ بەختسىزلىكى ھەققىدە سورىۋىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۇدەك جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى تارتتى. كېيىنكىلەر ئۇنى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*رەمچى گۇەن لو ئۆتتى پىڭيۈەننى تۇتۇپ يۇرت ۋە ماكان،*
*زۇل ئۆمۈر ۋە يەتكەنلەر ھالىدىن ئالدى نىشان.*
*جىن ـ شاياتۇنلار سىرىنى تاپتى سەككىز رەم بىلەن،*
*ھەممە يۇلتۇزلار تويىنىڭ ھالىنى ئۇقتى شۇئان.*
*رەڭ ـ سىياقىغا بېقىپ تاپقاي كىشىنىڭ قىسمىتىن،*
*رەم سېلىپمۇ بىلدۇ كۆڭلۈگىدە نەبار شۇ ھامان.*
*ئاھ ئىست! شۇنچە ئاجايىپ شۇ ھۇنەرگە ئاقىۋەت*
*چىقمىدى ۋارىس بولۇپ قالماققا بىر ئىنسانۇ جان.*

ساۋ ساۋ كۇنچىقىش ۋۇ بىلەن كۇنپېتىش شۇ ئىككى ئورۇنغا رەم سالدۇرۇۋېدى، گۇەن لو رەم سېلىپ بولۇپ:

— كۇنچىقىش ۋۇنىڭ چوڭ بىر سەركەردىسى ۋاپات بوپتۇ، كۇنپېتىش شۇ لەشكەرلىرى چېگرىغا تەئەررۇز قىلىپ كەپتۇ، — دېدى.

ساۋ ساۋ ئىشەنمەي تۇراتتى. تۇيۇقسىزلا خېفېيدىن: «لۇكۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان كۇنچىقىش ۋۇ سەركەردىسى لۇ سۇ ۋاپات بولدى» دېگەن مەلۇمات كەلدى. ھەيران بولغان ساۋ ساۋ خەۋەر ئۇقۇپ كېلىش ئۈچۈن خەنجۇڭغا كىشى ئەۋەتتى. بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا لىيۇ بېي جاڭ فېي، ما چاۋلارنى قورۇلنى ئېلىش ئۈچۈن، لەشكەر بىلەن شيابيەنگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، دەپ جىددىي مەلۇمات ئېلىپ كەلدى. دەرغەزەپ بولغان ساۋ ساۋ ئۆزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۈيۈك لەشكەر بىلەن يەنە خەنجۇڭغا كىرمەك بولۇپ، گۆەن لوغا رەم سالدۇردى. رەم سېلىپ كۆرگەن گۆەن لو:

— ئۇلۇغ شاھ! يەڭگىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلمىسىلا، كەلگۈسى باھار پايتەخت شۈيچاڭدا زور ئوت ئاپىتى بولىدۇ، — دېدى.

گۆەن لونىڭ ئېيتقانلىرىنى تەجرىبىدە كۆرگەن ساۋ ساۋ يەڭگىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلماي، يېجۈندە تۇرۇپ قالدى. كۆنچىقىش سىچۈەننى مۇھاپىزەت قىلغۇاتقان شيا خۈيۈەن، جاڭ خېلارغا ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن، ساۋ خۇڭنى 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى؛ يەنە ھەر ئېھتىمالغا قارشى شيا خۇدۇننى 3 تۈمەن لەشكەر بىلەن شۈيچاڭ ئارىلىقىدا بېرىپ ـ كېلىپ قاراۋۇللۇق قىلىشقا تەيىن قىلدى؛ يەنە باش مىرزا ۋاڭ بىنى خاس مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەرنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇدى.

دىۋان مىرزىسى سىمايى:

— ۋاڭ بى ئىچكىۋاز، بىپەرۋاراق ئادەم، بۇ خىزمەتنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماسمىكىن، — دېدى.

— ۋاڭ بى ئەڭ قىيىن شارائىتلاردا مېنىڭ بىلەن بىللە بولغان، سادىق ۋە تىرىشچان ئادەم، مەيدانى مۇستەھكەم، بۇ خىزمەتنى تولۇق ئۆستىگە ئالالايدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە شۇئان ۋاڭ بىنى خاس مۇھاپىزەتچى لەشكەرلەرگە سەردار قىلىپ، لەشكىرى بىلەن پايتەخت شۈيچاڭ كۆنچىقىش گۈلەپشان قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا ئورۇنلىشىشقا بۇيرۇدى.

بۇ ۋاقىتتا گېڭ جى دېگەن بىر كىشى بار ئىدى، يەنە بىر ئىسمى جى شىڭ بولۇپ لوياڭلىق ئىدى، ئۇ بۇرۇن باش ۋەزىر سارىيىنىڭ ئەمەلدارى ئىدى، كېيىن ئوردا خەزىنىدارى بولدى. ئۇنىڭ پەرمانچىبەگ ۋېي خۇاڭ بىلەن كۆڭلى يېقىن ئىدى؛ ساۋ ساۋنىڭ پادىشاھلىق ئورۇنغا ئولتۇرغانلىقىنى، چىقسا ـ كىرسە خانلىق ئىلتىپات قىلىپ بەرگەن پەخرىي ھارۋا كىيىمىدىن

پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، دىلىدا ئىنتايىن نارازى بولۇپ يۈرەتتى. بۇ جيەنئەننىڭ 23 - يىلى باھارنىڭ بىرىنچى ئېيى ئىدى. گېلىڭ جى ۋېي خۇاڭ بىلەن مەخپىي كېڭەش قىلىپ:

— مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ مەككار، ياۋۇزلۇقى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ كەتتى، كەلگۈسىدە تەخت تارتىۋېلىشى چوقۇم، بىز خەن ۋەزىرلىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق نېمىشقا بۇ مۇناپىققا ھەمدەم بولىمىز؟ — دېدى.

— مېنىڭ جىن يى دېگەن ئىشەنچلىك بىر بۇرادىرىم بار، ئۇ خەن ۋەزىرى جىن رىدىنىڭ ئەۋلادى، ئۇنىڭ ئەزەلدىن ساۋ ساۋنى بابلاش نىيىتى بار؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاڭ بى بىلەن كۆڭلى يېقىن. ئەگەر بۇ ئادەمنى مەسلىھەتىمىزگە قوشۇۋالىساق ئۇلۇغ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشقۇسىدۇر، — دېدى ۋېي خۇاڭ.

— ئۇنىڭ ۋاڭ بى بىلەن كۆڭلى يېقىن تۇرسا، بىزگە قوشۇلۇشنى خالارمۇ؟ — دېدى گېلىڭ جى.

— بېرىپ سۆزلىشىپ كۆرەيلى، قېنى قانداق بولىدىكىن، — دېدى ۋېي خۇاڭ.

شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن بىللە جىن يىنىڭ قورۇسىغا كەلدى. جىن يى ئۇلارنى ئىچكەركى ھۇجرىغا باشلاپ كىردى، ئورۇن ئالغاندىن كېيىن، ۋېي خۇاڭ:

— جىن يى! سىلىنىڭ ۋاڭ بى بىلەن كۆڭۈللىرى يېقىن، بىز ئىككىيلەن ئالاھىدە ئىلتىماس ئۇچۇن كېلىۋىدۇق، — دېدى.

— نېمە ئىلتىماس ئىدى؟

— ئاڭلىشىمچە ۋېي پادىشاھى قاچان بولمىسۇن شاھىنشاھلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇلۇغ تەختكە ئولتۇرارمىش. جانابلىرى بىلەن باش مىرزا ۋاڭ بى ئەلۋەتتە يۇقىرى ئورۇنغا چىقىشىدىلا، بىزنى تاشلىۋەتمەسلىكلىرىنى، ئىلتىپات قىلىپ يانلىرىغا ئېلىۋېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز، چوڭقۇر مىننەتدار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىمىز! — دېدى ۋېي خۇاڭ.

جىن يى يېڭىنى سىلكىگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، دەل بۇنىڭ ئۈستىگە خىزمەتكارى چاي ئېلىپ كىردى، جىن يى چاينى يەرگە تۆكۈۋەتتى. ۋېي خۇاڭ ھەيران بولغان بولۇپ:

— جىن يى! بىز قەدىردان دوستلار ئىدۇققۇ، نېمىشقا مۇنداق نازاكەتسىزلىك قىلىدىلا؟ — دېدى.

— مېنىڭ سىلى بىلەن بولغان دوستلۇقۇم، ھەر بىرلىرىنىڭ خەن خاندانلىقى ۋەزىرلىرىنىڭ ئەۋلادى بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئىدى، بۈگۈن تېگىشلىك ھەققىمىزنى ئادا قىلىشنى ئويلىماي، مۇناپىقلارغا ياردەم قىلماقچى بولۇشۇۋېتىپلا، قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ ھەرقايسىلىرى بىلەن دوست بولىمەن! — دېدى جىن يى.

— تەقدىر ـ قىسمەت شۇنداق ئىكەن، بۇنىڭغا نەچارە! — دېدى گېڭ جى.

جىن يىنىڭ غەزىپى تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى. گېڭ جى، ۋېي خۇاڭلار جىن يىنىڭ سادىق نىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ:

— مۇناپىقنى جازالاش ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن ياردەم سوراپ كېلىشۈدۇق. شۇڭا سۆزلىرىمىز بىلەن ئالاھىدە سىناپ كۆرۈۋىدۇق، — دېدى.

— ئەجدادىمدىن بېرى خەن ۋەزىرى بولۇپ كېلىۋاتسام، قانداق قىلىپ مۇناپىقلارغا ئىتائەت قىلاي؟ ھەرقايسىلىرى خەن خاندانلىقىغا ياردەم قىلىشماقچى بولۇشۇپتىلا، قانداق دانا قاراشلىرى بار ئىكەن؟ — دېدى جىن يى.

— ئەلگە خىزمەت قىلىش نىيىتىمىز بولسىمۇ، تېخى مۇناپىقنى جازالاش تەدبىرىمىز يوق، — دېدى ۋېي خۇاڭ.

— ئىچكى ـ تاشقى تەرەپتىن ماسلىشىپ، ۋاڭ بىنى ئۆلتۈرۈپ، لەشكىرىي ھوقۇقنى تارتىۋالايلى، خانغا ياردەم

بېرەيلى، تاشقى تەرەپتىن خان تاغىنىسى ليۇ بېيدىن ياردەم ئالساق، مۇناپىق ساۋ ساۋنى يوقاتقىلى بولىدۇ، — دېدى جىن يى. ئىككىيلەن ئاڭلاپ چاۋاك چېلىپ ناھايىتى ياخشى بولغۇدەك، دېيىشتى. جىن يى:

— مېنىڭ ئىشەنچلىك ئىككى كىشىم بولۇپ، ساۋ ساۋدا ئاتىسىنىڭ خۇن قىساسى بار، ھازىر شەھەر تېشىدا تۇرۇشىدۇ، ئۇلارنى قولداش قىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن، — دېدى.

گېڭ جى كىملىكىنى سورىدى.

— خان تېۋىپى جى پىڭنىڭ ئوغۇللىرى — چوڭىنىڭ ئىسمى جى مياۋ، يەنە بىر ئىسمى ۋېن رەن؛ كىچىكىنىڭ ئىسمى جى مۇ، يەنە بىر ئىسمى سى رەن. ئۇلارنىڭ ئاتىسى ئۆتمۈشتە دۇڭ چېڭنىڭ كەمەردىكى پەرمان ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن ساۋ ساۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئىككى ئوغلى يىراق يەرلەرگە قېچىپ كېتىپ، قازادىن قۇتۇلۇپ قالغانىدى. ھازىر پايتەخت شۈيچاڭغا يوشۇرۇن قايتىپ كېلىشتى. مۇناپىقنى جازالاش ئۈچۈن ھەمدەملىككە چاقىرساق، ھەرگىز ياق دېمەيدۇ، — دېدى جىن يى.

گېڭ جى، ۋېي خۇاڭلار ناھايىتى خۇرسەن بولدى. جىن يى ئادەم ئەۋەتىپ جى مياۋ، جى مۇلارنى يوشۇرۇن چاقىرتتى. بىردەمدىلا ئىككىيلەن يېتىپ كەلدى. جىن يى ۋەقەنى بايان قىلىۋىدى، ئۇلار تەسىرلىنىپ يىغلاپ كەتتى، غەزەپلىرى ئۆرلەپ، ۋەتەن مۇناپىقلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە قەسەمياد قىلىشتى. جىن يى:

— 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كېچىسى شەھەردە پانۇس بايرىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، پانۇس سەيلىسى بولىدۇ. گېڭ جى، ۋېي خۇاڭ ئىككىلىرى ئۆيدىكى غۇلاملارنى ئېلىپ ۋاڭ بى لەشكەرگاھى ئالدىغا كېلىشۈرلەر؛ لەشكەرگاھتا ياڭغىن چىقىش بىلەن تەڭ ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ باستۇرۇپ كىرىشسىلە؛ ۋاڭ بىنى

ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، مېنىڭ بىلەن ئىچكىرىگە كىرىۋرلەر، خاننى ۋۇقىتلۇ راۋۇقىغا تەكلىپ قىلىپ چىقىمىز ـ دە، ئەمەلدارلارنى چاقىرتىپ مۇناپىقلارنى جازالاش توغرىسىدا شۇلارنىڭ ئالدىدا پەرمان ئالىمىز. جى مياۋ، سىلى ئۆكىلىرى بىلەن شەھەر تېشىدىن كىرىپ، ئوت قويۇشسىلا، «ۋەتەن مۇناپىقلىرىنى ئۆلتۈرەيلى!» دەپ چۇقان سېلىشسىلا، شەھەر ئىچىدىكى ھەمدەمچى قوشۇننى توسۇۋېلىشسىلا؛ خاندىن پەرمان چۈشۈپ، تەرتىپ ئورنىتىلغاندىن كېيىن يېجۇنگە لەشكىري يۈرۈش قىلىپ ساۋ ساۋنى تۇتىمىز، ئەلچى ئەۋەتىپ خان تاغىسى ليۇ بېينى چاقىرتىمىز. بۈگۈن كېلىشتۇق، بەلگىلىگەن كۈنىنىڭ ئەلياتقۇ ۋاقتىدا قوزغىلىمىز، دۆلەت چېكىدەك ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن بالاغا قالمايلى! — دېدى.

بەشەيلەن تەڭرىنى ياد ئېتىپ قەسەمياد قىلىشتى، قان چىقىرىشىپ ئىتتىپاق تۈزۈشتى، ئاندىن ئۆز ئۆيلىرىگە قايتىشىپ، ۋاقتى كەلگەندە ھەرىكەت قىلماقچى بولۇپ، ئادەم، ئات ۋە قورال ـ ياراغ تەييارلاشقا كىرىشتى.

گېڭ جى، ۋېي خۇاڭلارنىڭ ئۆيلىرىدە 3 — 4 يۈزدىن غۇلاملىرى بار ئىدى، ئۇلار قورال ـ ئەسلىھەلەر ھازىرلاشقا كىرىشتى. ئاغا ـ ئىنى جى مياۋلار ئۇۋغا چىقىمىز دەپ 300 دەك ئادەم تەييارلاپ قويىدى، جىن يى بەلگىلىگەن مۇددەتتىن بۇرۇن كېلىپ ۋاڭ بى بىلەن كۆرۈشتى ۋە:

— بۇ يىل ئېلىمىز سەل ئامان تاپتى، ۋېي شاھىنىڭ نوپۇز قۇدرىتى ئەلنى زىلزىلىگە كەلتۈردى؛ يېقىندا پانۇس بايرىمى بولىدۇ، تىنچ ـ ئەمىنلىكنى نامايان قىلىش ئۈچۈن پانۇس ياقماي، يوجاڭزا ئاتماي بولامدۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ بى بۇنى قوبۇل قىلىپ، زىبۇزىننەت پانۇسلىرى يورۇتۇپ، بايرامنى ئوبدان ئۆتكۈزۈش خوسۇسىدا شەھەر ئاھالىسىگە جاكارنامە چىقاردى. 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى كېچىسى

هاۋا ئوچۇق ئايدىڭ بولدى، ئاي، يۇلتۇزلار ئالەمنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئالتە كوچا، ئۈچ رەستىگە تامامەن گۈل پانۇسلار يېقىلدى، خالايىققا بىمالال ئەركىن تاماشا قىلىشقا ئىجازەت بېرىلدى. ۋاڭ بى ئۆزىنىڭ خاس يېگىتلىرى بىلەن لەشكەرگاھتا مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزدى. ئەلياتقۇدىن كېيىن لەشكەرگاھتىن تۇيۇقسىز چۇقان كۆتۈرۈلدى. خادىملار لەشكەرگاھنىڭ ئارقىسىدىن يانغىن چىقىپ كەتتى، دەپ مەلۇم قىلىشتى. ئالدىراپ ـ تېنەپ بارگاھتىن تېشىغا چىققان ۋاڭ بى لاۋۇلداپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان يانغىننى كۆردى، پەلەكنى ياڭراتقان چۇقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى ـ دە، لەشكەرگاھ ئىچىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بىلدى، ئۇ دەرھال ئاتلىنىپ، تۆۋەن قوۋۇقتىن چىقىپ كېتىۋاتقان ۋاقتىدا، دەل گېڭ جىغا ئۇچراپ قالدى، گېڭ جى ئۇنىڭغا ئوقيا ئاتتى، ئوق بېرىپ ئۇنىڭ دولىسىغا تەگدى، ئۇ ئاتتىن يىقىلغىلى تاس قالدى، دەرھال كۈنپېتىش قوۋۇققا قاراپ قاچتى. ئارقىسىدىن لەشكەر قوغلاپ كەلدى. تەمتىرەپ قالغان ۋاڭ بى ئاتنى تاشلاپ پىيادە قاچتى. جىن يىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، تېز ئىشىك قاقتى. جىن يى بىر ياقتىن لەشكەرگاھقا ئوت قويۇشقا كىشى بۇيرۇپ، يەنە بىر ياقتىن شەخسەن ئۆزى ئۆيدىكى خىزمەتچىلىرى بىلەن جەڭگە ھەمدەم بولۇشقا چىقىپ كەتكەنىدى. پەقەت ئاياللارغىنا ئۆيدە قالغانىدى. ئۆيدىكىلەر ۋاڭ بىنىڭ ئىشىك قېقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، جىن يى قايتىپ كەلگەنگە ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى، جىن يىنىڭ رەپىقىسى ئىشىكنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:

— ۋاڭ بى ئۆلتۈرۈلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئىنتايىن چۆچۈپ كەتكەن ۋاڭ بى بۇ ئىشتا جىن يىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، شۇئان ساۋ شيۇنىڭكىگە كېلىپ، جىن يى، گېڭ جىلار پوپاڭ كۆتۈردى دەپ مەلۇم قىلدى. ساۋ شيۇ دەرھال ساۋۇت كىيىپ ئاتلىنىپ، 1000دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن شەھەر

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ياۋغا تاقابىل تۇردى. شەھەر ئىچىدە تۆت تەرەپلەپ يانغىن كۆتۈرۈلدى. ۋۇفېڭلۇ راۋېقىغا ئوت تۇتاشتى، خان ئىچكى ھەرەمگە كىرىۋالدى. ساۋ ساۋنىڭ مۇخلىسلىرى — قۇيرۇقلىرى ساراي قوۋۇقىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇۋالدى. شەھەرنىڭ ھەممە يېرىدە «ساۋ ساۋ باشلىق مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈپ خەن خاندانلىقىغا ياردەم بېرەيلى!» دېگەن چۇقان ياڭرىدى.

ئەسلىدە ساۋ ساۋنىڭ بۇيرۇقى بويىچە شۈيچاڭنى قوغداشقا مەسئۇل بولغان شيا خۇدۇن 3 تۈمەن لەشكەر بىلەن شەھەردىن بەش چاقىرىم نېرىغا ئورۇنلاشقانىدى؛ ئۇ بۇ كېچىسى يىراقتىن شەھەردىكى يانغىننى كۆرۈپ، لەشكەر تارتىپ كەلدى ـ دە، پايتەخت شۈيچاڭنى قورشىۋالدى. ئۇ ساۋ شيۇغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن، شەھەر ئىچىگە بىر بۆلۈم لەشكەر كىرگۈزدى. تاڭ ئاتقۇچە قوچاقلاشما جەڭ بولۇپ كەتتى. گېڭ جى، ۋېي خۇاڭلار ھەمدەمسىز قالدى، خادىملىرى ئارقىلىق جىن يى، جى مياۋ، جى مۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلگەن گېڭ جى، ۋېي خۇاڭلار قىرغىن قىلىپ يۇرۇپ قوۋۇقتىن چىقىشقىلا، شيا خۇدۇن باشلاپ كەلگەن لەشكەر قورشىۋېلىپ، ئۇلارنى تىرىك تۇتۇۋالدى. قول ئاستىدىكى 100دەك ئادەمنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. شيا خۇدۇن شەھەر ئىچىگە كىرىپ، يانغىننى ئۆچۈرۈۋالدى، بەشەيلەننىڭ بالا ـ چاقا، ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنى ياش ـ قېرى دېمەستىن تامامەن قولغا ئېلىپ، دەررۇ ساۋ ساۋغا مەلۇمات يوللىدى. ساۋ ساۋ گېڭ جى، ۋېي خۇاڭنى ۋە بەشەيلەننىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى، ئۇرۇق ـ جەمەتلىرى بىلەن قوشۇپ تامامەن جازا مەيدانىدا ئۆلتۈرۈشكە ھەمدە ئوردىدىكى چوڭ ـ كىچىك ۋەزىر، بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ يېجۇڭگە ئەۋەتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. شيا خۇدۇن گېڭ جى بىلەن ۋېي خۇاڭنى قورال ئاستىدا جازا مەيدانىغا ئەكەلدى. گېڭ جى:

— ساۋ ساۋ، ھاياتلىقىمدا سېنى ئۆلتۈرەلمىدىم، ئۆلۈپ

جىنغا ئايلانغىنىمدىن كېيىن سەن مۇناپىقنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن! — دەپ توۋلىدى.

جاللات ئاغزىغا قىلىچ تىقتى، ئاغزىدىن تۆكۈلگەن قان يەرنى بوياپ تاشلىدى، ئۇ تىللاپ تۇرۇپ ئۆلدى. ۋىي خۇاڭ يۈزىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ:

— ھەي دەرىخ! ئۆچمىزنى ئالالماي قالدۇق! — دەپ قاتتىق غۇچۇرلىتىش تۇپەيلى چىشلىرى ئۇۋۇلۇپ چۈشتى ـ دە، شۇ ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. كېيىنكىلەر ئۆلارنى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*بولۇپ گېڭ جى ۋاپا ئەھلى، ئىدى ۋىي خۇاڭ پاراسەتلىك،*
*قۇرۇق قولى بىلەن خانغا بېرىشمەك بولدى ھەمدەملىك.*
*بولار ھالى خاراب خاننىڭ دېگەننى كىممۇ ئويلايدۇ،*
*سەپەر قىلدى ئۇ دۇنياغا بولۇپ قەھرى ـ غەزەپ دىللىك.*

بەش ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتلىرىنى تامامەن قىرىپ تاشلىغان شىيا خۇدۇن بەگلىرىنىڭ ھەممىسىنى يېجۇڭگە ئېلىپ كەلدى. ساۋ ساۋ مەشىق مەيدانىنىڭ سول تەرىپىگە قىزىل تۇغ، ئوڭ تەرىپىگە ئاق تۇغ قادىتىپ:

— گېڭ جى، ۋىي خۇاڭلار يوپاڭ چىقىرىپ پايتەختكە ئوت قويغان ۋاقتىدا، چىقىپ ئوت ئۆچۈرگىنىڭلارمۇ بار، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ چىقمىغانلارمۇ بار. ئوت ئۆچۈرۈشكە چىققىنىڭلار قىزىل تۇغنىڭ تۈۋىگە يىغىلىڭلار؛ ئوت ئۆچۈرۈشكە چىقمىغىنىڭلار ئاق تۇغنىڭ تۈۋىگە يىغىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

بەگلەرنىڭ كۆپى ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر گۇناھلىق بولمايدۇ دەپ ئويلاپ، قىزىل تۇغنىڭ تۈۋىگە بېرىپ تۇرۇشتى. ئۈچتىن بىر ھەسسىگىنە ئادەم ئاق تۇغنىڭ ئاستىغا كېلىپ تۇردى. ساۋ ساۋ قىزىل تۇغنىڭ تۈۋىدىكىلەرنىڭ بارىنى تۇتتۇرۇۋېدى، بەگلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۇناھسىز بىز دېيىشتى. ساۋ ساۋ:
— سىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى نىيىتىڭلار ئوت ئۆچۈرۈش بولماستىن، ئەمەلىيەتتە قاراقچىلارغا ياردەم بېرىش ئىدى، — دېدى ـ دە، ئاچچىقىدا جاڭخې دەرياسىنىڭ بويىدا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى، 300دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. ئاق تۇغ تۇۋۇغا كېلىپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئىنئام بېرىپ، پايتەخت شۈيچاڭغا قايتىشقا بۇيرۇدى، بۇ ۋاقىتتا ۋاڭ بىنىڭ ئوقيادىن ئالغان جاراھىتى قوزغىلىپ ئۆلدى، ساۋ ساۋ تەنتەنە بىلەن دەپنە قىلدۇردى. ساۋ شيۇنى خاس مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭ سەردارى، جۇڭ يۇنى باش ۋەزىر، خۇاشىننى تەپتىش بېگى قىلىپ بەلگىلىدى. بەگلىك ئۇنۋانىنى ئالتە خىل 18 دەرىجە، ئىككى قورۇلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەگلەرنى 17 دەرىجىلىك قىلىپ بەلگىلىدى، ھەممىگە گۇلنەپشىرەڭ يىپەك پۆپۈكلۈك ئالتۇن تامغىلار بېرىلدى. يەنە قورۇلنىڭ ئىچى ـ تېشىدىكى بەگلەرنى 16 دەرىجىلىك قىلىپ بەلگىلىدى، تاشپاقا شەكلىدە تۇتقۇچى بولغان كۈمۈش تامغا بېرىلدى، بەش تۆرە 15 دەرىجىگە بۆلۈنۈپ، دۈگلەك تۇتقۇچى بولغان ئىش تامغا بېرىلدى. ئۇنۋانلار بەلگىلەپ بەگلەرنى تەيىنلەش بىلەن خاندانلىقتا بىر تۈركۈم يېڭى ئادەملەر ئورنىتىلدى. ساۋ ساۋ گۈەن لونىڭ ئوت ئاپىتى بولىدۇ دېگەن سۆزىگە ئەمدى چۈشەندى ـ دە، گۈەن لوغا كاتتا ئىنئام بېرىۋىدى، گۈەن لو قوبۇل قىلمىدى.

خەنجۇڭغا لەشكەر تارتىپ بارغان ساۋ خۇڭ جاڭ خې ۋە شيا خۇيۇەنلەرنى مۇھىم ئورۇنلارنى مۇداپىئە قىلىشقا بۇيرۇدى. شەخسەن ساۋ خۇڭنىڭ ئۆزى ياۋغا قارشى يۈرۈش قىلدى. بۇ ۋاقىتتا جاڭ فېي لېي تۇڭ بىلەن باشنى ساقلاپ تۇراتتى. لەشكىرى بىلەن شيابيەنگە كەلگەن ما چاۋ ۋۇ لەننى تۇرشاۋۇل قىسىم قىلىپ چارلاشقا چىقارتىۋىدى، دەل ساۋ خۇڭ لەشكىرىگە

ئۆچرىشىپ قالدى. ۋۇ لەن چېكىنمەكچى بولغانىدى، كەنجى پالۋانلاردىن رېن كۇي:

— ياۋ لەشكىرى يېڭىدىن كەلدى، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ روھىغا زەربە بېرىۋەتمەي، قايسى يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ما چاۋ بىلەن كۆرۈشىمىز؟ — دېدى - دە، نەيزىسىنى ئېلىپ ئات سېلىپ ساۋ خۇڭنى جەڭگە ئۈندىدى. ساۋ خۇڭمۇ قىلىچىنى ئېلىپ مەيدانغا چىقتى. ئۈچ رەددى بەدەلدىلا رېن كۇينى قىلىچلاپ ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى ۋە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىرغىن قىلدى. يېڭىلگەن ۋۇ لەن قايتىپ بېرىپ ما چاۋ بىلەن كۆرۈشتى. ما چاۋ:

— نېمىشقا مېنىڭ بۇيرۇقۇمسىز ياۋنى سەل چاغلاپ جەڭ قىلىپ يېڭىلدىڭىز؟ — دەپ ئەيىبلىدى.

— رېن كۇي سۆزۈمگە كىرمەي، يېڭىلىپ قالدۇق، — دېدى ۋۇ لەن.

— ئېغىزلارنى قاتتىق ساقلاپ، جەڭگە چىقماسلىق كېرەك، — دېدى ماچاۋ ۋە چېگدۇغا مەلۇم قىلىپ بۇيرۇق كۈتتى. ما چاۋنىڭ بىرنەچچە كۈنگىچە جەڭگە چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن ساۋ خۇڭ ھىيلە بولۇپ قالمىسۇن دەپ ئەندىشە قىلىپ، لەشكەرنى ئېلىپ نەنجېڭگە چېكىندى.

جاڭ خې كېلىپ ساۋ خۇڭ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— سەركەردەم، ياۋنىڭ پالۋىنىنى ئۆلتۈرۈپ تۇرۇپ، نېمىشقا چېكىندىلە؟ — دەپ سورىغانىدى.

— ما چاۋ چىقماي تۇرۇۋالدى، ھىيلە - نەيرەڭ بولۇشىدىن ئەندىشە قىلدىم. يېجۈندە كارامەت رەممال گۇەن لونىڭ مۇشۇ جايدا بىر چوڭ پالۋانىمىزنىڭ ھالاك بولۇشى ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ سۆزدىن گۇمان قىلغانلىقىم ئۈچۈن، يەڭگىللىك بىلەن ئالغا بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم، — دېدى ساۋ خۇڭ.

www.uyghurkitap.com

— سەركەردە! — دېدى جاڭ خې قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئۆمۈرلىرىنىڭ تېگىنى يۈرۈشلەردە ئۆتكۈزدىلە، بۈگۈن بىر رەمالنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، كۆڭۈللىرىگە ۋەھىمە سالامدىلا؟ كەمىنە جاڭ خېلىرى گەرچە ئىقتىدارسىز بولسامۇ ئۆز قىسمىلىرىم بىلەن بېرىپ، باشنى ئېلىشنى ئىستەيمەن. ئەگەر باشغا ئىگە بولىدىغان بولساق، شۇجۇننى ئېلىش ئاسان بولىدۇ.

— باشنى ساقلاپ تۇرغان پالۋان جاڭ فېي ئاق نانچىلاردىن ئەمەس، ياۋنى سەل چاغلىغان بىلەن بولمايدۇ، — دېدى ساۋ خۇڭ.

— ئادەملەرنىڭ ھەممىسى جاڭ فېيدىن قورقىدىكەن، مېنىڭ نەزەرىمدە ئۇ گۆدەككە ئوخشاشتۇر! مۇشۇ بىر بېرىشىمدا چوقۇم تۇتىمەن! — دېدى جاڭ خې.

— ئەگەر بىرەرتە ئوڭۇشسىزلىق بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟

— لەشكىرىي قانۇن بويىچە جاۋابكارلىققا تارتىلىشقا رازىمەن! — دېدى جاڭ خې. ساۋ خۇڭ تىلخەت ئالغاندىن كېيىن، جاڭ خې يۈرۈش قىلىپ كەتتى.

دەرھەقىقەت:

*قايسى بىر مەغرۇر قوشۇن جەڭدە قوچۇپ باققان زەپەر،*
*يەڭگىنى بار جەڭدە كىم سەل چاغلىسا ياۋنى ئەگەر.*

كىم يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتمىشىنچى باب

## جەسۇر جاڭ فېينىڭ ۋاكۇ ئېغىزىنى يەم بىلەن ئالغانلىقى
## قېرى خۇاڭ جۇڭنىڭ ھىيلە بىلەن تيەنداڭشەننى زەبت قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، جاڭ خېنىڭ سەردارلىقىمدىكى 3 تۈمەن لەشكەر ئۈچ قارارگاھقا بۆلۈنۈپ تاغنىڭ مۇھىم يەرلىرىگە ئورۇنلاشقانىدى، قارارگاھلارنىڭ بىرى دەڭچۈي قارارگاھى، بىرى مېڭتو قارارگاھى، بىرى داڭشى قارارگاھى دەپ ئاتىلاتتى. ئەنە شۇ كۈنى جاڭ خې ھەر ئۈچ قارارگاھتىكى لەشكەرنىڭ تېڭىنى قارارگاھىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، تېڭىنى ئېلىپ باشغا يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئىگىلىگەن ئايغاقچىلار جاڭ خې لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتىدۇ دەپ ئاللىقاچان باشىغا مەلۇم قىلىشتى. جاڭ فېي دەررۇ لېي تۇڭنى چاقىرتىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. لېي تۇڭ:

— لاڭجۇڭنىڭ يەر تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ، تاغلىرى خەتەرلىك بولۇپ، پىستىرما قويۇش مۇمكىن. سەركەردە سىلى جەڭگە لەشكەر باشلاپ چىقسىلا، مەن لەشكەر بىلەن تۇيۇقسىز باستۇرۇپ چىقىپ ھەمدەم بولاي، جاڭ خېنى تۇتۇش مۇمكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى. جاڭ فېي لېي تۇڭغا تاللانغان 5000 لەشكەر بېرىپ يولغا سالدى. جاڭ فېي ئۆزى 1 تۈمەن لەشكەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لاڭجوۇڭدىن 30 چاقىرىم ئارىلىقتا جاڭ خې لەشكىرى بىلەن كەزلەشتى. ئىككى تەرەپ سەپ تارتىپ سەپراس بولدى. جاڭ فېي ئاتلىنىپ مەيدانغا چىقتى ــ دە، جاڭ خېنىلا جەڭگە ئۈندىدى. جاڭ خې ھەم نەيزىسىنى ئېلىپ ئاتلىنىپ مەيدانغا چىقتى. ئوتتۇزنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشقاندا، جاڭ خېنىڭ ئارقا لەشكىرىدىن تۇيۇقسىزلا چۇقان چىقىپ كەتتى. ئەسلىدە بولار تاغنىڭ ئارقىسىدا شۇ لەشكەرلىرىنىڭ تۇغ ــ ئەلەملىرىنى كۆرۈپ قېلىپ مالىمان بولۇشقانىكەن، جەڭنى داۋاملاشتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان جاڭ خې ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ قاچتى. جاڭ فېي ئارقىدىن قىرغىن قىلدى.

ئالدى تەرەپتىن لېي تۇڭ لەشكەر باشلاپ چىقىپ چاپ ــ چاپ قىلدى، ئىككى ياقتىن ئارىغا ئېلىپ جەڭ قىلغاچقا جاڭ خې لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. كېچىچە قوغلاپ ماڭغان جاڭ فېي، لېي تۇڭلار دەڭچۈي تېغىغا قەدەر قوغلاپ كەلدى. جاڭ خې بۇرۇنقىدەكلا لەشكەرلەرنى بۆلۈپ ئۈچ قارارگاھنى مۇداپىئە قىلدى، نۇرغۇن ياغاچ ــ تاش ھازىرلاپ، قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋېلىپ، جەڭگە چىقمىدى. جاڭ فېي دەڭچۈيدىن ئون چاقىرىم نېرىغا قارارگاھ قۇرۇپ ئورۇنلاشتى، ئەتىسى لەشكەر تارتىپ كېلىپ جاڭ خېنى جەڭگە ئۈندىدى. جاڭ خې تاغنىڭ ئۈستىدە ناغرا ــ سۇناي چالدۇرۇپ، شارابخورلۇق قىلىپ، تاغدىن چۈشمىدى. جاڭ فېي لەشكەرلىرىگە تىللاتقان بولسىمۇ، جاڭ خې زادىلا جەڭگە چىقمىدى. جاڭ فېي نائىلاج قارارگاھقا قايتتى. ئەتىسى لېي تۇڭ تاغنىڭ تۈۋىگە بېرىپ جاڭ خېنى جەڭگە ئۈندىدى. جاڭ خې يەنىلا چىقمىدى. لېي تۇڭ لەشكەرلىرىنى تاغقا چىقىشقا بۇيرۇدى، تاغدىن ياغاچ، تاش بورانغا تۇتۇلغاچقا، قايتىپ چۈشتى. لېي تۇڭ دەرھال ئارقىغا چېكىندى. داڭشى، مېڭتۇ ئىككى قارارگاھتىن لەشكەر چىقىپ، لېي تۇڭنى سۇرۇپ توقاي قىلدى. ئىككىنچى كۈنى جاڭ فېي يەنە كېلىپ جاڭ خېنى

جەڭگە ئۈندىسىمۇ، جاك خې يەنىلا چىقمىدى. جاك فېي لەشكەرلەرنى ئەڭ قەبىھ تىللار بىلەن ھاقارەتلەيتتى، جاك خېمۇ تاغنىڭ ئۈستىدە تىللىدى. جاك فېي ئويلىنىپ ھېچبىر چارە تاپالمىدى. ئەللىك نەچچە كۈن ئاشۇنداق تۇردى، ئاخىر جاك فېي تاغنىڭ ئالدىغىلا چوڭ قارارگاھ قۇردى ـ دە، ھەر كۈنى شاراب ئىچىشكە باشلىدى؛ مەست بولغۇچە ئىچىپ، تاغنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىللىدى.

لىۋ بېينىڭ لەشكەرلەرنى تارتۇقلاپ ھال سوراشقا ئەۋەتكەن كىشىسى جاك فېينىڭ كۈن بويى ئىچكىۋازلىق قىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن لىۋ بېيغا مەلۇم قىلدى. ئىنتايىن ھەيران بولغان لىۋ بېي ئالدىرىغان پېتى كېلىپ جۇگې لياڭدىن سورىدى.

— شۇنداقمىكەن؟ — دېدى جۇگې لياڭ كۈلۈپ، — لەشكەر ئىچىدە ياخشى شاراب بولماسلىقى ئېھتىمال؛ چېڭدۇدا ياخشى شاراب ناھايىتى كۆپ، 50 كوزا شاراب ھازىرلاپ ئۈچ ھارۋىغا قاچىلانسۇن ـ دە، جاك فېينىڭ ئىستېمال قىلىشى ئۈچۈن، لەشكەرگاھقا ئەۋەتىپ بېرىلسۇن.

— ئىنىم ئەزەلدىن تارتىپ شارابخورلۇق تۈپەيلى ئىشلارغا دەخلى يەتكۈزگەنىدى، مۇشاۋىرىم، نېمىشقا يەنە ئۇنىڭغا شاراب ئەۋەتىپ بېرىمىز؟ — دېدى لىۋ بېي.

— جانابىي پاسىبان! جاك فېي بىلەن شۇنچىۋالا يىللار بۇرادەر بولۇشتىلا، تېخىچە ئۇنى چۈشەنمەپتىلا، جاك فېي ئەزەلدىن كەسكىن، بۇنىڭدىن بۇرۇن كۈنپېتىش سىچۇەننى ئېلىش ۋاقتىدا، مەردلىك قىلىپ يەن يەننى بوشاتتى، بۇ ھەرگىز قارا باتۇرلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. ھازىر جاك خې بىلەن ئەللىك نەچچە كۈن قارشىلىشىپتۇ، مەست بولغاندىن كېيىن، تاغنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تىللايدىكەن، گويا قېشىدا ئادەم يوقتەك ئولتۇرىدىكەن؛ بۇ قەدەھۋازلىق ئەمەس، جاك خېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېڭىش پەنتىدۇر، — دېدى جوگې لياڭ كۈلۈپ.

— شۇنداق بولسىمۇ، بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ. ھەمدەمگە ۋېي يەننى ئەۋەتەيلى، — دېدى ليۇ بېي.

جوگې لياڭ ۋېي يەننى ھارۋىدىكى شاراب بىلەن جاڭ فېي لەشكىرىگە بۇيرۇدى. ھارۋىلارغا يوغان قىلىپ «لەشكەردە ئىچىلىدىغان ئېسىل شاراب» دەپ يېزىلغان سېرىق ئەلەم قادالدى. بۇيرۇق بويىچە شارابلارنى ئېلىپ قارارگاھقا يېتىپ كەلگەن ۋېي يەن، جاڭ فېي بىلەن كۆرۈشۈپ، پاسىباننىڭ شاراب ئىلتىپات قىلغانلىقىنى بايان قىلدى. جاڭ فېي باش قويۇپ تۇرۇپ تاپشۇرۇۋالدى. ۋېي يەن، لېي تۇڭلارنى بىر تۇپتىن لەشكەر باشلاپ ئوڭ - سول قانات بولۇشقا، لەشكەرگاھتا قىزىل بايراق كۆتۈرۈلۈش بىلەن يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى؛ شارابنى چېدىر - بارگاھقا تىزدۇرۇپ، لەشكەرنى بولۇشىغا ئىچىڭلار دەپ بۇيرۇدى. ئايغاقچىلار تاغقا مەلۇم قىلدى، جاڭ خېنىڭ ئۆزى تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۆزەتتى، جاڭ فېينىڭ چېدىر - بارگاھتا ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىۋاتقانلىقىنى، ئالدىدا ئىككى نۆكەرنى چېلىشىشقا سېلىپ قويۇپ تاماشا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. جاڭ خې ئۆز - ئۆزىگە: «جاڭ فېي مېنى تولىمۇ بوزەك قىلىپ كەتتى!» دېدى - دە، شۇ كېچە تاغدىن چۈشۈپ جاڭ فېي قارارگاھىغا تېگىش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. مېڭتو، داڭشى قارارگاھىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىپ ئوڭ - سول تەرەپتىن ھەمدەمدە بولۇشقا بۇيرۇدى. بۇ كېچىسى خىرە ئاي يورۇقىدا، تاغنىڭ يان تەرىپىدىن لەشكەر باشلاپ چۈشكەن جاڭ خې جاڭ فېي قارارگاھىنىڭ ئالدىغا كەلدى. يېقىلغان شامنىڭ يورۇقىدا جاڭ فېينىڭ بارگاھتا ئولتۇرۇپ شاراب ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆردى. جاڭ خېنىڭ ئالدىن تارتقان نەرىسى بىلەن تەڭ، تاغنىڭ ئالدىدا تەبىل جەڭ چېلىنىپ، لەشكەر توپتوغرا جاڭ فېينىڭ بارگاھىغا باستۇرۇپ كەلدى، جاڭ فېي

راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ قىمىرلىمىدى. جاڭ خې ئات چاپتۇرۇپ ئالدىغا كېلىپ بىر نەيزە ئۇرۇۋىدى، بۇ پاخالدىن ياسالغان ساختا ئادەم بولۇپ چىقتى. جاڭ خې ئېتىنى تېز قايتۇرۇپ تۇرۇشىغا چېدىر - بارگاھنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزلۇكسىز ئېتىلغان توپ ئاۋازى بىلەن تەڭلا، كۆزى دۈگىلەك، نەرىسى گۈلدۈرمامىدەك بىر پالۋان يولنى توسۇۋالدى، بۇ جاڭ فېي ئىدى. ئۇ نەيزىسىنى ئوينىتىپ تويتوغرا جاڭ خېغا ئات سالدى. ئىككى پالۋان يانغىن شولىسىدا 40 — 50 رەددىن بەدەل ئېلىشتى. جاڭ خې ئىككى قارارگاھنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتكەنىدى، ئەمما، بۇ ئىككى قارارگاھتىن ھەمدەمگە كەلگەن لەشكەرلەرنى پالۋان ۋېي يەن، لېي تۇڭلار چېكىندۇردى - دە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىككى قارارگاھنى تارتىۋالدى. ھەمدەمچى لەشكەر كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن جاڭ خې ئامال قىلالماي تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغنىڭ ئۈستىدىن يانغىن كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى، جاڭ فېينىڭ ئارقا قىسىملىرى جاڭ خېنىڭ قارارگاھىنى تارتىۋالدى. ھەر ئۈچلا قارارگاھنى قولدىن بېرىپ قويغان جاڭ خې ۋاكۇ ئېغىزى قورۇلىغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. زور زەپەر قازانغان جاڭ فېي زەپەر خەۋىرىنى چېڭدۇغا مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، جاڭ فېينىڭ شارابخور بولۇۋالغانلىقى جاڭ خېنى تاغدىن چۈشۈرۈشكە قىلغان ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

جاڭ خې ۋاكۇ ئېغىزى قورۇلىغا چېكىندى. 3 تۈمەن لەشكىرىنىڭ 2 تۈمەنى چىقىم بولغاچقا، ھەمدەم سوراپ ساۋ خۇڭغا كىشى ئەۋەتتى. دەرغەزەپ بولغان ساۋ خۇڭ:

— سۆزۈمگە كىرمەي يۈرۈش قىلدى، مۇھىم ئېغىزلارنى قولدىن بېرىپ، يەنە ھەمدەملىك سوراپتۇ! — دەپ لەشكەر بەرمىدى ۋە ئادەم ئەۋەتىپ جاڭ خېنى جەڭ قىلىشقا ئالدىراتتى. ئالاقزادە بولۇپ قالغان جاڭ خې تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر

بولدى. لەشكەرنى ئىككىگە بۆلۈپ قورۇل ئالدىدىكى تاغنىڭ خالىي يەرلىرىگە پىستىرما قويدى ۋە ئۇلارغا:
— مەن يالغاندىن يېڭىلگەندەك بولۇپ قاچىمەن، جاڭ فېي ئەلۋەتتە قوغلاپ كېلىدۇ، سىلەر ئۇنىڭ قايتىش يولىنى توسىۋېلىڭلار، — دەپ تاپشۇردى.
بىر كۈنى لەشكەر باشلاپ چىققان جاڭ خې دەل لېي تۇڭغا يولۇقۇپ قالدى. بىرنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپلا، جاڭ خې يېڭىلگەندەك بولۇپ قاچتى، لېي تۇڭ قوغلاپ كەلدى. ئىككى توپ لەشكەر تەڭلا چىقىپ، لېي تۇڭنىڭ قايتىش يولىنى توسىۋالدى. جاڭ خې قايتا يېنىپ كېلىپ، لېي تۇڭنى نەيزىلەپ تاشلىدى. يېڭىلگەن لەشكەرلەر قايتىپ جاڭ فېيغا مەلۇم قىلدى. جاڭ فېي ئۆزى كېلىپ جاڭ خې بىلەن جەڭ قىلدى. جاڭ خې يەنە يېڭىلگەندەك بولۇپ قاچتى، جاڭ فېي قوغلىمىدى. جاڭ خې قايتىپ يەنە جەڭ قىلدى، بىرنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپ يەنە قاچتى. بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، جاڭ فېي لەشكەرنى يىغىپ قارارگاھىغا قايتىپ ۋېي يەن بىلەن كېڭەش قىلىپ:
— جاڭ خې پىستىرما قويۇش ھىيلىسى بىلەن لېي تۇڭنى ئۆلتۈردى، يەنە مېنى ئالداۋاتىدۇ، ھىيلىسىگە ھىيلە ئىشلەتمەيمىزمۇ؟ — دېدى.
— قانداق ھىيلە؟ — دەپ سورىدى ۋېي يەن.
— مەن ئەتە ئالدى بىلەن بىر قىسىم لەشكەرنى ئېلىپ ماڭاي، سىز تاللانغان لەشكەرلەر بىلەن ئارقىدىن كېلىڭ، پىستىرمىدىكىلەر چىققاندا، سىز ئۇلارنى چاپ - چاپ قىلىڭ. ئون نەچچە هارۋىغا ياغاچ - چۆپ نەرسىلەر قاچىلاپ، سوقماق يولنى توسۇپ ئوت قويارسىز. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جاڭ خېنى تۇتۇپ، لېي تۇڭنىڭ قىساسىنى ئالاي! — دېدى جاڭ فېي.
ۋېي يەن تاپشۇرۇقنى قوبۇل قىلدى.

ئەتىسى جاڭ فېي لەشكەر تارتىپ يۈرۈش قىلدى، جاڭ خې لەشكىرىمۇ كېلىپ جاڭ فېي بىلەن ئېلىشتى. جاڭ خې ئون رەددى بەدەل ئېلىشىپلا، يەنە يالغاندىن يېڭىلدى، جاڭ فېي ئاتلىق، پىيادە لەشكەرلىرى بىلەن قوغلىدى. جاڭ خې بىر ياقتىن جەڭ قىلىپ، بىر ياقتىن قاچتى، جاڭ فېينى قوغلىتىپ، تاغنىڭ جىلغا ئاغزىدىن ئۆتكۈزۈۋالدى ـ دە، لەشكەرنى توختىتىپ، ھىماتچى قوشۇننى ئالدىغا سېلىپ جاڭ فېي بىلەن يەنە ئېلىشتى. ئۇمۇتلىرىنى يېنىغا تىقىپ كەلگەن ئىككى توپ لەشكەر ئەمدىلا جاڭ فېينى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇۋىدى، ئويلانمىغان يەردە ۋېي يەن تاللانغان لەشكەر بىلەن جىلغىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كېلىپ، ھارۋىلار بىلەن تاغنىڭ ئېغىز يولىنى توسۇپ، ھارۋىلارغا ئوت قويدى، جىلغىدىكى ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەر تامام تۇتىشىپ، يانغىن يولىنى ئېتىۋالغاچقا، لەشكەرلەر چىقالماي قالدى. جاڭ فېي لەشكەر بىلەن ھەدەپ چاپ ـ چاپ قىلدى، جاڭ خې قاتتىق يېڭىلدى، ئۇ جېنىنىڭ بارىچە قاتتىق جەڭ قىلىپ يول ئېچىپ ۋاكو ئېغىزى قورۇلىغا چىقىۋالدى، يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى يىغىپ جەڭگە چىقماي قورۇلىنى ساقلاپ تۇرۇۋالدى.

جاڭ فېي، ۋېي يەنلەر بىرنەچچە كۈن ئۇدا تېگىش قىلىپمۇ قورۇلىنى ئالالمىدى. ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كۆزى يەتمىگەن جاڭ فېي لەشكەرنى 20 چاقىرىم چېكىندۈرۈپ ئورۇنلاشتۇردى، ۋېي يەن بىلەن بىرنەچچە ئون ئاتلىق نۆكىرىنى ئېلىپ، ئىككى ياقتىكى سوقماق يوللارنى كۆزىتىشكە چىقتى. توساتتىن دۈمبىسىگە كىچىك بوغچا ئارتىشىۋالغان بىرنەچچە ئەر ـ ئاياللىڭ تاغدىكى سوقماق يولدا تېيىلغا ـ دەرەخلەرگە يامىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. جاڭ فېي ئات ئۈستىدە ۋېي يەنگە قامچىسى بىلەن ئۇلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ۋاكو ئېغىزى قورۇلىنى ئېلىش مۇشۇ ئادەملەرگە باغلىق، —

دېدى ۋە نۆكەرلەرنى چاقىرىپ، — ئاۋۇ پۇقرالارنى قورقۇتۇۋەتمەي، چىرايلىقچە چاقىرىپ كېلىڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

نۆكەرلەر دەرھال چاقىرىپ كەلدى. جاڭ فېي ئۇلاردىن ئوبدان سۆزلەپ ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىپ بولۇپ، نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. پۇقرالار:

— ھەممىمىز خەنجۇڭ ئاھالىسى، يۇرتقا قايتىپ كېلىۋاتاتتۇق، لەشكەرلەرنىڭ جەڭ قىلىپ، لاڭجۇڭ پادىشاھلىق يولىنىڭ ئېتىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، ئەمدى ساڭشىدىن ئۆتۈپ، زىتۇڭشەن، كۇەيجىنچۇەن ئارقىلىق خەنجۇڭغا بېرىپ، ئۆيلىرىمىزگە قايتىمىز، — دېيىشتى.

— بۇ يول بىلەن ۋاكۇ ئېغىزىنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى جاڭ فېي.

— زىتۇڭشەن سوقمىقى ۋاكۇ ئېغىزىنىڭ ئارقىسىغىلا ئېلىپ چىقىدۇ، — دېدى پۇقرالار.

جاڭ فېي ناھايىتى خۇشال بولۇپ بۇلارنى قارارگاھقا ئاپىرىپ مېھمان قىلدى، ۋېي يەننى لەشكەر باشلاپ قورۇلنىڭ ئالدىغا تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۆزى يېنىك ئاتلىق قىسىم بىلەن زىتۇڭشەندىن چىقىپ، قورۇلنىڭ ئارقىسىدىن تېگىش قىلىدىغان بولدى، 500 يېنىك ئاتلىق لەشكەر تاللىۋېلىپ، پۇقرالارغا يول باشلىتىپ، سوقماق يول بىلەن ئىلگىرىلىدى.

ھەمدەمچى قوشۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن جاڭ خې دىققەتچىلىكتە قالدى، خادىملىرى ۋېي يەن قورۇلغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن قورۇل تۈۋىگە كەلدى، دەپ مەلۇم قىلدى. ساۋۇت كىيىپ ئاتلانغان جاڭ خې تاغدىن چۈشمەك بولۇپ تۇرۇشىغا بىردىنلا:

— قورۇلنىڭ ئارقىسىدا تۆت - بەش جايدىن يانغىن چىقتى، قەيەردىن كەلگەن لەشكەر ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، — دەپ

مەلۇمات بېرىشتى.

جاڭ خې ئۆزى لەشكەر باشلاپ ئارقىغا چىقتى. تۇغىنىڭ ئاستىدا كېلىۋاتقان جاڭ فېينى كۆرگەن جاڭ خې ناھايىتى چۆچۈپ كېتىپ، دەرھال سوقماق يولنى بويلاپ قاچتى، ئېتى تېز يۈرەلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارقىدىن جاڭ فېي جىددىي قوغلاپ كەلگەچكە، جاڭ خې ئېتىنى تاشلاپ، پىيادە تاغقا چىقىپ، يول تېپىپ قېچىپ قۇتۇلدى. ئۇ ئون نەچچىلا ئادىمى بىلەن پىيادە نەنجېڭگە كېلىپ، ساۋ خۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. جاڭ خېنىڭ ئون نەچچىلا ئادىمى قالغانلىقىنى كۆرگەن ساۋ خۇڭ دەرغەزەپ بولۇپ:

— بارماڭ دېسەم، تىلخەت يېزىپ بېرىپ بارىمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭىز؛ بۈگۈن لەشكەرنىڭ بارلىقىنى چىقىم بېرىپسىز، ئۆلۈۋالماي بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دېدى ۋە، نۆكەرلىرىگە، — ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى. يۈرۈش قىلغان لەشكەر ئەمرى گو خۇەي:

— «مىڭ لەشكەرگە ئىگە بولۇش ئاسان، بىر پالۋانغا ئىگە بولۇش تەس». گەرچە جاڭ خې گۇناھى بولسىمۇ، ۋېي پادىشاھىنىڭ ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغان كىشىسى، ئۆلتۈرۈشكە بولماس. يەنە 5000 لەشكەر بېرىپ جيامېڭگۇەننى ئېلىشقا ئەۋەتەيلى، شۇنىڭ بىلەن جايلاردىكى لەشكەرلەرنى جەلپ قىلىپ تۇرسۇن، شۇنداقتا خەنجۇڭغا خەتەر يەتمەيدۇ. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىكەن، ئىككى گۇناھىغا بىرلا جازا بەرسەك بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى. ساۋ خۇڭ قوبۇل قىلىپ، جاڭ خېغا 5000 لەشكەر بېرىپ، جيا مېڭگۇەننى ئېلىشقا بۇيرۇدى. جاڭ خې بۇيرۇق بويىچە يولغا راۋان بولدى

جيامېڭگۇەن قورۇلىنى ساقلاپ تۇرغان پالۋان مېڭ دا، خۇ جۇنلەر جاڭ خېنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خۇ جۇن مۇداپىئەدە تۇرايلى دېگەندى، مېڭ دا تېگىش قىلىش كېرەك دەپ ئۇنىماي، قورۇلدىن لەشكەر باشلاپ چۈشۈپ، جاڭ خې بىلەن ئېلىشتى، تەڭ كېلەلمەي، يېڭىلىپ قايتىپ كەلدى. خۇ جۇن تېزلىكتە چېڭدۇغا مەلۇمات يوللىدى. لىۇ بېي مەلۇماتنى كۆرۈپ، مۇشاۋىرنى كېڭەشكە تەكلىپ قىلدى. جۇگې لىياڭ پالۋانلارنى دىۋانغا چاقىرتىپ:

— ھازىر جيامېڭگۇەن خەتەردە، جاڭ خېنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن، لاڭجۇڭدىن جاڭ فېيىنى ئالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى.

— ھازىر جاڭ فېي لەشكىرىنى ۋاكوغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، لاڭجۇڭنى مۇھاپىزەت قىلماقتا، بۇمۇ مۇھىم ئورۇن بولغاچقا، قايتۇرۇپ كېلىش بولماس، بۇ يەردىكى پالۋانلاردىن بىرىنى تاللاپ، جاڭ خېغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتەيلى، — دېدى فا چېڭ.

— جاڭ خې ۋېيلىقلارنىڭ ئاتاقلىق پالۋانى، ئاق نانچىلاردىن ئەمەس. جاڭ فېيدىن باشقا كىشى تەڭ كېلەلمەيدۇ، — دېدى جۇگې لىياڭ كۈلۈپ.

تۇيۇقسىزلا بىراۋ تۇۋلىغان پېتى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— مۇشاۋىرىم! نېمىشقا كۆپچىلىككە سەل قارايدىلا؟ مەن ئىستېداتسىز بولساممۇ، جاڭ خېنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ھۇزۇرلىرىغا تەقدىم قىلىشنى ئىستەيمەن، — دېدى.

كۆپچىلىك قارىسا، مويسىپىت پالۋان خۇاڭ جۇڭ ئىكەن—

خۇاڭ جۇڭ! سىلى جەسۇر پالۋان بولسىلىمۇ، ياشىنىپ قالدىلا، جاڭ خېغا تەڭ كېلەلمەسلىمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى جۇگې لىياڭ.

— مەن گەرچە قېرىغان بولسامىمۇ، — دېدى خۇاڭ جۇڭ سۆزنى ئاڭلاپ، ئاق چاچلىرى تىك تۇرۇپ، — ئىككى بىلىكىم ئۈچ دەن ۋەزىنلىك يايىنى تارتالايدۇ، ۋۇجۇدۇمدا تېخى 1000 جىڭ كېلىدىغان قۇۋۋەت بار؛ جاڭ خېدەك گادايغا تەڭ

كېلەلمەيمەنمۇ؟

— سەركەردە، 70 كە يېقىنلىشىپ قالدىلا، قېرىغان ھېسابلانمامدىلا؟ — دېدى جۇگې لياڭ.

تاپسى ئاستىغا چۈشكەن خۇاڭ جۇڭ قونداقتىن ئۆزۈن قىلىچىنى ئېلىپ شۇنداق ئويناتتىنكى، قىلىچ ئۇچقاندەك پىرقىراپ كەتتى؛ ئېغىر كاماندىن ئىككىسىنى تارتىپ سۇندۇرۇپ تاشلىدى. جۇگې لياڭ:

— سەركەردە، باردىغان بولسىلا، كىمنى ياردەمچىلىككە ئالىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— مويسىپىت پالۋان يەن يەن مەن بىلەن بىللە بارسۇن. يېڭىلىپ قالسام، ئالدى بىلەن بۇ ئاق بېشىم جاۋاب قىلسۇن، — دېدى خۇاڭ جۇڭ.

ناھايىتى خۇشال بولغان ليۇ بېي يەن يەن، خۇاڭ جۇڭلارنى بېرىپ جاڭ خې بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى. جاۋ يۈن:

— ھالا جاڭ خېنىڭ ئۆزى جيامېڭگۇەنگە تەئەررۇز قىلىپ كەپتۇ، مۇشاۋىرىم، بۇ بالىلار ئويۇنى ئەمەس. ئەگەر جيامېڭ قولدىن كېتىدىغان بولسا، يىجۇ خەتەردە قالىدۇ. نېمە ئۇچۇن ئىككى مويسىپىت پالۋانىمىزنى بۇ زور، كۈچلۈك ياۋغا قارشى ئەۋەتىدىلا؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— سىلى بۇ ئىككىيلەن قېرىپ قالدى، مۇۋەپپەق بولالمايدۇ دەپ ئويلاۋاتىدىلا، مەن خەنجۇڭنى بۇ ئىككىيلەننىڭ قولى بىلەن ئالىمىز دەپ ھېسابلايمەن، — دېدى جۇگې لياڭ. جاۋ يۈن ۋە باشقىلار كۈلۈشۈپ چىقىپ كەتتى.

خۇاڭ جۇڭ بىلەن يەن يەن قورۇلغا كەلگەندە، بۇلارنى كۆرگەن مېڭ دا، خو جۇنلەرمۇ كۆڭلىدە جۇگې لياڭنى تازا مۇۋاپىق كىشى ئەۋەتمەپتۇ، مۇشۇنداق مۇھىم ئورۇنغا ئىككى قېرىنى ئەۋەتكىنىنى دەپ كۈلدى. خۇاڭ جۇڭ يەن يەنگە:

— ئۇلارنىڭ ئىپادىسىنى كۆردىلىمۇ؟ ئىككىمىزنى قېرى

دەپ كۇلۇشۇۋاتىدۇ، بۈگۈن ئاجايىپ خىزمەتلەر كۆرسىتىپ، كۆپچىلىكنى قايىل قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— سەركەردە! بۇيرۇقلىرىغا پەرمانبەردارمەن، — دېدى يەن يەن.

ئىككىيلەن كېڭەش قىلىپ بىر يەرگە كېلىشتى، خۇاڭ جۇڭ لەشكەر بىلەن قورۇلدىن چۈشۈپ، جاڭ خېغا قارشى سەپ تارتتى. مەيدانغا چىقىپ خۇاڭ جۇڭنى كۆرگەن جاڭ خې كۇلۇپ:

— يېشىڭىز خېلى بىريەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئار كۆرمەستىن جەڭ مەيدانىغا كەپسىز! — دېدى.

— ھەي ھارامزادە! مەن قېرىغىنىم بىلەن، قولۇمدىكى ئۆتكۈر قىلىچ قېرىغىنى يوق! — دېدى خۇاڭ جۇڭ غىزەپ بىلەن، ئات سېلىپ جاڭ خې بىلەن قاتتىق جەڭ قىلماقچى بولدى. ئىككى ئات گىرەلەشتى، 20چە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، تۇيۇقسىزلا ئارقىدىن چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئەسلىدە يەن يەن كىچىك يول بىلەن جاڭ خې لەشكىرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالغانىدى. ئىككى توپ لەشكەر ئارىغا ئېلىپ چاپ - چاپ قىلغاچقا، جاڭ خې قاتتىق يېڭىلدى. كېچىلەپ قوغلىغاچقا، جاڭ خې لەشكەرلىرى 80 — 90 چاقىرىم چېكىندۈرۈلدى. خۇاڭ جۇڭ، يەن يەنلەر لەشكىرىنى يىغىۋېلىپ قارارگاھقا قايتتى، ھەر ئىككىلا تەرەپ جەڭگە چىقماي تۇرۇۋالدى. جاڭ خېنىڭ يەنە بىر مەيدان جەڭدە ئۇتتۇرغانلىقىنى ئاڭلىغان ساۋ خوڭ يەنە جاۋابكارلىققا تارتماقچى بولۇۋىدى، گو خۇەي:

— جاڭ خېنى بەك قىستاپ قويساق، چوقۇم كۇنپېيتىش سىچۈەنگە ئەل بولۇپ كېتىدۇ؛ بۈگۈن ھەمدەمگە پالۋان ئەۋەتىپ، نازارەت قىلدۇرايلى، ئۇنى رەنجىتىپ ئۆزگىرىپ كېتىشكە سەۋەبچى بولمايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ساۋ خوڭ قوبۇل كۆردى. شۇئان شيا خۇدۇننىڭ جىيەنى شيا خۇشاڭ ھەم ئەل بولغان پالۋانلاردىن خەن شۈەننىڭ ئىنىسى

خەن خاۋ ئىككىيلەننى 5000 لەشكەر بىلەن ھەمدەمگە ئەۋەتتى. ئىككى پالۋان دەرھال يولغا چىقىپ جاڭ خې قارارگاھىغا كەلدى، جەڭ ئەھۋاللىرىنى سورىدى.

— قىرى پالۋان خۋاڭ جوڭ ناھايىتى قەھرىمان ئىكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەن يەن ھەمدەمچىسى ئىكەن، ياۋنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ، — دېدى جاڭ خې.

— چاڭشادىكى ۋاقتىمدىلا بۇ قىرى مۇناپىقنىڭ پالۋانى زەبەردەست ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ئۇ ۋېي يەن بىلەن شەھەرنى تەقدىم قىلىپ، بىر تۇغقان ئاكامغا زىيانكەشلىك قىلغانىدى، بۈگۈن كەز كەلدىم، ئەلۋەتتە قىساس ئېلىشىم كېرەك، — دېدى خەن خاۋ ۋە شۇئان شيا خوشاڭ بىلەن لەشكەر باشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

خۋاڭ جوڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، يوللارنى ئوبدان بىلىۋالغانىدى. يەن يەن:

— مۇشۇنداق ماڭساق تيەنداڭشەن ناملىق بىر تاغ بار، ئۇ تاغدا غىچلا ساۋ ساۋنىڭ ئاشلىق، يەم - خەشەكلىرى ساقلانغان. ئەگەر بۇ جاينى ئېلىپ ئاشلىق، يەم - خەشەكلىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان بولساق، خەنجۇڭنى ئېلىش مۇمكىن، — دېدى.

— سەركەردە! مەسلىھەتلىرى دەل مېنىڭ پىكرىمگە ئۇيغۇن، مۇنداق، مۇنداق قىلۇرلار، — دېدى خۋاڭ جوڭ.

تاپشۇرۇق ئالغان يەن يەن بىر توپ لەشكەر بىلەن يولغا راۋان بولدى.

شيا خوشاڭ، خەن خاۋلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان خۋاڭ جوڭ شۇئان قارارگاھتىن لەشكەر باشلاپ چىقتى. خەن خاۋ سەپ ئالدىدا خۋاڭ جوڭنى:

— ۋىجدانسىز قىرى ئوغرى! — دەپ تىللىغان پېتى، نەيزىسىنى ئويىنىتىپ خۋاڭ جوڭغا ئېتىلدى، شيا خوشاڭمۇ چىقىپ ئارىغا ئېلىپ جەڭ قىلدى. خۋاڭ جوڭ كۆچەپ ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پالۋان بىلەن ئون نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن خۇاڭ جۇڭ يېڭىلىپ قاچتى، ئىككى پالۋان يىگىرمە نەچچە چاقىرىم قوغلاپ، خۇاڭ جۇڭنىڭ قارارگاھىنى تارتىۋالدى. خۇاڭ جۇڭ يەنە بىر قارارگاھنى قۇردى. ئەتىسى شيا خۇشاڭ، خەن خاۋلار يەنە جەڭگە كەلدى، خۇاڭ جۇڭ مەيدانغا چىقىپ، بىرنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپلا يەنە قاچتى، ئىككى پالۋان يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگە قوغلاپ كېلىپ، خۇاڭ جۇڭنىڭ قارارگاھىنى ئالدى ـ دە، جاڭ خېنى ئارقا قارارگاھنى ساقلاشقا چاقىردى. جاڭ خې ئالدى قارارگاھقا كېلىپ:

— خۇاڭ جۇڭ ئۇدا ئىككى كۈن چېكىندى، بۇنىڭدا چوقۇم نەيرەڭ بار، — دەپ ئېلتىجا قىلدى.

— مۇشۇنداق قورقاق بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن، جەڭدە ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭىلگەنىكەنسىز ـ دە! بۈگۈن ئارتۇق گەپ قىلماڭ، ئىككىمىزنىڭ قانداق خىزمەت كۆرسىتىدىغانلىقىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇڭ! — دېدى جاڭ خېغا توۋلاپ شيا خۇشاڭ.

جاڭ خې خىجالەتچىلىكتە چىقىپ كەتتى. ئەتىسى ئىككى پالۋان يەنە جەڭگە چىقتى، خۇاڭ جۇڭ يېڭىلىپ يەنە 20 چاقىرىم چېكىندى، ئىككى پالۋان ئۈزلۈكسىز قوغلىدى. ئىككىنچى كۈنى، ئىككى پالۋان لەشكەرلىرى بىلەن چىقىشۇدى، خۇاڭ جۇڭ بۇلارنى كۆرۈپلا قاچتى. ئۇدا بىرنەچچە مەيدان جەڭدە ئۇتتۇرۇپ توپتوغرا قورۇلغا چېكىنىپ چىقتى. ئىككى پالۋان قورۇلنىڭ تۈۋىگىلا كېلىپ قارارگاھ قۇردى. خۇاڭ جۇڭ مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرۇۋېلىپ جەڭگە چىقمىدى. مىڭ دا ليۇ بېيغا: «خۇاڭ جۇڭ ئۇدا بىرنەچچە مەيدان جەڭدە ئۇتتۇرۇۋەتتى، ھازىر قورۇلغا چېكىنىپ كېلىۋالدى» دەپ مەخپىي مەلۇمات يوللىدى. ليۇ بېي دەرھال جۇگې لياڭدىن كېڭەش سورىدى.

— بۇ قېرى پالۋاننىڭ مەغرۇر لەشكەردىن پايدىلىنىش پەنتى، — دېدى جۇگې لياڭ.

جاۋ يۈن قاتارلىقلار ئىشەنمىدى. ليۇ بېي خۇاڭ جۇڭغا بولۇشۇش ئۈچۈن ليۇ فېڭنى قورۇلغا ئەۋەتتى. خۇاڭ جۇڭ ليۇ فېڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن:

— ياش سەركەردە! جەڭدە ھەمدەم بولۇشقا كېلىشلىرىدىن مەقسەت نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— دادام سىلىنىڭ بىرنەچچە قېتىم يېڭىلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، مېنى ئەۋەتتۇيدى.

— بۇ كەمىنىلىرىنىڭ، — دېدى خۇاڭ جۇڭ كۈلۈپ، — مەغرۇر لەشكەردىن پايدىلىنىش پەنتىم. بۈگۈن كېچە بىرلا جەڭدە قارارگاھلارنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئاشلىق، ئات ـ ئۇلاغلارغا ئىگە بولۇشۇمغا قاراپ تۇرسىلا. بۇ قارارگاھىمنى بېرىپ قويۇپ لەشكىرى لازىمەتلىكلىرىنى ساقلاتقۇزۇشتىن ئىبارەت. بۈگۈن كېچە خو جۈن قورۇل ساقلاشقا قالسۇن. سەركەردە مېڭ دا ئاشلىق توشۇپ غەنىيمەت ئالغان ئات ـ ئۇلاغلارنى ئېلىپ كەلسۇن، ياش سەركەردە، ياۋنى تارمار قىلىشنى تاماشا قىلسىلا.

شۇ كېچە ئەلىيانقۇ ۋاقتىدا، خۇاڭ جۇڭ 5000 لەشكەر بىلەن تۆپتوغرا قورۇلدىن چۈشتى. شيا خۇشاڭ، خەن خاۋ پالۋانلار بىرقانچە كۈندىن بۇيان قورۇلدىن ئادەم چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ تامامەن بوشىشىپ قالغانىدى؛ خۇاڭ جۇڭ تۆپتوغرا قارارگاھقا باستۇرۇپ كىرگەنلىكى ئۈچۈن، لەشكەرلەر ساۋۇتلىرىنى كىيىشكە، ئاتلىرىنى توقۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى، ئىككى پالۋان ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قاچتى، لەشكەر، ئات ـ ئۇلاغلار بىر ـ بىرىنى دەسسىشىپمۇ نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. نىھايەت تاڭ ئاتقۇچىلىك ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قارارگاھ ئېلىندى. قارارگاھقا تاشلانغان ھەددى ـ ھېسابسىز قورال، ئېگەر، ئاتلارنى مېڭ دا قورۇلغا توشۇۋەردە. خۇاڭ جۇڭ لەشكەر تارتىپ ئىلگىرىلىمەكچى بولدى. ليۇ فېڭ:

— لەشكەرلەر ھېرىپ قالدى، ۋاقتىلىق دەم ئېلىۋالسۇن، —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

دېيىدى، خۇاڭ جۇڭ:

— يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرمىگۈچە، يولۋاس بالىسىنى تۇتقىلى بولامدۇ؟ — دېدى ـ دە، ئېتىنى قامچىلاپ يولغا چۈشتى، لەشكەرلىرىمۇ باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باستى. جاڭ خېنىڭ لەشكەرلىرىنى قېچىپ بارغان ئۆز لەشكەرلىرى قوزغىۋەتكەچكە، قارارگاھنى ساقلاپ قالالماي، ئارقىغا چېكىندى؛ نۇرغۇن قارارگاھنى تاشلاپ، توپتوغرا خەنشۇي دەرياسى بويىغا قېچىپ كېلىشتى.

جاڭ خې شيا خوۋشاڭ، خەن خاۋلارنى تېپىپ كېڭەش قىلدى ۋە:

— بۇ يەر تيەنداڭشەن بولىدۇ، ئاشلىق، يەم ـ خەشەك بازىمىزدۇر؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە مىساڭشەنگە تۇتىشىدۇ، ئۇ يەرمۇ ئاشلىق بازىمىز بولۇپ، خەنجۇڭدىكى لەشكەرلەرنىڭ ھايات مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بۇ يەر قولدىن كېتىپ قالسا، خەنجۇڭ قولدىن كەتتى دېگەن سۆز. بۇ يەرنى مۇھاپىزەت قىلىشنى ئويلاناق كېرەك، — دېدى.

— مىساڭشەندە تاغام شيا خويۋەن بار، لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ ئۇ يەرنى مۇھاپىزەت قىلماقتا. ئۇ يەر دىڭجۈڭشەنگە تۇتىشىدۇ، غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. تيەنداڭشەننى ئاكام شيا خۇدې ساقلاۋاتىدۇ، بىز بېرىپ شۇ تاغنى مۇھاپىزەت قىلايلى، — دېدى شيا خۇشاڭ.

شۇنداق قىلىپ جاڭ خې ئىككى پالۋان بىلەن كېچىلەپ تيەنداڭشەنگە كېلىپ، شيا خۇدې بىلەن كۆرۈشتى، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بەردى. شيا خۇدې:

— بۇ يەردە 10 تۈمەن لەشكەر بار، باشلاپ بېرىپ ئەسلى قارارگاھلارنى قايتۇرۇۋېلىڭلار! — دېدى.

— ئويلانماستىن ھەرىكەت قىلىش يارىمايدۇ، مۇستەھكەم مۇداپىئەدىلا تۇرۇش كېرەك، — دېدى جاڭ خې.

توساتتىن تاغنىڭ ئالدىدا ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندى، ئادەملەر خۇاڭ جۇڭ لەشكىرى يېتىپ كەلدى دەپ مەلۇم قىلدى. شيا خۇدې قاقاقلاپ كۈلۈپ:
— لەشكىرىي ئىلىمدىن خەۋىرى يوق قېرى ئوغرى، قەھرىمانلىقىملا تايىنىدۇ! — دېدى.
— خۇاڭ جۇڭ تەدبىرلىك، يالغۇز قەھرىمانغىنا ئەمەس، — دېدى جاڭ خې.
— شىچۈەن لەشكەرلىرى يىراقتىن كەلگەچكە، ھارغىندۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەڭ مەيدانىغا بەك ئىچكىرىلەپ كىرىپتۇ، بۇ ئەقىلسىزلىقتۇر، — دېدى شيا خۇدې.
— شۇنداق بولسىمۇ ياۋنى سەل چاغلىمايلى، مۇستەھكەم مۇداپىئەدىلا تۇرايلى، — دېدى جاڭ خې.
— 3000 تالالىغان لەشكەر بىلەن چىقىپ تېگىش قىلاي، يەڭمەي قويمايمەن، — دېدى خەن خاۋ.
شيا خۇدې لەشكەر بۆلۈپ بېرىپ خەن خاۋنى تاغدىن چۈشۈردى. خۇاڭ جۇڭ لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ جەڭگە چىقتى. ليۇ فېڭ:
— كۈن ئولتۇرۇپ قالدى، لەشكەرلەر يىراقتىن كەلگەچكە، ھەممىسى ھېرىپمۇ قالدى، بىرئاز دەم ئېلىۋالسۇن، — دەپ مەسلىھەت بەردى.
— ئۇنداق ئەمەس؛ بۇ، تەڭرى ئاتا قىلغان ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىش پۇرسىتى، ئالمايدىكەنمىز، تەڭرى ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز، — دېدى خۇاڭ جۇڭ كۈلۈپ ۋە سۆزىنى تۈگىتىپلا ناغرىلىرىنى چالدۇرۇپ ھەدەپ ئىلگىرىلىدى. خەن خاۋ لەشكىرىنى باشلاپ جەڭ قىلغىلى كەلدى. خۇاڭ جۇڭ قىلىچىنى ئوينىتىپ توپتوغرا خەن خاۋغا ئېتىلدى. بىرلا رەددى بەدەلدە خەن خاۋنى قىلىچلاپ تاشلىدى. شۇ لەشكەرلىرى چۇقان سېلىپ تاغقا يامىشىپ چىقتى. جاڭ خې بىلەن شيا خۇشاڭ دەررۇ

www.uyghurkitap.com

لەشكەر باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى. تۇيۇقسىز تاغنىڭ ئارقىسىدىن چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمان ـ پەلەك يانغىن چىقىپ، تاغنىڭ ئاستى ـ ئۈستىنى قىپقىزىللىق بېسىپ كەتتى. شيا خۇدې لەشكەرلەر بىلەن ئوت ئۆچۈرگىلى چىقىۋىدى، دەل قېرى پالۋان يەن يەنگە دۇچ كېلىپ قالدى، قولى كۆتۈرۈلۈپ قىلىچ ئۇرۇش بىلەن شيا خۇدې ئۆلتۈرۈلۈپ ئات ئاستىغا ئاغدۇرۇلدى. ئەسلىدە خۇاڭ جۇڭ يەن يەننى ئالدىنئالا لەشكەر تارتىپ بېرىپ، تاغنىڭ پىنھان يەرلىرىگە پىستىرما بولۇشقا، خۇاڭ جۇڭ لەشكىرى يېتىپ كەلگەن ھامان ئوت قويۇشقا بۇيرۇغانىدى؛ دۆۋىلەپ قويغان ئوتۇن ـ چۆپلەرگە ئوتنى يېقىۋەتكەنىدى، يالماپ ـ يالماپ چىققان يانغىن تاغ جىلغىلىرىنى يورۇتۇۋەتتى. شيا خۇدېنى ئۆلتۈرگەن يەن يەن تاغنىڭ ئارقىسىدىن قىرغىن قىلىپ كەلدى. جاڭ خې، شيا خۇشاڭلار ئالدى ـ كەينىدىن ماسلىشالماي، تيەنداڭشەننى تاشلاپ، دىڭجۇنشەندىكى شيا خۇيۇەنگە قېچىپ باردى. خۇاڭ جۇڭ يەن يەنلەر تيەنداڭشەنگە ئوبدان ئورۇنلىشىۋې-لىپ، چېڭدۇغا تېزلىكتە زەپەر خەۋىرىنى مەلۇم قىلدى. بۇ مەلۇماتنى ئالغان ليۇ بېي پالۋانلارنى يىغىپ تەبرىك مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. فا جېڭ:

— مۇقەددەم جاڭ لۇنى ئەل قىلدۇرۇپ، خەنجۇڭنى ئالغان ساۋ ساۋ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشۇغا تېگىش قىلماي، شيا خۇيۇەن، جاڭ خې پالۋانلارنى مۇداپىئەگە قويۇپ، ئۆزى بۈيۈك لەشكەر بىلەن يۇقىرىغا كەتتى، بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىق ئىدى. ھالا جاڭ خې يېڭىلدى، تيەنداڭشەننى بېرىپ قويۇپتۇ، پاسىبان! ئەگەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شەخسەن پۈتۈن لەشكەر بىلەن يۈرۈش قىلىدىغان بولسىلا، خەنجۇڭنى ئېلىش مۇمكىن. خەنجۇڭ ئېلىنغاندىن كېيىن، لەشكەر تەربىيىلەپ، تەمىنات توپلاپ، پەيت كۈتۈپ ئىش قىلسىلا، ئۇ چاغدا ئىلگىرىلەيدىكەنمىز، ياۋنى جازالايمىز؛

چېكىنىدىكەنمىز، ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلالايمىز. ئاللا بەرگەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمىسىلا، — دېدى.
بۇ مەسلىھەتنى ليۇ بېي، جۇگې لياڭلارنىڭ ھەممىسى توغرا تاپتى - دە، شۇئان جاۋ يۈن، جاڭ فېيلارنى تۆرشاۋۇل قىسىم سەردارى قىلدى. شەخسەن ليۇ بېي، جۇگې لياڭ خەنجۇڭنى ئېلىش يۈرۈشىگە كۆن بەلگىلەپ، 10 تۈمەن لەشكەر بىلەن يۈرۈش قىلماقچى بولدى. قاتتىق ئېھتىيات مۇداپىئە چارىلىرى كۆرۈش ئۈچۈن، جايلارغا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتتى.
جيەنئەننىڭ 23 - يىلى 7 - ئاينىڭ خەيرلىك كۈنى يۈرۈش قىلىندى. ليۇ بېينىڭ بۈيۈك لەشكىرى جيامېڭگۇەندىن چىقىپ چېدىر - بارگاھلىرىنى قۇردى، خۇاڭ جۇڭ، يەن يەن قارارگاھقا چاقىرتىلىپ ئوبدان تارتۇقلاندى. ليۇ بېي:
— كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك سىلنى قېرىپ قالدى دېيىشكەن بولسىمۇ، يالغۇز مۇشاۋىرلا سەركەردىنىڭ قابىلىيىتىنى بىلگەنىدى. دېگەندەك ھازىر ئاجايىپ خىزمەت كۆرسەتتىلە. ھازىر خەنجۇڭ دىڭجۇنشەن نەنجېڭنىڭ كاپالىتى بولۇپ، ئاشلىق، يەم - خەشەك بازىسىدۇر؛ ئەگەر دىڭجۇنشەنگە ئىگە بولىدىغان بولساق، ياڭپىڭ جەھەتتىن غەم قىلمايتتۇق. سەركەردە! دىڭجۇنشەننى ئېلىشقا جۈرئەت قىلالامدىلا؟ — دېدى.
خۇاڭ جۇڭ مەردانىلىك بىلەن ماقۇل بولۇپ، لەشكەر تارتماق بولدى. جۇگې لياڭ توختىتىۋېلىپ:
— ئەي مويسىپىت پالۋانىمىز! سىلى قەھرىمان بولسىلىمۇ، شيا خۇيۈەننى جاڭ خېغا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. شيا خۇيۈەن لەشكىرىي ئىلىمدىن ياخشى خەۋەردار، لەشكىرىي سىرلارنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا ساۋ ساۋ شىلياڭنى ھاۋالە قىلىپ، ئاۋۋال لەشكەر بىلەن چاڭئەنگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ماچاۋغا قارشى قويغانىدى، ئەمدى يەنە لەشكەر بىلەن خەنجۇڭغا

ئورۇنلاشتۇردى. بۇ مەسئۇلىيەتنى ساۋ ساۋنىڭ باشقىلارغا ھاۋالە قىلماستىن، شىيا خوۋيۈەنگە ھاۋالە قىلىشى، شىيا خوۋيۈەندە تالانت بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ھالا سىلى جاڭ خېنى يەڭگەن بولسىلىمۇ، شىيا خوۋيۈەننى يېڭەلمەي قالارلىمىكىن. مەن جېڭجۇغا بىراۋنى ئەۋەتمەك بولۇۋاتىمەن، سەركەردە گوۋەن يۈينى ئەكەلسەك، تاقابىل تۇرالايدۇ، — دېدى.

— ئۆتمۈشتە، — دېدى خۇاڭ جوڭ غەيرەت بىلەن جاۋاب بېرىپ، — لىيەن پو* 80 گە كىرگەن بولسىمۇ، بىر كۈرە گۆرۈچ، ئون جىڭ گۆش يېگەچكە، باشقا بەگلەر ئۇنىڭ پالۋانلىقىدىن قورقۇپ، جاۋ بەگلىكىنىڭ تەۋەسىگە تاجاۋۇز قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىكەن. مەن خۇاڭ جوڭ تېخى 70 كە بارمىدىغۇ؟ مۇشاۋىرىم سىلى مېنى قېرى دەيدىلا، مەن بۈگۈن ياردەمچى پالۋانسىز ئۆز قول ئاستىمدىكى 3000 لەشكەر بىلەنلا بېرىپ، شىيا خوۋيۈەننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ھۇزۇرلىرىغا تەقدىم قىلاي!

جۇگې لياڭ زادىلا رۇخسەت قىلمىدى. خۇاڭ جوڭ بولسا بارىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. جۇگې لياڭ:

— خەير، سەركەردە، بارىمەن دەپ تۇرۇۋالدىلا، مەن بىر سىلى بىلەن بىللە بارىدىغان لەشكەر نازارەتچىسى كۆرسىتىپ بېرەي، قانداق؟ — دېدى.

دەرھەقىقەت:

*جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى دەيدەيگە سەپ پالۋاننى،*
*قېرىلاردىن قالدى ئارتتا كۆرسىتىپ كەم تۆھپىنى.*

بۇ ئادەمنىڭ كىملىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

* لىيەن پو — جەنگو دەۋرىدىكى جاۋ بەگلىكىنىڭ چوڭ پالۋانى.

# يەتمىش بىرىنچى باب

## خۇاڭ جۇڭنىڭ قارشى تاغنى ئىگىلەپ، چارچىغان ياۋ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلغانلىقى
## جاۋ يۈننىڭ خەنشۈيىنى ئىگىلەپ، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ياۋنى يەڭگەنلىكى

ئەلقىسسە، جۇگې لياڭ خۇاڭ جۇڭغا:
— سىلى بارىدىغان بولسىلا، ياردەملىرىگە فا جېڭنى قوشۇپ قويايلى. ھەرقانداق ئىشنى كېڭەش بىلەن قىلىشۇرلار. ئارقىدىن بولۇشۇشقا لەشكەر ئەۋەتىمەن، — دەپ تاپشۇردى.
خۇاڭ جۇڭ ماقۇل بولۇپ فا جېڭ بىلەن لەشكىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. جۇگې لياڭ ليۇ بېيغا:
— بۇ قېرى پالۋاننى دەيدەيگە سالمىساق، بارغان بىلەنمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايتتى. ئۇ بۇگۈن كەتتى، بولۇشۇشقا لەشكەر ئەۋەتىش كېرەك، — دېدى ـ دە، جاۋ يۈننى چاقىرىپ، — سىلى بىر توپ لەشكەر ئېلىپ، چىغىر يول بىلەن چىقىپ خۇاڭ جۇڭغا تۇيۇقسىز ھەمدەملىك بېرۇرلەر، ئەگەر خۇاڭ جۇڭ غالىب بولىدىكەن، جەڭگە چىقىشىنىڭ ھاجىتى يوق. مۇبادا خۇاڭ جۇڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىسا، دەررۇ ئۇنىڭغا بولۇشۇش كېرەك، — دەپ تاپىلىدى.
يەنە ليۇ فېڭ، مېڭ دالارنى 3000 لەشكەر بىلەن بېرىپ، تاغنىڭ مۇھىم يەرلىرىگە كۆپلەپ بايراقلار قاداپ، ياۋنى

www.uyghurkitap.com

ۋەھىمىگە، گۇمانغا سېلىشقا بۇيرۇدى. ھەر ئۈچەيلەن لەشكەر ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. شيابىيەندىكى ما چاۋغىمۇ تەدبىر يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. يەنە باشى، لاگجۇك ئېغىزلىرىنىڭ مۇداپىئەسىگە يەن يەنى تەيىنلەپ، خەنجۇڭنى بىرلىكتە ئېلىش ئۈچۈن، جاڭ فېي، ۋېي يەنلەرنى چاقىرتتى.

شيا خويۈەن يېنىغا كەلگەن جاڭ خې، شيا خۇشاڭلار:

— تيەنداڭشەن قولدىن كەتتى، شيا خۇدې، خەن خاۋ ئۆلتۈرۈلدى، بۈگۈن خەنجۇڭنى ئېلىش ئۈچۈن لىيۇ بېي ئۆزى لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىدۇق. ھەممىگە بۇرۇنراق خىل لەشكەر، جەسۇر پالۋانلار ئەۋەتىش ھەققىدە، ۋېي پادىشاھغا تېزدىن مەلۇم قىلايلى، — دېدى.

شيا خويۈەن ساۋ خوڭغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن شۇئان كىشى ئەۋەتتى. ساۋ خوڭمۇ ساۋ ساۋغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن شۈيچاڭغا كېچە ـ كۈندۈزلەپ كىشى ماڭدۇردى. ناھايىتى چۆچۈگەن ساۋ ساۋ قەلەمدار ـ ئەلەمدار ئەمەلدارلارنى جىددىي يىغىپ، خەنجۇڭغا ھەمدەملىك بېرىش ھەققىدە كېڭەش قىلدى.

— ئەگەر خەنجۇڭ قولدىن كېتىدىغان بولسا، جۇڭيۈەن لەرزىگە كېلىدۇ. پادىشاھى ئالەم زەخمەت چېكىپ قالسىمەن دېمەستىن، شەخسەن ئۆزلىرى يۈرۈش قىلماقلىرى لازىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى باش مىرزا لىيۇ يې.

— ئۆز ۋاقتىدا سىلىنىڭ مەسلىھەتلىرىگە كىرمەي، مۇشۇنداق بولدى. ئىست! — دېدى ساۋ ساۋ. دەرھال 40 تۈمەن لەشكەر بىلەن ئۆزى يۈرۈش قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى.

جيەنئەننىڭ 23 ـ يىلى كۈز پەسلىنىڭ 7 ـ ئېيى ئىدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلەرنى ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ يۈرۈش قىلدى. تۇرشاۋۇل قىسىملارغا شيا خۇدۇننى سەردار قىلدى. ئۆزى بارگاھ

لەشكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، ھىماتچى قىسىملارغا ساۋ شيۈنى قويدى. ئۈچ قوشۇن ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا چىقتى. ساۋ ساۋ ئالتۇن ئېگەرلىك ئاق ئاتقا مىنگەن، كىمخاب تون كىيىپ، ياشما زەردىن كەمەر باغلىغانىدى. نۆكەرلەر ئوڭ ـ سول تەرەپتە زەر يوسۇن تاياق، ئاق تەبەر، كالتەك، نەيزىلەر تۇتۇپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلار يەنە قۇياش، ئاي، ئەجدىھا، سۇمۇرغلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغلارنى كۆتۈرۈشكەنىدى. ئىككى يېرىم تۈمەن قورۇقچى نۆكەر 5000 كىشىدىن بەش قىسىمغا — كۆك، سېرىق، قىزىل، ئاق، قارا بەش رەڭ بويىچە بۆلۈنگەنىدى. تۇغ ـ ئەلەم، ساۋۇت، ئاتلار ئۆز رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇلغاچقا، قوشۇن ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئىدى.

لەشكەر تۇڭگۈەندىن چىققاندا، ئاتلىق كېتىۋاتقان ساۋ ساۋ ئىنتايىن قويۇق ئۆسكەن بىر دەرەخزارلىقنى كۆرۈپ، يېقىن خادىملىرىدىن:

— بۇ قەيەر؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يەرنىڭ ئىسمى لەنتيەن. دەرەخلىكنىڭ ئىچىدە سەي يۈڭنىڭ جاڭزىسى بار. ھازىر سەي يۈڭنىڭ قىزى سەي يەن ئېرى دۇڭ سى بىلەن شۇ يەردە تۇرىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەسلىدە ساۋ ساۋنىڭ سەي يۇڭ بىلەن كۆڭلى يېقىن ئىدى. بۇرۇن سەي يۈڭنىڭ قىزى سەي يەن ۋېي خۇڭداۋغا ياتلىق بولغان، كېيىن يۇقىرى يۇرتلۇقلار تۇتقۇن قىلىپ ئەكەتكەن، ئۇ يۇقىرى يۇرتتا ئىككى ئوغۇل تۇغقان، «يۇقىرىلىقلار قەبرىلىرىنىڭ 18 مۇقامى» دېگەن نەزمىنى پۈتكەن. بۇ نەزمە جۇڭيۈەنگىمۇ تارالغان. ئىنتايىن ئىچى ئاغرىغان ساۋ ساۋ، ئۇنى قايتۇرساڭلار 1000 جىڭ ئالتۇن بېرىمەن، دەپ يۇقىرى يۇرتقا ئەلچى ئەۋەتكەن. ساۋ ساۋنىڭ قۇدرەتلىكىدىن ئەندىشە قىلغان چاپقۇل بېگىخان سەي يەننى خەن خاندانلىقىغا قايتۇرۇپ بەرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ سەي يەننى دۇڭ سىغا نىكاھلىق قىلىپ قويغانىدى. ساۋ ساۋ ئەنە شۇ كۈنى جاكزا ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، سەي يۈگىنىڭ ئىشلىرى ئېسىگە كەلدى ـ دە، لەشكەرلىرىنى ئاۋۋال مېڭىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ئۆزى 100دەك يېقىن مۇلازىمى بىلەن جاكزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا دۇڭ سى خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، ئۆيدە سەي يەنگىنە قالغانىدى. سەي يەن ساۋ ساۋنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال ئالدىغا چىقتى ۋە ساۋ ساۋنى مېھمانخانىغا باشلاپ كىردى. سالام ـ سەھەت قىلىنىشىپ بولغاندىن كېيىن، سەي يەن ساۋ ساۋنىڭ يېنىغا ئۆتتى. ساۋ ساۋ تاسادىپەن تامدا ئېسىقلىق تۇرغان بىر ئابىدە خېتىنىڭ بېسىلغان نۇسخىسىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قارىدى ۋە سەي يەندىن بۇ ئابىدە خېتىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. سەي يەن:

— بۇ ساۋئې ئابىدىسى، مۇقەددەم خېدى خان دەۋرىدە شاڭيۈيدە ساۋ شۈي ئىسىملىك بىر سېھرىگەر بار ئىكەندۇق، ئۇ ئۇسسۇل ئويناپلا يۈرىدىكەن؛ 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كېمىدە مەستلىكتە ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. 14 ياشلىق قىزى دەريانى ئايلىنىپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يىغلاپ، ئاخىر ئۆزىنى دولقۇنغا ئېتىپتۇ، بەش كۈندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ جەسىتىنى سۇ ئۈستىگە لەيلىتىپ چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئادەملەر بۇ جەسەتنى دەريا بويىغا دەپنە قىلىشىپتۇ. شاڭيۈي ئامبىلى دۇ شاڭ بۇنى ئاڭلاپ خانغا مەلۇم قىلغانىكەن، بۇ قىزغا ۋاپادار قىز دېگەن پەخرىي نام بېرىلىپتۇ. دۇ شاڭ ئامبىلى خەن دەنچۈننى يادنامە يېزىپ ئابىدە ئورنىتىشقا بۇيرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا خەن دەنچۈەن 13 ياشتا ئىكەن، ئۇ قەلەم تەۋرىتىپلا ھېچ يېرىنى ئۆچۈرمەي ئۆزگەرتمەيلا يازمىنى تەييارلاپتۇ ـ دە، تاش قەبرىنىڭ قېشىغا ئورنىتىپتۇ. ئادەملەر كۆرۈپ ھەيران بولغانىكەن. دادام سەي يۇڭ بۇنى ئاڭلاپ كۆرۈشكە بېرىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ

قالغاچقا، قاراڭغۇدا قولى بىلەن ئابىدىدىكى خەتلەرنى سىلاپ ـ سىيپاپ ئوقۇپتۇ ۋە قەلەم بىلەن ئارقىسىغا سەككىز خەت يېزىپتۇ. كېيىنكىلەر تاشقا ئويۇپ قويۇشقانىكەن، — دېدى.

ساۋ ساۋ سەككىز خەتنى ئوقۇۋىدى: «黄绢幼妇,外孙薤臼» (سېرىق شايى ياش ئايال، قىز نەۋرە چۈچۈمەل كۆكتاتلار ھاۋانچىسى) دېگەن سۆزلەر ئىكەن. سەي يەندىن:

— مەنىسىنى يېشەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ دادام رەھمەتلىكنىڭ قەلىمى بولسىمۇ، راستىنىلا مەنىسىنى يېشەلمەيمەن، — دېدى سەي يەن.

— سىلەر يېشەلەمسىلەر؟ — دېدى ساۋ ساۋ مەسلىھەتچىلىرىگە قاراپ.

ھەممەيلەن بىر نەرسە دېيەلمىدى. بىراۋ چىقىپ:

— مەن مەنىسىنى يېشەلەيمەن، — دېدى. ساۋ ساۋ قارىسا مىرزا ياڭ شيۇ ئىكەن.

— ھازىرچە گەپ قىلماي تۇرۇڭ، مەن ئويلىنىپ باقاي، — دېدى ـ دە، ساۋ ساۋ سەي يەن بىلەن خوشلىشىپ، مەسلىھەتچىلىرىنى باشلاپ جاڭزىدىن چىقتى. ئاتلىنىپ ئۈچ چاقىرىمچە ماڭغاندا بىردىنلا خەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، ياڭ شيۇغا قاراپ كۈلدى ۋە:

— قېنى سۆزلەپ بېقىڭ! — دېدى.

— بۇ مۇئەممە (تېپىشماق) دۇر، — دېدى ياڭ شيۇ، — سېرىق شايى دېمەك رەڭلىك يىپەكتۇر. 色 (رەڭ) ھەرپىنىڭ يېنىغا 丝 (يىپەك) ھەرپى قوشۇلسا، «绝» (مۇتلەق) دېگەن ھەرپ ھاسىل بولىدۇ. ياش ئايال دېمەك ياش قىز دېمەكتۇر. 女 (قىز، ئايال) ھەرپىنىڭ يېنىغا 少 (ياش) ھەرپى قوشۇلسا، «妙» (ئاجايىپ) دېگەن ھەرپ ھاسىل بولىدۇ، قىز نەۋرە، قىزنىڭ بالىسى دېمەكتۇر. 女 ھەرپىنىڭ يېنىغا 子 (بالا) ھەرپى قوشۇلسا، «好» (ياخشى) دېگەن ھەرپ ھاسىل بولىدۇ، 薤臼

ھەرپى بەش خىل چۆچۈمەل كۆكتاتنى يانجىيدىغان ئەسۋاب — ھاۋانچىدۇر. 爱 (قوبۇل) ھەرپىنىڭ يېنىغا 辛 (چۆچۈمەل) ھەرپى قوشۇلسا، 爱辛 (سۆز ـ ئاتالغۇ) ھەرپى ھاسىل بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، « 绝妙好爱辛 » ئاجايىپ ياخشى سۆز ـ ئىبارىلەر دېگەن تۆت ھەرپتىن ئىبارەتتۇر.

— دەل مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك دېدىڭىز، — دېدى ساۋ ساۋ.

كۆپچىلىكمۇ ياڭ شيۇنىڭ بىلىمىنىڭ تېرەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇدى.

بىرنەچچە كۈندىلا قوشۇن نەنجېڭگە يېتىپ، ئىستىقبالغا چىققان ساۋ خۇڭ جاڭ خېنىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. ساۋ ساۋ:

— جاڭ خې ئەيىبلىك ئەمەس. يېڭىش ـ يېڭىلىش لەشكەرلەرنىڭ ئادەتتىكى ئىشى، — دېدى.

— ھازىر لىيۇ بېي خۇاڭ جۇڭنى ئەۋەتىپ، دىڭجۈنشەنگە تېگىش قىلغۇزۇۋاتىدۇ، شيا خوۋيۈەن ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ لەشكەر بىلەن كېلىشۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، جەڭگە چىقماستىن، مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى ساۋ خۇڭ.

— ئەگەر جەڭگە چىقمايدىكەن، بۇ ئاجىزلىق ئىپادىسى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە دىڭجۈنشەنگە ئەلچى ئەۋەتىپ، شيا خوۋيۈەننى يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى.

— شيا خوۋيۈەننىڭ مىجەزى چۇس، ھىيلىگە ئۇچراپ كېتىشى ئېھتىمال، — دەپ مەسلىھەت بەردى لىيۇ بېي.

ساۋ ساۋ ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ، ئەلچىنى نىشان تاختىسى بىلەن شيا خوۋيۈەن قارارگاھىغا ئەۋەتتى. شيا خوۋيۈەن ئەلچىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. شيا خوۋيۈەن ئېچىپ ئوقۇدى. خەتنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

ئومۇمەن سەردار بولغۇچىلاردا، قاتتىقلىق،

يۇمشاقلىق تەكشى بولۇشى كېرەك، قەھرىمانلىقتىلا
يۆلىنىپ كېتىش يارىمايدۇ. ئەگەر قەھرىمانلىقتىلا
تايىنىدىغان بولسا، بىر نۆكەرلىك رولىنى ئوينىيالايدۇ.
مەن بۈگۈن لەشكەر بىلەن نەنجېڭگە ئورۇنلاشتىم.
سىلىنىڭ «ئاجايىپ تالانت» لىرىنى كۆرمەكچىمەن،
قوشتىرناقتىكى ئىككى سۆزگە نۇقسان كەلتۈرۈلمىسۇن!

خەتنى ئوقۇپ ناھايىتى خۇرسەن بولغان شيا خۇيۈەن ئەلچىنى قايتۇردى ـ دە، جاڭ خې بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— ھازىر ئۇلۇغ پادىشاھ ليۇ بېيىنى جازالاش ئۈچۈن چوڭ لەشكەر بىلەن نەنجېڭگە ئورۇنلىشىپتۇ. بۇ ئورۇننى ئۇزۇنغىچە ساقلاپ ياتقىنىمىز بىلەن قانداق خىزمەت كۆرسىتەلەيمىز؟ ئەتە جەڭگە چىقىپ خۇاڭ جۇڭنى تىرىك تۇتىمەن، — دېدى.

— خۇاڭ جۇڭ تەدبىرلىك پالۋان، ئۇنىڭ ئۈستىگە فا جېڭنىڭ ياردىمى بار، ياۋنى سەل چاغلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇ جاينىڭ تاغ يوللىرى ناھايىتى خەتەرلىك، پەقەت مۇستەھكەم مۇداپىئەدىلا تۇرۇش كېرەك، — دېدى جاڭ خې.

— ئەگەر باشقىلار خىزمەت كۆرسىتىپ كەتسە، سىلى بىلەن مەن قايسى يۈزىمىزنى كۆتۈرۈپ ۋېي پادىشاھى بىلەن كۆرۈشىمىز؟ سىلى تاغنى ساقلاپ قالسىلا. مەن چىقىپ جەڭ قىلاي! — دېدى شيا خۇيۈەن، — قېنى، كىم پايلاقچىلىققا چىقىپ، ياۋنى جەلپ قىلىپ كېلەلەيدۇ؟

— مەن باراي! — دېدى شيا خۇشاڭ.

— ماقۇل، سىز چىقىڭ، لېكىن خۇاڭ جۇڭ بىلەن ئېلىشقاندا يېڭىلىپ بېرىسىز، يەڭمەيسىز. مېنىڭ ئەپچىل تەدبىرىم بىلەن مۇنداق قىلىڭ، — دېدى شيا خۇيۈەن.

بۇيرۇق ئالغان شيا خۇشاڭ 3000 لەشكەر ئېلىپ، دىڭجۈنشەن چوڭ قارارگاھىدىن يولغا چىقتى.

لەشكەر بىلەن دىڭجۈنشەننىڭ ئاغزىغا ئورۇنلاشقان خۇاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جوۇك، فا جېڭلار شيا خۇيۇەننى قايتا ـ قايتا جەڭگە ئۈندىسىمۇ، شيا خۇيۇەن تاغنى پۇختا ساقلاپ، جەڭگە چىقمىدى. ئۇلار تېگىش قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، تاغ يوللىرىنىڭ قىيىنلىقىدىن ياۋغا جاۋاب بېرەلمەي قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، مۇداپىئەدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇ كۈنى تۇيۇقسىزلا تاغدىكى ساۋ لەشكەرلىرى جەڭ قىلغىلى چۈشۈپ كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. خۇاڭ جوۇك لەشكەر تارتىپ جەڭگە چىقماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ياردەمچى پالۋانلاردىن چېن شى:

— سەركەردە سىلى چىقمىسىلا، مەن ئاۋۋال چىقىپ تۇرسۇي! — دېدى. خۇاڭ جوۇك ناھايىتى خۇشال بولۇپ، چېن شىنى 1000 لەشكەر بىلەن چىقىپ، تاغنىڭ ئاغزىدا سەپ تۈزۈشكە بۇيرۇدى. شيا خۇشاڭ لەشكىرىمۇ يېتىپ كەلدى ـ دە، ئىككىسى ئېلىشتى. بىرنەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپلا، شيا خۇشاڭ يالغاندىن يېڭىلگەن بولۇپ قاچتى، چېن شى قوغلاپ ماڭدى، يېرىم يولغا كەلگەندە، ئىككى ياقتىكى تاغنىڭ ئۈستىدىن ياغاچ تاشلاپ، تاش بورانغا تۇتۇلغاچقا، ئىلگىرىلىيەلمەي قالدى. ئۇ قايتماق بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئارقىدىن شيا خۇيۇەن لەشكەر بىلەن چاپ ـ چاپ قىلىپ كەلدى. چېن شى تەڭ كېلەلمەي، شيا خۇيۇەنگە تىرىك تۇتۇلۇپ، قارارگاھقا ئېلىپ كېتىلدى. لەشكەرلىرىنىڭ كۆپى ئەل بولدى، يېڭىلىپ قايتقان لەشكەرلەر خۇاڭ جوۇڭغا چېن شىنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. خۇاڭ جوۇك دەررۇ فا جېڭ بىلەن كېڭەشتى.

— شيا خۇيۇەن ئالدىراڭغۇ، پالۋانۇ، لېكىن كەم تەدبىرلىك؛ قارارگاھنى يىغىشتۇرۇپ ئىلگىرىلەشكە كۆندۈرەيلى، قەدەممۇقەدەم قارارگاھ قۇرۇپ، شيا خۇيۇەننى جەڭگە قىزىقتۇرۇپ چىقايلى ـ دە، ئاندىن تۇتايلى. بۇ «مېھماننىڭ ساھىبخان بولۇش» ئۇسۇلىدۇر، — دەپ مەسلىھەت بەردى فا جېڭ.

خۇاڭ جۇڭ بۇ تەدبىر بويىچە بار نەرسىلەر بىلەن لەشكەرلەرنى تارتۇقلىدى، خۇشاللىق ئاۋازلىرى سايلارنىڭ ئىچىنى ياڭرىتىۋەتتى. ئۆلگۈچە جەڭ قىلىمىز، دېيىشتى لەشكەرلەر. خۇاڭ جۇڭ شۇ كۈنىلا قارارگاھنى يىغىشتۇرۇپ ئىلگىرىلىدى، قەدەممۇقەدەم قارارگاھ قۇرۇپ ماڭدى؛ ھەربىر قارارگاھدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇۋېلىپ يەنە ئىلگىرىلىدى. بۇنى ئاڭلىغان شيا خۇيۈەن جەڭگە چىقماق بولۇۋىدى، جاڭ خې:

— بۇ — مېھماننى ساھىبخان قىلىش تەدبىرى، جەڭگە چىقىش يارىمايدۇ؛ جەڭ قىلىنىدىكەن، زىيان بولىدۇ، — دېدى.

شيا خۇيۈەن ئۇنىماي، شيا خۇشاڭنى بىرنەچچە مىڭ لەشكەر بىلەن تاكى خۇاڭ جۇڭ قارارگاھىنىڭ ئالدىغا قەدەر جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. قىلىچىنى ئېلىپ ئاتلانغان خۇاڭ جۇڭ مەيدانغا چىقىپ، شيا خۇشاڭ بىلەن ئېلىشتى. بىرلا رەددى بەدەلدە شيا خۇشاڭنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، قارارگاھىغا ئېلىپ قايتتى. قالغان لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قاچتى، بېرىپ شيا خۇيۈەنگە مەلۇم قىلدى. شيا خۇيۈەن دەررۇ خۇاڭ جۇڭ قارارگاھىغا چېن شىنى شيا خۇشاڭغا تېگىشىلى دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. خۇاڭ جۇڭ ئەتە لەشكەر ئالدىدا ئالماشايلى دەپ كېلىشتى. ئەتىسى ھەر ئىككى لەشكەر سايىنىڭ كەڭ يېرىگە كېلىپ سەپ تارتتى. خۇاڭ جۇڭ، شيا خۇيۈەنلەر ئۆز سەپلىرىنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدا ئاتلىق تۇرۇشتى. خۇاڭ جۇڭ شيا خۇشاڭنى، شيا خۇيۈەن چېن شىنى ئېلىپ چىقىشتى، ھەر ئىككىلىسىگە تون - ساۋۇت كىيگۈزمىدى، پەقەت يالاڭ كىيىملا كىيگۈزدى. ناغرا چېلىنىش بىلەن چېن شى، شيا خۇشاڭلار ئۆز سەپلىرىگە قاراپ يۈگۈرۈشتى. شيا خۇشاڭ ئۆز سېپىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغان ۋاقتىدا، خۇاڭ جۇڭ شيا خۇشاڭغا ئوقيا ئاتتى، ئوق بېرىپ دۈمبىسىگە تەگدى. شيا خۇشاڭ ئوق بىلەن سەپكە قايتتى. دەرغەزەپ بولغان شيا خۇيۈەن خۇاڭ جۇڭغا ئات سالدى. خۇاڭ

www.uyghurkitap.com

جۇڭمۇ شىيا خۇيۇەننى جەڭگە قىزىقتۇرماقچى بولۇپ تۇرغانىدى، ئىككى پالۋان بىر - بىرى بىلەن ئېلىشتى، يىگىرمە نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، ساۋ ساۋ قارارگاھىدىن بىردىنلا تەبىل بازىكەش چېلىپ لەشكەرنى يىغىۋالدى. شىيا خۇيۇەن تېزلىكتە قايتتى، خۇاڭ جۇڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بىر پەس چاپ - چاپ قىلدى. ئۆز سېپىگە قايتقان شىيا خۇيۇەن سەپ ئارقىسىنى توسۇپ تۇرغان ئەمەلداردىن:

— نېمىشقا تەبىل چالدۇردىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— تاغ ئويمانلىقىنىڭ بىرقانچە ئورۇنلىرىدا، شۇ لەشكەرلىرىنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى كۆرۈنۈپ قالدى، پىستىرما لەشكەر بولمىسۇن يەنە دەپ سىلىنى ئەتىگە چاقىرىۋالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئەمەلدار.

بۇ سۆزگە ئىشەنگەن شىيا خۇيۇەن جەڭگە چىقماستىن، مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرۇۋالدى.

دىڭجۇنشەننىڭ تۈۋىگە تاقاپ بارغان خۇاڭ جۇڭ فا جېڭدىن مەسلىھەت سورىدى. فا جېڭ قولى بىلەن تاغنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— دىڭجۇنشەننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ناھايىتى ئېگىز بىر تاغ بولۇپ، تۆت تەرىپىدىكى يوللارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى خەتەرلىكتۇر. بۇ تاغدىن تۆۋەنگە قايرىلىدىغان بولسا، دىڭجۇنشەننىڭ ئەھۋالىنى تولۇق كۆزەتكىلى بولىدۇ. سەركەردە ئەگەر بۇ تاغنى ئالىدىغان بولسىلا، دىڭجۇنشەن ئالىقاندا دېگەن سۆز، — دېدى.

خۇاڭ جۇڭ تاغنىڭ ئۈستىگە قارىۋىدى، تاغ ئۈستى سەل تەكشى بولۇپ، ئازغىنا لەشكەر بار ئىكەن. شۇ كۈنى ئەلىياتقۇ ۋاقىتلىرىدا، خۇاڭ جۇڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، داقا - دۇمباق چالدۇرۇپ تۈپتوغرا تاغنىڭ ئۈستىگە چاپ - چاپ قىلىپ چىقتى. بۇ تاغنى شىيا خۇيۇەننىڭ قول ئاستىدىكى پالۋانلاردىن دۇ شى بىرنەچچە يۈز ئادەم بىلەنلا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇ خۇاڭ جۇڭنىڭ

لەشكەر تارتىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تاغنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. خۇاڭ جۇڭ تاغنىڭ ئۈستىنى ئىگىلەپ ئالدى. بۇ تاغ دىڭجۇنشەن بىلەن ئۇدۇللۇئۇدۇل جايلاشقانىدى. فا جېڭ:

— سىلى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ساقلاپ تۇرسىلا، مەن تاغنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلىشاي، شيا خۇيۇەن لەشكەرلىرى كەلگەندە، مەن ئاق بايراق چىقىرىپ بەلگە بەرسەم، سىلى قىمىرلىماي تۇرسىلا. ئۇلار چارچاپ هازىرلىقسىز تۇرغان ۋاقتىدا، مەن قىزىل تۇغ چىقىرىمەن. بۇ قولاي پەيتتە سىلى تاغدىن چۈشۈپ تېگىش قىلىدىغان بولسىلا، چوقۇم زەپەر قازانغىلى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى. خۇاڭ جۇڭ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلدى.

دۇ شى لەشكەرلىرى بىلەن قېچىپ كېلىپ، شيا خۇيۇەن بىلەن كۆرۈشۈپ، خۇاڭ جۇڭنىڭ قارشى تاغنى ئىگىلەپ ئالغانلىقىنى ئېيتتى. دەرغەزەپ بولغان شيا خۇيۇەن:

— خۇاڭ جۇڭ قارشى تاغنى ئىگىلەپتۇ، ئەمدى جەڭگە چىقمىسام بولمايدۇ، — دېدى.

— بۇ فا جېڭنىڭ ھىيلىسى. سەركەردە، جەڭگە چىقمىسىلا، پۇختا ساقلاپ ياتايلى، — دېدى جاڭ خې.

— قارشى تاغنى ئىگىلەپ، ھەممە ئەھۋالىمىزنى كۆزىتىپ تۇرسا، نېمىشقا جەڭگە چىقمايدىكەنمەن؟ — دېدى شيا خۇيۇەن.

جاڭ خې ھەرقانچە توسۇسىمۇ ئاڭلىمىدى. شيا خۇيۇەن لەشكەرلەرنى بۆلۈپ، قارشى تاغنى مۇھاسىرە قىلدى، قاتتىق تىللاپ جەڭگە ئۈندىدى. فا جېڭ قارشى تاغدا ئاق تۇغ چىقاردى، شيا خۇيۇەن قانچە تىل - ھاقارەت قىلغان بولسىمۇ، خۇاڭ جۇڭ پەقەت جەڭگە چىقمىدى. چۈشتىن كېيىن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ چارچاپ غەيرەتلىرىنىڭ يانغانلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ ئاتتىن چۈشۈپ دەم ئېلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەن فا جېڭ قىزىل تۇغنى لەپىلدىتىپ كۆتۈردى. ناغرا -

www.uyghurkitap.com

سۇناي ئاۋازى بىلەن چۇقان ساداسى تاغنى ياڭرىتىۋەتتى، ئاسمان يىقىلىپ، يەر يېرىلغاندەك بىر ھالەتتە ھەممىدىن بۇرۇن خۋاڭ جوڭ تاغدىن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. شيا خويۇەن ئورنىنى ئوڭشاپ بولغۇچىلىك، سەركەردە كۈنلۈكى تۇۋىگە يېتىپ كېلىپ قالغان خۋاڭ جوڭ قاتتىق بىر نەرە تارتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك چىقىپ كەتتى. شيا خويۇەن قارشى تۇرۇپ بولغۇچىلىك، خۋاڭ جوڭنىڭ قىلىچى چۈشۈپ، بېشىنى دولىسى بىلەن قوشۇپ، دۇ ھەسسە بازاۋەر قىلىپ تاشلىدى. كېيىنكىلەر خۋاڭ جوڭنى تەرىپلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*يولۇقتى ئاتا كۈچلۈك ياۋ بىرىپ قالغاندا بۇ پەيت،*
*كۈچىنى كۆرسىتىپ ياۋغا نامايان قىلدى بەك ھەيۋەت.*
*ئاجايىپ ئۇستىلىق بىرلە قىلىچنى ئوينىتىپ چەبدەس،*
*كۈچىنى يا كىرىچىگە قويۇپ ئىشلەتتى كۈچ ـ غەيرەت.*
*كارامەت تارتتى ئۇ نەرە گويا يولۋاس ھۆركىرىگەندەك،*
*ئۇنىڭ ئاستىدا تۇلپارى چېپىپ تولغاندى ئەجدىھادەك.*
*ئۆلۈغ تۆھپە ئۈچۈن ھەتتا ئۆلۈمدىن قورقمىدى ئەسلا،*
*كېڭەيتتى خاندانلىقنىڭ زېمىن ـ تۇپراقىنى بىردەك.*

خۋاڭ جوڭ شيا خويۇەننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. ھەر كىم ئۆز جېنىنى ئېلىپ قېچىشتى. خۋاڭ جوڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، دىڭجۈنشەننى ئېلىشقا كەلدى. جاڭ خې لەشكەر باشلاپ جەڭگە چىقتى. خۋاڭ جوڭ چېن شى بىلەن ئىككى ياقتىن ئارىغا ئېلىپ جەڭ قىلىپ، بىر پەس قۇچاقلاشما جەڭ قىلىۋىدى، جاڭ خې يېڭىلىپ قاچتى. تۇيۇقسىز تاغنىڭ يېنىدىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ، جاڭ خېنىڭ يولىنى توسۇدى. لەشكەرنىڭ پالۋانى:

— چاڭشەنلىك جاۋ يۈننى تونۇپ قوي! — دەپ نەرە تارتتى، ئىنتايىن چۆچۈپ كەتكەن جاڭ خې يېڭىلگەن لەشكەرلىرى بىلەن

سەپ يېرىپ چىقىپ، دىڭجۇنشەن تېغىغا قاچتى. ئالدىدىن بىر توپ لەشكەرلەر كېلىپ قالدى، بۇ دۇ شى ئىدى، دۇ شى:
— دىڭجۇنشەننى ليۇ فېڭ، مېڭ دالار ئىگىلەپ ئالدى، — دېدى.
تېخىمۇ چۆچۈپ كەتكەن جاڭ خې دۇ شى بىلەن يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ، خەنشۈيگە بېرىپ قارارگاھ قۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلىش ئۈچۈن دەرھال چاپارمەن ماڭدۇردى.
شيا خۇيۈەننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. گۇەن لونىڭ: «ئۈچ سەككىزىنچى يىلدا» دېگىنى جيەنئەننىڭ 24 ـ يىلى ئىكەنلىكىنى، «چوشقا ئۈچرار يولۋاسقا» دېگىنى چوشقا، يولۋاس يىلىنىڭ 1 ـ ئاي ئىكەنلىكىنى، «دىڭجۇننىڭ جەنۇبىدا» دېگىنى دىڭجۇنشەن تېغىنىڭ جەنۇبى ئىكەنلىكىنى، «يوقىلىدۇ بىر ئەزا» دېگىنى ساۋ ساۋغا تۇغقان بولمىش شيا خۇيۈەننىڭ ئۆلۈمى ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندى. گۇەن لونى تېپىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇدى. ئۇنىڭ نەگە كېتىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى.
خۇاڭ جۇڭغا چوڭقۇر ئاداۋەت باغلىغان ساۋ ساۋ شەخسەن ئۇلۇغ لەشكەرنى ئېلىپ، شيا خۇيۈەننىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن، دىڭجۇنشەنگە راۋان بولدى، شۈي خۇاڭنى تورشاۋۇل قىسىمنىڭ سەردارى قىلدى. خەنشۈيگە يېتىپ كەلگەندە، جاڭ خې بىلەن دۇ شىلار ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىككى پالۋان:
— ھازىر دىڭجۇنشەن قولدىن كەتتى، مىساڭشەندىكى ئاشلىق، يەم ـ خەشەكلىرىمىزنى شىمالىي قارارگاھقا يۆتكەپ، ئاندىن كېيىن يۈرۈش قىلايلى! — دەپ مەسلىھەت بەردى. ساۋ ساۋ خوپ كۆردى.
خۇاڭ جۇڭ شيا خۇيۈەننىڭ بېشىنى ئېلىپ، جيامېڭگۇەنگە كېلىپ، ليۇ بېيگە تەقدىم قىلدى. ليۇ بېي ناھايىتى خۇرسەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنى يېغىپ ئالدىغان ئىرىسى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، خۇاڭ جۇڭنى كۇنپېتىشتا يۇرۇش قىلغۇچى ئۇلۇغ سەركەردە قىلىپ تەيىنلەپ، قۇتلۇقلاش مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ بەردى.

توساتتىنلا قولداش سەركەردە جاڭ جو كىلىپ:

— ساۋ ساۋ شەخسەن 20 تۈمەن لەشكەر بىلەن شيا خۇيۈەننىڭ قىساسىنى ئالغىلى كىلىپتۇ. ھازىر جاڭ خې مىساڭشەندىكى ئاشلىق، يەم - خەشەكلەرنى خەنشۈيننىڭ يۇقىرىسىدىكى تاغ ئېتىكىگە يۆتكەۋېتىپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ھازىر بۇ يەرگە ئۇلۇغ لەشكەرنى باشلاپ كەلگەن ساۋ ساۋ، ئاشلىق، يەم - خەشەك يېتىشمەسلىكتىن قورقۇپ لەشكەرلىرىنى توختىتىپ ئىلگىرىلىمەي تۇرۇۋالدى؛ ئەگەر بىراۋ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئاشلىق، يەم - خەشەكلىرىگە ئوت قويۇپ، لەشكىرىي لازىمەتلىرىنى تارتىۋالغان بولسا ئىدى، ساۋ ساۋنىڭ غەيرەت - جاسارىتىگە زەربە بېرىلگەن بولاتتى، — دېدى جۇگې لياڭ.

— كەمىنىلىرى بۇ خىزمەتنى ئۈستۈمگە ئالسام، — دېدى خۇاڭ جوڭ.

— ساۋ ساۋنى شيا خۇيۈەنگە تەڭلەشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ياۋنى سەل چاغلىمايلى، — دېدى جۇگې لياڭ.

— شيا خۇيۈەن باش سەركەردە بولسىمۇ، بىر باتۇرغىنا ئىدى. جاڭ خې يېتىشەلەيتتىمۇ؟ ئەگەر جاڭ خې ئۆلتۈرۈلىدىكەن، شيا خۇيۈەننى ئۆلتۈرگەنگە كۆرە ئۇن ھەسسە ئارتۇق ئىش قىلىنغان بولىدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

— بېرىپ ئۆلتۈرىمەن، — دېدى غەيرەت بىلەن خۇاڭ جوڭ.

— جاۋ يۈن بىلەن ئىككىڭلار بىر توپتىن لەشكەر ئېلىپ بېرىڭلار، ھەرقانداق ئىشنى مەسلىھەت بىلەن قىلىڭلار! قېنى كىم خىزمەت - ئەجىر كۆرسىتىدىكىن، كۆرەيلى! — دېدى

جوگې لياڭ. خۋاڭ جوڭ قوبۇل قىلىپ ماڭماقچى بولدى. جوگې لياڭ جاڭ جۇنى قولداش سەركەردە قىلىپ، بىللە بېرىشقا بۇيرۇدى. جاۋ يۈەن خۋاڭ جوڭغا:

— ھازىر ساۋ ساۋ 20 تۈمەن لەشكەرنى ئون قارارگاھقا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، سىلى پاسىبانىنىڭ ئالدىدا ئاشلىقنى تارتىۋېلىشقا بارىمەن دېدىلە، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس. سىلى قانداق تەدبىر ئىشلىتىدىلىكىن؟ — دېدى.

— مەن ئالدى بىلەن باراي، قانداق؟ — دېدى خۋاڭ جوڭ.

— ئاۋۋال مەن باراي! — دېدى جاۋ يۈن.

— مەن باش سەركەردە، سىلى قولداش، نېمىشقا تالىشىدىلا؟

— ھەر ئىككىمىز پاسىبان ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز، تالىشىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئىككىمىز چەك تاشلىشايلى، چەككە چىققىنىمىز ئاۋۋال بارايلى، — دېدى جاۋ يۈن.

خۋاڭ جوڭ قوبۇل قىلدى، چەك خۋاڭ جوڭغا چىققاچقا ئالدى بىلەن بارىدىغان بولدى. جاۋ يۈن:

— سەركەردە، سىلى ئالدىن بارىدىغان بولدىلا، مەن ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىم كېرەك. ۋاقىت بەلگىلەپ قويايلى، ئەگەر سىلى دېگەن ۋاقىتدا قايتىپ كېلىدىغان بولسىلا، مەن لەشكەر بىلەن ھەرىكەت قىلمايمەن؛ مۇبادا ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ قايتىپ كەلمىسىلە، لەشكەر تارتىپ بېرىپ بولۇشىمەن، — دېدى.

— جانابلىرىنىڭ سۆزى توغرا، — دېدى خۋاڭ جوڭ. شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن چۈش ۋاقتىنى مۇددەت قىلىپ بەلگىلىدى. جاۋ يۈن لەشكەرگاھىغا قايتىپ قولداش سەركەردە جاڭ يىغا:

— خۋاڭ جوڭ ئەتە ئاشلىق، يەم - خەشەكلەرنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بارىدىغان بولدى، ئەگەر چۈش ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىسە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن بولۇشۇشقا باردىغان بولدۇم. لەشكەرگاھىمىزنىڭ ئالدى خەنشۈي، يەر تۈزۈلۈشى بەك خەتەرلىك؛ مەن كەتكەندىن كېيىن، لەشكەرگاھنى ئېھتىيات بىلەن ساقلاپ، يەڭگىل ھەرىكەت قىلمىغايلا، — دەپ جېكىلىدى. جاڭ يى خوپ دېدى.

خۇاڭ جۇڭمۇ لەشكەرگاھقا قايتىپ كېلىپ، قولداش سەركەردە جاڭ جۇغا:

— شيا خۇيۈەننى ئۆلتۈرۈشۈم بىلەن جاڭ خېنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتتى، بۇيرۇق بويىچە ئەتە ئاشلىق، يەم-خەشەكلەرنى تارتىۋېلىشقا باردىغان بولدۇم. لەشكەرگاھنى ساقلاشقا 500 لەشكەر قالدۇرىمىز. ماڭا ياردەم بېرىۋەرلەر. بۈگۈن كېچە ئىككىنچى ياتقۇ مەھەلدە ھەممە ئوبدان تويۇنغۇدەك غىزا-تائام يېسۇن. باش توخۇ بىلەن لەشكەرگاھتىن چىقىپ، يۇقىرى تاغنىڭ ئېتىكىگە تېگىش قىلىپ بارىمىز-دە، ئالدى بىلەن جاڭ خېنى تۇتۇپ، ئاندىن كېيىن ئاشلىق، يەم-خەشەكلەرنى تالايمىز، — دېدى. جاڭ جۇ بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلدى.

شۇ كېچىسى خۇاڭ جۇڭ ئالدىدا، جاڭ جۇ كەينىدە لەشكەر بىلەن خەنشۈيدىن يوشۇرۇن ئۆتۈپ، تويتوغرا يۇقىرى تاغنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، قۇياش كۈن چىقىشتىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەندى. تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ئاشلىق، يەم-خەشەكلەرنى كۆردى. شۇ لەشكەرلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئازغىنا قورۇقچى لەشكەر تامام قېچىپ كەتتى. خۇاڭ جۇڭ ئاتلىق لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاتتىن چۈشۈرگۈزۈپ، گۈرۈچ-ئاشلىقلارغا ئوتتۇن دۆۋىلەشكە بۇيرۇدى. ئوت قويايلى دەپ تۇرۇشىغا، جاڭ خې لەشكەر باشلاپ كېلىپ، خۇاڭ جۇڭ بىلەن قوچاقلاشما جەڭ قىلىپ كەتتى. ساۋ ساۋ بۇنى ئاڭلاپ، دەررۇ شۈي خۇاڭنى ھەمدەمگە بۇيرۇدى. لەشكەر باشلاپ كەلگەن شۈي خۇاڭ جۇڭنى ئوتتۇرىغا قامال قىلىۋالدى. جاڭ جۇ 300 لەشكەر بىلەن قېچىپ چىقىپ، لەشكەرگاھقا قايتماقچى

بولۇۋىدى، تۇيۇقسىز بىر توپ لەشكەر چىقىپ، يولىنى توسۇۋالدى؛ بۇ لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىسى ۋېن پىن ئىدى؛ ئارقىدىنمۇ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى كېلىپ قېلىپ، جاڭ جۇنى قامال قىلىۋالدى.

چۈش ۋاقتىغىچە لەشكەرگاھىدا كۈتۈپ، خۇاڭ جۇڭنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن جاۋ يۈن دەرھال جابدۇنۇپ ئاتلاندى ـ دە، 3000 لەشكەر بىلەن ھەمدەمگە بارماقچى بولدى، مېڭىش ئالدىدا جاڭ يىغا:

— لەشكەرگاھنى چىڭ ساقلىسىلا. ئىككى يانغا كۆپرەك قونداقلىق ئوقيالار ئورنىتىپ، ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇرلەر، — دېدى. جاڭ يى ئارقا ـ ئارقىدىن ماقۇللۇق بىلدۈردى. نەيزىسىنى ئېلىپ ئات سۈرگەن جاۋ يۈن توپتوغرا ئالغا يۈرۈپ كەتتى. ئالدىدىن بىر پالۋان چىقىپ يول توسۇدى، بۇ ۋېن پىننىڭ قولداش سەركەردىسى مۇ رۇڭلى ئىدى. ئۇ قىلىچىنى ئوينىتىپ جاۋ يۈنگە ئېتىلدى، جاۋ يۈن بىر ھەملىدىلا نەيزىلەپ تاشلىدى. يېڭىلگەن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قاچتى. جاۋ يۈن قات ـ قات مۇھاسىرىنىڭ ئىچىگە قىرغىن قىلىپ كىردى، يەنە بىر لەشكەر توسۇۋالدى؛ بۇ لەشكەرنىڭ سەركەردىسى ۋېي پالۋانى جياۋ بىڭ ئىدى. جاۋ يۈن توۋلاپ تۇرۇپ:

— شۇ لەشكىرى قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— تامام قىرىپ تاشلاندى! — دەپ جاۋاب بەردى جياۋ بىڭ.

دەرغەزەپ بولغان جاۋ يۈن ئات سۈرۈپ بىرلا نەيزە سېلىۋىدى، جياۋ بىڭ نەيزىلىنىپ ئۆلدى. ۋېي لەشكەرلىرى قىرغىندا تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى؛ توپتوغرا يۇقىرى تاغنىڭ تۈۋىگە كەلگەن جاۋ يۈن، جاڭ خې بىلەن شۇي خۇاڭنىڭ خۇاڭ جۇڭنى قورشىۋالغانلىقىنى، لەشكەرلەرنىڭ ھەم قامالدا خېلى تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى، مۇھاسىرىنىڭ ئىچىگە باستۇرۇپ كىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتتى؛ ئۇ ھېچبىر توسقۇنسىز گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا چاپ ـ چاپ قىلدى، نەيزىسىنى شۇنداق جەۋلان كەلتۇردىكى، ياۋنى نەشپۈت چېچىكىنى تۆككەندەك قىرىپ تۆكۈۋەتتى. جاك خې، شۈي خۇاڭلار ئالاقزادە بولۇپ جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. جاۋ يۈن خۇاڭ جوڭنى قوغلاپ جەڭ قىلا ـ قىلا مەيداندىن چىقىپ كەتتى، بارغانلىكى يەردە ھېچكىم توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئېگىزلىكتە تۇرۇپ بۇ ھالنى كۆرگەن ساۋ ساۋ ھەيران بولۇپ پالۋانلاردىن:

— بۇ پالۋان كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— چاڭشەنلىك جاۋ يۈن، — دېدى تونۇيدىغانلار.

— بۇرۇنقى داڭياڭ ـ چاڭبەندە كۆرسەتكەن باتۇرلۇق، جاسارىتى تېخى بار ئىكەن ـ دە! — دېدى ساۋ ساۋ ۋە بارغانلىكى يەردە ياۋغا سەل قارىماسلىق توغرىسىدا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى. جاۋ يۈن خۇاڭ جوڭنى خالاس قىلىپ، قاتمۇقات قامالنى بۆسۈپ چىقتى. لەشكەرلەر قولنى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— چوقۇم كۆنچىقىش تۆۋەندە قامالغا چۈشۈپ قالغان قولداش سەركەردە جاڭ جو بولۇش كېرەك، — دېيىشتى. جاۋ يۈن ئۆز لەشكەرگاھىغا قايتماستىن، شۇئان كۆنچىقىش تۆۋەنگە ئۆتۈپ كەتتى. قەدىمى يەتكەنلىكى جايدا «چاڭشەنلىك جاۋ يۈن» دەپ يېزىلغان تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆرگەنلەر، داڭياڭ ـ چاڭبەندىكى باتۇرلۇقىنى بىلگۈچىلەردىن ئاڭلىشىپ، ھەممە تامامەن قاچتى. جاۋ يۈن جاڭ جۇنىمۇ خالاس قىلىپ چىقتى.

ساۋ ساۋ جاۋ يۈننىڭ گاھى كۆنچىقىشقا، گاھى كۆنپېتىشقا چاپ ـ چاپ قىلغانلىقىنى، بارغانلىكى يەردە ھېچكىمنىڭ ئالدىغا چىقىپ تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى، خۇاڭ جوڭنى قۇتقۇزۇپ، يەنە جاڭ جۇنىمۇ خالاس قىلىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپلەندى ـ دە، ئۆزى

ئەتراپىدىكى پالۋانلىرى بىلەن جاۋ يۈننى قوغلاپ كەلدى. جاۋ يۈن جەڭ قىلا ـ قىلا ئۆز لەشكەرگاھىغا قايتىپ كەلدى. قولداش سەركەردە جاڭ يى ئالدىغا چىقتى. جاڭ يى ئارقىدىن چىققان چاڭ ـ توزاننى كۆرۈپ، ساۋ ساۋ لەشكىرىنىڭ قوغلاپ كەلگەنلىكىنى بىلدى ـ دە، شۇئان جاۋ يۈنگە:

— قوغلىغۇچى لەشكەر يېقىنلىشىپ قالدى، لەشكەرلەرگە لەشكەرگاھ قوۋۇقىنى تاقاتتۇرۇپ، راۋاقتا چىقىپ ساقلايلى، — دېدى.

— قوۋۇقنى تاقىمىسۇن! بۇنىڭدىن بۇرۇن داڭياڭ ـ چاڭبەندىكى ۋاقتىمدا، يەككە ـ يېگانە نەيزە، ئات بىلەن ساۋ ساۋنىڭ 83 تۈمەن لەشكىرىنى ئوت ـ خەس ئورنىدا كۆرگەنىدىم! بۇنى ئاڭلىمىغانمىدىلا! هازىر لەشكەر بار، سەركەردىلەرمۇ بار، نېمىدىن قورقاتتىم، — دېدى جاۋ يۈن. شۇئان لەشكەرگاھ تېشىدىكى خەندەكلەرگە كاماندازلارنى پىستىرما قىلدى. لەشكەرگاھ ئىچىدىكى شۇلىقلارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرىنى، نەيزىلىرىنى چۈشۈردى، ناغرىلارنى توختاتتى. جاۋ يۈن نەيزىسىنى ئېلىپ، يەككە ئاتلىق لەشكەرگاھ تېشىدا تۇردى.

جاڭ خې، شۈي خۇاڭلار قوغلاپ شۇلىقلارنىڭ لەشكەرگاھىغا كەلگەندە، كەچ كىرىپ قالغانىدى. شۇلىقلارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرىنى چۈشۈرۈپ، ناغرىلارنى توختىتىپ قويغانلىقىنى، جاۋ يۈننىڭ يەككە نەيزىسى بىلەن لەشكەرگاھنىڭ تېشىدا ئاتلىق تۇرغانلىقىنى، لەشكەرگاھ قوۋۇقىنىڭ پۈتۈنلەي ئېچىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈشكەن ئىككى سەركەردە ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇلار ئىككىلىنىپ تۇرغان پەيتتە ساۋ ساۋ يېتىپ كېلىپ، لەشكەرنى ئىلگىرىلەشكە ئالدىراتتى، بۇيرۇق ئالغان لەشكەرلەر چۇقان سالغان پېتى لەشكەرگاھ ئالدىغا باستۇرۇپ كەلدى، جاۋ يۈننىڭ پەقەت مىدىرلىمىغانلىقىنى كۆرۈشۈپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاچتى، جاۋ يۈن نەيزىسى بىلەن بىر ئىشارە قىلىۋىدى، خەندەكلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويۇلغان قونداقلىق ئوقيالاردىن تەڭلا ئوق ئېتىلدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا، شۇ لەشكەرلىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولماس ئىدى. ساۋ ساۋ ئالدى بىلەن ئېتىنى ئارقىغا بۇراپ قاچتى. ئارقىدىن ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چۇقان ئاۋازى، داقا - دۇمباق، سۇناي ساداسى كۆتۈرۈلدى - دە، شۇ لەشكەرلىرى قوغلاپ كەلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىر - بىرىنى دەسسىشىپ كەتتى؛ ئۆلار خەنشۈي دەرياسى بويىغا تىقىلىپ كېلىپ، ئۆلاردىن ھەددى - ھېسابسىز ئادەم دەرياغا چۈشۈپ غەرق بولۇپ ئۆلدى. جاۋ يۈن، خۇاڭ جۇڭ، جاڭ جۇلار لەشكەر تارتىپ، ئارقىدىن جىددىي قوغلىدى. ساۋ ساۋ تازا قېچىپ كېلىۋاتقاندا، توساتتىن ليۇ فېڭ، مېڭ دالار ئىككى توپ لەشكەر بىلەن مىساڭشەن يولىدىن قىرغىن قىلىپ كېلىپ ئاشلىق، يەم - خەشەكلەرگە ئوت قويدى. يۇقىرى تاغدىكى ئاشلىق، يەم - خەشەكلەردىن ۋاز كەچكەن ساۋ ساۋ دەرھال نەنجېڭگە قايتتى. شۈي خۇاڭ، جاڭ خېلارمۇ پۇت تىرەپ تۇرالماي، لەشكەرگاھنى تاشلاپ قاچتى. جاۋ يۈن ساۋ ساۋ لەشكەرگاھىنى ئىگىلىدى، خۇاڭ جۇڭ ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلەرنى ئىگىلىدى. خەنشۈيدە ھېسابسىز لەشكىرىي قورال - جابدۇقلارنى غەنىيمەت ئېلىپ، زور زەپەر قۇچتى، ليۇ بېيغا زەپەر خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، كىشى ماڭدۇردى. ليۇ بېي جۇگې لياڭ بىلەن خەنشۈيگە كېلىپ جاۋ يۈننىڭ لەشكەرلىرىدىن:

— جاۋ يۈن قانداق جەڭ قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

لەشكەرلەر جاۋ يۈننىڭ خۇاڭ جۇڭنى خالاس قىلىپ، خەنشۈيدە ياۋغا تاقابىل تۇرغانلىق ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپ بەردى. ليۇ بېي ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، تاغنىڭ ئالدى - ئارقىسىدىكى خەتەرلىك يوللارنى كۆرۈپ، مەمنۇن بولغان ھالدا جۇگې لياڭغا:

— جاۋ يۈننىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدى قەھرىمانلىقتىن

ئىبارەتتۇر، — دېدى.

كېيىنكىلەر جاۋ يۈننى تەرىپلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*بۇرۇن چاڭبەندە جەڭ قىلغاندى بۇ پالۋان جاۋ يۈن،*
*ئۇنىڭ غەيرەت ـ جاسارىتى شۇ چاغدىن كەم ئەمەس شۇل كۈن.*
*بۆسۈپ سەپنى، قىلىپ ئايان ئۆزىنىڭ ئەرلىكىن شۇنچە،*
*يېرىپ سەپنى خالاس تاپتى مۇھاسىر ئىلكىدىن يوچۇن.*
*ئۇنىڭ ھەيۋەتىدىن قورقۇپ، نالە ـ زار قىلدى جىن ـ شەيتان،*
*تىترىدى ئاشۇ ھەيۋەتتىن كېلىپ لەرزىگە يەر ـ ئاسمان.*
*تۇغۇلغاندى چاڭشەندە مۇشۇ باتۇر بولۇپ مەردان،*
*پۈتۈن ۋۇجۇدى باتۇرلۇق جاسارەت، كۈچ بىلەن تولغان.*

شۇنىڭدىن باشلاپ ليۇ بېي جاۋ يۈننى «يولۋاس پالۋان» دەپ ئاتىدى. لەشكەرلەردىن ھال سوراپ، خۇشاللىق شەرىپىگە كەچكىچە مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزدى.

بىردىنلا ساۋ ساۋ ئۇلۇغ لەشكەرنى باشلاپ، شىيكو كىچىك يولى بىلەن قايتىدىن خەنشۈيىنى ئالغىلى كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن مەلۇمات كەلدى. ليۇ بېي كۈلۈپ:

— ساۋ ساۋ بۇ كېلىشىدە ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ. مەن چوقۇم خەنشۈينى ئالىمىز دەپ ئويلايمەن، — دېدى ـ دە، لەشكەرلەرنى ئېلىپ، خەنشۈينىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە ياۋنى توسۇشقا كەلدى.

ساۋ ساۋ شۈي خۇاڭنى تۇرشاۋۇل قىسمىنى باشلاپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى. بىراۋ چېدىر بارگاھ ئالدىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— مەن ئۇ يەرنىڭ ئوي ـ دۆڭنى، يەر ـ سۈيىنى ياخشى بىلىمەن، سەركەردە شۈي خۇاڭ بىلەن بىللە بېرىپ، شۇلىقلارنى تارمار قىلىشقا ھەمدەم بولسام، — دېدى. ساۋ ساۋ قارىسا، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشى داڭچۈيلىق ۋاڭ پىڭ، يەنە بىر ئىسمى زى جۈن دېگەن كىشى ئىكەن؛ هازىر قولداش سەركەردىلەردىن ئىدى. ناهايىتى خۇشال بولغان ساۋ ساۋ شۇئان ۋاڭ پىڭنى تۇرشاۋۇل قىسىمنىڭ قولداش سەركەردىلىكىگە تەيىنلەپ، شۈي خۇاڭغا هەمدەمدە بولۇشقا بۇيرۇدى. ساۋ ساۋ لەشكىرى بىلەن دىڭجۈنشەننىڭ يۇقىرىسىغا ئورۇنلاشتى.

شۈي خۇاڭ بىلەن ۋاڭ پىڭ لەشكەرلەرنى باشلاپ، خەنشۈيگە يېتىپ كەلدى، شۈي خۇاڭ لەشكەرلەرنى دەريادىن ئۆتۈپ سەپ تۈزۈشكە بۇيرۇدى. ۋاڭ پىڭ:

— لەشكەرلەر دەريادىن ئۆتسە، مۇبادا جىددىي چېكىنىش توغرا كېلىپ قالسا، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— ئۆتمۇشتە خەن شىن ئارقىسىنى دەرياغا قىلىپ سەپ تۈزگەن، بۇ «ئۆلۈم مۇھىتىدىن قايتا هاياتلىققا چىقىش دېمەكتۇر»، — دېدى شۈي خۇاڭ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ۋاڭ پىڭ، — بۇرۇن خەن شىن ياۋنى ئەقىلسىز هېسابلاپ بۇ تەدبىرنى قوللانغان. هازىر سىلى جاۋ يۈن، خۇاڭ جۇڭلارنىڭ غەرىزىنى بىلەلەيدىلىمۇ؟

— سىز پىيادە لەشكەرلەر بىلەن ياۋنى توسۇڭ ـ دە، ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن ياۋنى تارمار قىلىشىمنى تاماشا قىلىڭ، — دېدى شۈي خۇاڭ.

شۇئان لەيلىمە كۆۋرۈك سالغۇزۇپ، دەريادىن ئۆتۈپ، شۇ لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلماقچى بولدى.

دەرھەقىقەت:

*ئىشىنىپ خەنشىنگە ۋېيلىقلار تولا خام ئوي بىلەن،*
*شۇ بىگىنىڭ ۋەزىرىنى بىلمىدى جاڭ لياڭ دېگەن.*

كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتمىش ئىككىنچى باب

## جۇگې لياڭنىڭ پاراسەت بىلەن خەنجۇڭنى ئالغانلىقى
## ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرنى شيېگۇغا چېكىندۇرگەنلىكى

ئەلقىسسە، شۈي خۇاڭ ۋاڭ پىڭنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىنى ئاڭلىماي، لەشكەر بىلەن جەنشۈيدىن ئۆتۈپ لەشكەرگاھ قۇردى. خۇاڭ جۇڭ، جاۋ يۈنلەر ليۇ بېيگە:

— بىز ئۆز لەشكەرلىرىمىز بىلەن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىگە قارشى چىقايلى! — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ليۇ بېي ئىجازەت بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. خۇاڭ جۇڭ جاۋ يۈنگە:

— بۈگۈن شۈ خۇاڭ ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن قايتىپ كەلدى، جەڭگە چىقمايلى، زاۋالغىچە كۈتۈپ، لەشكەرلىرى ھارغاندا، ئىككىمىز ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ تېگىش قىلايلى، — دېدى.

جاۋ يۈن قوبۇل قىلدى. ھەر بىرەيلەن لەشكەر ئېلىپ، بىردىن لەشكەرگاھ قۇردى. لەشكەر باشلاپ كەلگەن شۈي خۇاڭ ئەتىگەن چاشكا ۋاقتىدىن نامازشامغىچە شۇ لەشكەرلىرىنى جەڭگە ئۈندىگەن بولسىمۇ، شۇ لەشكەرلىرى جىم تۇرۇۋالدى. شۈي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇاڭ قونداقلىق كاماندارلىرىنى ئالغا ئەۋەتىپ، شۇ لەشكەرگاھنى ئوقياغا تۇتتۇردى. خۇاڭ جۇڭ جاۋ يۈنگە:

— شۇي خۇاڭنىڭ كاماندارلىرىنى ئوقيا ئېتىشقا بۇيرۇشى، چوقۇم لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈندۇر؛ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلىش كېرەك، — دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھىماتچى لەشكەرلىرى چېكىنىدى، دېگەن خەۋەر كەلدى. شۇنداق قىلىپ لەشكەرگاھتىن ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ چىققان ناغرا، چۇقان ساداسى بىلەن تەڭ، سولدىن خۇاڭ جۇڭ لەشكىرى بىلەن، ئوڭدىن جاۋ يۈن لەشكىرى بىلەن چىقتى ـ دە، ئىككى تەرەپتىن ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلدى، شۇي خۇاڭ قاتتىق يېڭىلدى. خەنشۈيگە تاقىلىپ قالغاچقا، ھەددى ـ ھېسابسىز لەشكەر ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ غەرق بولدى. شۇي خۇاڭ قاتتىق جەڭ قىلىپ ئاران قۇتۇلدى. ئۇ لەشكەرگاھقا قايتىپ ۋاڭ پىڭغا:

— لەشكىرىمنىڭ خەۋپلىك ئەھۋالغا قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، نېمىشقا ھەمدەمگە چىقمايسىز؟ — دەپ كايىدى.

— مەن ھەمدەمگە چىقىدىغان بولسام، بۇ لەشكەرگاھىمىزمۇ ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى. سىلىنى بارمىسىلا دېسەم، ئاڭلىمىدىلا، شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىلدۇق، — دېدى ۋاڭ پىڭ.

دەرغەزەپ بولغان شۇي خۇاڭ ۋاڭ پىڭنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ۋاڭ پىڭ شۇ كېچىسىلا ئۆز لەشكىرى بىلەن لەشكەرگاھقا ئوت قويدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. شۇي خۇاڭ لەشكەرگاھنى تاشلاپ قاچتى. ۋاڭ پىڭ خەنشۈيدىن ئۆتۈپ، جاۋ يۈنگە ئەل بولدى، جاۋ يۈن ئۇنى باشلاپ ئاپىرىپ، لىيۇ بېي بىلەن كۆرۈشتۈردى. ۋاڭ پىڭ خەنشۈينىڭ ئوي ـ دۆڭىنى تامام سۆزلەپ بەردى. ئىنتايىن خۇشال بولغان لىيۇ بېي:

— ۋاڭ پىڭغا ئىگە بولدۇم، خەنجۇڭنى ئېلىشىم شۈبھىسىزدۇر، — دېدى. شۇئان ۋاڭ پىڭغا قولداش سەركەردە،

يول باشلىغۇچى مەنسىپىنى بەردى.

قېچىپ بارغان شۈي خۇاڭ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ۋاڭ پىڭنىڭ ليۇ بېيغا ئەل بولغانلىقىنى ئېيتتى. ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ، خەنشۈي لەشكەرگاھىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، شەخسەن لەشكەر باشلاپ كەلدى. يەككە لەشكەر بىلەن لەشكەرگاھنى ساقلاپ قېلىشقا كۆزى يەتمىگەن جاۋ يۈن دەرھال خەنشۈينىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە يۆتكەلدى. ئىككى توپ لەشكەر دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئورۇنلاشتى.

ليۇ بېي، جۇگې لياڭ كېلىپ ئەھۋالنى كۆزدىن كەچۈردى. خەنشۈينىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكــــى يەرلەردە، 1000چە ئادەم پىستىرما قىلارلىق بىــر توپا تاغنىــــى كۆرگەن جۇگې لياڭ لەشكەرگاھقا قايتىپ كېلىپ، جاۋ يۈننى چاقىرىپ:

— سىلى 500 لەشكەر بىلەن ناغرا - بۇرغىلار ئېلىپ، توپا تاغنىڭ تۈۋىگە پىستىرما بولسىلا، مەيلى تۈن يېرىمىدا، مەيلى زاۋال ۋاقتىدا بولسۇن، لەشكەرگاھقا ئېتىلغان توپ ئاۋازىغا قۇلاق سالۇرلەر، توپ بىر قېتىم ئېتىلسا، بىر قېتىم ناغرا چالدۇرسىلا، لېكىن جەڭ قىلمىسىلا، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

جاۋ يۈن تاپشۇرۇقنى ئېلىپ كەتتى. جۇگې لياڭ ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، يوشۇرۇن كۆزىتىپ ئولتۇردى. ئەتىسى ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى جەڭگە ئۈندىگىلــــى كەلگەندە، شۇ لەشكەرگاھىدىن بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. ئوقيامۇ ئاتمىدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئۆزلۈكىدىن قايتىپ كەتتى. شۇ كېچىسى تۈندە جۇگې لياڭ ساۋ ساۋ لەشكەرگاھىدا چىراغلارنىــــڭ ئەمدىلا ئۆچۈرۈلۈپ، لەشكەرلەرنىڭ دەم ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال توپ ئاتقۇزۇپ بەلگە بەرگۈزدى. توپ ئاۋازىنى ئاڭلىغان جاۋ يۈن ناغرا - بۇرغا چالدۇردى. ئالاقزادە بولۇپ قالغان ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى لەشكەرگاھقا تېگىش قىلارمىكىــــن دەپلا گۇمان قىلىشتى. ئۇلار لەشكەرگاھتىن چىقىپ قارىسا، لەشكەر يوق

ئىكەن؛ ئەمدى لەشكەرگاھقا قايتىشىپ، دەم ئالاي دەپ تۇرۇشىغا، يەنە توپ ئاۋازى ئاڭلاندى، ناغرا ـ بۇرغا چېلىنىپ كەتتى؛ چۇقان ئاۋازى زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى، تاغ جىلغىلىرىدىن ئەكس سادا ياڭرىدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى كېچىچە خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇدا ئۈچ كېچە ئاشۇنداق ۋەھىمە ـ ئەندىشىدە ئۆتكەچكە، قورقۇپ كەتكەن ساۋ ساۋ لەشكەرگاھنى يىغىشتۇرۇپ، ئوتتۇز نەچچە چاقىرىم يەرگە چېكىندى ـ دە، بوش ـ كەڭ يەرگە لەشكەرگاھ قۇرغۇزدى. جۇگې لياڭ كۈلۈپ:

— ساۋ ساۋ لەشكىرىي ئىلىمدىن خەۋەردار بولسىمۇ، ھىيلە ـ نەيرەڭنى بىلمەيدىكەن، — دېدى ۋە شۇئان ليۇ بېيغا شەخسەن خەنشۇيدىن ئۆتۈپ، ئارقىسىنى دەرياغا قىلىپ، لەشكەرگاھ قۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ليۇ بېي مەسلىھەت سورىغاندا جۇگې لياڭ قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتتى.

ليۇ بېينىڭ دەرياغا ئارقىسىنى قىلىپ، لەشكەرگاھ قۇرغانلىقىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ دەررۇ گۇمانلاندى ۋە جەڭ قىلىش خېتىنى ئەۋەتتى. جۇگې لياڭ ئەتە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش توغرىسىدا ئىمزا قويدى. ئەتىسى ئىككى لەشكەر ئوتتۇرا يولدىكى ۋۇجيېپىشەن تېغىنىڭ ئالدىدا سەپ تارتتى. ساۋ ساۋ ئاتلىنىپ نىشان تۇغ ئاستىدا تۇردى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە لەشكەرلىرى ئەجدىھا، سۇمۇرغ سۈرەتلىك تۇغ ـ ئەلەملەر كۆتۈرۈپ تۇردى. ئۈچ قېتىم ناغرا چېلىنىش بىلەن ليۇ بېي سۆزگە چاقىرىلدى. ليۇ بېي ليۇ فېڭ، مېڭ دا ھەمدە سىچۈەن پالۋانلىرىنى باشلاپ چىقتى، ساۋ ساۋ قامچىسى بىلەن ئىشارە قىلىپ تۇرۇپ:

— ئەي! ياخشىلىقنى ئۇنتۇغان، پادىشاھلىقتا ئاسىيلىق قىلغان ۋىجدانسىز مۇناپىق ليۇ بېي! — دەپ تىللىدى.

— مەن ئۇلۇغ خەن خاندانلىقىنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتى بولىمەن، پەرمان بويىچە مۇناپىقلارغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلدىم. سىز ۋالىدەخاننى ئۆلتۈردىڭىز، ئۆزىڭىزنى پادىشاھ

قىلىۋېلىپ، خان پۇشتىدىن پايدىلاندىڭىز، بۇ ئاسىيلىق بولماي نېمە؟ — دېدى ليۇ بېي.
دەرغەزەپ بولغان ساۋ ساۋ شۇي خۇاڭنى جەڭگە بۇيرۇدى. ليۇ فېڭ قارشى چىقتى. جەڭ قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ليۇ بېي ئالدى بىلەن سەپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ليۇ فېڭ شۇي خۇاڭغا تەڭ كېلەلمەي، ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچتى. ساۋ ساۋ:
— ليۇ بېينى تۇتقان كىشىگە كۇنپېتىش سېچۇەن پاسىبانلىقى بېرىلىدۇ، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. تەڭلا چۇقان سالغان بۈيۈك لەشكەر سەپكە باستۇرۇپ كەلدى. شۇ لەشكەرلىرى لەشكەر گاھنى تامام تاشلاپ، خەنشۇيگە قاراپ قاچتى؛ تاشلانغان ئات - ئۇلاغ، ياراق - جابدۇقلار يوللارغا توشۇپ كەتتى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئولجا ئېلىشقا تۇتۇش قىلدى. ساۋ ساۋ دەرھال جاڭ چالدۇرۇپ، لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. سەركەردىلەر:
— بىز ليۇ بېينى تۇتايلى دەۋاتساق، ئۇلۇغ پادىشاھ نېمە ئۈچۈن لەشكەرنى يىغىۋالدىلا؟ — دەپ سورىدى.
— شۇ لەشكەرلىرى ئارقىسىنى خەنشۇيگە قىلىپ، لەشكەرگاھ قۇرۇپتۇ، بۇ بىرىنچى گۇمان؛ نۇرغۇن ئات - ئۇلاغ، ياراق - جابدۇقلىرىنى تاشلىۋېتىشتى، بۇ ئىككىنچى گۇمان. لەشكەرنى تېز چېكىندۈرۈش كېرەك، كىيىم - كېچەك، نەرسىلەرگە تەگمىسۇن، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە، — بىرەر نەرسە ئولجا ئالغۇچىلار دەرھال ئۆلتۈرۈلىدۇ. لەشكەرلەر تېز چېكىنسۇن! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئەمدىلا چېكىنەي دەپ تۇرۇشىغا، جۇگې لياڭ بەلگە ئەلەمىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ليۇ بېي بارگاھ لەشكىرىنى باشلاپ چىقتى، خۇاڭ جۇڭ سولدىن، جاۋ يۇن ئوڭدىن چاپ - چاپ قىلىپ كەلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى. جۇگې لياڭ كېچىلەپ قوغلىدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلەرنى نەنجېڭگە قايتىشقا بۇيرۇدى.

بەش تاماندىن يانغىن كۆتۈرۈلدى. ئەسلـــدە لاگجۇڭنىـــڭ مۇھاپىزىتىنــى يەن يەنگە تاپشۇرغان ۋېي يەن، جاڭ فېيلار، لەشكەرنى بۆلۈپ، ئالدى بىلەن نەنجېڭنى ئالغانىدى. كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشكەن ساۋ ساۋ ياڭپىڭگۇەنگە قاراپ قاچتى. لىيۇ بېي بۈيۈك لەشكەر بىلەن قوغلاپ، نەنجېڭ، باۋجۇلارغا يېتىـــپ كەلدى، لىيۇ بېي ئاھالىنى ئەمىن قىلغاندىن كېيىن، جۇگې لياڭدىن:
— ساۋ ساۋ بۇ سەپەر ئەجەب تېز يېڭىلىپ كەتتىغۇ؟ — دەپ سورىدى.
— ساۋ ساۋ بەك گۇمانخور، لەشكەرلەردىن پايدىلىنالىسا-مۇ، گۇمانخور بولغانلىقى ئۈچۈن كۆپ يېڭىلىدۇ. مەن ئۇنى گۇمانغا سېلىش ئۇسۇلى بىلەن يەڭدىم، — دېدى جۇگې لياڭ.
— ئەمدى ساۋ ساۋ چېكىنىپ، ياڭپىڭگۇەننى ساقلاپ، يېتىم ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. تەقسىر قانداق تەدبىر بىلەن چېكىندۈرۈش كېرەك؟ — دەپ سورىدى لىيۇ بېي.
— كەمىنىلىرى ئالدىن مۆلچەرلەپ توغرىلاپ قويدۇم، — دېدى جۇگې لياڭ ۋە دەرھال جاڭ فېي، ۋېي يەننى ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، ساۋ ساۋنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك توشۇش يولىنــــى ئۈزۈۋۈشكە، خۇاڭ جۇڭ، جاۋ يۈننى ئىككــى يولغا بۆلۈنۈپ، تاغلارغا ئوت قويۇشقا بۇيرۇدى. تۆت يول لەشكـــــرى يول باشلىغۇچىلىرىنى ئېلىپ ئۆز يوللىرىغا راۋان بولدى.

ياڭپىڭگۇەنگە چېكىنىپ، ئۇ يەرنى ساقلاپ ياتقان ساۋ ساۋ لەشكەرلەرنى تىڭتىڭلاشقا چىقاردى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ:
— ھازىر شۇ لەشكەرلىرى يىراق - يېقىندىكى سوقماق يوللارنىڭ ھەممىسىنى توسۇۋېتىپتۇ، بارار جايلىرىمىزنىـــڭ بارلىـــقىـــغا ئــوت قـــويـــۇپ بېـرىـپتـــۇ، ئـــۇلارنىـــڭ ئـــەسكـــەرلىرىنىڭ قەيەردىلىكى مەلۇم ئەمەس، — دەپ مەلـۇم

قىلىشتى. ساۋ ساۋ تازا گۇمانلىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە، يەنە جاڭ فېي، ۋېي يەنلەرنىڭ لەشكەرلىرى ئايرىم - ئايرىم ئاشلىق بۇلىغىلى كېلىپتۇ، دېگەن خەۋەر كەلدى. ساۋ ساۋ:

— كىم جاڭ فېيغا تاقابىل تۇرۇشقا چىقىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن باراي! — دېدى شۈي چۇ. ساۋ ساۋ شۈي چۇنى تاللانغان 1000 لەشكەر بىلەن ياڭپىڭگۇەن يولىغا بېرىپ، ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلەرنى قوغداپ ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. ئاشلىق توشۇغۇچى بەگلەر خۇشال بولۇشقان ھالدا:

— ئەگەر، سەركەردە، بۇ يەرگە كەلمىگەن بولسىلا، ئاشلىقىمىز ياڭپىڭگە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، — دېدى - دە، ھارۋىدىكى شاراب، گۆشلەرنى شۈي چۇغا تەقدىم قىلدى. شۈي چۇ پۇخادىن چىققۇچە ئىچكەچكە قاتتىق مەست بولۇپ قالدى. مەستلىكىدە ئاشلىق ھارۋىلىرىنى يۈرۈشكە ئالدىراتتى. ئاشلىق توشۇغۇچى بەگ:

— زاۋال كىرىپ قالدى، ئالدىمىز باۋجۇ تەۋەسى بولۇپ، تاغلىرى ناھايىتى خەتەرلىك، ئۆتكىلى بولماسمىكىن! — دېدى.

— 10 مىڭ ئادەمگە تېتىيدىغان پالۋانمەن، ئۆزگىلەردىن قورقاتتىممۇ! بۈگۈن كېچە ئايدىڭ، ئاشلىق ھارۋىلىرىنى ئېلىپ مېڭىشقا تازا ئەپلىك، — دېدى شۈي چۇ.

ئۇ ئۆزى سەپ ئالدىدا قىلىچىنى توغرىسىغا قويۇپ، ئات سېلىپ، لەشكەرنى باشلاپ ئىلگىرىلىدى، ئەلياتقۇ مەھەلدىن كېيىن باۋجۇغا قاراپ ماڭدى، يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە تۇيۇقسىزلا تاغ ئويمانلىقىدىن پەلەكنى ياڭرىتقان ناغرا - بۇرغا ئاۋازى بىلەن تەڭ بىر توپ لەشكەر چىقىپ، ئالدىنى توسۇدى، بۇ لەشكەر سەركەردىسى جاڭ فېي ئىدى، ئۇ نەيزىسىنى ئوينىتىپ توپتوغرا شۈي چۇغا ئېتىلدى، شۈي چۇ ھەم قىلىچىنى ئوينىتىپ دۈەيلەپ كەلدى، ئۇ مەست بولغانلىقى ئۈچۈن، جاڭ فېيغا تەڭ

كېلەلمىدى، بىر نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، جاڭ فېينىڭ سالغان نەيزىسى دولىسىغا تېگىپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. لەشكەرلىرى تېزلىكتە قۇتقۇزۇۋېلىپ، ئارقىغا ئېلىپ قاچتى. جاڭ فېي پۈتكۈل ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك هارۋىلىرىنى تارتىۋېلىپ قايتتى.

شۈي چۈنى مۇهاپىزەت قىلىپ قايتقان نۆكەرلەر ساۋ ساۋغا ئەهۋالنى مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ تېۋىپنى نەيزە يارىسىنى داۋالاشقا بۇيرۇدى ۋە شۇ لەشكەرلىرى بىلەن هەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن، شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتىپ ماڭدى. ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قارشى چىقتى، ئىككى تەرەپ سەپراس بولۇشقاندىن كېيىن، ليۇ بېي ليۇ فېڭنى مەيدانغا چىقاردى. ساۋ ساۋ:

— هەي ئاياغ ساتقۇچى بەچچىغەر! دائىم ئاسرانداڭنى جەڭگە چىقىرىسەن، ئەگەر سېرىق ساقاللىق ئوغلۇمنى چاقىرتىپ كېلىدىغان بولسام، ئاسرانداڭنى قىيما قىلىپ تاشلايدۇ! — دەپ تىللىدى.

غەزەپلەنگەن ليۇ فېڭ نەيزىسىنى ئوينىتىپ، تۈپتوغرا ساۋ ساۋغا ئېتىلدى، ساۋ ساۋ شۈي خۇاڭنى چىقاردى، ليۇ فېڭ يېڭىلگەندەك بولۇپ قاچتى، ساۋ ساۋ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ قوغلىدى، شۇ لەشكەرگاهىدا تەرەپ تەرەپتىن ئېتىلغان توپ ئاۋازى بىلەن تەڭ، بىردىنلا ناغرا - بۇرغىلار چېلىنىپ كەتتى، پىستىرما بولۇشتىن قورققان ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى جىددىي چېكىندۇردى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىر - بىرلىرىنى دەسسىشىپمۇ نۇرغۇنى هالاك بولۇپ كەتتى، ياڭپىڭگۇەنگە قېچىپ كېلىپ ئاندىن توختىدى، قورۇل تۆۋىگە قوغلاپ كەلگەن شۇ لەشكەرلىرى كۈنچىقىش قوۋۇقىغا ئوت قويۇپ، كۈنپېتىش قوۋۇقتا چۇقان سالدى؛ تۆۋەن قوۋۇققا ئوت قويۇپ، يۇقىرى قوۋۇقتا ناغرا چالدى، ئىنتايىن قورققان ساۋ ساۋ ياڭپىڭگۇەندىن

ۋاز كېچىپ كېتىپ قالدى. شۇ لەشكەرلىرى ئارقىدىن قوغلىدى. ساۋ ساۋ ھەدەپ كېتىۋاتقان ۋاقتىدا، جاڭ فېي بىر توپ لەشكەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى، جاۋ يۈن بىر توپ لەشكەر بىلەن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى، خۇاڭ جۇڭ بىر توپ لەشكەر بىلەن باۋجۇدىن قىرغىن قىلىپ كەلدى. ساۋ ساۋ قاتتىق يېڭىلدى، پالۋانلار ساۋ ساۋنى قوغداپ زورغا يول ئېلىپ قاچتى. ئۇلار ئەمدىگىنە شېيگۇ تەۋەسىگە كېلىپ تۇرغاندا، ئالدىدىن تۇيۇقسىزلا چاڭ - توزان چىقىپ بىر توپ لەشكەر كېلىپ قالدى. ساۋ ساۋ:

— بۇ ئەگەر پىستىرمىدىكى لەشكەر بولىدىغان بولسا، مەن تۈگىدىم! — دېدى. لەشكەر يېقىنلىشىپ كېلىپ قالدى، بۇ ساۋ ساۋنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ساۋ جاڭ ئىدى.

ساۋ جاڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى زىۋېن ئىدى، ئۇ ياش چېغىدىن تارتىپ، چەۋەندازلىق، كاماندازلىققا ماھىر ئىدى، كۈچلۈك قولى بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئۇرۇپ يىقىتاتتى. ساۋ ساۋ دائىم:

— سەن ئوقۇماستىن كاماندازلىق بىلەن چەۋەندازلىققىلا بېرىلىپ كەتتىڭ، ئاددىي بىر پالۋانلىقنىڭ قانچىلىك قەدىر - قىممىتى بولاتتى؟ — دەپ نەسىھەت قىلاتتى ئۇنىڭغا.

— مەرد ئەزىمەت ۋېي چىڭ، خوچۈيبىڭلەر* دىن ئۆگىنىپ، دەشت - باياۋانلاردا ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىش، بىرنەچچە 100 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ ئەلنى ھەريان كېزىش كېرەك؛ ئالىم بولۇپلا ئولتۇرامدىكەن؟ — دەيتتى ساۋ جاڭ.

ساۋ ساۋ دائىم ئوغۇللىرىنىڭ مەقسەت - مۇرادلىرىنى سورايتتى، ساۋ جاڭ:

— پالۋان بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن، — دەيتتى.

---

* خەن ۋۇدى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق پالۋانلار بولۇپ، ھونلار بىلەن جەڭ قىلىشىپ ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكەندى.

— پالۋان بولساڭ قانداق قىلىسەن؟ — دەپ سورىغانىدى بىر چاغدا ساۋ ساۋ.

— پۇختا ساۋۇت كىيىپ، ئۆتكۈر قورال ئالىمەن، مۇشكۇللۇكلەرگە قارىماي، لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا بولىمەن؛ تارتۇق ۋە جازانى چوقۇم ئايرىپ بېرىمەن، — دېگەنىدى ساۋ جاڭ.

ساۋ ساۋ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەنىدى. جيەنئەننىڭ 23 ـ يىلى دەيجۈندە ۋۇ خۇەن غەليان كۆتۈرگەندە، ساۋ ساۋ بۇ غەليانى باستۇرۇش ئۈچۈن، ساۋ جاڭنى 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن ئەۋەتكەنىدى؛ مېڭىش ئالدىدا، ساۋ ساۋ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئۆيدىكى ۋاقتىدا ئاتا ـ بالا بولىمىز، خىزمەتكە بۇيرۇلغاندا پادىشاھ ۋە خىزمەتچىلىك مۇناسىۋەتتە بولىمىز، قانۇن خۇسۇسىي مۇناسىۋەتكە رىئايە قىلمايدۇ، ناھايىتى دىققەت قىلغىن! — دەپ جېكىلىگەنىدى.

ساۋ جاڭ دەيبېيگە بارغاندا، ئالدى بىلەن ئۆزى مەيدانغا چىقىپ جەڭ قىلدى، ئۇ تويتوغرا ساڭگەنگە قەدەر باستۇرۇپ بېرىپ، يۇقىرى تەرەپنى تىنچىتتى؛ شۇ تاپتا ساۋ ساۋنىڭ ياڭپىڭگۇەندە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا جەڭدە ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

ساۋ ساۋ جاڭنى كۆرگەندىن كېيىن، ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ:

— سېرىق ساقاللىق ئوغلۇم كېلىپتۇ، ئەمدى ليۇ بېينى چوقۇم تارمار قىلىمىز، — دېدى ـ دە، شۇئان لەشكەرلەرنى ئارقىسىغا ياندۇردى، شيېگۇ تەۋەسىنىڭ پاسىلىغا لەشكەرگاھ قۇردى.

خىزمەتكارلار ليۇ بېيغا ساۋ جاڭنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي:

— كىم بېرىپ ساۋ جاڭ بىلەن جەڭ قىلىدۇ؟ — دەپ

سورىدى.

— مەن باراي، — دېدى ليۇ فېڭ. مېڭ دامۇ باراي دېدى.

— ھەر ئىككىڭلار بىللە بېرىڭلار، قېنى كىم زەپەر قۇچۇپ كېلەلەيدىكىن، — دېدى ليۇ بېي.

5000دىن لەشكەر ئېلىپ، ليۇ فېڭ ئالدىدا، مېڭ دا ئارقىدىن جەڭگە چىقتى. ساۋ ساۋ مەيدانغا چىقىپ، ليۇ فېڭ بىلەن ئېلىشتى، ئۈچ رەددى بەدەلدىلا ليۇ فېڭ يېڭىلىپ قالدى. لەشكەر باشلاپ ئىلگىرىلەپ كەلگەن مېڭ دا ئەمدىلا جەڭ قىلماق بولۇپ تۇرغاندا، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ پاتىپاراق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئەسلىدە ما چاۋ، ۋۇ لەن لەشكەرلەر بىلەن باستۇرۇپ كەلگەچكە، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى چۆچۈپ كەتكەنىكەن. مېڭ دا لەشكىرى بىلەن ئارىغا ئېلىپ چاپ - چاپ قىلدى. ما چاۋنىڭ لەشكەرلىرى ئۆز ۋۇندىن بېرى كۈچ - قۇۋۋەت يىغقاچقا، ھەيۋە قىلىپ، توسالغۇسىز ئىلگىرىلىدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قاچتى. ساۋ جاڭ ۋۇ لەنگە دۇچ كېلىپ قېلىپ، ئىككىيلەن بىر - بىرى بىلەن ئېلىشتى، بىرنەچچە رەددى بەدەل ئۆتۈلمەستىنلا، ساۋ جاڭ يالمانىنى بىرلا ئۇرۇش بىلەن ۋۇ لەننى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئۈچ توپ لەشكەر قوچاقلاشما جەڭ قىلىپ كەتتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلەرنى يىغىۋېلىپ شېيگۇ تەۋەسىگە ئورۇنلاشتى.

ساۋ ساۋ لەشكەر بىلەن ئۇزۇن تۇرۇپ قالدى، يۇرۇش قىلاي دېسە، ما چاۋ توسۇۋالغانىدى، لەشكەرنى يىغىشتۇرۇپ قايتاي دېسە، شۇلىقلارنىڭ مەسخىرىسىدىن قورقاتتى، ئۇ بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قالدى. تاماقپېگى توخۇ شورپىسى ئەكىرىپ قويدى. ساۋ ساۋ چىنىگە قارىۋىدى، توخۇنىڭ بېقىنى بار ئىكەن، بۇ تەسىر قىلىپ خىيال سۈرگىنىچە تەرەددۇتلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى، چېدىر - بارگاھقا شيا خۇدۇن كىرىپ، كېچىلىك ئېغىز بەلگىسى سورىدى. ساۋ ساۋ دەرھال: «توخۇ

بېقىنى! توخۇ بېقىنى! » دېدى. شىيا خۇدۇن ھەممە بەگلەرگە كېچىلىك ئېغىز بەلگىسىنىڭ «توخۇ بېقىنى» ئىكەنلىكىنى يەتكۈزدى. سەپەردىكى مىرزىسى ياڭ شىيۇ «توخۇ بېقىنى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ھامان، ئۆز خىزمىتىدىكى نۆكەرلەرنى يۈك - تاقىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قايتىشقا ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بۇ ھالنى بەزىلەر شىيا خۇدۇنگە يەتكۈزدى، ھەيران بولغان شىيا خۇدۇن دەرھال ياڭ شىيۇنى چېدىر - بارگاھقا تەكلىپ قىلىپ:

— جانابلىرى نېمىشقا يۈك - تاقلارنى يىغىشتۇرغۇزدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— بۈگۈنكى كېچىلىك بەلگىدىن، ۋېي ۋاڭنىڭ ئۆزۈنغا قالماي، لەشكەرنى قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدىم، توخۇنىڭ بېقىنىنى غاجىلىغان بىلەن گۆشى چىقمايدۇ، تاشلىۋېتەي دېسە يەنە تەمى چىقىپ تۇرىدۇ. ھازىر ئىلگىرىلىگەن بىلەن غەلىبە قازىنالمايمىز، قايتايلى دېسەك، خەقنىڭ مەسخىرىسىگە قالىمىز، بۇ يەردە تۇرغاننىڭ پايدىسى يوق، ياخشىسى بۇرۇنراق قايتقان تۈزۈك. ئەتە ۋېي ۋاڭ چوقۇم قايتىدۇ، مېنىڭ ئالدىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن ساقلىنىپ قېلىش ئۈچۈن، يۈك - تاقلارنى ئالدىن يىغىشتۇرۇپ قويدۇرۇشۇمنىڭ باھانىسى شۇ، — دېدى ياڭ شىيۇ.

— جانابلىرى ھەقىقەتەن ۋېي پادىشاھىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپتىلا! — دېدى شىيا خۇدۇن، شۇئان يۈك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ لەشكەرگاھتىكى ھەممە پالۋانلار قايتىش تەرەددۇتىنى كۆرۈشتى.

شۇ كېچىسى سلۇ ساۋ بىتاقەت بولۇپ ئۇخلىيالمىدى. ئۇ قولىغا پولات پالتا ئېلىپ لەشكەرگاھنى ئارىلىدى، شىيا خۇدۇن لەشكەرگاھىدىكى نۆكەرلەرنىڭ يۈك - تاقىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى - دە، شۇئان



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چېدىر ـ بارگاھقا قايتىپ، شيا خۇدۇننى چاقىرتىپ سەۋەبىنى سورىدى.

— مىرزا ياڭ شيۇ ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ قايتىش نىيەتلىرىنى ئالدىن بىلگەنىكەن، — دېدى شيا خۇدۇن.

ساۋ ساۋ ياڭ شيۇنى چاقىرتىپ سورىدى. ياڭ شيۇ توخۇ بېقىنى سۆزىنىڭ مەنىسى بىلەن جاۋاب بەردى. دەرغەزەپ بولغان ساۋ ساۋ:

— سىز ئۆسەك ئويدۇرۇپ، لەشكەرنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىگە تەسىر قىلىشقا قانداق پېتىنالىدىڭىز؟ — دېدى ـ دە، جاللاتلار بۇنى ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، چېدىر ـ بارگاھ قوۋۇقى ئالدىدا سازايى قىلىندى.

ئەسلىدە ياڭ شيۇ كاتتا ئىستېداتلىق ئادەم ئىدى. ساۋ ساۋ بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭغا ھەسەتمۇ قىلغانىدى: ساۋ ساۋ بىر چاھارباغ سالدۇرغانىدى، باغ پۈتكەندە ساۋ ساۋ باغنى كۆرۈشكە كەلدى، باغنى كۆرگەندىن كېيىن، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ياخشى ـ يامان چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، باغ دەرۋازىسىغا «活» ھەرپىنى يېزىپ قويدى ـ دە، كەتتى. ھېچكىم بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. ياڭ شيۇ:

— «门» ھەرپىنىڭ ئىچىگە «活» ھەرپى يېزىلسا، «阔»* بولىدۇ. باش ۋەزىر باغنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ كۆرۈپتۇ، — دېدى. شۇ سۆز بىلەن باغنىڭ تاملىرىنى ياساپ، ئۆزگەرتىپ يەنە ساۋ ساۋنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلىشتى. باغنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولغان ساۋ ساۋ مۇلازىملىرىدىن:

---

* 门 (مېن) ئوقۇلىدىغان بۇ ھەرپىنىڭ مەنىسى دەرۋازا، ئىشىك دېگەن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىگە خو ئوقۇلىدىغان تىرىك مەنىسىدىكى 活 ھەرپى يېزىلسا، كو ئوقۇلىدىغان كەڭ مەنىدىكى 阔 ھەرپى ھاسىل بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— كىم مېنىڭ نىيىتىمنى بىلىۋالدى؟ — دەپ سورىدى.

— ياڭ شيۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى مۇلازىملىرى.

ساۋ ساۋ ئىغىزىدا ئاپىرىن ئوقۇغان بولسىمۇ، دىلىدا ھەسەت قىلىغانىدى. يەنە بىر كۈنى سەيبېيدىكىلەر بىر قۇتا سېرىق ماي ئەۋەتىشكەنىدى. ساۋ ساۋ ئۆز قەلىمى بىلەن قۇتىنىڭ ئۈستىگە «酥 合— »* دېگەن ئۈچ ھەرپنى يېزىپ، شىرە چېتىگە قويۇپ قويدى. ياڭ شيۇ كىرىپ كۆرۈپلا ئۇنى ئىچىپ، ھەممەيلەنگە يەڭلار دەپ بۆلۈپ بەردى. ساۋ ساۋ بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ياڭ شيۇ:

— قۇتىنىڭ ئۈستىگە «酥口—人—»** دەپ ناھايىتى ئوچۇق يېزىپ قويۇپتىلا، باش ۋەزىرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلماق كىمنىڭ ھەددى، تەقسىر، — دەپ جاۋاب بەردى.

ساۋ ساۋ كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋەتتىيۇ، ئەمما، كۆڭلىدە يامان كۆرۈپ قالدى. ساۋ ساۋ ئادەملىرىنىڭ ئۆزىگە خۇيىيانە زىيانكەشلىك قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشىگە چۈشۈپ ئەتراپىدىكىلەرگە: «چۈشۈمدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويىدىغان ئادىتىم بار. ئىشقىلىپ مەن ئۇخلاپ قالغان بولسام، سىلەر يېقىن كەلگۈچى بولماڭلار» دەپ ھەمىشە جېكىپ چىقتى. بىر كۈنى كۈندۈزى ساۋ ساۋ چېدىر ـ بارگاھتا ئۇخلاپ قالغاندا يوتقىنى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، يېقىن خادىملىرىدىن بىرى دەرھال بېرىپ يېپىپ قويدى، ئورنىدىن سەكرەپ قوپقان ساۋ ساۋ شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ھېلىقى خادىمنى شەمشەر بىلەن پارە ـ پارە قىلىۋېتىپ، يەنە كارىۋاتقا چىقىپ ئۇخلاۋەردى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئويغىنىپ، چۆچۈپ كېتىپ:

— بۇ يېقىن خادىممنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دەپ سورىدى.

---

* 酥 合— — (يىخېسۇ) بىر قۇتا سېرىق ماي دېگەن بولىدۇ. 合 (خې) بۇ 人 ھەرپ (رېن) ئادەم. — (يى) بىر. 口 (كوۇ) ئېغىز دېگەن ئۈچ ھەرپتىن تەركىب تاپقان.

** «酥口—人—» ھەر كىشىگە بىر ئېغىزدىن سېرىق ماي دېگەن مەنىدە.

كۆپچىلىك بولغان ئەھۋالنىڭ ئەيىنىنى ئېيتىۋىدى، ساۋ ساۋ قاتتىق ئېچىنىپ يىغلاپ، ئوبدان دەپنە قىلىشنى بۇيرۇدى، خادىملىرى ساۋ ساۋ راستتىن چۇشىدە ئادەم ئۆلتۈرىدىكەن دېسە، يالغۇز ياڭ شيۇ غەرىزىنى چۈشىنىپ، دەپنە قىلىش ۋاقتىدا، جەسەتكە خىتاپ قىلىپ تۇرۇپ، ھەسرەت بىلەن:

— باش ۋەزىر چۈش كۆرمىدى، سىلى چۈش كۆردىلە! — دېدى.

ساۋ ساۋ بۇنى ئاڭلاپ قېلىپ، ياڭ شيۇنى تېخىمۇ يامان كۆرۈپ قالدى. ياڭ شيۇنىڭ ئىستېداتىنى چوڭ كۆرىدىغان ساۋ ساۋنىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ساۋ جى دائىم دېگۇدەك ياڭ شيۇنى چاقىرىپ كېلىپ، تۈن بويى سۆھبەتلىشەتتى. ساۋ ساۋ جىنى پادىشاھ ۋارىسى قىلىش خۇسۇسىدا كۆپچىلىك بىلەن كېڭەش قىلغاندى، ساۋ پېي بۇنى ئۇققاندىن كېيىن، چاۋ گېنىڭ باشلىقى ۋۇ جىنى خۇپىيانە ھەرەمگە كېڭەشكە چاقىرتتى؛ باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن ۋۇ جىنى باداڭغا سېلىپ، باداڭ ئىچىدە شايى - ماتالار بار دەپ، سارايغا ئەكىردى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالغان ياڭ شيۇ كېلىپ ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ پېي سارىيىنىڭ ئالدىدا كۈتۈپ تۇرۇپ چارلاشقا كىشى بۇيرۇدى. ھولۇقۇپ قالغان ساۋ پېي ۋۇ جىغا ئېيتتى. ۋۇ جى:

— غەم قىلمىغايلا. ئەتە يەنە باداڭغا شايى - ماتالار قاچىلىتىپ ئەكەلدۈرسىلە - دە، شۇ يول بىلەن جايلىسىلا، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ساۋ پېي مەسلىھەت بويىچە، باداڭغا شايى - ماتارلار قاچىلىتىپ ئەكەلدۈردى، چارلىغۇچىلار ئاختۇرغاندا دېگەندەك شايى - ماتالار چىققاچقا، قايتىپ ئەھۋالنى ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى. شۇ سەۋەبتىن ساۋ ساۋ ياڭ شيۇنى ساۋ پېينى چېقىپ، زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى دەپ تېخىمۇ يامان كۆرىدىغان بولدى. ساۋ پېي، ساۋ جىلارنىڭ تالانتىنى سىنىماقچى بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ساۋ ساۋ بىر كۈنى بۇلارنى يېپىپ دەرۋازىسىدىن چىقىشقا بۇيرۇدى، ئەمما دەرۋازىدىن چىقارماسلىق ھەققىدە دەرۋازا بېگىگە ئادەم ئەۋەتىپ يوشۇرۇن بۇيرۇق بېرىپ قويغانىدى. ساۋ پېي ئاۋۋال كەلدى، دەرۋازىۋەن توسۇدى، ساۋ پېي ئىلاجسىز قايتتى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ساۋ جى ياڭ شيۇدىن سەۋەبىنى سورىدى، ياڭ شيۇ:

— سىلى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چىقىدىلا، ئەگەر توسقۇچىلار بولىدىكەن، توسقان كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتسىلە، — دەپ ئۆگىتىپ قويدى. ساۋ جى بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىپ، دەرۋازىغا كەلدى. دەرۋازىۋەن توسۇدى، ساۋ جى:

— مەن پادىشاھ بۇيرۇقى بىلەن كەلدىم، مېنى توسۇشقا قېنى كىمنىڭ ھەددى ئىكەن! — دەپ تۇۋلىدى ـ دە، توسقۇچىنى شۇئان ئۆلتۈرۈۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ جىنى قاۋۇل يىگىت ھېسابلىدى، كېيىن خەقلەر «ياڭ شيۇ ئۆگەتكەنىدى» دېگەندە، ساۋ ساۋ ناھايىتى خاپا بولدى، ساۋ جىغىمۇ ئۆچ بولۇپ قالدى. ياڭ شيۇ ساۋ جىغا ئون نەچچە ماددىلىق جاۋابمۇ تەييارلاپ بەرگەنىدى، ساۋ ساۋ سوراپلا قالسا، ساۋ جى بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بېرەتتى. ساۋ ساۋ قاچانلا بولمىسۇن لەشكىرىي پادىشاھلىققا دائىر مەسىلىلەرنى سورىسا، ساۋ جى راۋان جاۋاب بەرگەچكە، ساۋ ساۋ كۆڭلىدە ئىنتايىن گۇمان قىلدى. كېيىن ساۋ پېي ساۋ جىنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى مەخپىي سېتىۋېلىپ، ياڭ شيۇ يېزىپ بەرگەن جاۋابنى ئوغرىلاتقۇزۇپ، ساۋ ساۋغا يوللىدى، دەرغەزەپ بولغان ساۋ ساۋ:

— ھەي بەدبەخ! مېنى ئالداشقا قانداق پېتىندىڭ! — دەپ شۇ ۋاقىتتىلا ياڭ شيۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كېلىپ قالغانىدى. شۇڭا بۇگۈن لەشكەرلەرنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىگە تەسىر قىلدى دېگەن ئەيىب بىلەن ئۇنى ئۆلتۈردى، ياڭ شيۇ ئۆلتۈرۈلگەندە 34 ياشتا ئىدى.

كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*تۈتتى تا ئەجدادىدىن تارتىپ چېۋەر ياڭ شىۋ ئەمەل،*
*قەلىمىنىڭ ھەيۋىتىدىن قاچتى قوزغۇن دەر مەھەل.*
*چىقمىغاي پەن بابىدا ئۇندىن ئۆتەر ئاقىل كىشى،*
*قۇرۇماس ئەقىل بۇلاقى ـ كۆڭلىدۇر دەريا مىسەل.*
*ھەر سۆزىنى ئەل ـ خالايىق ئاڭلىشار ھەيران بولۇپ،*
*يەتمىگەي ھەرنە ئارسلان ـ قەھرىمان ئۇڭا تۇگەل.*
*يوق ئىدى لەشكەرنى ئارتقا بۇيرۇماق مەيلى ئۇنىڭ،*
*قىلدى نابۇت ئاخىرى ئەقىل ـ پاراسەت بىمەھەل.*

ياڭ شيۇنى ئۆلتۈرگەن ساۋ ساۋ شيا خۇدۇنگمۇ غەزەپلەنگەندەك بولۇپ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولدى، بەگ ـ سىپاھلار ئۇنى تىلىۋالدى. ساۋ ساۋ توۋلاپ شيا خۇدۇننى چىقىرىۋەتتى. ئەتە يۈرۈش قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئىككىنچى كۈنى لەشكەر شيېگۇ تەۋەسىدىن چىقتى، ۋېي يەن بىر توپ لەشكەر بىلەن ئالدىدىن توسۇۋالدى، ساۋ ساۋ ۋېي يەننى ئەل بولۇشقا چاقىردى. ۋېي يەن تىللىدى. ساۋ ساۋ ياڭ دېنى جەڭگە بۇيرۇدى، ئىككى پالۋان قىزىق جەڭ قىلىشىۋاتقاندا، ساۋ ساۋ چېدىر ـ بارگاھىنىڭ ئىچىدىن يانغىن كۆتۈرۈلدى. خادىملار كېلىپ ما چاۋ ئوتتۇرا ۋە ئارقىدىكى ئىككى چېدىر ـ بارگاھنى ئىگىلەپ ئالدى دەپ مەلۇم قىلىشتى. قولىغا شەمشىرىنى ئالغان ساۋ ساۋ:

— پالۋانلاردىن كىمكى چېكىنىدىكەن، ئۆلتۈرۈلىدۇ! — دېدى.

پالۋانلارنىڭ ھەممىسى غەيرەت بىلەن ئالغا باستى. ۋېي يەن ئىككىلەنگەندەك بولۇپ قاچتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلەرنى قايتۇرۇپ ماچاۋغا سالدى، ئۆزى ئات بىلەن ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ، ئىككى لەشكەرنىڭ جېڭىنى كۆزىتىپ تۇردى، تۇيۇقسىزلا

ئالدىدىن چىققان بىر توپ لەشكەر ئىچىدىن بىراۋ:

— ۋېي يەن بۇ يەردىمەن! — دەپ نەرە تارتقان پېتى ئوقيانى بەتلەپ، ساۋ ساۋغا ئاتتى، ئوق بېرىپ ساۋ ساۋغا تەگدى، ساۋ ساۋ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى، كامانىنى تاشلاپ قىلىچىنى ئالغان ۋېي يەن ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يانباغىرغا ئات سالدى، يان تەرەپتىن چاقماقتەك ئېتىلىپ چىققان بىر پالۋان:

— پاسىبانىمنى زەخمىلىگۈچى بولماڭ! — دەپ نەرە تارتتى، قارىسا، ياڭ دې ئىكەن، ياڭ دې ئالغا ئۆتۈپ غەيرەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ۋېي يەننى چېكىندۈردى. ئاندىن ساۋ ساۋنى قوغداپ ئالغا راۋان بولدى. ما چاۋمۇ چېكىندى، ساۋ ساۋ يارىدار ھالەتتە چېدىر ـ بارگاھىغا قايتتى، بايا ۋېي يەننىڭ ئاتقان ئوقى ئۈدۈل چىشىدىن ئىككىنى سۇندۇرۇپ تاشلىغانىدى، دەررۇ تېۋىپقا داۋالاتتى، ئۇ چاغدا ساۋ ساۋ ياڭ شيۇنىڭ سۆزىنى ئەسلىدى ـ دە، شۇئان ياڭ شيۇنىڭ جەسىتىنى يىغدۇرۇپ ئوبدان دەپنە قىلدۇردى ۋە لەشكەرنى قايتۇرۇشقا بۇيرۇق چىقاردى. ياڭ دېنى قوغداپ مېڭىشقا تەيىنلىدى. ساۋ ساۋ يۇمشاق ھارۋىغا ياتقۇزۇلدى، خاس قورۇقچى لەشكەر قوغداپ ماڭدي. بىردىنلا شىيگۇ تېغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يانغىن كۆتۈرۈلدى، پىستىرمىدىكى لەشكەرلەر قوغلاپ كەلدى دېگەن مەلۇمات كەلدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساراسىمىگە چۈشتى. دەرھەقىقەت:

*ئايرىمىسى يوق ئىدى تۇڭگۇەندىكى خەۋپتىن پەقەت،*
*پەرقى يوق چىبىيدىكى قاتتىق ھالاكەتتىن پەقەت.*

ساۋ ساۋنىڭ نە ساق، نە ئۆلۈكلۈكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتمىش ئۈچىنچى باب

## ليۇ بېينىڭ خەنجۇڭ پادىشاھى بولغانلىقى
## گۈەن يۈينىڭ شياڭياڭ ۋىلايىتىنى ئالغانلىقى

ئەلقىسسە، لەشكىرى بىلەن شيېگۇغا چېكىنىپ كەلگەن ساۋ ساۋنىڭ چوقۇم خەنجۇڭنى تاشلاپ كېتىشىگە كۆزى يەتكەن جۇگې لياڭ ما چاۋ باشلىق پالۋانلارنى لەشكەر بىلەن ئون نەچچە تارامغا بۆلۈپ، پات - پات تېگىپ قويۇشقا ئەۋەتتى؛ شۇڭلاشقا ساۋ ساۋنىڭ ئۇزۇن تۇرۇشقا ئىمكانىيىتى قالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋېي يەننىڭ ئاتقان ئوقى بىلەن جاراھەتلەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن لەشكەرنى ئالدىراپ قايتۇردى. لەشكەرلىرىنىڭ غەيرەت - شىجائىتى تامامەن چۈشۈپ كەتتى. تۇرشاۋۇل لەشكەر ئەمدىلا مېڭىشىغا، ئىككى ياقتىن يانغىن كۆتۈرۈلدى، پىستىرما بولۇپ ساقلاپ تۇرغان ما چاۋ لەشكەرلىرى قوغلاپ كەلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى جىددىي مېڭىشقا بۇيرۇغاچقا، كېچە - كۈندۈزلەپ توختىماستىن قېچىپ، توپتوغرا جىڭجاۋغا كېلىشتى - دە، ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

ليۇ بېي ليۇ فېڭ، مېڭ دا، ۋاڭ پىڭلارنى شاڭيۇڭ قاتارلىق ۋىلايەتلەرنى ئېلىشقا ئەۋەتتى. ساۋ ساۋنىڭ خەنجۇڭنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان شېن دەنلەر دەرھال ليۇ بېيغا ئەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولدى. لىۋ بېي ئاھالىنى تەسكىن قىلىپ، لەشكەرنى تارتۇقلىدى، خادىملار ناھايىتى خۇرسەن بولۇشتى. شۇ سەۋەبلىك پالۋانلارنىڭ ھەممىسى لىۋ بېينى پادىشاھ قىلىش نىيىتىگە كەلدى؛ ئۇلار ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالىشالماي، مۇشاۋىر جۇگې لياڭغا كېلىپ ئېيتىشتى. جۇگې لياڭ:

— مەنمۇ مۇشۇنداق پىكىرگە كەلدىم، — دېدى ۋە شۇئان فا جېڭلارنى باشلاپ كىرىپ، لىۋ بېي بىلەن كۆرۈشتى ـ دە، — ھالا ساۋ ساۋ ھاكىمىيەتنى ئىگىلەپ ئالدى، ئاھالە ئىگىسىز قالدى؛ جانابلىرىنىڭ مېھرىبانلىق مەردلىكلىرى ئەلگە مەشھۇر، ھازىر كۆنچىقىش سىچۈەن بىلەن كۈنپېتىش سىچۈەن زېمىنىغا ئىگە بولدىلا، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئەل ـ يۇرتنىڭ ئۈمىدىگە ئاساسەن پادىشاھ بولۇپ، رەسمىي نام ـ پەرمانلىرى بىلەن ۋەتەن خائىنلىرىغا جازا بېرىشلىرى كېرەك، بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، مەرھەمەت قىلىپ، ياخشى كۈن تاللاپ، تەختكە چىققۇرلار، — دېدى.

— مۇشاۋىرىم يېڭىلىشىۋاتىدىلا! — دېدى لىۋ بېي ئىنتايىن ھەيران بولۇپ، — مەن لىۋ بېي گەرچە خەن خانىنىڭ ئەۋلادى بولسامۇ، خادىملاردىن ھېسابلىنىمەن، مۇنداق قىلىش خەن خاندانلىقىغا ئاسىيلىق قىلىشتۇر.

— ئۇنداق ئەمەس. ھازىر ئېلىمىز پارچىلاندى، باتۇرلار قوزغىلىپ، ئۆز ئالدىلىرىغا بىر تەرەپنى ئىگىلەپ ئېلىشتى، ئەلدىكى تالانت ـ پەزىلەت ساھىبلىرى، ھايات ـ ماماتىغا قارىماي، ئىش قىلىپ يۇرگەنلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھ بولۇپ، ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسىتىپ، شۆھرەت قازانماقچى. بۈگۈن جانابلىرى كىشىلەر ماڭا باشقىچە قارايدۇ دەپ ئۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ھەققانىيلىق قىلىمەن دەيدىغان بولسىلا، ئاممىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويغان بولىدىلا، جانابلىرىنىڭ ئويدان مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن، — دېدى جۇگې لياڭ.

— چېكىدىن چىقىپ ئالىي ئورۇنغا ئولتۇرۇش ئىشىنى ھەرگىز قىلمايمەن، ئۇزاق كەلگۈسى كۆزدە تۇتۇلغان تەدبىر ئۈستىدە يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز، — دېدى لىيۇ بېي.

— جانابىي پاسىبان! — دېدى پالۋانلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا، — مۇشۇنداق رەت قىلىۋېرىدىغان بولسىلا، بىزنىڭ كۆڭلىمىز قېلىپ قالىدۇ.

— جانابلىرى، ھاياتلىرىدا ھەققانىيلىقىنى ئاساس قىلىپ كەلگەچكە، ئالىي نامىنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىماي كەلدىلە. بۈگۈن جىلىڭ، شياڭ، كۈنچېقىش ۋە كۈنپېتىش سىچۈەن زېمىنلىرىغا ئىگە بولدۇق، ۋاقىتلىق پادىشاھ بولۇرلەر، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ھەرقايسىلىرى مېنى پادىشاھ قىلماقچى بولۇشۇۋاتىدىلا، خانىمىزنىڭ ئوچۇق پەرمانى بولمايدىكەن، بۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق بولىدۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

— ھازىر ئادەتتىكى قائىدە ـ رەسمىيەتلەرگە ئېسىلىۋالماي، ئۆزگەرگەن ئەھۋالغا قاراش لازىم، — دېدى جۇگې لياڭ.

— يات ئۇرۇقتىن بولغانلارمۇ پادىشاھ بولۇشنى ئويلاشماقتا، ئاغا! سىلى خەن خانىنىڭ ئەۋلادىغۇ! خەنجۇڭ پادىشاھىلا ئەمەس، خان دەپ ئاتىساق، بولمايدىغان نېمىسى بار ئىكىن! — دېدى جاڭ فېي تۇۋلاپ تۇرۇپ.

— سىز تولا گەپ قىلماڭ! — دەپ تۇۋلىدى لىيۇ بېي.

— جانابلىرى ئاۋۋال خەنجۇڭ پادىشاھى بولۇپ، ئاندىن خانغا مەلۇمات يازسىلىمۇ كېچىكمەيدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى جۇگې لياڭ.

لىيۇ بېي ھەرقانچە رەت قىلسىمۇ، كۆپچىلىك ئۇنىمىغاچقا، قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. جيەنئەننىڭ 24 ـ يىلى كۈزنىڭ 7 ـ ئېيى ئىدى. ميەنياڭغا شاھ سۇپا قۇرۇپ، توققۇز چاقىرىم كېلىدىغان دائىرىدە بەش تەرەپكە بۆلۈپ، تۇغ ـ ئەلەملەر،

مۇراسىم جابدۇقلىرى ئورنىتىلدى. بەگلەرنىڭ ھەممىسى تەرتىپى بىلەن قاتار تىزىلدى. شۈي جىڭ، فا جېڭلار لىۇ بېينى شاھ سۇپىغا تەكلىپ قىلىپ، تاج كىيدۈردى، تامغا تاپشۇردى، لىۇ بېي تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ئولتۇردى، قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەممىسى خەنجۇڭ پادىشاھىنى قۇتلۇقلىدى. ئوغلى لىۇ شەن پادىشاھلىق ۋەلىئەھدلىككە تەيىن قىلىندى. شۈي جىڭ خەلپەتبەگلىككە، فا جېڭ باش مىرزابەگلىككە تەيىنلەندى. جۇگې لياڭ مۇشاۋىرلىققا تەيىنلىنىپ، لەشكىرىي ئىشلار ۋە پادىشاھلىقنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تاپشۇرۇلدى. گۇەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈن، ما چاۋ، خۇاڭ جۇڭلارغا بەش يولۋاس پالۋان ئۇنۋانى بېرىلدى؛ ۋېي يەن خەنجۇڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەندى. قالغانلارغىمۇ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە قاراپ ئۇنۋانلار بەلگىلەندى.

لىۇ بېي خەنجۇڭ پادىشاھى بولۇپلا، دەرھال بىر مەلۇمات يېزىپ، ئادەم ئارقىلىق پايتەخت شۈيچاڭغا يوللىدى. مەلۇماتتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

> كەمىنە لىۇ بېيلىرى خادىملىق سۈپىتىم بىلەن ئالىي سەركەردىلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، ئۈچ تارام لەشكەرگە سەردارلىق قىلىپ، چەتلەردە بولۇپ قالدىم، مۇناپىقلارنى يوقىتىپ، خاندانلىقنى تىنچىتىشقا، ئالىيلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھەمدەملىك بېرەلمىدىم، ئەلنىڭ ئىچىدە تېخىچە تىنچلىق ئورنىمىدى. بۇ بىردىنبىر غېمىم بولۇپ، بېشىمدىكى جىددىي بىر كېسەلدۇر.

بۇرۇنسىدا دۇڭ جو قوتراپ ئەلدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇردى، شۇنىڭدىن كېيىن ياۋۇزلار گورۇھى ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىپ، ئەلدە دەھشەتلىك زۇلۇم ھۆكۈم سۈردى. ئالىيلىرىنىڭ خانلىق پەزىلەت ـ شەۋكەتلىرى

سايىسىدە، ئاھالە ھەم ۋەزىرلەر بىرلىكتە ساداقەتلىك كۆرسىتىپ، جازا يۈرۈشى قىلىشتى، تەڭرىنىڭمۇ قەھر-غەزىپى كېلىپ جازالىدى، زوراۋان ئاسىيلار يوقىتىلىپ، دەھشەتلىك كۈنلەر ئاستا - ئاستا يوقالدى. يالغۇز ساۋ ساۋلا ئۆزۈندىن بىرى يوقىتىلمىدى، خانلىق ھوقۇقىغا تەئەررۇز قىلىپ، ئۇنى ئۆزى خالىغانچە سۇيىئىستېمال قىلدى.

خادىملىرى مۇقەددەم ھارۋا - ئاتلىقلار سەركەردىسى دۇڭ چېڭ بىلەن بىللە مۇناپىق ساۋ ساۋنى يوقاتماق بولغان بولسامۇ، ئىشىمىز پاش بولۇپ قېلىپ، دۇڭ چېڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، كەمىنىلىرى ماكانسىز قېلىپ قايمۇقۇپ يۈردۇم، ساداقىتىمنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسىتەلمىدىم - دە، ساۋ ساۋ ئاسىيلىق قىلىپ ياۋۇزلۇقىنى چېكىگە يەتكۈزدى. خانىشنى قەتلى قىلدى، شاھزادىلەرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. ئىتتىپاقداشلار بىلەن غەيرەت قىلىپ كۆرگەن بولساقمۇ، كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلى، كۆپ يىلدىن بېرى نەتىجە چىقمىدى. خانلىق ئالدىدا بۇرچۇمنى ئادا قىلالماي، كېتىپ قالارمەنمىكىن دەپ دائىم غەم قىلىمەن، كېچىلىرى ئۇيقۇدىمۇ ھەسرەت چېكىپ بەك ئەنسىرەيمەن.

ھالا خادىملىرىنىڭ خىزمىتىدىكى بەگ - سىپاھلار، قەدىمكى «يۈيشۇ» كىتابىدا، توققۇز ئۇرۇق - ئەۋلاد ۋە ئاھالىنىڭ ياردىمى بىلەن خانلىق ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قېلىپ كەلگەن دەپ بايان قىلىنىدۇ، بۇ قائىدىنى ئەمەلدىن قالدۇرماسلىق كېرەك دەپ ھېسابلاشتى.

خەن خاندانلىقىمىزنىڭ ھۆكۈمرانى ياش خان ليۇ باڭ خانلىقنى ياشناتتى، شاھزادىلەرگە ھۆرمەت قىلدى، توققۇز بەگلىكنى قۇرۇپ، لۈي ئۇرۇقىدىن بولغانلارنىڭ

بەگلىكلىرىنى يوقىتىپ، ئۆز ئەۋلادى هاكىمىيىتىمىزنى
بەرقارار قىلغانىدى.

هالا مۇناپىق ساۋ ساۋ ھەققانىي كىشىلەرنى يامان كۆرۈپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ مۇخلىسلىرىنى كۆپەيتمەكتە، خاندانلىقىمىزغا نىسبەتەن خىيانەت قىلىش، تەختنى تارتىۋېلىش نىيىتىنى ئاشكارا كۆرۈلمەكتە، خاندانلىقىمىز ئاجىزلىشىپ، خاندان ئەۋلادلىرى ئورۇنسىز قالماقتا، كەمىنىلىرى قەدىمكى رەسمىي ـ رەسۇماتلار بويىچە، هازىرقى پەيتكە مۇۋاپىق ئەمىر لەشكەر خەنجۇڭ پادىشاھى بولغانلىقىمنى مەلۇم قىلىمەن.

كەمىنىلىرى خانلىقىمىزنىڭ زور ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغانلىقىمنى، بىر تەرەپتىن مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئالغانلىقىمنى، خىزمەت قىلىپ نەتىجە كۆرسەتەلمىگەنلىكىمنى قايتا ـ قايتا ئويلاپ كۆرگىنىمدە، ئېرىشكەن ئورنۇم ئۈستۈنلۈك قىلاتتى، يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بەتنامغا قېلىشىم مۇناسىپ كەلمەيتتى. بەگلەر بۇ ھەققانىي ھەرىكەتكە كەمىنىلىرىنى مەجبۇر قىلىپ تۇرۇۋالدى، كەمىنىلىرى چېكىنەي دېسەم، مۇناپىق ئوغرىلار يوقىتىلىپ، خاندانلىقىمىزنىڭ ئۈستىدىكى مۇشكۇللەر تېخى تۈگىتىلىكىنى يوق؛ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىبادەتخانىلىرى قىشايدى، خاندانلىقىمىز مۇنقەرىز بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا؛ مۇخلىس كەمىنىلىرى كۈن بويى غەم ـ ئەندىشە قىلىپ يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلمەكتە.

هازىرقى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ، مۇقەددەس خاندانلىقنى ئەمىن قىلىش يولىدا ھەرقانداق خەۋپ ـ خەتەردىن باش تارتمايمەن. شۇڭا كۆپچىلىكنىڭ



www.uyghurkitap.com

مەشۇرىتى بويىچە خانلىقىمىزنىڭ شەۋكىتىگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن، باش قويۇپ تامغىنى تاپشۇرۇۋالدىم.

بۇ ئۇنىۋان — يۈكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەنلىكىم ھېسابىغا، خىزمەت ۋە مەسئۇلىيىتىمنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىدىن چوڭقۇر غەم قىلماقتىمەن. خۇددى ھاڭنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندەك قورقماقتىمەن. پۈتكۈل سەممىيىتىمنى ئىشقا سېلىپ، لەشكەرنى تارتۇقلاپ، كۆپچىلىكنى باشلاپ، پەيتى كەلگەندە، خاندانلىقىمىزدا ئامانلىق ئورناتماسقا نە ھەددىم؟ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۇشبۇ مەلۇماتنى يوللىدىم.

مەلۇمات پايتەخت شۈيچاڭغا يېتىپ بارغاندا، ساۋ ساۋ لىيۇ بېينىڭ ئۆزىنى ئۆزى خەنجۇڭ پادىشاھى قىلغانلىقىنى يېجۇندە تۇرۇپ ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھەي بورىچى قەلەندەر، بۇنداق قىلىشقا نېمە ھەددىڭ! كۆرۈپ تۇر، قانداق يوقاتمايمەنكىن! — دېدى - دە، شۇئان كۈنچىقىش سىچۈەن بىلەن كۈنپېتىش سىچۈەنگە بېرىپ خەنجۇڭ پادىشاھى بىلەن ئۆزۈل - كېسىل باتۇرلۇق سىنىشىش ئۈچۈن، پۈتكۈل لەشكەرگە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرمەكچى بولدى. بىراۋ چىقىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھى ئالەم! بىردەملىك غەزەپنى دەپلا، زەخمەت چېكىپ يىراققا يۈرۈش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. كەمىنىنىڭ نە بىر كامان، نە بىر تال ئوق ئىشلەتمەستىن، لىيۇ بېينى شۇ ئېلىدە ئۆزلۈكىدىن بالاغا تىقىدىغان تەدبىرىم بار، ئاجىزلىشىپ كۈچى تۈگىگەن ۋاقتىدا، بىرلا پالۋانىمىزنى ئەۋەتسەك، زەپەر قازانغىلى بولىدۇ، — دېدى. ساۋ ساۋ بۇ ئادەمگە قارىسا، سىمايى ئىكەن. ساۋ ساۋ:

— سىمايى! قانداق دانا تەدبىرلىرى بارئىكىن؟ — دەپ سورىدى خۇشال بولۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— جياڭدۇڭدىكى سۇن چۇەن سىڭلىسىنى ليۇ بېيغا بېرىپ، كېيىن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئوغرىلىقچە قايتۇرۇپ ئەكەتتى؛ ليۇ بېيمۇ جىڭجۇنى ئىگىلەپ ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرمىدى؛ بۇلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق ئاداۋەت بار. ھازىر سۆزمەن زاتلاردىن بىرىنى مەكتۇپ بىلەن سۇن چۇەنگە ئەۋەتىپ، ئۇنى جىڭجۇنى ئېلىشقا يۈرۈش قىلغۇزايلى، شۇنداقتا ليۇ بېي كۇنچىقىش سىچۇەن بىلەن كۇنپېتىش سىچۇەن لەشكىرىنى ئەلۋەتتە جىڭجۇغا ھەمدەمگە ئەۋەتىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتىدا ئۇلۇغ پادىشاھىم خەنچۇەنگە يۈرۈش قىلىدىغان بولسىلا، ليۇ بېي ئالدى - كەينىگە قارىيالماي قالىدۇ - دە، چوقۇم خەتەرلىك ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالىدۇ، — دېدى سىمايى.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، شۇئان مەكتۇپ يازدۇرۇش بىلەن مەن چوڭنى ئەلچى قىلىپ ماڭدۇردى. مەن چوڭ كېچە - كۈندۈزلەپ مېڭىپ، سۇن چۇەن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن جياڭدۇڭغا كەلدى، مەن چوڭنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن سۇن چۇەن دەرھال مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كېڭەش قىلدى. جاڭ جاۋ:

— ۋېي بىلەن ۋۇ ئەسلىدە ئاداۋەتسىز ئىدى، مۇقەددەم جۇگې لياڭنىڭ سۆزىگە كىرىشىمىز تۈپەيلى، ئىككى تەرەپ يىل بويى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىپ ئاھالە - خانىمانلارنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولماقتىمىز. بۈگۈن مەن چوڭنىڭ كېلىشىدە چوقۇم سۈلھى قىلىش نىيىتى بار، ئازاكەت بىلەن ياخشى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

سۇن چۇەن بۇنى قوبۇل قىلىپ، مەسلىھەتچىلىرىنى مەن چوڭنىڭ ئىستىقبالىغا چىقاردى، مەسلىھەتچىلەر ئۇنى شەھەرگە باشلاپ كىردى. سالام - سەھەت ئادا ئېتىلگەچ، سۇن چۇەن مەن چوڭنى مېھمانلار سۈپىتىدە كۈتۈۋالدى.

مەن چوڭ ساۋ ساۋنىڭ خېتىنى تەقدىم قىلىپ:

— ۋۇ بىلەن ۋېي ئارىسىدا ئەسلىدە ھېچبىر ئاداۋەت يوق ئىدى، ھەممىگە لىۋ بېي سەۋەب بولۇپ، ئارىمىز ئېچىلدى. ۋېي پادىشاھى سەركەردە جانابلىرىنى جىڭجۇغا تېگىش قىلسا، ئۆزى لەشكەر تارتىپ، خەن چۇەنگە تېگىش قىلىپ، ئالدى ـ ئارقىدىن ئارىغا ئېلىپ زەربە بەرسەك، لىۋ بېي تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، زېمىننى تەڭ بۆلۈشسەك، بىر ـ بىرىمىزگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشماسقا ئانت ئىچىشسەك دەپ كېلىشىشكە مېنى ئەۋەتتى، — دېدى.

سۈن چۇەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، مەن چوڭ شەرىپىگە مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزدى، مەرىكە ـ سورۇندىن كېيىن، دەم ئېلىش ئۈچۈن يەمخانىغا ئۇزىتىپ قويدى.

سۈن چۇەن مەسلىھەتچىلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. گۇ يۇڭ:

— بۇ گەرچە بىر دەۋەت بولسىمۇ، ئۇنىڭ داۋلىسى بار. بۇگۈن بىر تەرەپتىن مەن چوگىنى يولغا سېلىپ، ئالدى ـ ئارقىدىن ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلىش ھەققىدە ساۋ ساۋ بىلەن توختىشايلى؛ يەنە بىر تەرەپتىن دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئادەم ئەۋەتىپ، گۇەن يۈينىڭ ھەرىكىتىدىن خەۋەر ئالايلى، ئاندىن ھەرىكەت قىلىشىمىز مۇمكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى جۇگې جىن، — گۇەن يۈي جىڭجۇغا كەلگەندىلا، لىۋ بېي ئۆيلەپ قويغانىكەن، ئاۋۋال بىر ئوغۇل، كېيىن بىر قىز تېپىپتۇ، قىزى تېخى كىچىك بولۇپ ياتلىق قىلىنماپتىمىش. جانابلىرىنىڭ ۋەلىئەھد شاھزادىلىرى ئۈچۈن ساۋچىلىققا باراي. گۇەن يۈي قوبۇل كۆرسە، ساۋ ساۋنى يوقىتىش ھەققىدە ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەيلى. ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ئۇنداقتا ساۋ ساۋغا ھەمدەمدە بولايلى ـ دە، جىڭجۇنى ئالايلى.

سۈن چۇەن بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلدى، ئاۋۋال مەن

www.uyghurkitap.com

چوڭنى پايتەخت شۈيچاڭغا ئۆزىتىپ قويدى. ئاندىن جوگې جىننى ئەلچى قىلىپ، جىڭجۇغا يولغا سالدى. جوگې جىن جىڭجۇ شەھىرىگە كېلىپ، گۇەن يۈي بىلەن كۆرۈشتى، سالام - سەھەتلەر ئادا ئېتىلگەچ گۇەن يۈي:

— جانابىي جوگې جىن! بۇ قېتىم نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— ئالاھىدە ئىككى تەرەپنى تۇغقان قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. پاسسبانىم ۋۇ بېگىنىڭ ناھايىتى ئاقىل بىر ئوغلى بار. ئاڭلىسام سەركەردە جانابلىرىنىڭ بىر كەرىمىلىرى بار ئىكەن. ئىككى تەرەپ ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ، بىرلىكتە ساۋ ساۋنى يوقىتىشقا كۈچ چىقىرايلى. بۇ ناھايىتى ئوبدان ئىش، جانابلىرىنىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن، — دېدى جوگې جىن.

— يولۋاس قىزى ئىت كۈچىكىگە تېگەمدۇ! ئەگەر ئىنىلىرىنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلمايدىغان بولسام، شۇئان كاللىلىرىنى ئالماقچىدىم! ئارتۇق گەپ قىلمىسىلا! — دېدى گۇەن يۈي دەرغەزەپ بولۇپ ۋە شۇئان ئەتراپتىكىلەرگە قوغلاتقۇزدى، قېچىپ كەلگەن جوگې جىن ۋۇ بېگى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى يوشۇرماستىن، راستى بىلەن دەپ بەردى. ناھايىتى غەزەپلەنگەن سۇن چۈەن:

— نېمىشقا مۇنچىۋالا نازاكەتسىزلىك قىلىدۇ، — دېدى - دە، شۇئان جاڭ جاۋ قاتارلىق قەلەمدار - ئەلەمدار بەگلەرنى جىڭجۇنى ئېلىش ھەققىدىكى كېڭەشكە چاقىردى. بۇ جى:

— ساۋ ساۋ ئۆزۈندىن بېرى خەن تەخ 䭘نى تارتىۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، لىيۇ بېيدىن تەپ تارتقانىدى؛ ھازىر ئەلچى ئەۋەتىپ ۋۇلىقلارنى شۇلىقلارنى يوقىتىشقا يۈرۈش قىلىشقا دەۋەت قىلىشى، بالا - قازانى ۋۇلىقلار ئۈستىگە دۆڭگەشتىن ئىبارەتتۇر، — دېدى.

— جىڭجۇنى ئۆزۈندىن بېرى ئېلىش نىيىتىدە ئىدىم، —

دېدى سۈن چۈەن.

— ھازىر ساۋ رېن لەشكەر بىلەن شياڭياڭ، فەنچېڭلەرگە ئورۇنلاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چاڭجياڭ توسۇقىمۇ يوق، قۇرۇقلۇق يولى بىلەنلا جىڭجۇنى ئېلىش مۇمكىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ئالماي، نېمە ئۈچۈن پاسىبان جانابلىرىنى لەشكىرىي يۈرۈش قىلىشقا ئۈندەيدۇ؟ مانا مۇشۇنىڭدىنمۇ ئۇنىڭ غەرىزىنى بىلگىلى بولىدۇ. جانابىي پاسىبانىم، ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن پايتەختە شۈيچاڭغا ئەلچى ئەۋەتسىلە. ئالدىن قۇرۇقلۇق يولى بىلەن جىڭجۇنى ئېلىش ئۈچۈن، يۈرۈش قىلىش ھەققىدە ساۋ رېنغا بۇيرۇق چۈشۈرسۇن، شۇنداقتا گۈەن يۈي ئەلۋەتتە جىڭجۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، فەنچېڭنى ئېلىشقا چىقىدۇ. ئەگەر گۈەن يۈي ھەرىكەت قىلىدىكەن، جانابلىرى جىڭجۇنى يوشۇرۇن ئېلىش ئۈچۈن، بىر پالۋان ئەۋەتىدىغان بولسىلا، بىردىنلا ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى بۇ جى.

سۈن چۈەن مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ، دەرھال ئەلچى ماڭدۇردى، ئەلچى دەريادىن ئۆتۈپ ساۋ ساۋغا مەكتۇپنى تەقدىم قىلىپ، ۋەقەنى بايان قىلدى. ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئاۋۋال ئەلچىنى قايتۇردى، شۇئان ساۋ رېنغا ھەمدەم بولۇپ، لەشكىرىي يۈرۈشكە كېڭەش بېرىش ئۈچۈن مەن چۇڭنى مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەپ، فەنچېڭگە يولغا سالدى؛ ئاندىن جىڭجۇنى ئېلىشقا سۇ يولى بىلەن ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن كۈنچىقىش ۋۇغا ئۇقتۇرۇش ئەۋەتتى.

خەنجۇڭ پادىشاھى ليۇ بېي ۋېي يەننى لەشكەرگە باش بۇغ قىلىپ، كۈنچىقىش سىچۈەننى ساقلاشقا بۇيرۇدى، ئۆزى بەگلەرنى ئېلىپ چېڭدۇغا قايتتى. بەگلەر تەيىنلەپ ئوردا - سارايلارنى، يەنە چېڭدۇدىن بەيشۈيگە قەدەر جەمئىي تۆت يۈزنەچچە ئورۇنغا ھۆكۈمەت قونالغۇلىرى، يەمخانىلىرى سالدۇردى. كەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆردە ئۇزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلەر توپلىنىپ، نۇرغۇن ياراغ ـ جابدۇقلار ياسىتىپ، جۇڭيۇەننى ئېلىشقا ھازىرلىق كۆردى.

شۇ ئايغاقچىلىرى ساق ساۋنىڭ كۆنچىقىش ۋۇ بىلەن بىرلىشىپ، جىڭجۇنى ئالماقچى بولغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. خەنجۇڭ پادىشاھى دەرھال جۇگې لياڭنى چاقىرىپ كېڭەشتى. جۇگې لياڭ:

— ساق ساۋنىڭ چوقۇم مۇشۇنداق قىلىشىنى ئويلىغانىدىم. بىراق كۆنچىقىش ۋۇدا مەسلىھەتچىلەر ناھايىتى كۆپ، ئەلۋەتتە ساق ساۋغا ئالدى بىلەن ساق رىننى يۇرۇش قىلغۇزىدۇ، — دېدى.

— مۇنداق بولىدىغان بولسا، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ — دەپ سورىدى خەنجۇڭ پادىشاھى.

— ئەلچى ئەۋەتىپ فەنچېڭنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يۇرۇش قىلىش ھەققىدە گۇەن يۈيگە بۇيرۇق بېرەيلى، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋېتىدىغان بولساق، ئۆز ـ ئۆزىدىن تارمار بولىدۇ، — دېدى جۇگې لياڭ.

خەنجۇڭ پادىشاھى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، تۇرشاۋۇل قىسمىنىڭ چېرىكبېگى فېي شىنى بۇيرۇق بىلەن جىڭجۇغا ماڭدۇردى. گۇەن يۈي ئىستىقبالغا چىقىپ، شەھەرگە باشلاپ كىردى، مەھكىمىگە كېلىپ، سالام ـ سەھەت رەسمىيەتلىرى ئادا ئېتىلگەندىن كېيىن، گۇەن يۈي:

— خەنجۇڭ پادىشاھى ماڭا قانداق ئۇنۋان بەلگىلىدى؟ — دەپ سورىدى.

— «بەش يولۋاس پالۋان» نىڭ بىرىنچىسى، — دېدى فېي شى.

— «بەش يولۋاس پالۋان» كىملەر؟

— گۇەن يۈي، جاڭ فېي، جاۋ يۈن، ما چاۋ، خۇاڭ جۇڭلار.

— جاڭ فېي مېنىڭ ئىنىم بولىدۇ؛ ما چاۋ ئەجدادىدىن بېرى مەشھۇر ئائىلىنىڭ پەرزەنتى، جاۋ يۈن ئۆزۈندىن بېرى ئاغامنىڭ خىزمىتىدە، ئۇمۇ مېنىڭ ئىنىم، ئورنى مېنىڭ بىلەن بىرقاتاردا تۇرسا بولىدۇ. مېنىڭ بىلەن بىرقاتاردا تۇرىدىغان خۇاڭ جۇڭ نېمىتى! مەردۇ ئەزىمەت قېرى نۆكەر بىلەن بىر قاتاردا تۇرامدىكەن! — دېدى دەرغەزەپ بولغان گۇەن يۈي تامغىنى تاپشۇرۇۋالغىلى ئۇنىماي.

— سەركەردە، يېڭىلىشىۋاتىسىلا، — دېدى كۇلۇپ فېي شى، — ئۆتمۈشتە شياۋ خې، ساۋ سەنلەر باش خان ليۇ باڭ بىلەن ئۇلۇغ ئىشقا بىللە كىرىشكەنلەر بولۇپ، كۆڭۈللىرى ناھايىتى يېقىن ئىدى، ھالبۇكى خەن شىن مۇنقەرز بولغان چۇ بەگلىكىنىڭ پالۋانى بولسىمۇ، كېيىن پادىشاھلىقتا كۆتۈرۈلۈپ ئورنى شياۋ خې، ساۋ سەنلەردىن ئۈستۈن بولدى، لېكىن شياۋ خې، ساۋ سەنلەرنىڭ نارازى بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغاندۇق. بۈگۈن خەنجۇڭ پادىشاھى گەرچە «بەش يولۋاس پالۋان» ئۇنۋانى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، سىلى بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇپ، بىر ۋۇجۇد دەپ قارايدۇ. سىلى خەنجۇڭ پادىشاھى، خەنجۇڭ پادىشاھى سىلى، قانداق قىلىپ باشقىلار بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان بولىدىلا؟ بالا - قازانىمۇ، بەخت - سائادەتنىمۇ تەڭ كۆرۈشلىرى، مەنسەپ - ئۇنۋاننىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماسلىقلىرى لازىم. سەركەردىنىڭ ئوبدان مۇھاكىمە قىلىشلىرىنى سورايمەن.

— چۈشەنمەپتىمەن، جانابلىرى تەربىيە بەرمىگەن بولسىلا، ئۇلۇغ ئىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزگىلى تاس قاپتىمەن، — دېدى گۇەن يۈي، ئاندىن باش قويۇپ تۇرۇپ، تامغىنى تاپشۇرۇۋالدى.

فېي شى ئاندىن پادىشاھنىڭ گۇەن يۈينى فەنچېڭغا يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇغان پەرمانىنى چىقىرىپ تاپشۇردى. پەرمان ئالغان گۇەن يۈي شۇئان فۇ شىرېن بىلەن مى فاڭنى تۇرشاۋۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسىملار بىلەن ئاۋۋال جىڭجۇ شەھىرىنىڭ تېشىغا ئورۇنلىشىشقا بۇيرۇدى؛ ئاندىن شەھەردە قېپ قالغان قېپ قالغان شى شەرىپىگە مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزۈلدى. ئەلياتقۇ ۋاقتىغا قەدەر شارابخورلۇق قىلىشىپ ئولتۇرۇشتى. تۇيۇقسىزلا شەھەر سىرتىدىكى قارارگاھتىن يانغىن چىقىپ كەتتى دەپ مەلۇمات كەلدى. گۇەن يۈي دەرھال جابدۇنۇپ ئاتلاندى. شەھەردىن چىقىپ قارىسا، فۇ شىرېن، مى فاڭلارنىڭ ئىچكىۋازلىقى تۈپەيلى، چېدىر ـ بارگاھنىڭ ئارقىسىغا ئوت كېتىپ، ئوتلۇق توپلارغا تۇتىشىپ كېتىپ، پۈتكۈل قارارگاھنى بىسەرەمجان قىلىپ تاشلاپتۇ، قورال ـ جابدۇق، تەمىنات، يەم ـ خەشەكلەرنىڭ ھەممىسى كۆيۈپتۇ. گۇەن يۈي لەشكەر بىلەن ئوت ئۆچۈرۈشكە كىرىشتى. باش توخۇ بولغاندا ئوتنى ئاران ئۆچۈرۈۋالدى.

گۇەن يۈي شەھەرگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، فۇ شىرېن، مى فاڭلارنى چاقىرتىپ:

— ئىككىڭلارنى تۇرشاۋۇل قىسىم بىلەن مېڭىشقا بۇيرۇق بەرسەم، تېخى يۈرۈشكە چىقماستىنلا، نۇرغۇن ياراغ ـ جابدۇقلار، ئوزۇق ـ تۈلۈك، يەم ـ خەشەكلەر كۆيۈپ تۈگەشتى، توپقا ئوت تۇتىشىپ ئۆز ئادەملىرىمىز زەخىم ـ زەخمەت يېتىپ ئۆلدى! ئىشىمىزغا مۇنداق زەرەر يەتكۈزگەن ئىككىڭلارنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دەپ كايىدى ـ دە، ئاچچىقىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

— يۈرۈشكە چىقماي تۇرۇپ، ئالدى بىلەن ئۆز پالۋانلىرىمىزنى ئۆلتۈرسەك، لەشكىرىمىزگە پايدىلىق بولمايدۇ. ۋاقتىنچە گۇناھىنى كەچۈرەيلى، — دەپ تىلىدى قېپ شى.

— قېپ شى جىرىكىپىگىنىڭ خاتىرىسىنى قىلمىسام، چوقۇم ئىككىڭلارنىڭ كاللىسىنى ئالاتتىم! — دېدى غەزىپى يانمىغان گۇەن يۈي تۇۋلاپ تۇرۇپ. نۆكەرلىرىگە ھەربىرىگە 40 كالتەكتىن ئۇرغۇزدى ـ دە، تۇرشاۋۇللۇق تامغىسىنى تارتىۋالدى. جازا ئورنىدا مى فاڭنى نەنجۈننى ساقلاشقا، فۇ

شىرىنىنى گۆڭئەننى ساقلاشقا بۇيرۇدى؛ يەنە:

— زەپەر قازىنىپ قايتقىنىمدا سىلەردە سەلغىنە خاتالىق كۆرۈلسە، ئىككى گۇناھ ئۈچۈن بىرگە جازالايمەن! — دېدى.

ئىككىيلەن خىجالەتچىلىكتە خوش - خوش دەپ چىقىپ كەتتى.

گوەن يۈي لياۋ خۇانى تۇرشاۋۇل قىلىپ، گوەن پىڭنى قولدىشى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۆزى بارگاھ لەشكىرىنى باشلاپ ما لياڭ، يى جىلەرنى مەسلىھەتچى قىلىپ يۈرۈشكە چىقماق بولدى. مۇنىڭدىن سەلغىنە بۇرۇن خۇ خۇانىڭ ئوغلى خۇ بەن جىڭجۇغا كېلىپ، گوەن يۈيگە ئەل بولغانىدى؛ ئۆتمۈشتە قىلغان خالاسكارلىق ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، گوەن يۈي ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆردى. خەنجۇڭ پادىشاھى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن، فېي شى بىلەن بىرگە كۇنپېتىش سىچۇەنگە كىرىشكە بۇيرۇدى. فېي شى بىلەن ۋىدالىشىپ، خۇ بەننى ئېلىپ چېگدۇغا قايتتى.

گوەن يۈي بۇ كۈنى تۇغ قۇربانلىقى ئۆتكۈزۈپ، يېشىنمەستىنلا چېدىر - بارگاھتا ئۇخلاپ قالدى. تۇيۇقسىزلا كالىدەك يوغان قارا توڭگۇز چېدىر - بارگاھقا چېپىپ كىرگەن پېتى گوەن يۈينىڭ پۇتىنى چىشلىدى، غەزەپلەنگەن گوەن يۈي شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ چېپىۋىدى، چوشقا چىرقىراپ كەتتى. گوەن يۈي شۇ زامات چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. بۇ بىر چۈش ئىدى، ئويغانغان ۋاقتىدا، سول پۇتىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىگە زور گۇمان چۈشتى - دە، گوەن پىڭنى چاقىرىپ چۈشىنى دەپ بەردى.

— چوشقىدىمۇ ئەجدىھالىق ئالامىتى بار. ئەجدىھانىڭ پۇتقا يېقىنلاشقانلىقى — ئۆرلەش، كۆتۈرۈلۈشنى بىلدۈرىدۇ، گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى گوەن پىڭ.

گوەن يۈي ئەمەلدارلارنى چېدىرغا يىغىپ چۈشىنى دەپ

بەردى. كۆپچىلىكنىڭ تەبىرى بىردەك بولمىدى، ياخشىلىق ئالامىتى دېگۈچىلەر بولغىنىدەك، شۇملۇق ئالامىتى دەپ تەبىر بەرگۈچىلەرمۇ بولدى. گوۋەن يۈي:

— مەن بولسام بىر مەردۇ ئەزىمەتمەن. يېشىم 60 قا يېقىنلىشىپ قالدى، ئۆلسەم نېمە ئارمان! — دەپ تۇرۇۋشىغا، چېگىدۇدىن ئەلچى كېلىپ گوۋەن يۈيىنىڭ تۇرشاۋۇل سەركەردىلىككە تەيىنلەنگەنلىكى ۋە جىڭ، شياڭ توققۇز ۋىلايەتكە باش ۋالىي بولغانلىقى ھەققىدىكى پەرمانىنى تاپشۇردى. گوۋەن يۈي پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالدى. بەگلەر باش قويۇپ:

— بۇنىڭدىن چوشقا بىلەن ئەجدىھانىڭ ياخشىلىق ئالامىتى ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرگىلى بولىدۇ، — دەپ قۇتلۇقلىدى. شۇنداق قىلىپ گوۋەن يۈي گۇماندىن پۈتۈنلەي خالاس بولۇپ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شياڭياڭ يولىغا راۋان بولدى.

شەھەردە تۇرغان ساۋ رېن بىردىنلا شەخسەن گوۋەن يۈيىنىڭ لەشكەر باشلاپ كەلگەنلىك ھەققىدىكى مەلۇماتىنى ئالدى - دە، ناھايىتى چۆچۈپ، مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرماقچى بولدى. ياردەمچى پالۋانلاردىن زەي يۈەن:

— ھالا ۋېي پادىشاھى ئالەم جانابلىرىنى كۈنچىقىش ۋۇلىقلار بىلەن بىرلىكتە جىڭجۇنى ئېلىشقا بۇيرۇق بەرگەنىدى، بۇگۈن ئۇ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ كەپتۇ، نېمىشقا جەڭگە چىقمايمىز؟ — دېدى.

— گوۋەن يۈيىنىڭ ئەزەلدىن قەھرىمان ھەم تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ياۋنى سەل چاغلىمايلى. ياخشىسى مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرغىنىمىز تۈزۈك، — دەپ مەسلىھەت بەردى مەسلىھەتچى مەن چوڭ.

— بۇ موللامچە سۆز. «سەل كەلسە توپا بىلەن توسۇش كېرەك، پالۋان كەلسە لەشكەر بىلەن» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىلا؟ لەشكىرىمىز تولۇق دەم ئالغان، ياۋ چارچاپ كەلگەن تۇرسا،

تېگىش قىلىدىغانلا بولسا، زەپەر قازىنىشى مۇمكىن، — دېدى جەسۇر پالۋان شىيا خۇسۇن.

بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلغان ساۋ رېن فەنچېڭنى ساقلاشقا مەن چۇڭنى قالدۇردى ـ دە، ئۆزى گۇەن يۈيگە قارشى لەشكەر تارتىپ چىقتى.

ساۋ رېن لەشكىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان گۇەن يۈي گۇەن پىڭ، لياۋ خۇا ئىككى پالۋاننى چاقىرىپ، تاپشۇرۇق بېرىپ يولغا سالدى. ئۇلار ساۋ رېن لەشكىرىگە مۇقابىل كېلىپ سەپراس بولۇپ تۇرۇشتى. لياۋ خۇا مەيدانغا چىقىپ قارشى تەرەپنى جەڭگە ئۈندىدى، زەي يۈەن قارشى چىقتى. ئىككى پالۋان بىر پەس ئېلىشىپلا، لياۋ خۇا يېڭىلگەندەك قاچتى، زەي يۈەن ئارقىدىن قوغلاپ ماڭدى، جىڭجۇ لەشكىرى يىگىرمە نەچچە چاقىرىم چېكىنىدى. ئىككىنچى كۈنى يەنە كېلىپ، ساۋ رېننى جەڭگە ئۈندىدى. شىيا خۇسۇن، زەي يۈەن بىرلىكتە قارشى چىقتى، جىڭجۇ لەشكىرى يەنە يېڭىلىپ قاچتى، شىيا خۇسۇنلار يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ قىرغىن قىلىشۇېتىپ كېلىشىۋىدى، بىردىنلا ئارقىدىن كۆتۈرۈلگەن چۇقان ئاۋازى بىلەن تەڭ ناغرا ـ بۇرغىلار ئاۋازى ئاڭلاندى. ساۋ رېن تۇرشاۋۇل قىسمىنى تېز چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى، ئارقىدىن گۇەن پىڭ، لياۋ خۇالار قىرغىن قىلىپ كەلگەچكە، ساۋ رېن لەشكىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. تۇزاققا چۈشكەنلىكىنى بىلگەن ساۋ رېن ئالدى بىلەن بىر توپ لەشكەر بىلەن شياڭياڭغا چاپتى. شەھەرگە بىرنەچچە چاقىرىم يول قالغاندا، ئالدىدا كەشتىلىك ئەلەم كۆرۈندى. قىلىچىنى توغرىسىغا تۇتقان گۇەن يۈي ئېتىنى توختىتىپ، يولنى توسۇۋالدى. قورقۇپ يۈرىكى تىترىگەن ساۋ رېن ئېلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي، شياڭياڭنىڭ يان يولىغا قاراپ قاچتى، گۇەن يۈي قوغلىمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي شىيا خۇسۇن لەشكەر بىلەن يېتىپ كەلدى، ئۇ گۇەن يۈينى كۆرگەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېيىن، گۆەن يۈي بىلەن ئېلىشتى. بىرلا رەددى بەدەلدە ئېلىشىپ گۆەن يۈي ئۇنى قىلىچلاپ تاشلىدى. زەي يۈەن قاچتى، گۆەن پىڭ ئۇنى قوغلاپ بېرىپ قىلىچلاپ تاشلىدى. ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئارقىسىدىن چاپ ـ چاپ قىلىپ قوغلىدى، ساۋ رېن لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى شياڭجياڭ دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ غەرق بولدى. ساۋ رېن چېكىنىپ فەنچېڭنى ساقلاپ ياتتى.

شياڭياڭنى ئالغان گۆەن يۈي لەشكەرنى تارتۇقلىدى، ئاھالىدىن ھال سورىدى. چىرىكبېگى ۋاڭ فۇ:

— سەركەردە، بىر ھەملىدىلا شياڭياڭنى ئالدىلا، گەرچە ساۋ رېن لەشكەرلىرىنىڭ يۈرىكى تىترىگەن بولسىمۇ، كەمىنە ئاتتۇانلىرىنىڭ قارىشىمچە ھازىر كۆنچىقىش ۋۇلىق لۈي مېڭ لۇكۇغا لەشكەر ئورۇنلاشتۇردى. دائىم جىڭجۇنى يۇتۇش نىيىتى بار، مۇبادا جىڭجۇنى ئېلىش ئۈچۈن، لەشكەر باشلاپ كېلىپ قالسا، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— مەنمۇ مۇشۇ تەشۋىشتە ئىدىم، — دېدى گۆەن يۈي، — سىلى بۇ ئىشنى ئۈستىلىرىگە ئالۇرلار، بېرىپ دەريانىڭ ئاستى ـ ئۈستى ئېقىمىنى بويلاپ، 20 ياكى 30 چاقىرىم ئارىلىقتا بىردىن ئېگىز ئورۇننى تاللاپ، بەلگە ئوتى يېقىلىدىغان تۇرسالدۇرسىلا، ھەربىر تۇرنى 50 نۆكەر ساقلىسۇن. ئەگەر ۋۇ لەشكەرلىرى دەريادىن ئۆتىدىكەن، كېچىسى ئوت يېقىپ، كۈندۈزى ئىس بىلەن بەلگە بەرسۇن. شەخسەن ئۇلارغا زەربە بېرىشكە بارىمەن.

— ئىككى مۇھىم ئورۇننى مى فاڭ، فۇ شىرېنلار قوغداپ قېلىشۋاتىدۇ. دېگەندەك كۈچ چىقارماسمىكىن؛ ئومۇمەن جىڭجۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا يەنە بىر ئادەم بولۇشى زۆرۈر، — دېدى ۋاڭ فۇ.

— قولداش ئايماقبېگى پەن جۈننى ساقلاشقا قويدۇم، نېمىدىن ئەندىشە قىلاتتىم؟ — دېدى گۆەن يۈي.

— پەن جۇن، — دېدى ۋاڭ فۇ، — تولىمۇ ھەسەتخور ۋە مەنپەئەتپەرەس ئادەم، ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. لەشكەر ئالدىدىكى تەمىناتىېگى جاۋ لېينى ئۇنىڭ ئورنىغا ئەۋەتىش كېرەك. جاۋ لېي سادىق، كەمتەر، ئادىل ئادەم، ئەگەر بۇ كىشى ئىشلىتىلىدىغان بولسا، ھېچبىر زىيان - زەخمەت تەگمەيدۇ.

— ئەزەلدىن پەن جۇننىڭ ئادىمىيتىنى بىلمەن، ھازىر بەلگىلەپ قويدۇم. ئۆزگەرتىشنىڭ ھاجىتى يوق. جاۋ لېي ھازىر تەمىنات يەم - خەشەكلەرنى باشقۇرۇۋاتىدۇ، يۇمۇ مۇھىم ئىش، سىلى كۆپ گۇمان قىلمىسىلا، پەقەت تۇرلارنى ياسىتۇرلەر، — دېدى گۇەن يۈي.

ۋاڭ فۇ مەيۈس ھالدا باش قويۇپ تۇرۇپ خوشلىشىپ، يولغا راۋان بولدى. گۇەن يۈي شياڭجياڭدىن ئۆتۈپ، فەنچېڭگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن كېمىلەر ھازىرلاش ھەققىدە گۇەن پىڭغا بۇيرۇق بەردى.

ئىككى پالۋاننى چىقىم بەرگەن ساۋ رېن چېكىنىپ فەنچېڭنى ساقلىدى ۋە مەن چۇڭغا:

— جانابلىرىنىڭ سۆزىگە كىرمەي، لەشكىرىمىز يېڭىلىپ قالدى، پالۋانلىرىمىز ھالاك بولدى، شياڭياڭ قولدىن كەتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى.

— گۇەن يۈي پالۋانى زەبەردەس، ناھايىتى پاراسەتلىك، كۆپ تەدبىرلىكتۇر، ياۋنى سەل چاغلىماسلىق كېرەك، پەقەت مۇستەھكەم مۇداپىئەدىلا تۇرغىنىمىز تۈزۈك، — دەپ مەسلىھەت بەردى مەن چۇڭ.

خادىملار گۇەن يۈي دەريادىن ئۆتۈپ فەنچېڭگە تېگىش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ دەپ خەۋەر ئېلىپ كىرىشتى. ساۋ رېن ناھايىتى چۆچۈپ كەتتى، مەن چۇڭ:

— مۇستەھكەم مۇداپىئەدىلا تۇرۇش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— ياۋنى شياڭجياڭدىلا تونۇش ئۈچۈن بىرنەچچە مىڭ لەشكەر سورايمەن، — دېدى غەيرىتى جۇش ئۇرغان ياردەمچى پالۋان لۈي چاڭ.

— بولمايدۇ، — دەپ نەسىھەت قىلدى مەن چۇڭ.

— سىلىگە ئوخشىغان قەلەمدار بەگلەرنىڭ سۆزىگە ئاساسلىنىپ، مۇستەھكەم مۇداپىئەدىلا تۇرىدىغان بولساق، ياۋنى قانداق چېكىندۈرگىلى بولىدۇ؟ لەشكىرىي ئىلمىدە: «لەشكەرلەرنىڭ تېخى دەريادىن ئۆتكەندە تېگىش قىلىش كېرەك» دېگەن ئىبارىلەرنى كۆرمىگەنمىدىلە؟ بۇگۈن گۇەن يۈي لەشكىرىنىڭ تېخى دەريادىن ئۆتكەن ۋاقتىدا نېمىشقا تېگىش قىلمايمىز؟ ئەگەر ياۋلار شەھەرنىڭ يېنى، خەندەكنىڭ ياقىسىغا كېلىپ قالىدىكەن، قارشى تۇرۇش ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالىدۇ، — دېدى لۈي چاڭ غەزەپ بىلەن.

ساۋ رېن 2000 لەشكەر بېرىپ، لۈي چاڭنى شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى. لۈي چاڭ دەريانىڭ كېچىككىگە كەلگەندە، كەشتىلىك تۇغنىڭ ئاستىدا قىلىچىنى توغرىسىغا قويۇپ ئاتلىنىپ چىققان گۇەن يۈينى كۆردى. لۈي چاڭ ئەمدىلا ئېتىلماق بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئارقىسىدىكى لەشكەرلىرى گۇەن يۈينىڭ ھەيۋەت ـ سالاپىتىنى كۆرۈپ، جەڭ قىلماستىنلا ئالدىن قېچىشقا باشلىدى، لۈي چاڭ توۋلاپمۇ توختىتالمىدى، چاپ ـ چاپ قىلىپ كەلگەن گۇەن يۈي قىرغىن قىلغاچقا، ساۋ رېن لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى، ئاتلىق، پىيادە لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى چىقىم بولدى. يېڭىلىپ ئېشىپ قالغان لەشكەر قېچىپ فەنچېڭگە كىرىۋالدى، ساۋ رېن جىددىي ھەمدەم سوراپ كىشى ماڭدۇردى. كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ چاڭئەنگە كەلگەن ئەلچى مەكتۇپنى ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلدى ۋە:

— گۇەن يۈي شياڭياڭنى ئالدى، ھازىر فەنچېڭ جىددىي خەۋپ ئاستىدا قالدى؛ چوڭ پالۋانلار ئەۋەتىپ ھەمدەملىك

بېرىشلىرى ئۈمىد قىلىنىدۇ، — دېدى.

ساۋ ساۋ قاتاردىكىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سىز بېرىپ فەنچېڭنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزغايسىز! — دېدى.

بۇ ئادەم دەرھال قوبۇل قىلىپ، ئوتتۇرىغا چىقتى. كۆپچىلىك قارىسا، يۈي جىن ئىكەن. يۈي جىن:

— تۇرشاۋۇللۇققا بىر پالۋان تەلەپ قىلىمەن. لەشكەر باشلاپ بىللە بارسۇن! — دېدى ئىلتىماس قىلىپ.

— تۇرشاۋۇل قىسىم بولۇپ كىم بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ كۆپچىلىكتىن.

— مەن كۈچۈمنىڭ بارىچە خىزمەت قىلىپ، گۆەن يۈينى تىرىك تۇتۇپ، ھۇزۇرلىرىغا تەقدىم قىلىشنى ئىزدەيمەن، — دېدى بىراۋ غەيرەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ.

ساۋ ساۋ نەزەر سېلىپ ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ كەتتى. دەرھەقىقەت:

*كونچىقىش ۋۇلۇق ئەجەبمۇ كۈتتى پۇرسەتنى،*
*يۇقىرى ۋىيلىق كۆپەيتتى ئاز دەپ لەشكەرنى.*

بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# يەتمىش تۆتىنچى باب

## پاك دىنىنىڭ گۈەنسەي ئالغاچ كېلىپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغانلىقى
## گۈەن يۈيىنىڭ يەتتە قوشۇننى سۇغا باستۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، ساۋ ساۋ فەنچېڭنىڭ خالاسى ئۈچۈن يۈي جىننى ئەۋەتمەكچى بولۇپ، پالۋانلاردىن كىم تۇرشاۋۇل بولۇپ بارىدۇ، دەپ سورىۋىدى؛ بىراۋ دەرھال، مەن باراي، دەپ جاۋاب بەردى. ساۋ ساۋ قارىسا پاك دې ئىكەن. ناھايىتى خۇشال بولغان ساۋ ساۋ:

— ھەيۋىتى ئەلنى لەرزىگە كەلتۈرگەن گۈەن يۈي ھېچقانداق مۇخالىپ تەڭ كېلەلمىگەنىدى. ئەمدى ھەقىقىي تەڭدىشى پاك دېگە يولۇقىدىغان بولدى، — دېدى - دە، شۇئان يۈي جىننى تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈش قىلىش سەركەردىلىككە، پاك دىنى كۈنپېتىشقا يۈرۈش قىلىش باش تۇرشاۋۇللۇققا كۆتۈرۈپ، يەتتە قوشۇن بىلەن فەنچېڭگە يۈرۈشكە تەيىن قىلدى. بۇ يەتتە قوشۇن يۇقىرىنىڭ زەبەردەس يىگىتلىرىدىن تەركىب تاپقانىدى. دۇڭ خېڭ بىلەن دۇڭ جاۋ لەشكەر تارتقۇچى سەركەردىلەر ئىدى. شۇ كۈنى بۇلار باشلىقلارنى ئېلىپ، يۈي جىن بىلەن كۆرۈشتى. دۇڭ خېڭ:

— سەركەردە! بۇگۈن يەتتە مۇھىم قوشۇن بىلەن فەنچېڭنى خەۋپتىن خالاس قىلغىلى بارىدىلا، ئەلۋەتتە زەپەر قازىنىمىز؛

پاك دىنى تۇرشاۋۇل قىلىنغان بولساق، ئىشىمىزغا تەسىر يەتمەمدۇ؟ — دېدى.

يۈي جىن ھەيران بولۇپ، سەۋەبىنى سورىۋىدى، دۇك خېك:

— پاك دي ئەسلىدە ما چاۋنىڭ قول ئاستىدىكى قولداش سەركەردىلەر ئىدى. نائىلاج قېلىپ ۋېيگە ئەل بولغان؛ ھالا سابىق پاسىبان چېگدۇلۇقلارنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، مەرتىۋىسى «بەش يۈلتۈز پالۋان»لار قاتارىدىدۇر؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر تۇغقان ئاكىسى پاك زۇمۇ كۇنپېتىش سىچۇەندە بەگ بولۇپ ئۆتتۈۋاتىدۇ. بۈگۈن ئۇنى تۇرشاۋۇل قىلىش دېگەن سۆز، ئوتقا ياغ چېچىشتىن ئىبارەتتۇر. سەركەردە، نېمىشقا ۋېي پادىشاھىنىڭ سەمىگە سېلىپ، باشقا بىر ئادەم يەتكۈزۈشلەپ ئالمايدىلا؟ — دېدى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يۈي جىن دەرھال كېچىلەپ سارايغا كىرىپ ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى. چۈشەنگەن ساۋ ساۋ شۇئان پاك دىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، تۇرشاۋۇللۇق تامغىسىنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى بۇيرۇدى. ئىنتايىن ھەيران بولغان پاك دي:

— مەن ئەمدى ئۇلۇغ پادىشاھقا ئەجىر كۆرسىتەمەن دەۋاتسام، نېمە سەۋەبتىن مېنى ئىشلەتمەيدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— مەن، — دېدى ساۋ ساۋ، — ئەسلىدە گۇمان قىلمايتتىم؛ بىراق ھازىر ما چاۋ ۋە ئاكىلىرى پاك زۇلار كۇنپېتىش سىچۇەندە بولۇپ، لىيۇ بېيغا خىزمەت قىلماقتا، مەن گۇمان قىلمىغان بىلەن كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى نەزەردە تۇتماي بولمايدۇ.

— خەنجۇڭدا ئۇلۇغ پادىشاھقا ئەل بولغاندىن ئېتىبارەن، — دېدى پاك دي دۇبۇلغىسىنى تاشلاپ، باش قويغان ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ، — دائىم چوڭ ئىلتىپاتلىرىغا سازاۋەر بولدۇم؛ بېشىم كەتسىمۇ جاۋابىنى قايتۇرالمايمەن. ئۇلۇغ پادىشاھ! نېمە ئۈچۈن كەمىنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاك دىلىرىدىن گۇمانلىنىدىلا؟ مەن يۇرتۇمدىكى ۋاقتىدا، ئاكام بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم؛ يەڭگەم قاملاشمىغان خوتۇن بولغاچقا، مەستلىككە سېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدىم؛ ئاكام خاپا بولۇپ، مېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەسكە ئانت ئىچىۋەتتى. ئوتتۇرىمىزدىكى رابىتە ئۈزۈلدى. سابىق پاسبانىم ما چاۋ پالۋان بولغان بىلەن تەدبىرسىز بولغاچقا، يېڭىلىپ يەر ـ زېمىنلىرىدىن ئايرىلدى، تەنھا كۈنپېتىش سېچۇەنگە كەتتى. بۈگۈن ئۇياقمۇ ئۆز پاسبانىغا، مەن پاك دېمۇ ئۆز پاسبانىمغا ئىشلەۋاتىمىز، كونا مۇناسىۋىتىمىز ئۈزۈلدى. ئۇلۇغ پادىشاھىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇپ تۇرۇۋېلىق، مېنىڭدە قانداقمۇ ئۆزگىچە نىيەت بولسۇن؟ ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن.

ساۋ ساۋ پاك دېنى يۆلەپ قوپارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەسەللى ـ خاتىرە بېرىپ:

— مەن ئەزەلدىن سىلى ۋەزىرىمنىڭ سادىق، ۋىجدانلىق ئىكەنلىكلىرىنى بىلەتتىم، بايىقى سۆزلىرىم كۆپچىلىكنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئىدى. تىرىشىپ خىزمەت كۆرسەتسىلە، سىلى ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىسىلا، مەن ھەم سىلىگە ھەرگىز ۋاپاسىزلىق قىلمايمەن، — دېدى.

پاك دې باش ئۇرۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، ئۆيىگە قايتتى ۋە ياغاچچىغا بىر گۈەنسەي ياساتتى، ئىككىنچى كۈنى گۈەنسەينى دىۋانغا قويغۇزۇپ، بار ـ بۇرادەرلىرىنى مەرىكە ـ سورۇنغا چاقىردى. ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارلىرى كۆرۈپ ھەيران ـ سەيران بولۇشۇپ:

— سەركەردە لەشكەرلىرى يۈرۈشكە چىقىدىغان ۋاقىتلىرىدا، بۇ شۇم ئالامەتلىك نەرسىنى نېمە قىلاتتىلا؟ — دەپ سوراشتى.

— مەن ۋېي پادىشاھىنىڭ زور ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغىنىم

ئۈچۈن، ئۆلگۈچە خىزمەت قىلىپ جاۋاب قايتۇرۇشقا ئانت ئىچتىم. ھالا گۈەن يۈي بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئۈچۈن، فەنچېڭغا كېتىۋاتىمەن، ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرەلمەيدىكەنمەن، چوقۇم ئۇ مېنى ئۆلتۈرىدۇ؛ ئۇ مېنى ئۆلتۈرمىگەن ھالەتتىمۇ، مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىمەن؛ شۇڭا قۇرۇق قايتىپ كەلمەسلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇ گۈەنسەينى ياساتتىم، — دېدى پاڭ دې يار ـ دوستلىرىغا قەدەھ تۇتۇپ.

ھەممە ھەسرەت چېكىشتى. پاڭ دې رەپىقىسى لى شى، ئوغلى پاڭ خۈينى چاقىرتىپ چىقىپ، خوتۇنىغا:

— مەن بۇگۈن تۇرشاۋۇل بولدۇم، ھالال خىزمەت قىلىش ئۈچۈن جەڭ مەيدانىدا ئۆلۈشۈم كېرەك. ئەگەر مەن ئۆلسەم ئوغلۇمنى ياخشى تەربىيە قىلىۇرسىز. ئوغلۇمنىڭ قىياپىتى غەلىتە، چوڭ بولغاندا چوقۇم مېنىڭ قىساسىمنى ئالىدۇ، — دېدى. لى شى قاتتىق يىغلاپ ئۈزۈتىپ قالدى، پاڭ دې گۈەنسەينى كۆتۈرۈتۇپ ماڭدى. پاڭ دې يولغا چىقىش ئالدىدا پالۋانلىرىغا:

— ھازىر مەن گۈەن يۈي بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭى قىلىشقا كېتىۋاتىمەن، ئەگەر مېنى گۈەن يۈي ئۆلتۈرۈۋەتسە، سىلەر دەرھال جەسىتىمنى ئېلىپ مۇشۇ گۈەنسەيگە سېلىڭلار؛ مۇبادا مەن گۈەن يۈينى ئۆلتۈرسەم، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ مۇشۇ گۈەنسەيگە سالىمەن ـ دە، قايتىپ كەلگەندە ۋېي پادىشاھىغا تەقدىم قىلىمەن، — دېدى.

— سەركەردە سىلى مۇنداق ساداقەتلىك، پىداكارلىق قىلىۋاتسىلا، بىز كۈچىمىزنىڭ بارىچە ياردەم بەرمەي تۇرالايمىزمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى 500 نەپەر يىگىتنىڭ ھەممىسى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ لەشكەرنى باشلاپ يولغا راۋان بولدى. بۇ

سۆزنى خادىملار ساۋ ساۋغا يەتكۈزدى. خۇشال بولغان ساۋ ساۋ:
— پاك دي مۇنداق ساداقەتلىك، پىداكارلىق قىلىۋاتسا، نېمىدىن غەم قىلاتتىم! — دېدى.
— پاك دي غەيرەتتىگە كېلىپ، گۇەن يۈي بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭى قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، مەن ئەندىشە قىلىپ قالدىم، — دېدى يۈي جىن.
ساۋ ساۋ بۇ سۆزنى مەقبۇل كۆرۈپ، دەرھال پاك دېغا: «گۇەن يۈي ھەم پاراسەت، ھەم پالۋانلىق بابىدا يېتىشكەن پالۋان، ئۇنى سەل چاغلاش مۇمكىن ئەمەس. ئېلىش مۇمكىن ئىكەن، ئېلىش كېرەك، مۇمكىن ئەمەسكەن، ئېھتىيات بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش لازىم» دەپ دىققەت قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.
— ئۇلۇغ پادىشاھ گۇەن يۈيگە نېمانچىۋالا ئەھمىيەت بېرىدۇ؟ مۇشۇ بېرىشىمدا گۇەن يۈينىڭ 30 يىللىق شۆھرىتىنى سۇندۇرۇپ تاشلايمەن، — دېدى بۇيرۇقنى ئاڭلاپ پالۋانلارغا پاك دي.
— ۋېي پادىشاھىنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلماي بولمايدۇ، — دېدى يۈي جىن.
غەيرىتى جۇش ئۇرغان پاك دي لەشكەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، فەنچېڭگە يېتىپ كەلدى، كۈچ - قۇدرىتىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن، تەبىل شادىيانە چالدۇردى.
گۇەن يۈي چېدىر - بارگاھتا ئولتۇراتتى. تۇساتتىن ئايغاقچىلار ئۇچقاندەك كىرىپ:
— ساۋ ساۋ يۈي جىننى يەتتە تارام تاللانغان قوشۇن بىلەن ئەۋەتىپتۇ. تورشاۋۇل قوشۇننى پاك دي باشلاپ كەپتۇ، ئۇ جۆيلۈپ، سەركەردە بىلەن جان تىكىپ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭى قىلىشقا ئانت ئىچىپتۇ، — دېدى. لەشكەر ئالدىدا كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىر گۈەنسەي بار ئىكەن. ئۇلار شەھەردىن 30

چاقىرىم يەرگە كېلىپ قالدى، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان گوۋەن يۈينىڭ بىردىنلا چىرايى ئۆزگىرىپ كەكە ساقىلى قىمىرلاپ كەتتى. ئۇ غەزەپلەنگەن هالدا:

— ئەلدىكى قەھرىمانلار نامىمنى ئاڭلىسا، بارلىقى قورقۇپ تەن بېرىدۇ. هارامزادە پاڭ دې، مېنى كۆزگە ئىلماسقا نېمە هەددىكەن؟! گوۋەن پىڭ! سىز بىر ياقتىن فەنچېڭگە تېگىش قىلىۋېرىڭ، مەن بېرىپ بۇ گادايىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆچۈمنى ئالاي! — دېدى.

— ئاتا! سىلىگە ئوخشىغان ئۇلۇغ زاتنىڭ بىر تەرسا بىلەن تەڭ بولمىقى چىرايلىق ئىش ئەمەس. سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا كەمىنە پەرزەنتلىرى بېرىپ پاڭ دې بىلەن جەڭ قىلاي، — دېدى گوۋەن پىڭ.

— ئەمىسە سىز بېرىپ سىناپ كۆرۈڭ، ئارقىڭىزدىن هەمدەمگە باراي، — دېدى گوۋەن يۈي.

چېدىر - بارگاھتىن چىققان گوۋەن پىڭ قىلىچىنى ئېلىپ ئاتلاندى - دە، پاڭ دېغا قارشى لەشكەر تارتتى. ئىككى تەرەپ سەپراس بولۇپ تۇردى. ۋېي قوشۇنىدا يوغان ئاق خەت بىلەن «نەنئەن پاڭ دې» دەپ يېزىلغان بىر قارا تۇغ كۆرۈندى. قارا تون، كۈمۈش رەڭ ساۋۇت كىيگەن پاڭ دې، پولات قىلىچ بىلەن ئاق ئاتقا مىنىپ، سەپ ئالدىدا تۇراتتى؛ ئارقىسىدا 500 نەپەر يىگىت ۋە گوۋەنسەي كۆتۈرگەن بىرنەچچە پىيادە لەشكەر كېلىۋاتاتتى. گوۋەن پىڭ:

— هەي! پاسىباندىن يۈز ئۆرۈگەن مۇناپىق! — دەپ تىللىدى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى ئادەملىرىدىن پاڭ دې.

— گوۋەن يۈينىڭ بېقىۋالغان ئوغلى گوۋەن پىڭ، — دېدى تونۇيدىغانلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن ۋىي پادىشاھىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئاتىڭىزنىڭ بېشىنى ئالغىلى كەلدىم! بىر سولتەك بالا ئىكەنسىز، سىزنى ئۆلتۈرمەيمەن! تېز ئاتىڭىزنى چاقىرىپ كېلىڭ! — دەپ تووۋلىدى پاڭ دې.

دەرغەزەپ بولغان گۇەن پىڭ قىلىچىنى ئوينىتىپ پاڭ دېغا ئېتىلدى. پاڭ دېمۇ قىلىچىنى توغرا تۇتۇپ قارشى چىقتى. 30 رەددى بەدەل ئېلىشىپ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى، ھەر ئىككى تەرەپ دەم ئالدى.

ئادەملەر بۇ ئەھۋالنى ئاللىقاچان گۇەن يۈيگە مەلۇم قىلدى. دەرغەزەپ بولغان گۇەن يۈي لياۋ خۋانى فەنچېڭگە تېگىش قىلىشقا بۇيرۇپ، شەخسەن ئۆزى پاڭ دېغا قارشى كەلدى ۋە قىلىچىنى توغرىسىغا تۇتۇپ ئاتلىنىپ چىقتى - دە:

— مانا مەن گۇەن يۈي كەلدىم. ئەي پاڭ دې! نېمىشقا بۇرۇنراق ئۆلگىلى كەلمەيسەن؟ — دەپ تووۋلىدى.

ناغرا ساداسى بىلەن تەڭ ئاتلىنىپ چىققان پاڭ دې:

— ۋېي پادىشاھىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئالاھىدە بېشىڭىزنى ئالغىلى كەلدىم! ئىشەنمەي قالمىسۇن دەپ، ئەنە گۇەنسەي ھازىرلىغاچ كەلدىم. ئەگەر ئۆلۈمدىن قورقسىڭىز، ئاتتىن بۇرۇنراق چۈشۈپ باش ئېگىڭ! — دېدى.

— ساڭا ئوخشىغان بىر گادايىنىڭ قولىدىن نېمە كەلمەكچىدى! ئەپسۇسكى، قارا ئەجدەر ناملىق قىلىچىم چاشقان مىسسالىك سەن ئوغرىغا ئىشلىتىلىدىغان بولدى! — دەپ تىللىدى گۇەن يۈي ۋە قىلىچىنى ئوينىتىپ پاڭ دېغا ئات سالدى. پاڭ دېمۇ قىلىچىنى ئوينىتىپ تاقابىل تۇردى. بۇلار يۈز نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشتى. ئىككى پالۋان بارغانسېرى غەيرەتلىنىپ كەتتى. جەڭنى كۆرگەن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرى ھاڭتاڭ بولۇپ قېتىپ قېلىشتى. پاڭ دېنىڭ شىكەستە يەپ قېلىشىدىن قورققان ۋېي لەشكىرى تەبىل بازىكەش چېلىپ لەشكەرنى

يىغىۋالدى. ئاتىسىنىڭ ياشانغىنىدىن ئەندىشە قىلغان گۆھەن پىگمۇ تېزلىكتە تەبىل بازىكەش چالدى. ھەر ئىككىلا پالۋان قايتتى.
لەشكەرگاھىغا قايتىپ كەلگەن پاك دې كۆپچىلىككە:
— ئادەملەر گۆھەن يۇيىنى قەھرىمان دېيىشەتتى. بۇگۈن ئىشەندىم، — دەپ تۇرۇشىغا، يۇي جىن كىلىپ قالدى. كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، يۇي جىن:
— سەركەردە! ئاڭلىسام گۆھەن يۇي بىلەن يۈز نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشىپ يېڭەلمەپتىلا، ئېمىشقا لەشكەرنى ھازىرچە چېكىندۈرۈپ، ئۆزلىرىنى چەتكە تارتمايلا؟ — دېدى.
— ۋېي پادىشاھى سىلىنى ئالىي سەركەردە قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئېمانچىۋالا ئاجىزلىق قىلدىلا، ئەتە گۆھەن يۇي بىلەن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم جېڭى قىلىمەن، زادىلا چېكىنمەيمەن، — دېدى پاك دې غەيرەت بىلەن، توسۇپ ئالالمىغان يۇي جىن قايتىپ كەتتى.
گۆھەن يۇيمۇ لەشكەرگاھىغا قايتىپ كېلىپ، گۆھەن پىڭغا:
— پاك دې قىلىچۋازلىقتا ناھايىتى ماھىر بولۇپ، مېنىڭ ھەقىقىي رەقىبىم ئىكەن، — دېدى.
— «يېڭى تۇغۇلغان موزاي يولۋاستىن قورقماس» دېگەن تەمسىل بار، — دېدى گۆھەن پىڭ، — ئاتا! سىلى بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرسىلە، نىھايەت كۇنېپتىش جانلىق بىر نۆكەرنى ئۆلتۈرگەن بولىدىلا. مۇبادا بىرەرتە كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا، تاغام ھاۋالىسىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماي قالىدىلا.
— بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمىسەم، ئەلىمىم قانداق چىقىدۇ؟ نىيىتىم قەتئىي، ئارتۇق سۆزنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدى گۆھەن يۇي.
ئەتىسى گۆھەن يۇي ئاتلىنىپ، لەشكەرنى ئېلىپ ئىلگىرىلىدى. پاك دېمۇ لەشكەرنى ئېلىپ تاقابىل تۇردى. ئىككى سەپ سەپراس بولۇپ، ئىككى پالۋان تەڭلا چىقتى - دە، سۆز

قىلىشماستىنلا بىر - بىرى بىلەن ئېلىشتى. ئەللىك نەچچە رەددى بەدەل ئۆتتۈلگەندە، پاك دې ئاتنىڭ بېشىنى بۇراپ، قىلىچىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ قاچتى. گۆەن يۈي ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. ئاتىسىنىڭ شىكەستە يەپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان گۆەن پىڭمۇ ئارقىدىن قوغلىشىپ كەلدى. گۆەن يۈي:

— ھەي ئوغرى پاك دې! قىلىچ ھىيلىسى ئىشلەتمەكچىمۇسەن، سېنىڭدىن قورقاتتىممۇ؟ — دەپ تىللىدى. ئەسلىدە پاك دې ئارقىغا تۇتقان قىلىچىنى ئېگىرىگە ئاستى - دە، ئوغرىلىقچە كامانىنى ئېلىپ، ئوقنى بەتلەپ ئاتتى. كۆزى ئۆتكۈر گۆەن پىڭ پاك دېنىڭ كامان تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ:

— ھەي ئوغرى! يوشۇرۇن ئوقيا ئاتما! — دەپ توۋلىدى.

گۆەن يۈي كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىشىغىلا، كامان تارتقان ئاۋاز بىلەن تەڭلا، ئوق كېلىپ قالدى، ئۆزىنى بىر ياققا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى - دە، ئوق سول بىلىكىگە تەگدى. يېتىبشىپ كېلىپ قالغان گۆەن پىڭ ئاتىسىنى قۇتقۇزۇپ، لەشكەرگاھقا كەتتى. ئېتىنى قايتۇرۇپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ قوغلاپ كېلىۋاتقان پاك دې بىردىنلا ئۆز لەشكەرگاھىدىن ئەتراپىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ چىققان تەبىل جەڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ھىماتچى قوشۇندا بىرەرتە ھادىسە بولغانغا ئوخشايدۇ دەپ ئەندىشە قىلغان پاك دې دەرھال قايتتى. ئەسلىدە پاك دېنىڭ ئوقيا بىلەن گۆەن يۈينى يارىدار قىلغانلىقىنى كۆرگەن يۈي جىن ئۆزۈمنىڭ نوپۇزى ۋە ئەجىر - تۆھپەم پاك دېنىڭكى بولۇپ كەتمىسۇن دەپ لەشكەرنى يىغىۋېلىشقا تەبىل جەڭ چالدۇردى. پاك دې قايتىپ كېلىپ سەۋەبىنى سورىدى.

— ۋېي پادىشاھى، گۆەن يۈي ھەم پاراسەت، ھەم پالۋانلىق بابىدا يېتىشكەن پالۋان، ئېھتىيات قىلىڭلار دېگەن. ئۇ گەرچە ئوقيا بىلەن يارىدار بولغان بولسىمۇ، ساختىپەزلىك قىلىشى ئېھتىمال، شۇڭا تەبىل جەڭ چالدۇرۇپ لەشكەرنى يىغىۋالدىم، — دېدى

يۈي جىن.

— ئەگەر لەشكەر يىغىۋېلىنمىغان بولسا، بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم، — دېدى پاڭ دې.

— ئالدىراپ ياخشى قەدەم باسقىلى بولمايدۇ، ئاستا بىر تەرەپ قىلايلى، — دېدى يۈي جىن.

يۈي جىننىڭ غەرىزىنى چۈشەنمىگەن پاڭ دې ناھايىتى پۇشايمان قىلىپ كەتتى. لەشكەرگاھقا قايتقان گۈەن يۈي ئوقنى تارتىپ ئالغۇزدى. بەختكە يارىشا ئوق ئانچە چوڭقۇر كىرمىگەچكە، مەلھەم دورا سۈرۈپ قويدى. پاڭ دېغا قاتتىق غەزەپلەنگەن گۈەن يۈي كۆپچىلىك پالۋانلارغا:

— بۇ بىر ئوقنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا ئانت ئىچىمەن! — دېدى.

— سەركەردە ھازىرچە بىرقانچە كۈن ئارام ئالسىلا، ئۇنىڭدىن كېيىن جەڭ قىلسىلىمۇ كەچلىك قىلمايدۇ، — دېيىشتى پالۋانلار.

ئىككىنچى كۈنى ئادەملەر پاڭ دې لەشكەر تارتىپ كېلىپ جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ، دەپ مەلۇم قىلدى. گۈەن يۈي جەڭگە چىقماقچى بولدى. پالۋانلار توسۇۋالدى. پاڭ دې بولسا، لەشكەرلىرىگە تىللاتقۇزدى. گۈەن پىڭ مۇھىم ئېغىزلارنى توسۇپ، گۈەن يۈيگە مەلۇم قىلماڭلار دەپ تاپشۇردى. پاڭ دې ئون نەچچە كۈن جەڭگە ئۈندىگەن بولسىمۇ، ھېچكىم جەڭگە چىقمىدى. پاڭ دې يۈي جىن بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— گۈەن يۈينىڭ ئوقيادىن ئالغان جاراھىتى قوزغىلىپ، مىدىرلىيالماس بولۇپ قاپتۇ، ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەتتە لەشكەر بىلەن بىراقلا لەشكەرگاھقا قىرغىن قىلىپ كىرسەك، فەنچېڭنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزغىلى بولىدۇ، — دېدى.

پاڭ دېنىڭ زەپەر قازىنىپ كېتىشىگە ھەسەت قىلغان يۈي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىن ۋېي پادىشاھىنىڭ ئېھتىيات قىلىش كېرەك دېگەن سۆزىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، لەشكەرنى قوزغىتىشقا ئۇنىمىدى. پاڭ دې بىر قانچە قېتىم لەشكەرنى قوزغاشقا تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، يۈي جىن پەقەت رۇخسەت قىلمىدى؛ پۈتكۈل لەشكەرنى يۆتكەپ، تاغنىڭ ئاغزىدىن ئۆتكۈزۈپ، فەنچېڭنىڭ شىمالىدىن ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى تاغنىڭ ئېتىكىگە يۆلەپ لەشكەرگاھى سالغۇزدى. يۇرۇش قىلىپ زەپەر قازىنالماسلىقى ئۈچۈن پاڭ دې لەشكىرى بىلەن جىلغىنىڭ ئارقىسىغا ئورۇنلىشىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى لەشكەر بىلەن چوڭ يولنى توسۇپ ئورۇنلاشتى.

گۇەن يۈينىڭ ئوقتىن ئالغان جاراھىتى پۈتكەچ، گۇەن پىڭ ناھايىتى خۇشال بولۇپ تۇراتتى. بىردىنلا يۈي جىن يەتتە تارام لەشكەرنىڭ ھەممىسىنى فەنچېڭنىڭ شىمالىغا يۆتكەپ لەشكەرگاھ سالغۇزۇپتۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. ئۇنىڭ غەرىزىنى چۈشىنەلمەي، دەرھال گۇەن يۈيگە مەلۇم قىلدى. گۇەن يۈي شۇئان ئاتلىنىپ، بىرنەچچە ئاتلىق بىلەن، ئېگىز يەرگە چىقىپ كۆزەتتى. فەنچېڭ سېپىلىدىكى تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ رەتلىك ئەمەسلىكىنى، لەشكەرلەرنىڭ پەرىشان ئىكەنلىكىنى، شەھەرنىڭ شىمالىدىن ئون چاقىرىم نېرىدىكى تاغ جىلغىسىنىڭ ئىچىگە لەشكەر ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى كۆردى؛ يەنە شىياڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ ناھايىتى جىددىي ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى؛ خېلى ئويلانغاندىن كېيىن يول باشلىغۇچى بەگنى چاقىرىپ:

— شەھەرنىڭ شىمالىدىن ئون چاقىرىم نېرىدىكى تاغ جىلغىسىنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— زىڭكۇچۇەن، — دەپ جاۋاب بەردى بەگ.

— يۈي جىننى چوقۇم تۇتىدىغان بولدۇم، — دېدى خۇشال بولغان گۇەن يۈي.

— سەركەردە، نېمىدىن بىلدىلە؟ — دەپ سورىدى

نۆكەرلەر.

— «بېلىق» بولسا «تورنىڭ ئاغزى» * غا كىرىپتۇ، ئۇزۇن تۇرالامدۇ؟ — دېدى گۆەن يۈي.

يىگىتلەر ئىشەنمىدى. گۆەن يۈي لەشكەرگاھىغا قايتتى. 8 ـ ئاينىڭ كۈز كۈنلىرى ئىدى، بىرنەچچە كۈن قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. گۆەن يۈي ئادەملىرىگە كېمە ـ سال، سۇ قوراللىرى ھازىرلاشقا بۇيرۇق بەردى.

— قۇرۇقلۇقتا تۇتىشىۋالساق، سۇ قوراللىرىنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دەپ سورىدى گۆەن پىڭ.

— سىز بىلمەيسىز. يۈي جىن يەتتە قوشۇننى كەڭ يەرگە ئورۇنلاشتۇرماستىن، خەتەرلىك تار ئېغىز زېڭكۇچۇەنگە يىغىپ قويۇپتۇ؛ ئۇ يەردە ھازىر كۈز يامغۇرى يېغىپ تۇرىدۇ، شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ سۈيى چوقۇم تاشىدۇ؛ جايلاردىكى سۇ ئېغىزلىرىنى ئېتىۋېتىشكە ئادەم بۇيرۇدۇم، تاشقىن بولغاندا ئېگىزلىككە چىقىپ، كېمىلەرگە چۈشىمىز ـ دە، سۇنى ئېچىپ فەنچېڭنى سۇغا باستۇرىمىز. زېڭكۇچۇەندىكى لەشكەرلەرنىڭ بارلىقى بېلىق، تاشپاقىلارغا ئايلىنىدۇ، — دېدى گۆەن يۈي.

گۆەن پىڭ باش قويۇپ قايىل بولدى.

ۋېي لەشكەرلىرى زېڭكۇچۇەنگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، بىرنەچچە كۈن داۋاملىق قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. نازارەتچى پالۋانلاردىن چېڭ خې يۈي جىنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ:

— بۇيۇك لەشكەر يەر تۈزۈلۈشى تۆۋەن بولغان تۈزلەڭلىك ئېغىزىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ گەرچە ئۇ توپا تاغ بولسىمۇ، لەشكەرگاھىمىزدىن يىراقتا، ھازىر كۈز يامغۇرى يېغىۋاتىدۇ، لەشكەرلىرىمىز قىيىنىلىپ قالدى. يېقىندا ئادەملەر يەنە، جىڭجۇ لەشكەرلىرى ئېگىز ئورۇنلارغا يۆتكەلدى، خەنشۈي ئېغىزىغا

---

* 罾口 — زېڭكۇ ئوقۇلىدىغان بۇ خەتنىڭ مەنىسى «تور ئاغزى» دېگەن بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش كېمىلىرى ھازىرلىدى، دەپ مەلۇمات ئېلىپ كېلىشتى؛ ئەگەر دەريادا تاشقىن بولىدىغان بولسا، لەشكىرىمىز خەۋپتە قالىدۇ، بۇرۇنراق ئىلاجىنى قىلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— ھەي گاداي! نېمىدەپ لەشكىرىمىزنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىگە تەسىر يەتكۈزىسەن! ئارتۇق سۆز قىلغۇچىلار ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ! — دەپ توۋلىدى يۇي جىن.

چېڭ خې خىجالەتچىلىكتە چىقىپ كەتتى، ئۇ كېلىپ پاڭ دې بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى.

— پىكرىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق. سەركەردە يۇي جىن لەشكەرلىرىنى قوزغاشنى خالىمىسا، مەن ئەتە ئۆزلۈكۈمدىن لەشكەرنى باشقا جايغا يۆتكەيمەن، — دېدى پاڭ دې.

مەسلىھەت بىر يەرگە كەلدى. بۇ كېچىسى بوران چىقىپ، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. چېدىر ـ بارگاھتىكىلەر تۈمەنلىگەن ئات چېپىشقاندەك، يەر ـ جاھاننى لەرزىگە كەلتۈرگەن داقا ـ دۇمباق ساداسىدەك ئاۋازنى ئىشتىپ چۆچۈپ كەتتى، پاڭ دې دەررۇ چېدىر ـ بارگاھتىن چىقىپ ئاتلىنىپ قارىۋىدى، ھەر تەرەپتىن سەل باستۇرۇپ كېلىۋاتقانىكەن؛ پاراكەندە بولغان يەتتە قوشۇندىن ھەددى ـ ھېسابسىز ئادەملەرنى دولقۇن، ئۆركەشلەر ئۇرۇپ ئېقىتىپ كەتتى؛ تۈزلەڭ يەرلەرمۇ بىر جاڭدىن ئارتۇق سۇ ئاستىدا قالدى. يۇي جىن، پاڭ دې بىلەن پالۋانلار كىچىك تاغقا چىقىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى سۇدىن ساقلاپ قالدى. تاڭ ئاتقاندا گۇەن يۈي پالۋانلىرى بىلەن تۇغ ـ ئەلەملىرىنى لەپىلدىتىپ، داقا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىپ، چوڭ كېمىلەردە كەلدى.

تۆت تەرەپلەپ يولى قالمىغانلىقىنى، ئەتراپىدا 50 — 60 چە ئادەم قالغانلىقىنى بىلگەن يۇي جىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەي، «ئەل بولاي!» دېدى. گۇەن يۈي كىيىم، ساۋۇتلىرىنى سالغۇزۇپ، بەند قىلدۇرۇپ ئۇنى كېمىگە سالدى ـ دە، ئاندىن پاڭ دېنى تۇتۇشقا كەلدى.

بۇ ۋاقىتتا پاڭ دې ھەمدە دۇڭ خېڭ، دۇڭ چاۋ ۋە چېڭ خېلار باشلىق 500 نۆكەرنىڭ ھەممىسى كىيىم، ساۋۇتسىز دېگۈدەك تۇغان ئۇستىدە تۇرۇشماقتا ئىدى. گۇەن يۈيىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پاڭ دې ھېچبىر قورقماستىن، غەيرەت بىلەن ئالغا بېسىپ جەڭ قىلىشقا كەلدى. گۇەن يۈي كېمىلەر بىلەن تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرە قىلدى، لەشكەرلەر تەڭلا ئوقيا ئاتتى، ۋېي لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ھالاك بولدى. خەۋپلىك ئەھۋالنى كۆرگەن دۇڭ خېڭ، دۇڭ چاۋلار پاڭ دېغا:

— لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى نابۇت بولدى، تۆت تەرەپتىن يول مىز قالمىدى، ياخشىسى ئەل بولايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— ۋېي پادىشاھىنىڭ زور ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغانمەن ، نېمىدەپ باشقىلارغا تىز پۈكىدىكەنمەن! — دەرغەزەپ بولغان پاڭ دې شۇئان دۇڭ خېڭ، دۇڭ چاۋلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى ـ دە،

— يەنە ئەل بولايلى دېگۈچىلەر بولىدىكەن، مۇشۇ ئىككى ئادەمدەك بولىدۇ! — دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە غەيرەت بىلەن ياۋدىن مۇداپىئە قىلىشقا كىرىشتى. ئەتىگەندىن چۈشكە قەدەر غەيرەت كۆرسىتىپ جەڭ قىلىشتى. گۇەن يۈي تۆت تەرەپتىن جىددىي ھۇجۇم قىلدۇرغاچقا، ئوقيا، تاشبورانغا تۇتۇلغانىدى. پاڭ دې لەشكەرلىرىنى يېقىن ئارىدا جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ چېڭ خېغا:

— مەن «جەسۇر پالۋان ھايات كەچۈرمەن دەپ ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ، مەردۇ ئەزىمەت پاك ھالەتتە ياشايدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن مېنىڭ ئۆلىدىغان كۈنۈم. سىز تىرىشىپ قاتتىق جەڭ قىلىۋرسىز، — دېدى.

چېڭ خې بۇيرۇققا ئاساسەن ئىلگىرىلىۋىدى، گۇەن يۈينىڭ ئاتقان ئوقى تېگىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. قالغان لەشكەرلىرىنىڭ بارلىقى ئەل بولدى. يالغۇز پاڭ دې بىر ئادەملا كۈچەپ جەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا بىرنەچچە ئون نەپەر جىڭجۇ يىگىتى بىر كىچىك كېمە بىلەن تۇغانغا ياندىشىپ كەلدى. قىلىچلىق پاڭ دې بىرلا سەكرەپ كېمىگە چىقىۋالدى ـ دە، ئون نەچچەيلەننى قىلىچلاپ تاشلىدى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى كېمىنى تاشلاپ، سۇ ئىچى بىلەن قاچتى. بىر قولىدا قىلىچ تۇتقان پاڭ دې، بىر قولى بىلەن قىسقا پالاقنى ئىشقا سېلىپ فەنچېڭغا قاچتى. سۇنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن بىر پالۋان زەبەردەس چوڭ سال بىلەن كېلىپ، كىچىك كېمىنى ئاغدۇرۋۇەتتى، پاڭ دې سۇغا چۈشۈپ كەتتى. سالدىكى پالۋان سۇغا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، پاڭ دېنى تىرىك تۇتۇپ كېمىگە ئېلىپ چىقتى. كۆپچىلىك نەزەر سېلىۋىدى، پاڭ دېنى تۇتقۇچى جۇ ساڭ ئىكەن. جۇ ساڭ ئەزەلدىن سۇنىڭ تىلىنى ياخشى بىلەتتى. جىڭجۇدا بىرنەچچە يىل تۇرۇش جەريانىدا، سۇنىڭ تىلىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن، پاڭ دېنى تىرىك تۇتۇۋالدى. يۈي جىن باشلاپ كەتكەن يەتتە قوشۇننىڭ بارلىقى سۇدا غەرق بولدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانلىرى ئامالسىزلىقتىن ئەل بولۇشتى.

كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*ياڭرىدى جەڭ دۇمبىقى تۈن نىسپىدە كۆكنى يېرىپ،*
*قالدى شياڭ ـ فەن تۈزلىڭى چوڭقۇر گۇداڭغا ئايلىنىپ.*
*چىقمىغاي گۈەن يۈي كەبى دانا ـ پاراسەتلىك كىشى،*
*قالدى نامۇ شۆھرىتى ئەل ـ يۇرتتا مەڭگۈ ساقلىنىپ.*

گۈەن يۈي ئېگىز بىر جايغا چىقىپ ئولتۇردى، قوراللىق نۆكەرلەر يۈي جىننى ئەكېلىپ توغرا قىلدى. يۈي جىن يەر ئۆپۈپ باش قويغان ھالدا بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى.

— ماڭا قارشى چىقىشقا قانداق پېتىندىڭىز؟ — دېدى گۈەن يۈي.

— مېنىڭ ئىختىيارىم بىلەن بولغان ئىش ئەمەس، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى. رەھىم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۆلسەممۇ جاۋابىنى قايتۇرۇشقا ئانت ئىچىمەن، — دېدى يۈي جىن.

— سىزنى ئۆلتۈرگەن بىلەن ئىت - چوشقىلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىمەن. قىلىچ - ئايپالتىلارنى ئىپلاس قىلماقتىن باشقا گەپ يوق، — دېدى گۇەن يۈي ساقىلىنى تۇتاملاپ كۈلۈپ، — بەند قىلىپ جىڭجۇ زىندانىغا ئاپىرىپ قاماپ قويۇڭلار! قايتقىنىمدىن كېيىن، باشقىچە چارىسىنى كۆرىمەن.

گۇەن يۈي بۇنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، پاڭ دېنى ئەكېلىشكە بۇيرۇق بەردى. غەزەپ بىلەن كۆزلىرىنى ئالايتقان پاڭ دې ئۆرە تۇرۇپ يۈكۈنمىدى. گۇەن يۈي:

— ئاكىڭىز خەنجۇڭدا؛ سابىق پاسبانىڭىز ما چاۋمۇ بۇياقتا ئالىي سەركەردە بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، نېمىشقا بۇرۇنراق ئەل بولمايسىز؟ — دېدى.

— قىلىچ ئاستىدا ئۆلۈشكە رازىمەنكى، سىزگە ھەرگىز ئەل بولمايمەن! — دېدى پاڭ دې توختىماستىن تىللاپ.

دەرغەزەپ بولغان گۇەن يۈي كاللا كېسەرلەرگە: «ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ تولۇلدى. پاڭ دې ئۆلۈمگە بويىنىنى تۇتۇپ بەردى. ئېچىنغان گۇەن يۈي دەپنە قىلدۇردى. شۇنداق قىلىپ تېخى يانمىغان سۇنىڭ ئېقىشىدىن پايدىلىنىپ، يەنە كېمىگە چىقتى - دە، چوڭ - كىچىك پالۋانلارنى باشلاپ، فەنچېڭغا تېگىش قىلغىلى كەلدى.

فەنچېڭنىڭ ئەتراپىدا بولسا، ئاق دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. سۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئىدى؛ نەملەشكەن سېپىل ئاستا - ئاستا يىقىلماقتا، ئەر - ئاياللار توپا - خىش توشۇپ، سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى ئېتىپ توسۇۋالالماي ئاۋارە ئىدى. قورقۇپ يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەن ساۋ رېن پالۋانلىرى

تېزلىكتە ساۋ رېنغا:

— بۈگۈنكى خەۋپتىن كۈچ بىلەن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس؛ ياۋ قوشۇنى تېخى يېتىپ كەلمىگەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، كېمىلەر بىلەن كېچىلەپ قاچايلى؛ شەھەرنى بېرىپ قويساقمۇ، ئۆزىمىز سالامەت قالىمىز، — دېدى. ساۋ رېن ماقۇل كۆرۈپ، كېمە هازىرلاپ ماڭماقچى بولدى.

— بولمايدۇ. تاغ سېلى ئۇزۇن ئاقامدۇ؟ ئون كۈنگە قالماي ئۆزلۈكىدىن ياندۇ. گۈەن يۈي شەھەرگە تېگىش قىلمىغان بىلەن، جىياشىياغا پالۋانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. لەشكىرىمىزنىڭ ئارقىسىغا تېگىش قىلىشىدىن قورقۇپ، يەڭگىلچە ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلىشالمىدى. بۈگۈن ئەگەر شەھەرنى تاشلاپ كېتىدىغان بولساق، پادىشاھلىقىمىز خۇاڭخېنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى يوقاتقان بولىدۇ. سەركەردىنىڭ بۇ شەھەرنى مۇستەھكەم ساقلاپ قېلىشلىرىنى سورايمەن، — دەپ مەسلىھەت بەردى مەن چوڭ.

— جانابىي مەن چوڭ! سىلى تەلىم بەرمىگەن بولسىلا، ئۇلۇغ ئىشىمىزغا دەخلى يەتكۈزۈپ قوياتتىكەنمەن، — دېدى ساۋ رېن تەزىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

ساۋ رېن شۇئان ئاق ئاتقا مىنىپ سېپىلغا چىقتى، پالۋانلارنى يىغىپ:

— مەن ۋېي پادىشاھىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇ شەھەرنى ساقلاۋاتىمەن، شەھەرنى تاشلاپ كېتەيلى دېگۈچىلەر بولىدىكەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ! — دەپ ئانت ئىچتى.

— ئۆلگۈچە ساقلايمىز! — دېدى پالۋانلارنىڭ ھەممىسى.

ناھايىتى خۇرسەن بولغان ساۋ رېن سېپىلنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە يۈز دانە قونداقلىق ئوقيا ئورۇنلاشتۇردى. لەشكەرلەر ھېچ بوشاڭلىق قىلماستىن، كېچە ـ كۈندۈزلەپ ساقلىدى. ياش ـ قېرى، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئاھالە توپا ـ تاش توشۇپ سېپىلنى ئەتتى.

گۆەن يۈي ۋېي پالۋانى يۈي جىنلارنى تۇتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نوپۇز ـ قۇدرىتى ئەلنى لەرزىگە كەلتۈردى، ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. تۇيۇقسىز ئىككىنچى ئوغلى گۆەن شېڭ ئاتىسىنى كۆرگىلى لەشكەرگاھقا كېلىپ قالدى. گۆەن يۈي بەگلەرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىدىن مەلۇمات يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلىرىنى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، گۆەن شېڭنى چېڭدۇ خەنجۇڭ پادىشاھى ھوزۇرىغا ئەۋەتمەكچى بولدى. گۆەن شېڭ تەزىم قىلىپ ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ چېڭدۇغا راۋان بولدى.

گۆەن يۈي لەشكەرلىرىنىڭ تېگى توپتوغرا جياشياغا كەلدى. ئۆزى لەشكەرنى باشلاپ تۆت تەرەپتىن فەنچېڭغا تېگىش قىلدى. بۇ كۈنى يۇقىرى قوۋۇققا كەلگەن گۆەن يۈي ئات ئۈستىدە قامچىسى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

— ھەي چاشقان مىسەللىكلەر! بۇرۇنراق كېلىپ تەسلىم بولماي قاچانغىچە قاراپ تۇرىسىلەر؟ — دەپ توۋلىدى.

قوۋۇق راۋىقىدا تۇرۇپ، مەيدە توسقۇچى ساۋۇت كىيىپ، يېشىل تونىنى قىيپاش ئارتىۋالغان گۆەن يۈينى كۆرگەن ساۋ رېن دەرھال 500 نەپەر كاماندازنى تەڭلا ئوق ئېتىشقا بۇيرۇدى. گۆەن يۈي ئېتىنى تېز قايتۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا ئوڭ مۈرىسىگە قونداقلىق كامان ئوقى كېلىپ تەگدى ـ دە، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. دەرھەقىقەت:

*يەتتى قوشۇن ئەمدىلا سۇدا ھالاك بولغان زامان،*
*شەھەر تاماندىن ئېتىلىپ ئوق تەگدى گۆەن يۈيگە شۇئان.*

گۆەن يۈي ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# يەتمىش بەشىنچى باب

## گۆەن يۈيىنىڭ ئۆز سۆڭىكىدىكى زەھەرنى قىردۇرۇپ داۋالانغانلىقى
## لۈي مېڭنىڭ ئاق كىيىملىك نۆكەرلىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزگەنلىكى

ئەلقىسسە، گۆەن يۈيىنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ساۋ رېن شۇئان لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەردىن باستۇرۇپ چىقتى؛ گۆەن پىڭ بىر پەس جەڭ قىلىپ ياۋنى چېكىندۈرگەندىن كېيىن، گۆەن يۈينى قۇتقۇزۇپ، لەشكەرگاھقا قايتۇرۇپ كېلىپ مۈرىسىدىكى ئوقنى يۇلۇۋالدى. ئەسلىدە ئوقنىڭ ئۇچى زەھەر بىلەن سۇغىرىلغانىدى، زەھەر سۆڭەككە يېتىپ بارغاچقا ئوڭ مۈرىسى قارىداپ ئىششىپ كەتتى. ئۇ ھەرىكەت قىلالماس بولۇپ قالدى.

ھودۇقۇپ قالغان گۆەن پىڭ پالۋانلار بىلەن كېڭەش قىلىپ:

— ئاتام بۇ مۈرىسىدىن ئاجراپ قالسا، ياۋغا قانداق تاقابىل تۇرالايدۇ؟ ياخشىسى ۋاقىتلىق جىڭجۇغا قايتىپ داۋالايلى، — دېدى - دە، پالۋانلار بىلەن چېدىر - بارگاھقا — گۆەن يۈي ھۇزۇرىغا كىردى.

— نېمە ئىش ئۈچۈن كىردىڭلار؟ — دەپ سورىدى گۆەن يۈي.

— جانابلىرىنىڭ ئوڭ مۈرىلىرى جاراھەتلەندى، ياۋ كەزلىشىپ قالسا، غەزەپلىرى ئۆرلەيدۇ، توقۇنۇشۇشقا قولايسىزلىق تۇغدۇرىدۇ، بىز لەشكەرلەرنى ۋاقتلىق جىڭجۇغا قايتۇرۇپ ئۆزلىرىنى داۋالاتساق دېگەن مەسلىھەتكە كېلىشتۇق، — دېيىشتى پالۋانلار.

— ئەمدى فەنچېڭنى ئالمىز، فەنچېڭنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇزاققا چوڭ يۈرۈش قىلىپ، پايتەخت شۇيچاڭغا بارىمىز، مۇناپىق ساۋ ساۋنى يوقىتىپ، خەن خاندانلىقىنى ئەمىن قىلىمىز. كىچىككىنە بىر جاراھەتنى دەپ ئۇلۇغ ئىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزىمىزمۇ؟ لەشكىرىمىزنىڭ غەيرەت - جاسارىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭلار؟ — دېدى گۇەن يۈي غەزەپلىنىپ.

گۇەن پىڭلار سۈكۈت قىلىپ چىقىپ كېتىشتى.

گۇەن يۈينىڭ قايتىشقا ئۇنىمىغانلىقىنى، جاراھىتىنىڭ ساقايمىغانلىقىنى كۆرگەن پالۋانلار ھەر تەرەپلەپ ئاتاقلىق ئەمچى ئۇقۇشۇشقا كىرىشتى. تاسادىپىي بىر كۈنى، جياڭدۇڭ تەرەپتىن بىر كىشى كىچىك قولۋاق بىلەن توپتوغرا لەشكەرگاھىنىڭ ئالدىغا كەلدى. نۆكەرلەر باشلاپ كىرىپ گۇەن پىڭ بىلەن كۆرۈشتۈردى. گۇەن پىڭ بۇ ئادەمگە نەزەر سېلىۋىدى، چاسا باشلىق، كەڭ تون كىيگەن، مۈرىسىگە قارا خالتا ئېسىۋالغان بۇ ئادەم ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ:

— پېي بەگلىكى جياۋجۈن ۋىلايىتىدىن بولىمەن، ئىسىم - زاتىم خۇا تو، يەنە بىر ئىسمىم يۈەن خۇا تو. سەركەردە گۇەن يۈي ئەلنىڭ قەھرىمانلىرىدىن دەپ ئاڭلىغانىدىم. يېقىندا ئاڭلىسام زەھەرلىك ئوق تېگىپتۇ، شۇڭا ئالاھىدە داۋالىغىلى كېلىۋىدىم، — دېدى.

— مۇنىڭدىن بۇرۇن كۇنچىقىش ۋۇلىق جۇ تەينى داۋالىغان زات ئەمەسمۇ سىلى؟ — دەپ سورىدى گۇەن پىڭ.

— ھەئە، — دېدى خۇا تو.

ناھايىتى خۇشال بولغان گۇەن پىلاڭ پالۋانلار بىلەن بىللە خۇا تونى چىدىر - بارگاھقا باشلاپ كىرىپ گۇەن يۈي بىلەن كۆرۈشتۈردى. بۇ ۋاقىتتا گۇەن يۈينىڭ مۈرىسى ئاغرىۋاتقانىدى، لەشكەرلەرنىڭ روھىغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن دەپ، كۆيمەنچۈك ئۈچۈن مالىيالىق بىلەن شاھمات ئويناۋاتاتتى؛ ئەمچى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ دەرھال قوبۇل قىلدى، سالام - رەسمىيەتلىرىدىن كېيىن ئورۇن مەرھەمەت قىلدى. چاي ئىچكەچ، خۇا تو مۈرىلىرىنى كۆرەي دېۋىدى، گۇەن يۈي كىيىمىنىڭ ئۈستى ياغىنى سېلىپ، مۈرىسىنى چىقىرىپ خۇا توغا كۆرسەتتى.

— بۇ قونداقلىق ئوقيادىن ئالغان جاراھەت ئىكەن، ئوقتا بوۋانە* زەھىرى بولۇپ، ئۈستىخانغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ، بۇرۇنراق داۋالىمايدىغان بولساق، بۇ مۈرىلىرى كېرەكتىن چىقىدۇ، — دېدى خۇا تو.

— نېمە بىلەن داۋالاشقا توغرا كېلىدۇ؟ — دەپ سورىدى گۇەن يۈي.

— داۋالاش ئۇسۇلۇم بار. بىراق، جانابلىرى قورقۇپ قالالىمىكىن؟

— مەن ئۆلۈمگە پەرۋا قىلمىغان، نېمىدىن قورقاتتىم؟

— خالىي جايغا بىر تۈۋرۈك بېكىتىمىز. ئۈستىگە چوڭ بىر ھالقا مىخلايمىز، مۈرىلىرىنى ھالقىغا كىرگۈزۈپ، تانا بىلەن باغلايمىز، ئاندىن كېيىن باشلىرىغا يوتقان ئارتىپ قويىمىز. مەن ئۆتكۈر پىچاق بىلەن گۆشلىرىنى سۆڭەككە قەدەر كېسىپ ئاچىمەن - دە، سۆڭەكتىكى ئوقنىڭ زەھىرىنى قىرىپ تاشلايمەن، دورا سېلىپ، ئاغزىنى تىكىپ تاشلايمەن، ئاندىن ئارام تاپىدىلا. بىراق، قورقۇپ قالالىمىكىن دەپ ئەندىشە

---

* بىر خىل دورا ئۆسۈملۈك، ئۆننىڭ شېخى، يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزى زەھەر.

قىلىمەن.
— ئۇنداق بولسا ئاسانغۇ، تۇۋرۇك ھالقىلارنىڭ نىمە كېرىكى؟ — دېدى كۇلۇپ گوەن يۈي.
مەرىكە - سورۇن ھازىرلاندى. بىرنەچچە قەدەھ شاراب ئىچكەندىن كېيىن گوەن يۈي ما لياڭ بىلەن شاھمات ئوينىغاچ، مۈرىسىنى خۇا تونىڭ كېسىپ يېرىشىغا چىقىرىپ بەردى.
قولىغا نەشتەر پىچاق ئالغان خۇا تو نۆكەرلەرنىڭ بىرىگە:
— چوڭ داستىن بىرنى ئەكېلىپ، مۈرىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئاققان قانغا تۇتۇڭلار! — دەپ بۇيرۇدى - دە، ئاندىن، — ئەمىسە قول سالىمەن، جانابلىرى، قورقمىسىلا! — دېدى.
— خالىغانلىرىچە داۋالاۋەرسىلە، ئاغرىشتىن قورقىدىغانلاردىن ئەمەسمەن، — دېدى گوەن يۈي.
خۇا تو نەشتەر پىچاق بىلەن تېرە - گۆشنى تاكى سۆڭەككە قەدەر ياردى. سۆڭەك قارىدىغانىكەن؛ خۇا تو پىچاق بىلەن سۆڭەكنى قىرغاندا، گىرت - گىرت ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن چېدىر - بارگاھتىكىلەرنىڭ ھەممىسى يۈزلىرىنى ئېتىۋالدى. رەڭگىرويلىرى ئۆچۈپ كەتتى. گوەن يۈي بولسا، شاراب ئىچىپ، گۆش يەپ، چاقچىقىنى قىلىپ، شاھمات ئويناۋەردى. يۈزىدە ھېچبىر ئاغرىغانلىق ئالامىتى كۆرۈلمىدى.
بىردەمدىلا داس ئاققان قانغا توشتى. خۇا تو سۆڭەكتىكى زەھەرنى تامام قىرىپ تاشلاپ، دورا سېلىپ تېڭىپ قويدى. قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى ئورنىدىن تۇرغان گوەن يۈي پالۋانلارغا قاراپ:
— مۈرەم بۇرۇنقىدەك راھەتلىنىپ قالدى، ھېچبىر ئاغرىقنى سەزمىدىم. تەقسىر، كارامەت ئەمچى ئىكەنلا! — دېدى.
— مەن ئۆمۈربويى تىبابەتچىلىك قىلىپ كېلىۋاتىمەن، سىلىدەك چىدامىلىق ئادەمنى كۆرمىگەنىدىم. جانابلىرى، ھەقىقىي

پەرىشتە ئىكەنلا! — دېدى خۇا تو. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*ئەملىگەندە ئايرىلۇر ئىچكى كېسەل ـ ئاشقى كېسەل،*
*يوق بۇ ئەلدە مۇشۇ ئۇستا ئەمچىگە باب بىر مىسەل.*
*كەم چىقار گۆەن يۈي كەبى غەيرەت ـ جاسارەتلىك كىشى،*
*ئەۋلىيا ئەمچى دېسە خۇا تونى بولماس بىمەسەل.*

گۆەن يۈي ئۇقيادىن ئالغان جاراھىتى ساقىياي دېگەندە، خۇا تو شەربىتىگە مەرىكە ـ سورۇن بېرىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— جانابلىرىنىڭ ئوقيا جاراھەتلىرىنى داۋالىغان بولساقمۇ، يەنە ئاسراشقا توغرا كېلىدۇ. غەزەپلەنمەسلىكلىرى كېرەك. 100 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بۇرۇنقىدەكلا سەللىمازا بولۇپ ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى خۇا تو.

گۆەن يۈي ئالدىغا 100 سەر تەڭگە قويۇۋېدى، خۇا تو:

— مەن جانابلىرىنىڭ يۈكسەك ئالىيجانابلىقلىرىنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە داۋالىغىلى كەلگەن، ھەقنى نېمە قىلاتتىم؟ — دېدى ـ دە، زادى قوبۇل قىلمىدى، جاراھەتنىڭ ئاغزىغا سىلىنىش ئۈچۈن، بىر ئاز دورا قالدۇرۇپ، خەيرلىشىپ كەتتى.

يۈي جىننى تۇتۇپ پاڭ دېنى،ئۆلتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن، گۆەن يۈينىڭ نام ـ شۆھرىتى تېخىمۇ پۇر بولۇپ كەتتى، ئەلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چۆچۈدى، ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى پايتەخت شۈيچاڭغا ئېلىپ كەلدى، ئىنتايىن ۋەھىمىگە چۈشكەن ساۋ قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلارنى كېڭەشكە چاقىرىپ:

— ئەزەلدىنلا گۆەن يۈينىڭ ئېلىمىز بويىچە پاراسەتلىك پالۋان ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، ھازىر جىڭ، شياڭ ۋىلايەتلىرىنى ئىگىلىدى. بۇ يولۋاسقا قانات چىققانغا ئوخشاشتۇر. يۈي جىننى

تۇتۇپ، پاك دېنى ئۆلتۈرۈپتۇ، ۋېي لەشكەرلىرىنىڭ غەيرەت ـ شىجائىتىنى سۇندۇرۇپتۇ. مۇبادا ئۇ توپتوغرا شۆيچاڭغا لەشكەر تارتسا، قانداق قىلماق كېرەك؟ مېنىڭچە پايتەختنى كۆچۈرۈپ ساقلىساق بولارمىكىن، — دېدى.

— بولماسمىكىن، — دېدى مەسلىھەت بېرىپ سىمايى، — يۈي جىنلارنىڭ تۇتۇلۇشى سۇغا باستۇرۇلغانلىقىدىن بولدى. ئۇرۇش سەۋەبى بىلەن بولمىدى، پادىشاھلىق ئىشىمىزغا ھېچبىر زىيىنى يوق. ھالا ليۇ بېي بىلەن سۇن چۈەننىڭ ئارىسى ئېچىلدى، گۈەن يۈي زەپەر قازاندى، سۇن چۈەن ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن خۇشلانمايدۇ. ئۇلۇغ پادىشاھ كۇنچىقىش ۋۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، پايدا ـ زىيىنىمىزنى بايان قىلايلى، سۇن چۈەننى مەخپىي لەشكەر تارتىپ گۈەن يۈيگە ئارقىسىدىن تېگىش قىلىشقا سالايلى، ئىش ئەمەلگە ئاشقان كۈنى جياڭنەن يېرىنى كېسىپ بېرىپ، ئۇنۋان بېرىشكە ۋەدە قىلايلى، شۇنىڭدىلا فەنچېڭ خەۋپى ئۆزلۈكىدىن كۆتۈرۈلىدۇ.

— سىمايىنىڭ سۆزى توغرا. بۇگۈن كۇنچىقىش ۋۇغا ئەلچى ئەۋەتەيلى، پايتەختنى يۆتكەش ۋە ئاھالىنى ئاۋارە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى مىرزا جياڭ جى.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ پايتەختنى يۆتكىمەيدىغان بولدى. ئۇ ھەسرەت چەككەن ھالدا پالۋانلارغا قاراپ:

— يۈي جىن ئارقامدا 30 يىللاپ يۈرگەنىدى، ئەجەبا خەۋپ ئالدىدا پاك دېدەك بولالماپتۇ! — دېدى.

ساۋ ساۋ بىر تەرەپتىن مەكتۇپ بىلەن كۇنچىقىش ۋۇغا ئەلچى ماڭدۇردى، يەنە بىر تەرەپتىن گۈەن يۈينىڭ غەيرىتىنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن بىر چوڭ پالۋان بېرىشى كېرەك، دەپ تۇرۇشىغا، تاپىسىدا بىر پالۋان ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— مەن باراي! — دېدى. ساۋ ساۋ قارىسا، شۈي خۇاڭ

ئىكەن. ناھايىتى خۇشال بولغان ساۋ ساۋ دەرھال 5 تۈمەن تاللانغان لەشكەر ئاجرىتىپ شۇي خۇاڭنى سەركەردە، لۈي جيەننى قولداش قىلىپ تەيىنلىدى، بۇلار شۇ كۈنىلا يولغا چىقتى، ئالدى بىلەن ياڭلىڭپۇغا كېلىپ ئورۇنلاشتى؛ كۈنچىقىش تۆۋەندىن ماسلىشىپ قىلىدىغان ھەرىكەتنى كۈرۈپ، ئاندىن يۈرۈش قىلماقچى بولدى.

ساۋ ساۋنىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇۋالغان سۈن چۈەن ساۋ ساۋنىڭ مەھلىھىتىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئۇ شۇئان جاۋاب بېرىپ، ئاۋۋال ئەلچىنى قايتۇردى ـ دە، ئاندىن قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھىلارنى كېڭەشكە چاقىردى. جاڭ جاۋ:

— يېقىندا ئاڭلىشىمچە گۈەن يۈي يۈي جىنىنى تۇتۇپ، پاڭ دېنى ئۆلتۈرۈپ، ئەلنى لەرزىگە كەلتۈرۈپتۇ. تىخدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ساۋ ساۋ پايتەختنى ھەم كۆچۈرمەكچى بولغانىكەنمىش. ھازىر فەنچېڭ خەۋەردە بولغىنى ئۈچۈن ياردەم سوراپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، ئىش ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ئۆزگىرىپ قېلىشى ئېھتىمال، — دېدى.

سۈن چۈەن سۆز قىلماق بولۇپ تۇرۇۋىدى، توساتتىنلا نۆكەرلەر لۈي مېڭ لۇكۇدىن قېيىققا ئولتۇرۇپ كەپتۇ، ئىشى بار ئىكەن، كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ دەپ مەلۇم قىلىشتى. سۈن چۈەن قوبۇل قىلىپ ھال ـ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ھازىر گۈەن يۈي لەشكەرنى ئېلىپ فەنچېڭنى مۇھاسىرە قىلدى، يىراقتا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جىڭجۇنى ئېلىش كېرەك، — دېدى لۈي مېڭ.

— يۇقىرىغا بېرىپ شۈيجۈنى ئالسام دەيمەن، قانداق؟ — دېدى سۈن چۈەن.

— ھازىر، — دېدى لۈي مېڭ، — ساۋ ساۋ دەريانىڭ يۇقىرىسىدىكى يىراق جايدا بولۇپ، كۈنچىقىش تەرىپىگە ئېتىبار

بېرىشكە كۈچى يەتمەيدۇ. شۇيجۇ مۇداپىئەسىدە كۆپ لەشكەر بولمىغاچقا، بېرىپلا ئېلىش مۇمكىن؛ بىراق يەر تۈزۈلۈشى قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىغا ئەپلىك، سۇ ئۇرۇشىغا ناقولايدۇر، ئالغان بىلەنمۇ، ساقلاپ قېلىش قىيىن. ياخشىسى ئالدى بىلەن جىڭجۇنى ئېلىپ، پۈتكۈل چاڭجياڭنى ئىگىلەيلى ـ دە، ئاندىن باشقا جايلارغا يۈرۈش قىلىش ئامالىنى قىلايلى.

— ئەسلى مۇددىئايىم جىڭجۇنى ئېلىش، بايىقى سۆزلىرىم سىلىنى سىناش ئۈچۈن ئىدى. تېز چارىسىنى كۆرۈڭلەر. مەن ئارقىلىرىدىن لەشكەر بىلەن ھەمدەمگە كېلىمەن، — دېدى سۈن چۈەن.

لۈي مېڭ سۈن چۈەن بىلەن خەيرلىشىپ، لۇكۇغا قايتىپ كەلدى. ئايغاقچىلار كېلىپ:

— دەريانىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىمىنى بويلاپ، 20 — 30 چاقىرىم ئارىلىقتىكى ئېگىز جايلارغا تۇر ساپتۇ، — دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى.

جىڭجۇ لەشكەرلىرى تەرتىپلىك بولۇپ، ئالدىن ھازىرلىقى بار ئىكەن دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان لۈي مېڭ ئىنتايىن ھەيران بولۇپ:

— مۇنداق بولغان بولسا، ئېلىش ناھايىتى تەس بولىدۇ. مەن ۋۇ بېگىنى جىڭجۇنى ئېلىشقا ئۈندىگەنىدىم، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ، ئويلىنىپ ھېچبىر چارە تاپالماي، ئاغرىقنى باھانە قىلىپ يېتىۋالدى ۋە سۈن چۈەنگە مەلۇمات يوللىدى.

لۈي مېڭنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان سۈن چۈەننىڭ دىلى ناھايىتى مەيۈسلەندى. لۇ شۈن:

— لۈي مېڭ ھەقىقەتەن ئاغرىغان ئەمەس، ساختا كېسەل، — دېدى.

— لۇ شۈن، ساختىلىقىنى بىلگەن بولسىلا، بېرىپ كۆرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باقسىلا، — دېدى سۈن چۈەن.

بۈيرۈق ئالغان لۇ شۈن شۇ كېچىسىلا لۇكۇ لەشكەرگاھىغا كېلىپ، لۈي مېڭ بىلەن كۆرۈشتى. دېگەندەك لۇكۇنىڭ ھېچنەرىدە كېسەللىك ئالامىتى يوق ئىكەن.

— ۋۇ بېگىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن، ئاغرىقلىرىنى كۆرگىلى كېلىۋىدىم، — دېدى لۇ شۈن.

— بۇ ئەرزىمەس ۋۇجۇدۇم تاسادىپىيلا ئاغرىپ قالدى، سىلى ئاۋارە بولۇپ يوقلاپ كەلگۈچىلىك كېسەل يوق ئىدى، — دېدى لۈي مېڭ.

— ۋۇ بېگى جانابلىرىغا مۇھىم خىزمەتنى تاپشۇرسا، سىلى پەيتتىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قىلماستىن، قۇرۇق ئىچى پۇشۇش بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟ — دېدى لۇ شۈن.

لۈي مېڭ خېلى ئۇزۇنغىچە لۇ شۈنگە قارىدىيۇ، سۆز قىلمىدى. لۇ شۈن يەنە:

— سەركەردە جانابلىرىنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىغان كەمىنىلىرىنىڭ كىچىككىنە بىر دورا قەغىزىم بار، بىلمىدىم، ئىشلىتەلەمسىكىن؟ — دېدى.

— لۇ شۈن، ياخشى دورا قەغەزلىرىنى بۇرۇنراق بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى لۈي مېڭ ئەتراپىدىكىلەرنى چىقىرىۋېتىپ.

— لۈي مېڭ، سىلىنىڭ كېسەللىرى، — دېدى كۈلۈپ لۇ شۈن، — جىڭجۇ لەشكەرلىرىنىڭ تەرتىپلىك ئىكەنلىكى، دەريا بويىغا سېلىنغان تۆر - پوتەيلىرى تۇپەيلى بولغان. دەريا بويىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ئوت ياقالماسلىقى، جىڭجۇ لەشكەرلىرىنىڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئەل بولۇشى ئۈچۈن، بىر تەدبىر كۆرسەتسەم قانداق دەيلا؟

— لۇ شۈن يۈرىكىمنى كۆرگەندەك گەپ قىلىۋاتىدىلا، ياخشى تەدبىرلىرىنى ئاڭلاپ باقسام، — دېدى لۈي مېڭ ھەيران

بولۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

— گۈەن يۈي قەھرىمانلىقىغا گۇۋۇتۇپ، ئۆزىچە تەڭدىشىم يوق دەپ ھېسابلايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، پەقەت سىلىدىنلا ئەندىشە قىلىدۇ. سەركەردە، سىلى مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ، ئاغرىق باھانىسى بىلەن ئىستېپا بېرۈرلەر، لۇكۇ مەنسىپىنى باشقا بىراۋغا ئۆتۈنەرلەر. ئۇ كىشى گۈەن يۈينى تېخىمۇ مەغرۇر قىلىش ئۈچۈن، رەزىلانە سۆزلەر بىلەن خۇشامەتگۈيلۇق قىلسۇن، شۇنداق قىلغاندا، قارشى تەرەپ ئەلۋەتتە جىڭجۇدىكى لەشكىرىنى تامامەن دېگۈدەك فەنچېڭغا قارىتىدۇ؛ جىڭجۇ ھازىرلىقسىز قالىدۇ ـ دە، بىر كۇچلۇك لەشكەر بىلەنلا، تۇيۇقسىز تېگىش قىلىدىغان بولساق، جىڭجۇ قولىمىزغا كېلىدۇ، — دېدى لۇ شۈن.

— ھەقىقەتەن ياخشى تەدبىر ئىكەن! — دېدى لۈي مېڭ ناھايىتى خۇشال بولۇپ.

شۇنىڭ بىلەن لۈي مېڭ ئاغرىغان بولۇپ ياتتى، مەلۇمات يېزىپ ئىستېپا سورىدى. قايتىپ كەلگەن لۇ شۈن سۈن چۈەن بىلەن كۆرۈشۈپ ھىيلە ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى. سۈن چۈەن لۈي مېڭنى داۋالىنىش ئۈچۈن جيەنيېگە چاقىرتتى. لۈي مېڭ كېلىپ سۈن چۈەن بىلەن كۆرۈشتى.

— لۇكۇدىكى ۋەزىپىگە ئۆتمۇشتە جۇ يۈي ئۆزىنىڭ ئورنىغا لۇ سۇنى تونۇشتۇرغانىدى؛ كېيىن لۇ سۇ ئۆز ئورنىغا سىلىنى كۆرسەتكەنتى، ئەمدى سىلى ۋەزىرىمۇ تالانت ۋە ئابرۇيلۇق شەخسلەردىن بىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىغا تونۇشتۇرغان بولسىلا ياخشى بولاتتى، — دېدى سۈن چۈەن.

— ئابرۇيلۇق كىشىلەردىن ئەۋەتىدىغان بولساق، گۈەن يۈي ئەلۋەتتە ئېھتىياتىي مۇداپىئە كۆرىدۇ. لۇ شۈن ناھايىتى پىكىرلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنچە شۆھرەتلىك ئەمەس، گۈەن يۈيمۇ قورقۇپ قالمايدۇ. ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمغا تەيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە زەپەر قازانغىلى بولىدۇ، — دېدى لۈي مېڭ.

ناھايىتى خۇشال بولغان سۇن چۈەن لۈ شۈننى ياندىش سەركەردە، ئۆلۈك قول تۇتۇقبەگ قىلىپ لۈي مېڭنىڭ ئورنىغا لۇكۇنى ساقلاشقا بۇيرۇدى.

— كەمىنىلىرى، — دېدى لۈ شۈن ئۆزرە بىلدۈرۈپ، — ياش ۋە بىلىمسىز مەن، چوڭ جاۋابكارلىق ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالماسمەنمىكىن.

— لۈي مېڭ سىلىنى تونۇشتۇردى، ئەلۋەتتە نامۇۋاپىق كەلمەيلا، ئۆزرە بىلدۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى سۇن چۈەن.

شۈنداق قىلىپ لۈ شۈن باش قويۇپ تۇرۇپ، تامغىنى تاپشۇرۇۋالدى. كېچىلەپ لۇكوغا باردى؛ ئاتلىق، پىيادە، سۇ لەشكەرلىرىنى تامام ئۆتكۈزۈۋالدى. دەرھال بىر پارچە خەت يېزىپ، ياخشى ئات، نادىر كىمخابلار، شاراب قاتارلىق سوۋغا ـ سالاملار ھازىرلاپ، گۈەن يۈي بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىش ئۈچۈن فەنچېڭگە ئەلچى ئەۋەتتى.

بۇ ۋاقىتتا ئوقتىن ئالغان جاراھىتىنى ساقايتىش ئۈچۈن گۈەن يۈي دەم ئېلىپ، لەشكەرلىرىنى قىمىرلاتماي تۇرغانىدى. توساتتىن:

— جياڭدۇڭ لۇكۇنى ساقلاۋاتقان پالۋان لۈي مېڭ ئاغرىپ قالغاچقا، سۇن چۈەن داۋالاش ئۈچۈن قايتۇرۇپ كېتىپتۇ، يېقىندا لۈي مېڭنىڭ ئورنىغا لۇكۇنى ساقلاشقا لۈ شۈننى سەركەردە قىلىپ ئەۋەتكەنىكەن، بۈگۈن لۈ شۈن سوۋغا ـ سالام خەت بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشكىلى ۋەكىل ئەۋەتىپتۇ، — دېگەن خەۋەر مەلۇم قىلىندى.

گۈەن يۈي ۋەكىلنى قوبۇل قىلدى، ۋەكىلگە قاراپ:

— سۇن چۈەن كەم پىكىرلىك ئىكەن، بىر ياش بالىنى

سەركەردە قىلامدىكەن؟ — دېدى.

— بىرىنچىدىن، جانابلىرىنى تەبرىكلەپ؛ ئىككىنچىدىن، ئىككى تەرەپنىڭ دوستانە ئۆتۈشىنى تەلەپ قىلىپ سەركەردە لۈ شۈن سوۋغا - سالام بىلەن مەكتۇپ ئەۋەتكەنىدى، قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى ئەلچى يەر قۇچاقلاپ. گۈەن يۈي خەتنى ئېچىپ ئوقۇۋېدى، خەت ئىنتايىن خۇشامەتكارانە يېزىلغانىكەن. گۈەن يۈي قاقاقلاپ كۈلۈپ، قېشىدىكىلەرنى سوۋغىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئەلچىنى قايتۇردى. ئەلچى قايتىپ كېلىپ لۈ شۈن بىلەن كۆرۈشۈپ:

— گۈەن يۈي ناھايىتى خۇرسەن بولدى، جياڭدۇڭدىن غېمى كۆتۈرۈلدى، — دېدى.

ناھايىتى خۇشال بولغان لۈ شۈن تەكشۈرۈشكە مەخپىي ئايغاقچىلار ئەۋەتتى. دېگەندەك گۈەن يۈي جىڭجۇدىكى لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنى فەنچېڭغا يۆتكەپتۇ، جاراھىتى ساقايسىلا، يۈرۈش قىلماقچىكەن، دېگەن خەۋەرنى ئالدى. لۈ شۈن تەكشۈرۈپ ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال كېچىلەپ ئادەم ماڭدۇرۇپ سۈن چۈەنگە مەلۇم قىلدى. سۈن چۈەن لۈي مېڭنى كېڭەشكە چاقىردى ۋە:

— ھازىر گۈەن يۈي دېگەندەك جىڭجۇ لەشكەرلىرىنى فەنچېڭغا يۆتكەپتۇ، ئەمدى جىڭجۇغا تېگىش قىلىش تەدبىرىنى تۈزۈش كېرەك. سىلى ئىنىم سۈن جاۋ بىلەن بىرلىكتە لەشكەر تارتىپ بارسىلا، قانداق؟ — دېدى.

سۈن جاۋنىڭ يەنە بىر ئىسمى شۇ مىڭ بولۇپ، سۈن چۈەننىڭ تاغىسى سۈن جىڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. لۈي مېڭ:

— جانابىي پاسبان! مېنى ئىشلەتمەكچى بولسىلا، مېنىلا ئىشلەتسىلە، ئەگەر سۈن جاۋنى ئىشلەتمەكچى بولسىلا، سۈن جاۋنىلا ئىشلەتسىلە. مۇقەددەم جۇ يۈي بىلەن چېڭ پۇلار سول

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇلۇغ قول تۇتۇقبەگ بولغاندا، گەرچە ئىشلارنى جۇ يۈي ھەل قىلسىمۇ، چېلىك پۇ پېشقەدەم پالۋان بولۇپ تۇرۇقلۇق جۇ يۈيدىن تۆۋەن تۇرغاچقا، ئارىلىرىدا ئىتتىپاقسىزلىق چىققانلىقىنى، كېيىن جۇ يۈينىڭ تالانتىنى كۆرۈپ ئاندىن قايىل بولغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىلا؟ ھالا مېنىڭ تالانتىم جۇ يۈيدەك ئەمەس، ھالبۇكى سۈن جاۋ قېرىنداشلىق جەھەتتىن چېڭ پۇدىن ئېشىپ چۈشىدۇ، ئىشىمىزغا پايدىسىز بولارمىكىن، — دېدى.

چۈشەنگەن سۈن چۈەن شۈئان لۈي مېڭنى باش تۇتۇق قىلىپ، جياڭدۇڭ لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىلىك ھوقۇقىنى تاپشۇردى؛ سۈن جاۋنى ئارقىدىن ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە بۇيرۇدى. لۈي مېڭ باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، 3 تۈمەن لەشكەر، 80 نەچچە دانە تېز ئۈزەر كېمە ئالدى-دە، سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغانلارنى تاللاپ، سودىگەرلەرچە ياساندۇرۇپ، ھەممىگە ئاق كىيىم كىيگۈزدى ۋە كېمىدە پالاق ھەيدەشكە قويدى، خىل لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى چوڭ جەڭ كېمىلىرىنىڭ ئىچىگە پىستىرما قىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن خەن داڭ، جياڭ چىن، جۇ رەن، فەن جاڭ، جۇ تەي، شۈي شېڭ، دىڭ فېڭ قاتارلىق يەتتە چوڭ پالۋاننى ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە بۇيرۇدى. قالغانلار ۋۇ بېگى بىلەن ئارقىدىن بولۇشىدىغان بولدى. بىر تەرەپتىن گۈەن يۈينىڭ ئارقىسىدىن تېگىش قىلىش ھەققىدە ساۋ ساۋغا ئەلچى ئەۋەتىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن لۇ شۈنغا خەۋەر قىلىنىدى-دە، ئاندىن ئاق كىيىملىكلەرنى تېز ئۈزەر كېمە بىلەن شۈنياڭجياڭ دەرياسىغا قاراپ ماڭغۇزدى. كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، توپتوغرا يۇقىرى قىرغاققا يېتىپ كېلىشكەندە، دەريا بويى جاڭ-قوڭغۇراق پوتەيلىرىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر سورىدى. ۋۇلىقلار:

— ھەممىمىز سودىگەرلەردۇرمىز. دەريادا شامال چىقىپ كېتىپ ماڭالماي قالدۇق؛ بۇ يەردە شامالدىن ئۆزىمىزنى دالدىغا

ئالساق دەيمىز، — دېدى ـ دە، شۈئان پوتەي مۇھاپىزەتچى نۆكەرلىرىگە پۇل ـ مال تەقدىم قىلىشتى، ئىشەنگەن نۆكەرلەر دەريا بويىدا ئۇلارنى ئىختىيارلىرىچە توختاشقا قويۇپ بەردى. تەخمىنەن ئەلياتقۇ بولاي دېگەندە، چوڭ جەڭ كېمىلىرىنىڭ ئىچىدىكى خىل لەشكەرلەر تەڭلا چىقىپ، جاڭ ـ قوڭغۇراق پوتىيىدىكى ئەمەلدار ـ لەشكەرلەرنى باغلىۋالدى. بىرلا يوشۇرۇن بەلگە بىلەن 80 نەچچە كېمىدىكى خىل لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ، مۇھىم ئورۇنغا سېلىنغان پوتەيلەردىكى لەشكەرلەرنىڭ بارلىقىنى تۇتۇپ، كېمىلەرگە سولىدى، بىرەرىنىمۇ قاچۇرۇۋەتمىدى. شۇنداق قىلىپ جىڭجۇغا ئىلگىرىلىدى، ھېچكىم تۇيمىدى. جىڭجۇغا كېلەي دېگەندە، لۈي مېڭ دەريا بويلىرىدىكى پوتەيلەردىن قولغا چۈشۈرگەن ئەسكەرلەرگە ياخشى چۈشەندۈرۈش، تەسەللى بېرىپ، ھەممەيلەننى ئوبدان تارتۇقلىدى. ئۇلارنى قوۋۇقنى ئېچىشقا سېلىپ، شەھەرگە كىرىۋالغاندىن كېيىن، ئوت بىلەن بەلگە بېرىشكە بۇيرۇدى. لەشكەرلەر بۇيرۇقنى قوبۇل قىلدى. لۈي مېڭ ئۇلارنى ئالدىغا سالدى. تۈن ھەسسە بولغاندا سېپىل تۈۋىگە كېلىپ قوۋۇقنى ئېچىڭلار! دەپ چاقىرىشتى، جىڭجۇ لەشكەرلىرى ئىكەنلىكىنى تونۇغان قوۋۇقچى قوۋۇقنى ئېچىپ بېرىۋىدى، لەشكەرلەر بىرلا چۇقان سېلىش بىلەن بېسىپ كىرىپ شەھەرنىڭ ئىچىدە ئوت يېقىپ بەلگە بەردى. ۋۇ لەشكەرلىرى بىراقلا باستۇرۇپ كىرىپ، جىڭجۇنى ئالدى. لۈي مېڭ:

— ئۆزى بىلگەنچە ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە، ئاھالىنىڭ بىرەرتە نەرسىسىنى ئۆزى بىلگەنچە ئېلىۋالغۇچىلارغا چوقۇم لەشكەر قانۇنى بويىچە چارە كۆرۈلىدۇ، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇرۇنقى بەگلەرنى ئۆز ۋەزىپىسىدە قالدۇردى. گۇەن يۈيىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى ئايرىم بىر قورۇغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنىڭ كىرىپ قالايمىقان قىلىشىغا رۇخسەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلمىدى ۋە سۈن چۈەنگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن كىشى ماڭدۇردى.

قاتتىق يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى، لۈي مېڭ بىرنەچچە ئاتلىق لەشكەرنى ئېلىپ، ئاتلىق تۆت دەرۋازىنى تەكشۈرۈشكە چىقتى، تاسادىپەن بىراۋنىڭ خەقنىڭ بامبۇك قالپىقىنى ئېلىپ، ساۋۇتىنى ياپقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، دەرھال ئۇنى ئېتراپىدىكىلەرگە تۇتتۇرۇپ سورىدى، بۇ لۈي مېڭنىڭ يۇرتدىشى ئىدى.

— سىز مېنىڭ يۇرتدىشىم بولسىڭىزمۇ، — دېدى لۈي مېڭ، — بۇيرۇق چىقارغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن، لەشكەر قانۇنى بويىچە جازا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

— مەن پادىشاھلىقنىڭ ساۋۇتى يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ، ئېلىپ ياپقاندىم، ئۆز شەخسىم ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. سەركەردە يۇرتداشلىق ھەققى ھۆرمىتىنى قىلۇرلەر، — دېدى نۆكەر يىغلاپ تۇرۇپ.

— پادىشاھلىق ساۋۇتىنى يېپىش ئۈچۈن ئالغانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، قانداق بولمىسۇن ئاھالىنىڭ نەرسىسىنى ئالماسلىق كېرەك ئىدى، — دېدى لۈي مېڭ ۋە قېشىدىكىلەرگە، — ئۆلتۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق بەردى. بېشىنى ئېلىپ سازايى قىلدۇردى - دە، ئاندىن كېيىن جەسىتىنى يىغلاپ تۇرۇپ دەپنە قىلدۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ لەشكەرلەر قاتتىق ئىنتىزاملىق بولۇپ كەتتى.

بىر كۈن ئۆتمەيلا سۈن چۈەن كۆپچىلىك بىلەن يېتىپ كەلدى. شەھەردىن ئىستىقبالغا چىققان لۈي مېڭ ئۇنى مەھكىمىگە باشلاپ كىردى. سۈن چۈەن ھال سوراپ بولغاندىن كېيىن يەنە يەن جۈنى قولداش ئايماقبېگى قىلىپ جىڭجۇنى ئىدارە قىلىشقا قويدى؛ زىنداندىكى يۈي جىننى بوشىتىپ، ساۋ

ساۋغا ئەۋەتىپ بەردى؛ ئاھالىنى تەسكىن قىلىپ، لەشكەرنى تارتۇقلىدى، تەبرىك مەرىكە ـ سورۇنى ئۆتكۈزدى. سۈن چۈەن لۈي مېڭغا:

— جىڭجۇنى ئالدۇق، لېكىن گۇڭئەندە فۇ شىرېن، نەنجۇندە مى فاڭلار بار، بۇ ئىككى ئورۇننى قانداق ئىېلىش كېرەك؟ — دەپ تۇرۇشىغا، بىراۋ توساتتىن ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— نە بىر ماكان، نە بىر تال ئوق ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، مەن بۇ ئۆپرىماس تىلىمنى ئىشقا سېلىپ، گۇڭئەندىكى فۇ شىرېننى ئەل قىلدۇرسام قانداق؟ — دېدى. كۆپچىلىك قارىسا بۇ يۈي فەن ئىكەن.

— يۈي فەن، — دېدى سۈن چۈەن، — فۇ شىرېننى ئەل قىلدۇرىدىغان قانداق ياخشى تەدبىرلىرى بار؟

— ياشلىقىمدىن تارتىپ، فۇ شىرېن بىلەن ياخشى دوستمەن، بۇگۇن پايدا ۋە زەرەر ھەققىدە سۆزلەپ چۈشەندۇر- سەم، ئۇياق ئەلۋەتتە ئەل بولىدۇ، — دېدى يۈي فەن.

ناھايىتى خۇشال بولغان سۈن چۈەن شۇئان 500 لەشكەر بىلەن يۈي فەننى گۇڭئەنگە يولغا سالدى.

جىڭجۇنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان فۇشىرېن شەھەر قوۋۇقىنى مۇستەھكەم ساقلاشقا جىددىي بۇيرۇق بەردى. گۇڭئەنگە كېلىپ، شەھەر قوۋۇقىنىڭ چىڭ ئېتىلگەنلىكىنى كۆرگەن يۈي فەن دەرھال خەت يازدى ـ دە، ئوقيا ئوقىغا باغلاپ، شەھەر ئىچىگە ئاتتى. نۆكەرلەر خەتنى تېپىۋېلىپ، فۇ شىرېنغا تاپشۇردى. فۇ شىرېن ئېچىپ ئوقۇسا، ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش مەزمۇنىدا ئىكەن. خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، گۇەن يۈي ماغدىغان كۈنى ئۇنى يامان كۆرگەنلىكىنى ئويلاپ، بۇرۇنراق ئەل بولغىنى تۈزۈك دېگەن يەرگە كەلدى ـ دە، شۇئان شەھەر قوۋۇقىنى يوغان ئاچقۇزۇپ، يۈي فەننى شەھەرگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئىككىيلەن سالاملىشىپ، ھال ـ ئەھۋال

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سورىشىپ، ئۆتمۈشتىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ كەتتى. يۈي فەن ۋۇ بېگىنىڭ كەڭ ئالىيجانابلىقىنى، دانىشمەنلەرگە ھۆرمەت - نازاكەت بىلدۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ناھايىتى خۇشال بولغان فۇ شىرېن تامغىنى ئېلىپ ئەل بولۇش ئۈچۈن جىڭجۇغا كەلدى. بەك خۇرسەن بولغان سۈن چۈەن ئۇنى يەنىلا گۇڭئەننى قوغداشقا بۇيرۇدى.

لۈي مېڭ سۈن چۈەنگە مەخپىي ھالدا:

— ھازىر گۇەن يۈينى تېخى تۇتمىدۇق، فۇ شىرېننى گۇڭئەندە قالدۇرىدىغان بولساق، كېيىن بەربىر ئۆزگىرىش قىلىپ قويىدۇ؛ ياخشىسى مى فاڭنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن نەنجۈنگە ئەۋەتەيلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— مى فاڭ سىلى بىلەن يېقىن دوست، سىلى بېرىپ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلۇرلەر، ئوبدان تارتۇقلايمەن، — دېدى سۈن چۈەن فۇ شىرېننى چاقىرىپ.

فۇ شىرېن ئون نەچچە ئاتلىق نۆكەرنى ئېلىپ، مى فاڭنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن نەنجۈنگە راۋان بولدى.

دەرھەقىقەت:

*قوغدىنىشقا ئۈشبۇ كۈن گۇڭئەن نىيەتمۇ قىلمىدى،*
*ۋاڭ فۇ مۇندىن ئىلگىرى ياخشى كېڭەش بەرگەنىدى.*

بۇ سەپەرنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتمىش ئالتىنچى باب

## شۈي خۇاڭنىڭ مېەنشۈي دەرياسىدا قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
## گۆەن يۈيىنىڭ يېڭىلىپ مەيچېڭدىن قاچقانلىقى

ئەلقىسسە، جىڭجۇنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان مى فاڭ بېشى گاڭگىراپ ئامالسىز بولۇپ تۇراتتى. نۆكەرلەر گۇڭئەننى ساقلاپ تۇرغان پالۋان فۇ شىرېن كېلىپ قالدى، دەپ مەلۇم قىلىشتى، مى فاڭ دەرھال ئىستىقبالغا چىقىپ، ئۇنى شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، ھال ـ ئەھۋال سورىدى.

— ساداقەتسىزلىك يۈزىسىدىن ئەمەس. خەۋپلىك ئەھۋالدا قالدىم. قۇۋۋەت تۈگەپ بەرداشلىق بېرەلمىدىم، كۈنچىقىش ۋۇغا ئەل بولدۇم، سەركەردە، سىلىمۇ ياخشىسى بۇرۇنراق ئەل بولۇشلىرى كېرەك، — دېدى فۇ شىرېن.

— بىز خەنجۇڭ پادىشاھىنىڭ زور ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغانلاردىن ئىدۇق، قانداق يۈز ئۆرۈش مۇمكىن، — دېدى مى فاڭ.

— گۆەن يۈي ماڭىدىغان كۈنى ئىككىمىزنى ناھايىتى يامان كۆردى، زەپەر قازىنىپ قايتىپ كەلسە، بىزگە كەڭچىلىك قىلماسلىقى چوقۇم، ئوبدان ئويلىنىپ كۆرۈڭلەر، — دېدى فۇ شىرېن.

— بىز ئاكا ـ ئۇكا ئۇزۇندىن بېرى خەنجۇڭ پادىشاھىغا

خىزمەت قىلىپ كەلگەنىدۇق، بىر كۈندىلا يۈز ئۆرۈسەك قانداق بولىدۇ؟ — دېدى مى فاڭ بىر قارارغا كېلەلمەي.

نۆكەرلەر بىردىنلا گۈەن يۈيدىن ئەلچى كەلدى دەپ مەلۇم قىلدى، ئۇنى داتاڭغا باشلاپ كىردى.

— سەركەردە گۈەن يۈي قوشۇنىدا ئوزۇق - تۈلۈك تۈگەپ قالدى، ئالاھىدە نەنجۇن، گۇڭئەن ئىككى ئورۇندىن 100 مىڭ دەن گۈرۈچ ئالغىلى كەلدىم. ئىككىلىرىنى كېچە - كۈندۈزلەپ ئاپىرىپ تاپشۇرسۇن دېدى. كېچىكتۈرۈلسە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، — دېدى ئەلچى.

— ھالا، — دېدى مى فاڭ چۆچۈپ فۇ شىرېنغا قاراپ، — جىڭجۇنى كۈنچىقىش ۋۇلۇقلار ئالغان تۇرسا، بۇ ئاشلىقنى قانداق ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ؟

— تولىمۇ ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدى تۇۋلاپ فۇ شىرېن، شۇئان شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئەلچىنى داتاڭدا شەمشەرلەپ تاشلىدى.

— نېمىشقا مۇنداق قىلدىلا؟ — دېدى مى فاڭ ھەيران بولۇپ.

— گۈەن يۈينىڭ مەقسىتى ئىككىمىزنى ئۆلتۈرۈش، بىز ئۆز - ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەمدۇق؟ سىلى ھازىر بۇرۇنراق كۈنچىقىش ۋۇغا ئەل بولمايدىغان بولسىلا، چوقۇم گۈەن يۈي قولىدا ئۆلىدىلا، — دېدى فۇ شىرېن.

توساتتىن لۈي مېڭ لەشكەرلىرى بىلەن شەھەر تۈۋىگە كېلىپ قالدى دېگەن خەۋەر كەلدى. ئىنتايىن چۆچۈگەن مى فاڭ فۇ شىرېن بىلەن شەھەردىن چىقىپ ئەل بولدى. تولىمۇ خۇشال بولغان لۈي مېڭ ئۇلارنى باشلاپ بېرىپ، سۈن چۈەن بىلەن كۆرۈشتۈردى. سۈن چۈەن ئىككىيلەنگە ناھايىتى چوڭ ئىنئام بەردى. ئاھالىنى تەسكىن قىلىپ بولۇپ لەشكەرگىمۇ كاتتا ئىنئام بەردى.

بۇ ۋاقىتتا پايتەختتە شۈيچاڭدىكى ساۋ ساۋ مەسلىھەتچىلىرى بىلەن جىڭجۇ مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەش قىلىۋاتاتتى. تۇساتتىن كۇنچىڭدىن ۋۇدىن ئەلچى مەكتۇپ ئېلىپ كەپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر كەلدى. ساۋ ساۋ ئەلچىنى قوبۇل قىلدى، ئەلچى مەكتۇپنى تەقدىم قىلدى، ساۋ ساۋ مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭدا ۋۇ لەشكەرلىرىنىڭ جىڭجۇغا تېگىش قىلمايدىغانلىقى ئىزھار قىلىنىپ، ساۋ ساۋدىن گۇەن يۈينى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تېگىش قىلىش تەلەپ قىلىنغان. ساۋ ساۋ مەسلىھەتچىلەرنى كېڭەشكە چاقىردى. مىرزا دۇڭ جاۋ:

— ھازىر فەنچېڭ قامالدا بولۇپ، ھەمدەم بېرەرمىكىن دەپ تەلمۈرۈپ تۇرۇشماقتا، ياخشىسى ئادەم ئەۋەتىپ بۇ مەكتۇپنى كامان ئوقى بىلەن فەنچېڭغا ئاتقۇزايلى، لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلى توق تۇرسۇن؛ شۇنىڭدەك كۇنچىڭدىن ۋۇلۇقلارنىڭ جىڭجۇغا تېگىش قىلمايدىغانلىقىنىمۇ گۇەن يۈي ئۇقسۇن. شۇنداقتا ئۇ جىڭجۇنىڭ قولدىن كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئەلۋەتتە لەشكەرلىرىنى تېز چېكىندۈرىدۇ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارقىدىن تېگىش قىلىش ئۈچۈن شۈي خۇاڭغا بۇيرۇق بېرەيلى، ئەنە شۇ چاغدا ئومۇميۈزلۈك زەپەر قازانغىلى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلدى، ساۋ رېنىنى خالاس قىلىش يولىدا جىددىي جەڭ قىلىش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن شۈي خۇاڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ كىشى ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن شەخسەن بۈيۈك لەشكەرنى ئېلىپ بېرىپ، لوياڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ياڭلىڭپوغا ئورۇنلاشتى.

شۈي خۇاڭ چېدىردا ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىزلا ۋېي پادىشاھىدىن ئەلچى كەلدى دېگەن خەۋەر كەلدى. شۈي خۇاڭ ئەلچىنى باشلاپ كىرىپ ئەھۋال سورىدى. ئەلچى:

— ھازىر ۋېي پادىشاھى لەشكەر بىلەن لوياڭدىن ئۆتتى،

سەركەردىنى گوۋەن يۈي بىلەن جىددىي جەڭ قىلىشقا، فەنچېڭنى مۇھاسىرىدىن قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇدى، — دەپ تۇرۇشىغا، ئايغاقچىلار كېلىپ:

— گوۋەن پىڭ لەشكەر بىلەن فەنچېڭغا، لياۋ خۋا لەشكەر بىلەن سىجۇڭغا ئورۇنلىشىپتۇ، جەمئىي 12 قارارگاھ بولۇپ، بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ تۇرۇپتۇ، — دەپ مەلۇمات بەردى.

شۈي خۇاڭ دەرھال ياردەمچىلىرى شۈي شاڭ، لۈي جيەنلەرنى ئۆزىنىڭ توغى بىلەن يەنچېڭغا ېبىرىپ، گوۋەن پىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇدى - دە، ئۆزى تاللانغان 500 نۆكەر بىلەن ميەنشۈينى بويلاپ يەنچېڭنىڭ ئارقىسىغا تېگىش قىلىشقا ماڭدى.

شۈي خۇاڭنىڭ ئۆزى لەشكەر باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان گوۋەن پىڭ ئۆز قىسمىنى باشلاپ، ياۋغا قارشى چىقتى. ئىككى سەپ سەپراس بولدى، گوۋەن پىڭ مەيدانغا چىقىپ شۈي شاڭ بىلەن ئېلىشتى، ئۈچ رەددى بەدەلدىلا شۈي شاڭ يېڭىلىپ قاچتى. لۈي جيەن چىقىپ جەڭ قىلدى. بەش - ئالتە رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن ئۇمۇ يېڭىلىپ قاچتى. پەيتتىن پايدىلانغان گوۋەن پىڭ يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ قىرغىن قىلىپ كېلىۋىدى، بىردىنلا شەھەردىن يانغىن چىقتى، دەپ مەلۇم قىلدى. تۇزاقىا چۈشكەنلىكىنى بىلگەن گوۋەن پىڭ يەنچېڭنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تېزلىكتە لەشكەرلىرىنى قايتۇردى، بىر توپ لەشكەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى. نىشان توغى ئاستىدا ئاتلىق تۇرغان شۈي خۇاڭ توۋلاپ تۇرۇپ:

— ئۆلۈشنى بىلمىگەن بۇرادەر زادەم گوۋەن پىڭ! جىڭجۇيىڭىزنى كۈنچىقىش ۋۇلۇقلار ئالدى، سىز ھامان بۇ يەردە قۇتىراپ يۈرىسىز! — دېدى.

دەرغەزەپ بولغان گوۋەن پىڭ قىلىچىنى ئوينىتىپ، توپتوغرا شۈي خۇاڭغا ئات سالدى، ئۈچ - تۆت رەددى بەدەل ئېلىشتى،

لەشكەر ئىچىدىن چۇقان كۆتۈرۈلدى، يەنچېكدىن ئاسمان ـ پەلەك يانغىن كۆتۈرۈلدى. داۋاملىق جەڭ قىلىشقا رايى بارمىغان گوەن پىڭ قىرغىن قىلىپ يۈرۈپ يول ئاچتى ـ دە، سىجۇڭغا قېچىپ كەلدى. لياۋ خۇا ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە:

— ئادەملەر لۇي مېڭ جىڭجۇنى ئاپتو دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەنىكەن، لەشكەر ئالاقزادە بولۇپ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى.

— بۇ يالغان گەپ، لەشكەردىن يەنە سۆزلىگۈچىلەر بولىدىكەن، ئۆلۈمگە بۇيرۇش كېرەك، — دېدى گوەن پىڭ.

تۇيۇقسىز چاپارمەنلەر كېلىپ، «يۇقىرى تەرەپتىكى بىرىنچى لەشكەرگاھىمىزغا شۈي خۇاڭ لەشكەر باشلاپ كېلىپ تېگىش قىلىۋاتىدۇ» دەپ مەلۇم قىلدى. گوەن پىڭ:

— ئەگەر بىرىنچى لەشكەرگاھىمىز قولدىن كېتىدىغان بولسا، قالغان لەشكەرگاھلارنى قانداق ساقلىغىلى بولىدۇ؟ بۇ جايىنىڭ ئارقىسى تامامەن مىەنشۈي، ياۋلار كېلەلمەيدۇ. ئىككىمىز بىللە بېرىپ، بىرىنچى لەشكەرگاھنى قۇتقۇزايلى، — دېدى.

— سىلەر لەشكەرگاھنى قاتتىق ساقلاڭلار! ئەگەر ياۋ كېلىدىكەن، دەرھال ئوت يېقىپ بەلگە بېرىڭلار! — دەپ تاپشۇرۇق بەردى لياۋ خۇا قولداش سەركەردىسىنى چاقىرىپ.

— سىجۇڭ لەشكەرگاھىنىڭ ئەتراپىغا قاتمۇقات توسۇقلار ئورناتقان، ئۇچار جانىۋارلارمۇ كىرەلمەيدۇ، ياۋدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى قولداش سەركەردە.

شۇنداق قىلىپ گوەن پىڭ، لياۋ خۇالار سىجۇڭ لەشكەرگاھىدىكى تاللانغان لەشكەرلەرنى ئېلىپ، بىرىنچى لەشكەرگاھقا كېلىپ ئورۇنلاشتى. گوەن پىڭ پەس تاغنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشقان ۋېي لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ لياۋ خۇاغا:

— شۈي خۇاڭ لەشكەرلىرىنى ناباب جايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇ، بۇگۈن كېچە لەشكەرگاھ باسقىنى قىلايلى، — دېدى.
— سەركەردە! لەشكەرنىڭ تېگىنى ئېلىپ بارسىلا، مەن لەشكەرگاھنى ئېھتىيات بىلەن ساقلاي، — دېدى لياۋ خۇا.
گۇەن پىڭ بۇ كېچىسى بىر توپ لەشكەر بىلەن ۋېي لەشكەرگاھىغا باستۇرۇپ كىرگەندە بىرمۇئادەم كۆرۈنمىدى. ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلگەن گۇەن پىڭ تېز چېكىنمەكچى بولۇۋىدى، سولدىن شۈي شاڭ، ئوڭدىن لۇي جيەن ئۇنى ئىككى ياقتىن ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلغاچقا، گۇەن پىڭ قاتتىق يېڭىلدى، لەشكەرگاھىغا قايتتى. پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي چاپ ـ چاپ قىلىپ كەلگەن ۋېي لەشكەرلىرى تۆت تەرەپلەپ مۇھاسىرىگە ئالدى، بەرداشلىق بېرەلمىگەن گۇەن پىڭ، لياۋ خۇالار بىرىنچى لەشكەرگاھنى تاشلاپ سىجوڭ لەشكەرگاھىغا قېچىپ كېلىۋىدى، لەشكەرگاھتا يانغىن كۆرۈندى، ئالدىراپ لەشكەرگاھ ئالدىغا كېلىشىۋىدى، پۈتۈنلەي ۋېي لەشكەرلىرىنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرى كۆرۈندى. گۇەن پىڭلار لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ، فەنچېڭ چوڭ يولغا قاراپ قاچتى، ئالدىنى بىرتوپ لەشكەر توسۇۋالدى. بۇنىڭ باشلىقى شۈي خۇاڭ ئىدى. قاتتىق جەڭ قىلىپ، يول ئېلىپ قاچقان گۇەن پىڭ، لياۋ خۇالار چوڭ لەشكەرگاھقا قايتىپ كېلىپ، گۇەن يۈي بىلەن كۆرۈشتى ۋە:
— شۈي خۇاڭ يەنچېڭ قاتارلىق جايلارنى تارتىۋالدى، يەنە شەخسەن ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى فەنچېڭنى خالاس قىلىش ئۈچۈن، لەشكىرىنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ كېلىۋېتىپتۇ؛ ئادەملەرنىڭ كۆپچىلىكى لۇي مېڭ جىڭجۇنى ئالدى دېيىشمەكتە، — دېدى.
— بۇ ياۋنىڭ لەشكىرىمىزنى ۋەسۋەسىگە سېلىش ئۈچۈن تارقاتقان ئىغۋالىرى، كۇنچىقىش ۋۇلۇق لۇي مېڭ ئاغرىپ قېلىپ، ئورنىغا لۇ شۈن دېگەن ياش بالا كەلدى، ئەنسىرەش قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى! — دېدى گۇەن يۈي توۋلاپ.
ئۇنىڭ سۆزى تېخى ئاياغلاشمايلا، مەلۇماتچىلار: شۈي خۇاڭ

لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى دەپ مەلۇم قىلىشتى. گۆەن يۈي ئات توقۇشقا بۇيرۇدى.

— ئاتا! تېخى سەللىمازا بولمىدىلا، جەڭگە چىقمىسىلا بولارمىكىن، — دېدى گۆەن پىڭ.

— شۈي خۇاڭ بىلەن كونىدىن رابىتەم بار، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى ياخشى بىلمەن؛ ئەگەر ئۇ چېكىنمەيدىكەن، ئالدى بىلەن ئۆلتۈرۈپ، ۋېي پالۋانلىرىغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمەن، — دېدى گۆەن يۈي ۋە شۇئان جابدۇنۇپ قىلىچىنى ئالدى، ئاتلىنىپ غەيرەت - شىجائەت بىلەن سەپكە چىقتى. بۇنى كۆرگەن ۋېي لەشكەرلىرىنىڭ قورقمىغىنى قالمىدى. گۆەن يۈي ئېتىنى توختىتىپ:

— شۈي خۇاڭ قېنى؟ — دەپ سورىدى. ۋېي سېپىنىڭ نىشان تۇغى ئاستىدىن ئاتلىنىپ چىققان شۈي خۇاڭ ئېگىلىپ تەزىم قىلغان ھالدا:

— جانابلىرى بىلەن ئايرىلغىنىمىزدىن بېرى، ھەش - پەش دېگۈچە بىرقانچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، چاچ - ساقاللىرى ئاقىرىپتۇ. ياشلىق دەۋرىمىزدە بىللە بولۇپ، سىلىدىن كۆپ تەربىيە ئالغانىدىم، ئۇنتۇمايمەن، مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. ھالا جانابلىرىنىڭ داڭقىلىرى ئېلىمىزگە پۇر كەتتى، كەمىنىلىرى ئاڭلاپ، ناھايىتى ھەۋەسىم كەلدى. بەختكە يارىشا بىر كۆرۈشۈشكە مۇشەررەپ بولدۇم. تەشنالىقىم بېسىلدى، — دېدى.

— شۈي خۇاڭ، ئىككىمىزنىڭ قەدىردانلىقىمىز چوڭقۇر، باشقىلارغا ئوخشىمايتتى؛ ھالا نېمىشقا ئوغلۇمنى ئارقا - ئارقىدىن قىستايدىلا؟ — دېدى گۆەن يۈي.

— گۆەن يۈينىڭ بېشىنى ئالغۇچىلارغا، — دېدى ئارقىسىدىكى پالۋانلارغا قاراپ شۈي خۇاڭ، — 1000 سەر ئالتۇن ئىنئام بېرىلىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— شۈي خۋاڭ نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — دېدى گۇەن يۈي ھەيران بولۇپ.

— بۈگۈنكى ئىش پادىشاھلىق ئىشى، شەخسىمنى دەپ ئومۇمىي ئىشتىن ۋاز كېچەلمەيمەن، — دېدى شۈي خۋاڭ ۋە شۇئان چوڭ ئايپالتىسىنى ئوينىتىپ توپتوغرا گۇەن يۈيگە ئېتىلدى. دەرغەزەپ بولغان گۇەن يۈيمۇ ئۇزۇن قىلىچىنى ئوينىتىپ قارشى چىقتى، ئىككىلىسى سەكسەن نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشتى. گۇەن يۈي جەڭ ماھارىتى ئۈستۈن بولسىمۇ، ئوڭ مۈرىسىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلىق قىلدى. ئاتىسىنىڭ خېيىم - خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلغان گۇەن پىڭ تېزلىكتە تەبلىبازلىكەش چالدۇردى. گۇەن يۈي لەشكەرگاھقا قايتتى، بىردىنلا ھەرتەرەپتىن ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چۇقان ئاۋازى چىقىپ كەتتى. ئەسلىدە ساۋ ساۋدىن ھەمدەمگە لەشكەر كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان فەنچېڭدىكى ساۋ رېن شەھەردىن لەشكەر باشلاپ چىقىپ، شۈي خۋاڭغا قوشۇلدى - دە، ئىككى ياقتىن ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلدى. جىڭجۇ لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئاتلانغان گۇەن يۈي پالۋانلارنى باشلاپ تېزلىكتە شياڭجياڭ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا ماڭدى، ئارقىدىن ۋېي لەشكەرلىرى قوغلاپ كەلدى. گۇەن يۈي تېزلىكتە شياڭجياڭدىن ئۆتۈپ، شياڭياڭغا قاچتى. تۇساتتىن چاپارمەنلەر كېلىپ:

— جىڭجۇنى لۈي مېڭ ئاپتۇ، بالا - چاقىلار شەھەردە قاپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشۇيدى، ئىنتايىن چۆچۈپ كەتكەن گۇەن يۈي شياڭياڭغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالماي، لەشكەرنى ئېلىپ، گۇڭئەنگە راۋان بولدى. يەنە چاپارمەنلەر كېلىپ:

— گۇڭئەندىكى فۇ شىرېن كۆنچىقىش ۋۇغا ئەل بوپتۇ، — دەپ مەلۇمات ئېلىپ كەلدى.

گۇەن يۈي ناھايىتى غەزەپلىنىپ كەتتى. تۇيۇقسىزدىن

ئاشلىق ئالغىلى كەلگەنلەر كېلىپ:

— گۇڭئەندىكى فۇ شىرېن نەنجۇنگە كېلىپ، ئەلچىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، مى فاڭلارنىمۇ كۈنچىقىش ۋۇغا ئەل قىلدۇرۇپ كەتتى، — دەپ مەلۇمات بېرىشتى.

بۇ شۇم خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان گۇەن يۈينىڭ غەزىپى ئۆرلەپ دېمى تىقىلىپ قالدى - دە، جاراھىتىنىڭ ئاغزى يېرىلىپ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى. پالۋانلار ئۇنى قوپقۇزۇپ ھوشىغا كەلتۈردى. گۇەن يۈي لەشكەربېگى ۋاڭ فۇغا قاراپ:

— جانابلىرىنىڭ مەسلىھەتلىرىنى ئاڭلىمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلدىم، بۈگۈن دېگەنلىرىدەك بولدى! — دېدى، — نېمىشقا دەريا بويلاپ ئوت بەلگىسى بەرمەيدۇ؟

— لۈي مېڭ سۇغا ماھىر نۆكەرلىرىگە ئاق كىيىم كىيگۈزۈپ، سودىگەرلەر قىياپىتىدە دەريادىن ئۆتكۈزۈپتۇ. تاللانغان لەشكەرلىرىنى چوڭ كېمىلەرنىڭ ئىچىگە پىستىرما قىلىپ، ئاۋۋال پوتەي ساقلىغۇچى نۆكەرلىرىنى تۇتۇۋالغانلىقتىن تۇرغا ئوت ياقالماپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئايغاقچىلار.

— مەن، — دېدى گۇەن يۈي پۇتىنى تېپىپ ھەسرەت چەككەن ھالدا، — مۇناپىق ئوغرىلارنىڭ ھىيلىسىگە ئۇچراپ كەتتىم! قايسى يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ ئاغام بىلەن كۆرۈشىمەن!

— ئەمدى ئىش جىددىي تۈس ئېلىپ قالدى، بىر ياقتىن ھەمدەم سوراپ چېڭدۇغا ئادەم ماڭدۇرايلى، بىر ياقتىن قۇرۇقلۇق بىلەن بېرىپ جىڭجۇنى ئالايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى تەمىنات ئەمەلدارى جاۋ لېي.

مەسلىھەتنى قوبۇل قىلغان گۇەن يۈي ما لياڭ، يى جىلەرنى خەت بىلەن كېچە - كۈندۈزلەپ يۈرۈپ چېڭدۇدىن ھەمدەمگە ئادەم ئەكېلىشكە بۇيرۇدى، ئۆزى لەشكەر بىلەن جىڭجۇنى ئېلىشقا راۋان بولدى. ئۇ تۇرشاۋۇل قىسىملارنى ئېلىپ ئاۋۋال ماڭدى، لياۋخۇا، گۇەن پىڭلارنى ھىماتچىلىققا قويدى.

فەنچېك مۇھاسىرىدىن چىققاچ، پالۋانلىرىنى ئېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ساۋ رېن يىغلاپ باش قويۇپ تۇرۇپ گۇناھىنى تىلىدى.

— بۇ تەقدىر - قىسمەت، سىلەرنىڭ گۇناھىڭلار ئەمەس، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە لەشكەرنى ئوبدان تارتۇقلىدى، ئاندىن ئۇ لەشكەرگاھىغا كېلىپ، ئەتراپىنى كۆزەتكەندىن كېيىن پالۋانلارغا قاراپ، — جىڭجۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋاتە خەندەكلىرى، توسۇقلىرى قاتمۇقات بولسىمۇ، شۈي خۋاڭ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئومۇميۈزلۈك زەپەر قازىنىپتۇ. مەن ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى لەشكەر ئىشلىتىۋاتىمەن، ياۋ قاملى ئىچكە مۇنداق ئىچكىرىلەپ كىرىشكە جۈرئەت قىلغان ئەمەس. شۈي خۋاڭ ھەقىقىي جەسۇر، بىلىملىك پالۋان ئىكەن! — دېدى.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى قايىل بولدى. ساۋ ساۋ لەشكىرىنى قايتۇرۇپ موپوغا ئورۇنلاشتى، شۈي خۋاڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندە، ساۋ ساۋ شەخسەن لەشكەرگاھىدىن ئىستىقبالغا چىقتى. شۈي خۋاڭ لەشكىرىنىڭ قىسىملار بويىچە رەتلىك، ئىنتىزاملىق كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— سەركەردە شۈي خۋاڭ ھەقىقەتەن جۇ يافۇ[1] دەك پالۋان! — دېدى - دە، شۇئان شۈي خۋاڭنى تۆۋەن تەرەپنى تىنچىتىش سەركەردىسى قىلىپ، گۈەن يۈي لەشكىرىنى توسۇش ئۈچۈن، شيا خۇشاڭ بىلەن بىرلىكتە شائىياڭنى ساقلاشقا بۇيرۇدى. جىڭجۇ تېخى تىنچىپ كەتمىگەنلىكتىن، ساۋ ساۋ موپوغا ئورۇنلىشىپ، خەۋەر كۈتتى.

جىڭجۇ يولىدا نە ئالدىغا ماڭالماي، نە ئارقىغا چېكىنەلمەي ئامالسىز بولۇپ قالغان گۈەن يۈي جاۋ لېيغا:

---

① كۇنپېتش خەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق پالۋان.

— هازىر ئالدىمىزدا ۋۇ لەشكەرلىرى، ئارقىمىزدا ۋېي لەشكىرى بار، بىز ئوتتۇرىدا قالدۇق، ھەمدەمچــــى قوشۇن كەلمىسە، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى.

— مۇقەددەم لۇي مېڭ لۇكۇدىكى ۋاقتىدا، ئىككى تەرەپ دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ، بىرلىكتە مۇناپىق ساۋ ساۋنـــى يوقىتايلى دەپ جانابلىرىغا خەت يېزىپ تۇراتتى؛ بۈگۈن ساۋ ساۋغا ھەمدەم بولۇپ بىزگە تېگىش قىلدى، بۇ ئەھدىگە خىلاپلىـق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. جانابلىرى، لەشكەرنى ۋاقتىنچە بۇ يەردە تۇرغۇزۇپ، لۇي مېڭنى ئەيىبلەپ خەت ئەۋەتىپ باقسىلا، قېنى، نېمىدەپ جاۋاب بېرىدىكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى جاۋ لېي.

بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلغان گۇەن يۈي دەرھال خەت يېزىپ جىڭجۇغا ۋەكىل ماڭدۇردى.

لۇي مېڭ جىڭجۇدا، ئومۇمەن جىـــڭجۇغا قاراشلىـــق ۋىلايەتلەردىن گۇەن يۈي بىلەن يۇرۇشكە چىقىپ كەتكەن پالۋان، نۆكەرلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە ۋۇ لەشكەرلىرىنىڭ دەخلى - تەرۇز قىلماسلىقى، ئاي بويىــچە تەمىـــناتلىـــرىنىـــڭ بېرىلىپ تۇرۇلىدىغانلىقى، ئاغرىغانلارنى داۋالايدىغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. پالۋان، نۆكەرلەرنىڭ بالا - چاقىلىرى بۇ ئىلتىپاتقا مىننەتدار بولۇپ، خاتىرجەم بولۇشۇپ قالدى. ئۇشتۇمتۇت گۇەن يۈيدىن ئەلچى كەلدى دېگەن خەۋەر كەلدى. لۇي مېڭ ئىستىقبالغا چىقىپ، شەھەرگە باشلاپ كىردى، مېھمان تەرىقىـــسىـــدە كۈتۈۋالدى، ئەلچى خەتنى لۇي مېڭغا تەقدىم قىلدى. لۇي مېڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئەلچىگە:

— ئۆتمۈشتە سەركەردە گۇەن يۈي بىلەن دوستانە ئۆتۈشكە ۋەدىلەشكەندۇق. ئۇ شەخسەن ئۆزۈمنىڭ ئىشى، بۈگۈنكى ئىش يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى، بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش ئەمەس، ئۆزلىرى قايتقانلىرىدىن كېيىـــن، سەركەردە جانابلىـــرىغا مەقسىتىمنى چىرايلىقچە چۈشەندۈرۈرلەر، — دېدى ۋە دەرھال

www.uyghurkitap.com

مەرىكىگە بېرىپ كۈتتى، ئاندىن ئارام ئېلىش ئۈچۈن يەمخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. يۈرۈشكە چىقىپ كەتكەن پالۋان، نۆكەرلەرنىڭ بالا - چاقىلىرى تامامەن دىگۈدەك كېلىشىپ خەۋەر سوراشتى. بەزىلىرى خەت، بەزىلىرى ئاغزاكى سۆز - سالام ئېيتىپ بەردى، ھەممەيلەن ئۆي ئىچى تىنچلىق، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكلىرىمىز ئۆكسۈمىدى، دەپ بەردى.

ئەلچى لۈي مېڭ بىلەن خوشلاشقىلى كېلىۋىدى، لۈي مېڭ شەخسەن شەھەر تېشىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئەلچى قايتىپ كېلىپ، گۈەن يۈي بىلەن كۆرۈشۈپ، لۈي مېڭنىڭ سۆزلىرىنى دەپ بەردى ھەمدە:

— جانابلىرىنىڭ ۋە پالۋانلارنىڭ جىڭجۇدىكى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى سالامەت ئىكەن. تەمىناتنى ئۆكسۈتمەي بېرىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى. گۈەن يۈي دەرغەزەپ بولۇپ:

— بۇ مۇناپىق ئوغرىنىڭ ھىيلىسى! ھاياتلىقىمدا بۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرمەي قالسام، نومۇسۇمنى ئاقلاش ئۈچۈن، ئۆلگىنىمدىمۇ چوقۇم ئۆلتۈرىمەن! — دېدى - دە، تۇۋلاپ ئەلچىنى چىقىرىۋەتتى. ئەلچى لەشكەرگاھدىن چىقىشىغا پالۋانلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئائىلە، بالا - چاقىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈردى، ئەلچى بالا - چاقىلىرىنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىنى، لۈي مېڭنىڭ ناھايىتى ئىلتىپات كۆرسىتىپ، نەپەقىلىرىنى ئۈزمىگەنلىكىنى بايان قىلدى ھەمدە خەتلەرنى پالۋانلارغا تاپشۇرۇپ بەردى. پالۋانلارنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇشتى، ئۇلاردا جەڭ قىلماسلىق نىيىتى تۇغۇلدى.

گۈەن يۈي لەشكەر تارتىپ، جىڭجۇنى ئېلىشقا كېتىۋاتاتتى. ئەتىسى خېلى نۇرغۇن پالۋان - نۆكەرلەر جىڭجۇغا قېچىپ كەتتى. تېخىمۇ غەزىپى كەلگەن گۈەن يۈي لەشكەرلەرنى ھەدەپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇدى. تۇيۇقسىز ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن چۇقان ساداسى بىلەن تەڭ بىر لەشكەر چىقىپ ئالدىنى

توسۇۋالدى. بۇ سەر لەشكەر جياڭ چىن ئىدى.

— گۇەن يۈي! نېمىشقا بۇرۇنراق ئەل بولمايسىز؟ — دېدى جياڭ چىن نەيزىسىنى توغرىلاپ ئېتىنى توختىتىپ تۇۋلاپ تۇرۇپ.

— مەن خەن پالۋانىدۇرمەن، نېمىدەپ مۇناپىققا ئەل بولىدىكەنمەن! — دېدى تىللاپ گۇەن يۈي ۋە قىلىچىنى ئوينىتىپ توپتوغرا جياڭ چىنغا ئات سالدى. ئۈچ رەددى بەدەل ئېلىشا - ئېلىشمايلا جياڭ چىن يېڭىلىپ قاچتى، گۇەن يۈي يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ چاپ - چاپ قىلىپ كەلدى، تۇساتتىن كۆتۈرۈلگەن چۇقان بىلەن، سولدىكى جىلغىدىن خەن داڭ، ئوڭدىكى جىلغىدىن جۇ تەي لەشكەر بىلەن چىقتى. جياڭ چىن قايتا ئارقىسىغا ياندى - دە، ئۈچ تەرەپ گۇەن يۈينى ئارىغا ئېلىپ جەڭ قىلىشتى. گۇەن يۈي لەشكەرلىرىنى دەرھال چېكىندۇرۇپ قاچتى. بىرنەچچە چاقىرىم يول يۈرگەندە تۆۋەن تاغنىڭ تۆپىلىكىدە نۇرغۇن ئادەملەر توپلىشىۋالغانلىقىنى، «جىڭجۇنىڭ يەرلىك ئاھالىسى» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان، لەپىلدەپ تۇرغان بىر ئاق تۇغنى كۆرۈپ قالدى، ئاھالىنىڭ ھەممىسى: «يەرلىكلەر تېز ئەل بولۇڭلار» دەپ تۇۋلىدى. دەرغەزەپ بولغان گۇەن يۈي تۆپىلىككە چىقىپ قىرغىن قىلماقچى بولۇۋىدى، تاغنىڭ قاپتىلىدىن يەنە ئىككى توپ لەشكەر چىقتى. سولدا دىڭ فېڭ، ئوڭدا شۈي شېڭ ھەمدە جياڭ چىن باشلىق ئۈچ يول لەشكىرى قوشۇلدى - دە، چۇقان ئاۋازى زېمىننى لەرزىگە كەلتۈردى. ناغرا - بۇرغا ئاۋازى پەلەكنى ياڭرىتىۋەتتى، گۇەن يۈينى دەل ئوتتۇرىغا ئېلىپ قورشىۋالدى. قول ئاستىدىكى سەركەردە - نۆكەرلىرى بارغانسېرى ئازىيىپ كەتتى، زاۋالغىچە جەڭ قىلغان گۇەن يۈي تاغلارغا يىراقتىن نەزەر سېلىۋىدى، پۇتۇنلەي دېگۈدەك جىڭجۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئاكىلىرىنى، بالىلىرىنى، ئاتىلىرىنى ئىزدەپ تۇۋلىشىۋاتقان ئاۋازلىرى

ئاڭلاندى. لەشكەرلەر جەڭ قىلىشقا رايى بارماي، چاقىرغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا كېتىشمەكتە ئىدى. گوەن يۈي تۇۋلاپمۇ توسۇپ قالالمىدى. 300دىن ئارتۇقراقلا نۆكىرى قالدى. ئېغىر ياتقۇغا قەدەر جەڭ قىلغاندا، كۈنچىقىش تەرەپتىن پەلەكنى ياڭرىتىپ چۇقان ئاۋازى چىقىپ كەتتى. گوەن پىڭ، لياۋ خۇالار ئىككى توپ لەشكەرگە بۆلۈنۈپ قاتمۇقات مۇھاسىرىنىڭ ئىچىگە قىرغىن قىلىپ كىرىپ، گوەن يۈينى قۇتقۇزۇپ چىقتى. گوەن پىڭ:

— لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلى پەرىشان، ۋاقىتلىق بىرەرتە شەھەرگە ئورۇنلىشىپ ھەمدەمچى لەشكەرنى كۈتۈشىمىز كېرەك. مەيچېڭ كىچىك شەھەر بولسىمۇ، ئۇ يەردە ئورۇنلىشىشقا بولىدۇ، — دېدى.

بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلغان گوەن يۈي قالغان لەشكەرلەرنى ئېلىپ مەيچېڭغا كەلدى، لەشكەرلەرنى تۆت دەرۋازىغا بۆلۈپ مۇستەھكەم مۇداپىئەگە قويدى ـ دە، سەركەردىلەرنى كېڭەشكە چاقىردى. جاۋ لېي:

— بۇ ئورۇن شاڭيۇڭغا يېقىن بولۇپ، ئۇ يەردە ليۇ فېڭ، مېڭ دالار بار، ھەمدەملىك سوراپ تېز ئادەم ئەۋەتەيلى. ئەگەر بۇ ئورۇننىڭ ھەمدەمچى لەشكىرىگە ئىگە بولىدىغان بولساق، كۈنپېتىش سىچۇەن لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگۈچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيمىز، لەشكەرلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن خاتىرجەم بولۇپ قالىدۇ، — دېدى. دەل كېڭەشنىڭ ئۈستىگە، ۋۇ لەشكەرلىرى كېلىپ شەھەرنى تۆت تەرەپلەپ مۇھاسىرىگە ئالدى، دېگەن خەۋەر كەلدى.

— كىم مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، شاڭيۇڭدىن ھەمدەملىك سوراپ كېلىدۇ؟ — دېدى گوەن يۈي.

— مەن باراي، — دېدى لياۋ خۇا.

— مەن سىلىنى مۇھاسىرىدىن ئاچىقىپ قويۇپ كېلەي، — دېدى گوەن پىڭ.

گوەن يۈي خەت يېزىپ بەردى، لياۋ خۇا خەتنى يېنىغا

ئوبدان سېلىپ، تويغۇچە تاماق يېۋېلىپ ئاتلاندى. دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپ شەھەردىن چىققىشىغا، ۋۇ پالۋانى دىڭ فېڭ ئالدىنى توسۇدى. گۆەن پىڭ غەيرەت بىلەن جەڭ قىلغاچقا، دىڭ فېڭ يېڭىلدى. لياۋ خۇا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قاتمۇقات مۇھاسىرىدىن قىرغىن قىلىپ چىقىپ، شاڭيۇڭغا راۋان بولدى. گۆەن پىڭ شەھەرگە كىرىۋالدى، مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرۇپ جەڭگە چىقمىدى.

لىيۇ فېڭ، مېڭ دالار شاڭيۇڭنى ئالغىلى كەلگەندە، ھاكىم شېن دەن كۆپچىلىكنى باشلاپ چىقىپ ئەل بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن خەنجۇڭ پادىشاھى لىيۇ فېڭنى ئورۇنباسار سەركەردىلىككە كۆتۈرۈپ، مېڭ دا بىلەن بىللە شاڭيۇڭنى ساقلاپ تۇرغانىدى. ئەنە شۇ كۈنى گۆەن يۈنىڭ لەشكىرى يېڭىلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئىككىيلەن دەل كېڭەش ئۈستىدە ئىدى، ئۇشتۇمتۇتلا مۇلازىملار لياۋ خۇا كېلىپ قالدى، دەپ مەلۇم قىلىشتى. لىيۇ فېڭ تەكلىپ قىلىپ كىرىپ ئەھۋالنى سورىدى.

— سەركەردە گۆەن يۈي يېڭىلىپ، مەيچېڭدا قامالغا چۈشۈپ قالدى، ئەھۋالى ئېغىر. چېڭدۇدىن ھەمدەمچى لەشكەر تېز يېتىپ كېلەلمەيدۇ، شۇڭا مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ھەمدەمچى لەشكەر ئەكېلىشكە مېنى ئالاھىدە ئەۋەتتى. ئىككىلىرىدىن تېزلىكتە شاڭيۇڭدىكى لەشكەرلەرنى ئېلىپ، بۇ خەۋپتىن خالاس قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. سەل كېچىكىلىدىكەن، گۆەن يۈي خەتەرگە ئۇچرايدۇ، — دېدى لياۋ خۇا.

— سەركەردە! سەل ئارام ئېلىپ تۇرسىلا، كېڭەش قىلىۋالاي! — دېدى لىيۇ فېڭ.

يەمخانىغا بېرىپ دەم ئالغان لياۋ خۇا لەشكىرىي يۈرۈشنىلا كۈتۈپ تۇردى. لىيۇ فېڭ مېڭ داغا:

— تاغام قامالغا چۈشۈپ قاپتۇ، قانداق قىلىش

كېرەك؟ — دېدى.

— كۈنچىقىش ۋىلۇقلارنىڭ لەشكەرلىرى خىل، پالۋانلىرى غەيۇردۇر؛ جىڭجۇ توققۇز ۋىلايەت ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ، پەقەت زىغىردەككىنە مەنچىڭ قاپتۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋ ساۋنىڭ شەخسەن 40 — 50 تۈمەن لەشكەر ئېلىپ موپوغا ئورۇنلاشقانلىقىنى ئاڭلىدۇق؛ بىزگە ئوخشىغان تاغ شەھىرىنىڭ كىشىلىرى ئىككى ياۋنىڭ كۈچلۈك قوشۇنىغا قانداق تەڭ كېلەلەيمىز؟ ياۋنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ، — دېدى مېڭ دا.

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن. بىراق گۈەن يۈي مېنىڭ تاغام تۇرسا، ھەمدەمدە بولماي قاراپ تۇرغىلى بولامدۇ؟

— سەركەردە! — دېدى كۈلۈپ مېڭ دا، — سىلى گۈەن يۈينى تاغا ئورنىدا كۆرسىلە، ئېھتىمال گۈەن يۈي سىلىنى جىيەنى قاتارىدا كۆرسە كېرەك. ئاڭلىشىمچە، خەنجۇڭ پادىشاھى دەسلەپ سىلىنى ئوغۇللۇققا ئالغاندا، گۈەن يۈيگە خۇشياقمىغانىكەن. كېيىن خەنجۇڭ پادىشاھى پادىشاھلىق ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ۋەلىئەھد تىكلىمەكچى بولۇپ، جۇگې لياڭدىن مەسلىھەت سورىغانىكەن. جۇگې لياڭ: «بۇ ئائىلىۋى ئىش، گۈەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن مەسلىھەت قىلىشىلىرى كېرەك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خەنجۇڭ پادىشاھى جىڭجۇغا ئادەم ئەۋەتىپ، گۈەن يۈيدىن سورىتىپتۇ، گۈەن يۈي سىلىنى ئاسرانىدى ئوغۇل، ۋەلىئەھدلىككە تىكلەشكە بولماس دەپتىكەن، كېيىنكى پالاكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، سىلىنى يىراق تاغ شەھىرى بولغان شاڭيۇڭغا ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە خەنجۇڭ پادىشاھىغا مەسلىھەت بەرگەنىكەن. بۇ ئىشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئەجەبا، سىلى بىلمەيدىكەنلا؟ نېمە ئۈچۈن تاغا ۋە جىيەنلىك ھەققىنى دەپ تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ يەڭگىلچە ھەرىكەت قىلماقچى بولىدىلا؟

— جانابلىرىنىڭ سۆزى توغرا، بىراق نېمە دەپ يولغا

سالىمىز؟ — دېدى ليۇ فېڭ.

— تاغ شەھىرى ئەمدىلا بېقىندى، ئاھالە تېخى خاتىرجەم بولغىنى يوق، ئالدىراپ يۈرۈش قىلساق، بۇ جايىنى ھەم قولدىن بېرىپ قويۇشىمىز ئېھتىمال دەپ جاۋاب بەرسىلە، — دېدى مېڭ دا.

بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلغان ليۇ فېڭ ئەتىسى لياۋ خۋانى تەكلىپ قىلىپ:

— بۇ تاغ شەھىرى بولۇپ ئەمدىلا بېقىنغان ئورۇن، لەشكەرنى بۆلۈپ ھەمدەملىككە چىقىش ئىمكانىيىتىمىز يوق، — دېدى.

— ئەگەر مۇنداق قىلىدىغان بولسىلا، گۈەن يۈي ھالاك بولىدۇ! — دېدى لياۋ خۋا يىغلىغان ھالدا يەرگە باش ئۇرۇپ.

— بىز بۇگۈن بارغىنىمىز بىلەنمۇ، بىر قەدەھ سۇ بىلەن، پۈتكۈل هارۋىغا كەتكەن ئوتنى قانداق ئۆچۈرەلەيمىز؟ سەركەردە، تېز قايتىپ چېڭدۇدىن كېلىدىغان ھەمدەمنى كۈتۈشلىرى كېرەك، — دېدى مېڭ دا.

لياۋ خۋا يىغلاپ يالۋۇردى، ليۇ فېڭ، مېڭ دا ھەر ئىككىلىسى يېڭنى سىلكىگەن پېتى كىرىپ كەتتى. ھەمدەملىك ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن لياۋ خۋا بېرىپ ئەھۋالنى خەنجۇڭ پادىشاھىغا يەتكۈزۈپ ھەمدەملىك تەلەپ قىلاي دەپ دەرھال ئاتلىنىپ تىللىغان پېتى شەھەردىن چىقىپ، چېڭدۇغا راۋان بولدى.

گۈەن يۈي مەنچېڭ شەھىرىدە، شاڭيۇڭدىن كېلىدىغان ھەمدەمنى كۈتۈپ ياتتى، ھېچبىر ئۇچۇرى بولمىدى؛ قول ئاستىدا 5 — 6 يۈزدەكلا لەشكەر قالغان بولسىمۇ، تەڭدىن تولىسى مەجرۇھلار ئىدى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەردە ئاشلىق بولمىغاچقا، ئىنتايىن دىققەتچىلىكتە قالدى. ئەنە شۇ ئەسنادا، بىراۋ سېپىل تۈۋىدە، «ئوقيا ئاتماڭلار! سەركەردە بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈشۈپ قىلىدىغان سۆزۈم بار دەۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر كىردى. گۈەن يۈي كىرگۈزۈشكە بۇيرۇق بەردى. سورىسا جۇگې جىن ئىكەن، سالام ـ سەھەتلىشىپ، چاي ـ پاي ئىچىشكەندىن كېيىن، جۇگې جىن:

— بۈگۈن ۋۇ بېگىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئالاھىدە سىلىنى دەۋەت قىلىشقا كەلدىم. قەدىمدىن تارتىپ دەۋر رايىنى بىلگەنلەر تالانت ئەھلى ھېسابلىنىپ كەلگەن. ھالا سەركەردىنىڭ ئىدارىلىرىدە بولغان خەنيۈي، يۇقىرىدىكى توققۇز ۋىلايەت پۈتۈنلەي ئۆزگىلەرنىڭ ئىدارىسىگە ئۆتتى، ئىچكى جەھەتتە ئۇرۇق ـ تۇلۇك، يەم ـ خەشەكلىرى، تاشقى تەرەپتىن ھەمدەمچى لەشكەر يوق بولۇپ، خەۋپ گىردابىغىلا كېلىپ قالدىلا. سەركەردە، كەمىنە جۇگې جىنلىرىنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ۋۇ بېگىگە بەيئەت قىلىپ، قايتىدىن جىڭ ـ شياڭ ۋىلايەتلىرىنى ئىدارە قىلسىلا، قانداق؟ شۇنداق بولسا پۈتۈن ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى سالامەت ساقلاپ قالغان بولاتتىلا. جانابلىرىنىڭ ئوبدان مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن، — دېدى.

— مەن، — دېدى گۈەن يۈي سىپايە قىياپەتتە، — شىلياڭدىكى بىر پالۋان، پاسبانىم ئۆز ئۆكىسىدەك مۇئامىلە قىلىپ كەلسە، ۋىجدانسىزلىق قىلىپ ياۋ ئېلىگە ئەل بولىمەنمۇ؟ شەھەر قولدىن كېتىدىكەن، ئۆلىمەن، خالاس. ئېسىل قاشتاش پارچىلىنىدۇكى، ئاقلىقىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، بامبۇك كۆيسىمۇ، بوغۇمىنى يوقاتمايدۇ، ۋۇجۇدۇم ھالاك بولسىمۇ، نامىم مەڭگۇ تارىخ يۈزىدە قېلىپ قالىدۇ. سىلى ئارتۇق سۆزلەپ ئاۋارە بولماي، شەھەردىن تېز چىقىپ كەتسىلە. سۈن چۈەن بىلەن ئۆلگۈچە جەڭ قىلىمەن!

— كۈنچىقىش ۋۇ بېگى جانابلىرى بىلەن چىن، جىن بەگلىكلىرىگە ئوخشاش دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، بىرلىكتە ساۋ ساۋنى يوقىتىشقا، خەن خانىدانلىقىنى يۆلەشكە

ئورتاق كۆچ چىقارماق ئىستەيدۇ، باشقا غەرىزى يوق. جانابلىرى نېمىشقا بۇ قەدەر جاھىللىق قىلىدىلا؟ — جۇگې جىن شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا گۇەن پىلىڭ شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ، جۇگې جىننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئالغا قەدەم تاشلىدى. گۇەن يۈي توختىۋېلىپ:

— بۇياقنىڭ ئىنىسى چېگدۇدا تاغىمىزغا خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، بۇگۈن ئۆلتۈرۈپ تاشلىسىڭىز، ئۇلارنىڭ ئاغا ـ ئىنىلىق مۇناسىۋىتىگە خەلەل يەتكۈزۈپ قويىسىز، — دېدى ـ دە، شۇئان ئەتراپىدىكىلەرگە جۇگې جىننى شەھەردىن قوغلاتقۇزدى. خىجالەتچىلىكتە ئاتلىنىپ شەھەردىن چىققان جۇگې جىن قايتىپ ۋۇ بېگى بىلەن كۆرۈشۈپ:

— گۇەن يۈينىڭ يۈرىكى تاش ئىكەن، سۆز كار قىلمىدى، — دېدى.

— ھەقىقىي سادىق خادىم ئىكەن! ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى سۈن چۈەن.

— مەن ئۇنىڭ بەخت ـ بەختسىزلىكىگە بىر رەمىل سېلىپ باقاي، — دېدى لۈي فەن.

سۈن چۈەن رەمىل سېلىشقا بۇيرۇدى. لۈي فەن مىگيوپۇرماق* نى ئېلىپ رەم سېلىۋىدى، «شى ناملىق يەر ـ سۇ رەملى»** چۈشتى. ياۋنىڭ ئاساسىي كۆچى يىراق، يۇقىرىسىغا قاچىدىغانلىقى ھەققىدە پال چۈشتى، سۈن چۈەن لۈي مېڭدىن:

— رەملدە ياۋنىڭ ئاساسىي كۆچى يىراققا قېچىپ پال چۈشۈپ قالدى، قانداق تەدبىر بىلەن تۇتىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— رەمىل شەكىللىرى دەل مېنىڭ تەدبىرىمگە مۇۋاپىق

* مىگيوپۇرماق — بىرخىل ئۆسۈملۈك بولۇپ قەدىمكىلەر پال سېلىشتا ئىشلىتەتتى.

** شى ( 筮 ) يىجىڭ ناملىق رەمىل كىتابىدىكى بىر پالنىڭ ئىسمى بولۇپ، يەر ۋە سۇدىن تەركىب تاپقان، شۇڭا «شى ناملىق يەر ـ سۇ رەملى» دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقىپ قالدى. گۇەن يۇينىڭ ئاسمانغا پەرۋاز قىلىدىغان قانىتى بولسىمۇ، قۇرۇپ قويغان تورىمدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ! — دېدى لۇي مېڭ كۈلۈپ.

دەرھەقىقەت:

*ئۈزسە ئەجدەر جىلغىدا بوزەك ئېتەر راكلار كېلىپ،*
*چۈشسە گەر سۇمۇرغ قەپەسكە چېقىلار قۇشلار كېلىپ.*

لۇي مېڭنىڭ تەدبىرى زادى قانداق ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتمىش يەتتىنچى باب

## گۇەن يۈي روھىنىڭ يۈيچۈەنشەن تېغىدا نامايان بولغانلىقى
## ساۋ ساۋنىڭ لوياڭ شەھىرىدە ئەرۋاھقا تېۋىنغانلىقى

ئەلقىسسە، سۈن چۈەن لۈي مېڭدىن تەدبىر سورىدى، لۈي مېڭ:

— مېنىڭچە گۇەن يۈينىڭ لەشكىرى ئاز بولغاچقا، چوڭ يول بىلەن قاچماسلىقى چوقۇم. مەيچېڭنىڭ دەل يۇقىرى تەرىپىدە يوللىرى قىيىن بىر سوقماق بار، ئۇ جەزمەن شۇ يول بىلەن ماڭىدۇ. مەيچېڭنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن 20 چاقىرىم نېرىغا جۇ رەننى خىل 5000 لەشكەر بىلەن پىستىرما بولۇشقا ئەۋەتەيلى. ياۋ لەشكەرلىرى كەلگەندە توسۇماستىن، ئارقىسىدىن قوغلاپ، چاپ ـ چاپ قىلسۇن. ياۋ جەڭ قىلىشقا رايى بارماي چوقۇم لىنجۈيگە قاراپ قاچىدۇ، پەن جاڭنى 500 خىل لەشكەر بىلەن لىنجۈي تېغىدىكى سوقماققا پىستىرما بولۇشقا ئەۋەتسەك، گۇەن يۈينى تۇتۇش مۇمكىن. بۇگۈن پالۋانلارنى دەرۋازىلارغا تېگىش قىلىشقا بۇيرۇيلى ـ دە، پەقەت يۇقىرى دەرۋازىنى بوش قويۇپ، چىقىپ كېتىشىنىلا كۈتەيلى، — دەپ تەدبىر كۆرسەتتى.

تەدبىرنى ئاڭلىغان سۈن چۈەن لۈي فەننى يەنە رەمىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سپلىشقا بۇيرۇدى. رەمىل سالغان لۈي فەن:
— بۇ رەمىل بويىچە ئاساسىي ياۋ كۈنپېتىش يۇقىرىغا قاراپ قاچىدۇ. بۈگۈن يېرىم كېچىدە چوقۇم تۇتۇلىدۇ، — دېدى.
ناھايىتى خۇشال بولغان سۈن چۈەن شۇئان جۇ رەن، پەن جاڭلارنى ئىككى بۆلۈم خىل لەشكەر بىلەن لەشكىرىي بۇيرۇققا ئاساسەن پىستىرما بولۇشقا ماڭدۇردى.
مەيچېڭدا تۇرغان گۈەن يۈي لەشكەرلەرنى ئىـــدىتلەپ كۆرۈۋىدى، ئاران 300 نەچچىلا ئادەم چىقتى؛ ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەكلەرمۇ تۈگەپ قاپتۇ؛ شۇ كېچىسى شەھەر تېشىدىكى ۋۇ لەشكەرلىرى لەشكەرلەرنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ چاقىرغاچقا، سېپىل ئېشىپ قاچقانلارمۇ خېلى كۆپ بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەمدەمچى لەشكەرلەرمۇ يېتىپ كەلمىدى؛ گۈەن يۈي ھېچ ئىلاج قىلالماي، ۋاڭ فۇغا:
— ئۆتمۈشتە سۆزلىرىگە كىرمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ناھايىتى پۇشايمان قىلىۋاتىمەن! بۈگۈنكى خەۋپتىــن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېدى.
— بۈگۈنكى ئىشقا، جاڭ زىيا قايتا تىرىلىپ كەلگەندىمۇ، ھېچ ئامال قىلالمايدۇ، — دېدى ۋاڭ فۇ يىغلاپ تۇرۇپ.
— شاڭيۇڭدىن ھەمدەمگە لەشكەر كەلمەسلىكى، لىيۇ فېڭ، مېڭ دالارنىڭ لەشكەر ئەۋەتمىگەنلىكىدۇر. نېمە ئۈچۈن بۇ يېتىم شەھەرنى تاشلاپ، كۈنپېتىش سىچۈەنگە كىرمەيمىز، يەنە لەشكەر تۈزۈپ كېلىپ، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇپ ئېلىش چارىسىنى كۆرمەيمىز؟ — دېدى جاۋ لېي.
— مەنمۇ شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى گۈەن يۈي ۋە شۇئان سېپىلغا چىقىپ سىرتنى كۆزەتتى، يۇقىرى دەرۋازىنىڭ تېشىدا ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئانچە كۆپ ئەمەسلىكىنى كۆردى - دە، شەھەر ئاھالىسىدىن:
— مۇنۇ يۇقىرى تەرەپنىڭ يەر تۈزۈلۈشى قانداق؟ — دەپ

سۈرۈشتە قىلدى.

— غىچلا تاغلىق، سوقماق يوللار. ئۇ يەردىن كۈنپېتىش سىچۈەنگە بارغىلى بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ئاھالىلەر.

— بۇگۈن كېچە مۇشۇ يول بىلەن مېڭىش كېرەك، — دېدى گۈەن يۈي.

— چىغىر يولغا پىستىرما قويۇشلىرى مۇمكىن، چوڭ يول بىلەن مېڭىش لازىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى ۋاڭ فۇ.

— پىستىرمىسى بولسىمۇ نېمىدىن قورقاتتىم! — دېدى گۈەن يۈي ۋە دەرھال ئاتلىق ـ پىيادە بەگ ـ نۆكەرلەرنى ئوبدان قوراللاندۇرۇپ، شەھەردىن چىقماقچى بولدى.

— جانابلىرى، يول بويى ئېھتىيات قىلىۋرلەر! مەن قالغان 100چە نۆكەر بىلەن بۇ شەھەرنى قاتتىق ساقلايمەن، شەھەر قولدىن كەتكەندىمۇ ئەل بولمايمەن! جانابلىرىنىڭ تېز كېلىپ خالاسكارلىق قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ۋاڭ فۇ يىغلاپ تۇرۇپ.

گۈەن يۈيمۇ يىغلاپ خوشلاشتى، جۇ ساڭنى ۋاڭ فۇ بىلەن بىرلىكتە مەيچېڭنى مۇداپىئە قىلىشقا قالدۇردى. گۈەن يۈينىڭ ئۆزى گۈەن پىڭ، جاۋ لېيلار بىلەن قالغان 200دىن ئارتۇقراق لەشكەرنى ئېلىپ يۇقىرى قوۋۇقتىن يېرىپ چىقتى، قىلىچىنى توغرىسىغا تۇتۇپ، ئەلياتقۇ مەھەلگىچە تەخمىنەن يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يول ماڭغان گۈەن يۈي تاغ ئويمانلىقىدا ئەتراپىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، ناغرا ـ چۇقان بىلەن كېلىۋاتقان بىر توپ لەشكەرنى كۆرۈپ قالدى. بۇ لەشكەرنىڭ سەركەردىسى جۇ رەن نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:

— گۈەن يۈي، توختاڭ! ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن، بۇرۇنراق ئەل بولۇڭ! — دەپ توۋلىدى.

دەرغەزەپ بولغان گۈەن يۈي قىلىچىنى ئوينىتىپ ئات سالدى. جۇ رەن قاچقانىدى، پۇرسەتتىن پايدىلانغان گۈەن يۈي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوغلاپ قىرغىن قىلىپ كەلدى. چېلىنغان ناغرا بىلەن تەڭ تەرەپ ـ تەرەپكە پىسترىما قويۇلغان لەشكەرلەرنىڭ بارلىقى ئېتىلىپ چىقتى، جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان گۇەن يۈي لىنجۈينىڭ چىغىر يولىغا قاراپ قاچتى، جۇ رەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ، قىرغىن قىلدى، گۇەن يۈي لەشكەرلىرى بارا ـ بارا ئازىيىپ باردى. تۆت ـ بەش چاقىرىم يول ماڭا ـ ماڭمايلا، ئالدى تەرەپتىن يەنە ئەتراپنى تىترىتىپ، چۇقان ئاۋازى چىقىپ كەتتى. زور يانغىن كۆتۈرۈلدى، پەن جاڭ قىلىچ ئوينىتىپ ئالغا ئىنتىلدى؛ ئۈچ رەددى بەدەل ئېلىشقاندىن كېيىن، پەن جاڭ يېڭىلىپ قاچتى. گۇەن يۈي جەڭ قىلىشقا رايى بارماي، دەرھال تاغ يولىغا قاراپ ماڭدى. ئارقىدىن يېتىشىپ كەلگەن گۇەن پىڭ جاۋ لېيىنىڭ پاتىپاراق ئىچىدە ئۆلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. قاتتىق قايغۇرغان گۇەن يۈي ئالاقزادە بولۇپ قالدى. شۇئان گۇەن پىڭنى ئارقا ھىماتچىلىققا قويۇپ، ئۆزى ئالدىغا يول ئېچىپ ماڭدى، ئارقىسىدا ئون نەچچىلا ئادىمى قالغانىدى. بۇلار ماڭا ـ ماڭا جۆكۆغا كەلدى. بۇ يەرنىڭ ئىككى تەرىپى تاغ، تاغنىڭ ياقىلىرىغىچىلا قومۇشلۇق، چىرىگەن ئوت ـ چۆپ، دەرەخزارلىق بار ئىدى. ۋاقىت بولسا سۈبھى بولۇشقا ئازلا قالغانىدى. كېتىۋاتقان ۋاقىتتا چىققان بىرلا نەرە ئاۋازى بىلەن، ئىككى تەرەپكە پىسترىما قويۇلغان لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئۇزۇن ئىلمەك ئوقۇرۇق ۋە سالمىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئالدى بىلەن گۇەن يۈينىڭ مىنگەن ئېتىنى يىقىتتى. گۇەن يۈي ئاتتىن ئاغدۇرۇلۇپ چۈشتى ـ دە، پەن جاڭنىڭ قول ئاستىدىكى پالۋانى ما جۇڭ تۇتۇۋالدى. ئاتىسىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن گۇەن پىڭ جىددىي قۇتقۇزۇشقا كېلىۋىدى، ئارقىسىدىن پەن جاڭ، جۇ رەنلەر لەشكەرلىرى بىلەن تەڭلا كېلىپ تۆت تەرەپتىن گۇەن پىڭنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. يەككە جەڭ قىلغان گۇەن پىڭ ئاخىر ھالسىزلىنىپ قولغا چۈشۈپ

قالدى.

تاڭ ئاتقاندا گۈەن يۈي ئاتا ـ بالىنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلىغان سۈن چۈەن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، پالۋانلارنى چېدىر ـ بارگاھقا يىغدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ما جۇڭ گۈەن يۈينى ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. سۈن چۈەن:

— مەن ئۇزۇندىن بېرى سەركەردىنىڭ پەزىل ـ ئەخلاقلىرىغا قىزىقىپ، چىن، جىن بەگلىكلىرىدەك دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى خالىغانىدىم، نېمىشقا رەت قىلىدىلا؟ جانابلىرى، ئۆتمۈشتە ئۆزلىرىچە ئەلدە تەڭدىشىم يوق دەپ ئويلايتتىلا، بۈگۈن ئەجەب قولۇمغا چۈشۈپ قالدىلىغۇ؟ سەركەردە بۈگۈن سۈن چۈەنگە قايىل بولدىلىمۇ؟ — دېدى.

— ئەي كۆك كۆز ھارامزادە، قوڭۇر ساقال پەس! — دەپ تىللىدى توۋلاپ تۇرۇپ گۈەن يۈي، — مەن خان تاغىسى ليۇ بېي بىلەن شاپتۇللۇقتا ئەھدىلىشىپ، خەن خاندانلىقىغا ھەمدەملىشىشكە ئانت ئىچكەنمەن، خەن خاندانلىقىغا ئاسىيلىق قىلغان سەندەك مۇناپىق بىلەن قانداق قىلىپ بىر سەپتە تۇراي! بۈگۈن مەن سەۋەنلىشىپ، ھىيلە ـ مىكرىڭگە ئۇچراپ كەتتىم، ئۆلىمەن، خالاس. بىھۇدە سۆزنىڭ نېمە كېرىكى!

— گۈەن يۈي دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمانى، بەك ياخشى كۆرىمەن. بۈگۈن ئەدەپ ـ نازاكەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلساق، قانداق؟ — دېدى سۈن چۈەن ئارقىغا ئۆرۈلۈپ كۆپچىلىككە.

— بولماسمىكىن، — دېدى مىرزا زو شيەن، — مۇقەددەم ساۋ ساۋ بۇ ئادەمگە ئىگە بولغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا بەگلىك ئۇنۋانى بېرىپ ئۈچ كۈندە بىر كىچىك مەرىكە، بەش كۈندە بىر چوڭ مەرىكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى: ئاتلانسا بىر بۆلۈم ئالتۇن، ئاتتىن چۈشسە بىر بۆلۈم كۈمۈش ھەدىيە قىلىپ، شۇ قەدەر ئىلتىپات كۆرسەتسىمۇ، ئاخىر بەربىر ئېلىپ قالالمىغانىدى،

قورۇللاردىكى پالۋانلىرىنى ئۆلتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. بۈگۈنگە كەلگەندە ساۋ پايتەختنى كۆچۈرۈپ، تىغدىن ساقلىنىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدى. بۈگۈن جانابىي پاسبانىم قولغا چۈشۈردىلە، ئەگەر يوقىتىپ تاشلىمايدىكەنلا، كېيىن بىشىمىزغا پالاكەتلەر كەلتۈرۈشى ئېھتىمال.

— بۇ سۆز توغرا، — دېدى سۇن چۈەن خېلىغىچە ئويلىنىپ، دەرھال ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ گۈەن يۈي ئاتا ـ بالا قازاغا يولۇقتى. بۇ جيەنئەننىڭ 24 ـ يىلى قىش، 12 ـ ئاي ئىدى. شۇ يىلى گۈەن يۈي 58 ياش ئىدى. كېيىنكىلەر گۈەن يۈينى مەدھىيىلەپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەندى:

*چىقتى خەن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرى بىر پالۋان،*
*نامدۇر گۈەن يۈي ئۇنىڭ تەڭداش تېپىلماس ئارسلان.*
*جەڭ ـ ئەلەم بابىدا كۆرسەتتى ماھارەت ـ قۇدرەت،*
*ھەم قەلەم بابىدىمۇ تاپتى كامالەت ئانجىنان.*
*تۇتتى چۈنچيۇ دەۋرىنى ئەدلى ـ ئادالەت ئىلكىدە،*
*دىل ـ يۈرىكى پاك ئىدى گوياكى ئەينەك ـ ئاسمان.*
*تاجدار نامى پەقەت ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە —*
*چەكلىنىپ قالماي ياشايدۇ ئەل ئارا مەڭگۇ ھامان.*

يەنە بىر نەزمىدە مۇنداق دەپ تەرىپلىنىدۇ:

*كارامەت قەھرىمان ئەردى شىلياڭلىق ئەزىمەت گۈەن يۈي،*
*جامائەت ئېھتىرامىغا سازاۋەر رەھمىتىي گۈەن يۈي.*
*بۇ شاپتۇللۇق ئارا ليۇ بېي بىلەن چېكىپ رىشتى ـ قېرىنداش،*
*كىنەزدەك يادلىشار ئەل ـ يۇرت ئۆچۈرمەي شامىنى، گۈەن يۈي.*
*ئۇنىڭ ئىرادىسى دائىم چاچار نۇرماھى تاباندەك،*
*جاھاندا جورىسى يوقتۇر پەقەت تاق مەردلىكى، گۈەن يۈي.*

*ئۇنىڭ نامىغا ھەر جايدا ئىبادەتخانىلار باركى،*
*ئاشۇنداق ئايۇ يىللارنى كەچۈرگەن ھەردەمى، گۆەن يۈي.*

گۆەن يۈي ئۆلگەندىن كېيىن، قىزىل تۇلپارنى ما جۇڭ سۈن چۆەنگە تەقدىم قىلدى، سۈن چۆەن ما جۇڭنىڭ ئۆزىگە ئىلتىپات قىلدى. بۇ ئات بىرنەچچە كۈنگىچىلىك ئوت ـ بوغۇز يېمەي ئۆلدى.

مەيچېڭدا قالغان ۋاڭ فۇ قورقىنىدىن غال ـ غال تىترەپ جۇساڭدىن:

— تۈنۈگۈن كېچە جانابىي پاسىباننى پۇتكۈل ۋۇجۇدى قانغا بويالغان ھالدا ئالدىمدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆشەپ قاپتىمەن؛ ئالدىراپ گەپ سورىماقچى بولۇۋىدىم، بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. بۇنىڭ ياخشىلىق ـ شۇملۇق ئالامىتى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، — دەپ سۆزلەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا ۋۇ لەشكەرلىرى سېپىلنىڭ تۈۋىدە جانابىي گۆەن يۈي ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ مەلۇم قىلىشتى. ئىنتايىن چۆچۈپ كەتكەن ۋاڭ فۇ، جۇ ساڭلار تېزلىكتە سېپىلغا چىقىپ قارىۋىدى، دېگەندەك گۆەن يۈي ئاتا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ بېشى ئىكەن. قاتتىق بىرلا ئاھ ئۇرغان ۋاڭ فۇ ئۆزىنى سېپىلدىن تاشلاپ ئۆلدى. جۇ ساڭ ئۆزىنى شەمشەرلەپ ئۆلۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ مەيچېڭ كۈنچىقىش ۋۇلۇقلار قولىغا ئۆتتى.

گۆەن يۈينىڭ ئەرۋاھى تارقىلىپ كەتمەستىن، ئۇزۇنغىچە بىر ئورۇنغا — جىڭمېنجۇ ئايمىقىنىڭ داڭياڭ ناھىيىسىدىكى يۈيچۆەنشەن دەپ ئاتىلىدىغان تاغنىڭ ئۈستىگە كېلىۋالدى. تاغدا بىر قېرى راھىب بولۇپ، راھىبلىق تەخەللۇسى پۇ جىڭ ئىدى. ئەسلىدە سى شۈيگۆەن جېنگۈسى ئىبادەتخانىسىدا راھىب كالان ئىدى؛ كېيىن ئەل كېزىپ يۈرۈپ، بۇ ئورۇنغا كېلىپ قېلىپ،

تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆرۈپ، بۇ ئىبادەتخانىغا ئورۇنلاشقاندى، ھەر كۈنى ئىبتىكاپتا ئولتۇرۇپ تىلاۋەت قىلاتتى. خىزمىتىدە بىرگىنە ياش راھىب بار ئىدى. ئۇ تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى.

بۇ كېچە ئايدىڭ بولۇپ، مەيىن شامال چىقماقتا ئىدى، ئېغىر ياتقۇدىن كېيىن ئىبادەتخانىدا سۈكۈت ئىستىقامىتىدە ئولتۇرغان پۇ جىڭ تۇساتتىنلا ئاسماندا بىراۋنىڭ: «بېشىم قايتۇرۇلسۇن!» دەپ تۇۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. پۇ جىڭ ئاسمانغا قارىدى، قارىسا قىزىل تۇلپارغا مىنگەن، قارا ئەجدىھا سۈرەتلىك قىلىچ تۇتقان بىر ئادەم. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بىر ئاق يۈزلۈك پالۋان، ئوڭ تەرىپىدە قارا يۈزلۈك، يۆگىمەچ ساقال بىر كىشى. ئۇلار بۇلۇت بىلەن يۈيچۈنشەن تېغىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئوتتۇرىسىدىكى ئادەمنىڭ گۈەن يۈي ئىكەنلىكىنى تونۇغان پۇ جىڭ شۇئانلا قولىدىكى چىۋىن قورۇغۇچ بىلەن ئىشىكنى ئۇرۇپ:

— گۈەن يۈي! قانداق ئەھۋاللىرى؟ — دېدى. شۇئان گۈەن يۈينىڭ ئەرۋاھى ئاتتىن چۈشتى ـ دە، شامال بىلەن ئىبادەتخانا ئالدىغا چۈشۈپ، قولىنى قوشتۇرغان ھالدا:

— ئۇستازىم، كىم بولىدىلا؟ راھىبلىق تەخەللۇسىنى بىلمەك ئىستەيمەن، — دېدى.

— قېرى راھىبلىرى پۇ جىڭ بولىمەن، مۇقەددەم سى شۈيگۈەن قورۇلى ئالدىدىكى جىنگۈسى ئىبادەتخانىسىدا كۆرۈشكەندۇق، بۈگۈن نېمىشقا ئۇنتۇپ قالدىلا؟ — دېدى پۇ جىڭ.

— ئۆتمۈشتە قىلغان خالىسكارلىقلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن، بۈگۈن قازاغا يولۇقۇپ ئۆلدۈم، يول كۆرسىتىپ تەربىيە بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى گۈەن يۈي.

— ئۆتمۈشتىكى بىلەن بۈگۈنكى ھەق - ناھەقنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلى، بۇلارنىڭ سەۋەب - ئاقىۋەتلىرى ھېچكىمگە ياقمايدۇ، بۈگۈن لۈي مېڭنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان سەركەردە جانابلىرى «بېشىم قايتۇرۇلسۇن!» دەپ تۇۋلاۋاتىدىلا، ئۇنداق بولسا، يەن لياڭ، ۋېن چۇ، بەش قورۇلدىكى ئالتە پالۋان ۋە باشقىلار باشلىرىنى كىمدىن تەلەپ قىلىدۇ؟ — دېدى پۇ جىڭ.

بىردىنلا ناھايىتى چۈشەنگەن گۈەن يۈي باش قويغان ھالدا بۇدداغا قايىل بولۇپ كەتتى. كېيىن دائىم دېگۈدەك ئەرۋاھى يۈيچۈەنشەندە نامايان بولۇپ ئاھالىنى ئاسراپ يۈردى. يېزا ئاھالىسى ئۇنىڭ ئىلتىپاتىغا مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن، تاغنىڭ ئۈستىگە ئىبادەتخانا قۇرۇپ، تۆت پەسىل بويى نەزىر - قۇربانلىق ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان بولدى. كېيىنكىلەر ئىبادەتخانا ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*يۈزى، قەلبى قىزىل باتۇر مىنەر ئۇ قىپقىزىل تۇلپار،*
*ئۇنتۇماس پادىشاھىنى سەپەرگە چىقسىمۇ ھەر بار.*
*ئوقۇپ شام تۇۋىدە تارىخ، تۇتۇپ تىغ ئەجدىھا سۈرەت،*
*مىجەز - خۇلقى ئەجەب تەمكىن گويا پەرىشتىگە ئوخشار.*

سۈن چۈەن گۈەن يۈيگە زىيانكەشلىك قىلغاندىن كېيىن، جىڭ، شياڭ زېمىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ ئالدى - دە، لەشكەرلەرنى تارتۇقلاپ، پالۋانلار شەرىپىگە قۇتلۇقلاش مەرىكىسى بەردى، لۈي مېڭنى تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، پالۋانلارغا:

— ئۇزۇندىن بېرى جىڭجۇغا ئىگە بولالماي كېلىۋاتاتتىم، بۈگۈن قول سېلىپلا ئالدۇق، بۇنىڭ ھەممىسى لۈي مېڭنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى، — دېدى.

لۈي مېڭ قايتا - قايتا كەمتەرلىك قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. سۈن چۈەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— جۇ يۈي ئادەملەردىن ئۈستۈن تالانتقا ئىگە بولۇپ، ساۋ ساۋنى چىبىيدە يەڭگەنىدى، بەختكە قارشى ئالەمدىن ياش كەتتى. ئورنىغا لۇ سۇ قالدى. لۇ سۇ مېنىڭ بىلەن دەسلەپ كۆرۈشكەندە شاھانە ئۇلۇغ تەدبىرنى كۆرسەتتى، بۇ بىرىنچى خۇشاللىق ئىش ئىدى؛ ساۋ ساۋ كۈنچىقىشقا يۈرۈش قىلغاندا ھەممە مېنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلغاندا، يالغۇز لۇ سۇغىنا جۇ يۈينى چاقىرتىپ، ساۋ ساۋغا قارشى چىقىپ زەربە بېرىشكە ئۈندىدى، بۇ ئىككىنچى خۇشاللىق ئىش ئىدى. لېكىن جىڭجۇنى لىيۇ بېيغا ئارىيەتكە بېرىشكە دەۋەت قىلىش بۇ بىر يېتىشسىزلىك ئىدى. بۈگۈن لۈي مېڭ تەدبىر قوللىنىپ جىڭجۇنى ئېلىش ئارقىلىق لۇ سۇ بىلەن جۇ يۈيدىن ئېشىپ چۈشتى، — دېدى.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەخسەن لۈي مېڭغا قەدەھ تۇتتى. شارابنى ئېلىپ ئىچمەكچى بولغان لۈي مېڭ بىردىنلا قەدەھنى يەرگە تاشلىدى ـ دە، بىر قولى بىلەن سۈن چۈەننى تۇتۇۋېلىپ تۇۋلىغان ھالدا:

— ئەي كۆك كۆز ھارامزادە! قوڭۇر ساقال پەس! مېنى تونۇمسەن؟ — دەپ تىللىدى.

ھەيران بولۇشقان پالۋانلار تېز قۇتقۇزۇپ ئالماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا سۈن چۈەننى ئىتتىرىپ يىقىتىپ تاشلىغان لۈي مېڭ گۈس ـ گۈس دەسسەپ، سۈن چۈەننىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇۋالدى، قاشلىرى ئەكسىگە تارتىشىپ كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا:

— مەن سېرىق ياغلىقلىقلارنى تارمار قىلغاندىن بېرى، ئەلدە ئوتتۇز نەچچە يىل ھەريان كەزگەنىدىم، تۈيۇقسىزلا سېنىڭ ھىيلە ـ مىكرىڭگە ئۇچراپ كەتتىم، ھاياتلىقىمدا سېنىڭ گۆشۈڭنى يېيەلمىدىم. ئۆلگىنىمدىمۇ سەن ئوغرى لۈي مېڭنىڭ روھىڭنىڭ كەينىگە چۈشىمەن! مەن خەنشۇ بېگى گۈەن يۈيدۇرمەن، — دەپ تۇۋلىدى.

سۈن چۈەن قورقۇپ كېتىپ دەرھال چوڭ ـ كىچىك

پالۋانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن تىزلاندى. يەرگە ئولتۇرۇۋالغان لۇي مېڭنىڭ يەتتە ئەزايىدىن قان كېتىپ ئۆلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پالۋانلارنىڭ ھەممىسى قورقۇشۇپ كەتتى.
سۇن چۈەن لۇي مېڭنىڭ جەسىتىنى گۈەنسەيگە ئالدۇرۇپ دەپنە قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا نەنجۈن ھاكىمى، چەنلىڭ بېگى ئۇنۋانى بەردى. ئوغلى لۇي بانى ئۇنۋانغا ۋارىسلىق قىلىشقا بۇيرۇدى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن گۈەن يۈي ۋەقەسى ھەر بارە سۈن چۈەننىڭ ئېسىگە چۈشسە چۆچۈپ تۇراتتى.
بىردىنلا قوۋۇقچى جاڭ جاۋ جيەنيېدىن كەلدى، دەپ خەۋەر كىردى، سۇن چۈەن چاقىرتىپ سورىدى. جاڭ جاۋ:
— جانابىي پاسىبانىم! گۈەن يۈي ئاتا - بالىسىنى ئۆلتۈرۈپتىلا، ئەمدى جياڭدۇڭ بالا - قازاغا يولۇقۇشقا ئاز ۋاقىت قالغان ئوخشايدۇ، بۇ ئادەم شاپتۇللۇقتا ليۇ بېي بىلەن ئەھدىلەشكەن ۋاقتىدا بىللە ياشاپ، بىللە ئۆلۈشكە ئانت ئىچىشكەنىدى. ھالا ليۇ بېينىڭ قولىدا كۆنچىقىش سىچۈەن بىلەن كۆنپېتىش سىچۈەن لەشكەرلىرى بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇگې لياڭدەك مۇشاۋىرى، جاڭ فېي، خۇاڭ جۇڭ، ما چاۋ، جاۋ يۈنلەردەك غەيۇر پالۋانلىرى بار؛ ليۇ بېي ئەگەر گۈەن يۈي ئاتا - بالىنىڭ قازاغا يولۇققانلىقىنى ئاڭلىسا، پۈتكۈل ئېلىنىڭ لەشكىرىنى باشلاپ كېلىپ، كۈچىنىڭ بارىچە قىساس ئېلىشى مۇقەررەردۇر. كۆنچىقىش ۋۇ تەڭ كېلەلمەي قالارمىكىن؟ — دېدى.
سۇن چۈەن بۇنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن چۆچۈپ، پۈتىنى يەرگە تەپكەن ھالدا:
— ئويلانماي ئىش قىلىپ قويۇپتىمەن! مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى.
— جانابىي پاسىبان! غەم قىلمىسىلا! — دېدى جاڭ جاۋ، — مېنىڭ بىر تەدبىرىم باركى، كۆنپېتىش شۇ لەشكىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆنچىقىش ۋۇغا تەئەررۇز قىلمايدۇ، جىڭجۇ ئۇيۇلتاشتەك ئەمىن بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

سۇن چۈەن جاڭ جاۋدىن نېمە تەدبىر ئىكەنلىكىنى سورىدى. جاڭ جاۋ:

— ھازىر ساۋ ساۋ 100 تۈمەن لەشكەرگە ئىگە، پۈتۈن ئەلگە كۆز تىكىپ تۇرماقتا، ليۇ بېي دەرھال قىساس ئېلىش ئۈچۈن ساۋ ساۋ بىلەن ئىتتىپاق تۈزىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىرلىكتە لەشكىرىي يۈرۈش قىلسا، كۆنچىقىش ۋۇ خەتەردە قالىدۇ؛ ياخشىسى ئالدى بىلەن گۈەن يۈيىنىڭ بېشىنى ساۋ ساۋغا ئەۋەتىپ بېرەيلى، ساۋ ساۋنىڭ قىلىقى ئىكەنلىكىنى ليۇ بېيغا بىلدۈرەيلى، شۇ چاغدا ليۇ بېي چوقۇم ساۋ ساۋغا ئۆچ بولىدۇ - دە، كۆنپېتىش شۇ ئۆز تىغىنى كۆنچىقىش ۋۇغا ئەمەس، ۋېيغا قارىتىدۇ، بىز ئۇلارنىڭ يەڭگەن - يېڭىلگەنلىكىنى كۆزىتىپ، ئوتتۇرىدىن ئىش قوپۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ دانا تەدبىردۇر، — دېدى.

بۇ مەسلىھەتنى مەقبۇل كۆرگەن سۇن چۈەن گۈەن يۈيىنىڭ بېشىنى ساندۇقچىغا سالدۇردى - دە، ئەلچى ئارقىلىق كېچە - كۈندۈزلەپ ساۋ ساۋغا ئەۋەتىپ بەردى. بۇ ۋاقىتتا ساۋ ساۋ موپېيدىن لەشكەرنى لوياڭغا قايتۇرغانىدى، كۆنچىقىش ۋۇنىڭ گۈەن يۈيىنىڭ بېشىنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ۋە:

— گۈەن يۈي ئۆلۈپتۇ. ئەمدى كېچىسى خاتىرجەم ئۇخلايدىغان بولدۇم، — دېدى. ئاستانىدە بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— بۇ كۆنچىقىش ۋۇلۇقلارنىڭ بالا - قازانى باشقىلارنىڭ ئۈستىگە ئىتتىرىش ھىيلىسىدۇر، — دېدى.

ساۋ ساۋ نەزەر سېلىۋىدى، مىرزا سىما يى ئىكەن، ساۋ ساۋ سەۋەبىنى سورىدى، سىما يى:

— مۇقەددەم ليۇ بېي، گۈەن يۈي، جاڭ فېي ئۈچەيلەن

شاپتۇللۇقتا ئەھدىلەشكەن ۋاقتىدا، بىللە ياشاپ، بىللە ئۆلۈشكە ئانت ئىچىشكەن. ھازىر گۇەن يۇيگە زىيانكەشلىك قىلغان كۇنچىقىش ۋۇ قىساس ئېلىشتىن قورقۇپ، باشنى ئەتەي سىلى ئۇلۇغ پادىشاھىئالەمگە ئەۋەتىپ بېرىپتۇ، بۇ ليۇ بېينىڭ غەزىپىنى سىلىنىڭ ئۇستىلىرىگە يۆتكەش، ۋۇغا قىلىدىغان ھۇجۇمنى ۋېيغا قارىتىشتىن ئىبارەت. ئۆزى بولسا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوتتۇرىدىن نەپ ئالماقچى، — دېدى.

— سىمايى، سۆزلىرى توغرا. بۇنى قانداق تەدبىر بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىم كېرەك؟

— بۇ ئاسان ئىش، — دېدى سىمايى، — ئۇلۇغ پادىشاھىئالەمگە گۇەن يۇينىڭ بېشى ئۇچۇن، سەندەل دەرىخىدىن بىر گەۋدە ياسىتىپ، ئۇلۇغ ۋەزىرلەر قاتارىدا ھۆرمەت بىلەن دەپنە قىلىدۇرلەر. ليۇ بېي ئاڭلىسا، ئەلۋەتتە سۇن چۇەنگە چوڭقۇر ئۆچمەنلىك ساقلايدۇ ـ دە، كۇچىنىڭ بارىچە جەنۇبقا يۇرۇش قىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ يەڭگەن ـ يېڭىلگەنلىكىنى كۆزىتىپ بېرىشىمىز كېرەك؛ شۇلۇقلار يېڭىدىكەن، ۋۇلۇقلارغا، ۋۇلۇقلار يېڭىدىكەن، شۇلۇقلارغا تېگىش قىلىشىمىز كېرەك. ئىككى جاينىڭ بىرىگە ئىگە بولىدىكەنمىز، يەنە بىر جايمۇ ئۇزۇنغا قالمايدۇ.

ناھايىتى خۇشال بولغان ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتكە كىرىپ، شۇئان ۋۇنىڭ ئەلچىسىنى قوبۇل قىلدى. ئەلچى ساندۇقچىنى تەقدىم قىلدى. ساۋ ساۋ ساندۇقچىنى ئېچىپ گۇەن يۇي يۇزىنىڭ ئادەتتىكىدەك تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، كۇلگەن ھالدا:

— جانابىي گۇەن يۇي! ئايرىلغىنىمىزدىن بېرى سالامەت تۇردىلىمۇ؟ — دەپ تۇرۇشىغا، گۇەن يۇينىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، كۆزلىرى قىمىرلىدى، ساقال ـ چاچلىرىمۇ تىك تۇرۇپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ ساۋ ساۋ ھوشىدىن كەتتى. بەگلەر ئۇنى تېز يۆلەشتۇرۇۋالدى. جىددىي قۇتقۇزۇپ بىرھازادىن كېيىن ھوشىغا

كەلگەن ساۋ ساۋ بەگلەرگە:

— سەركەردە گۆەن يۈي ھەقىقەتەن ئىلاھ ئىكەن! — دېدى. ۋۇ ئەلچىسى گۆەن يۈي روھىنىڭ نامايان بولۇپ، سۇن چۈەننى تىللىغان، لۈي مېڭنى قوغلىغان ۋەقەلەرنى ساۋ ساۋغا بايان قىلىپ بەردى. تېخىمۇ قورققان ساۋ ساۋ قۇربانلىق قىلىپ نەزىر ئۆتكۈزدى. خۇشبۇي سەندەل دەرىخىدىن گەۋدە ياسىتىپ، پادىشاھ ـ بەگلەر قاتارىدا لوياڭ تۆۋەن دەرۋازىسىنىڭ تېشىغا دەپنە قىلدۇردى. چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى جىنازىنى ئۇزىتىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. شەخسەن ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى ئىبادەت قىلىپ ھەقىقگە دۇئا قىلدى. گۆەن يۈيگە جىڭجۇ پادىشاھى ئۇنۋانى بېرىپ، قەبرىسىنى ساقلاشقا مەخسۇس بەگلەر تەيىنلىدى. ۋۇ ئەلچىسىنى جياڭدۇڭغا قايتۇردى.

خەنجۇڭ پادىشاھى كۈنچىقىش سىچۈەندىن چېڭدۇغا قايتىپ كەلگەن ۋاقتىدا، فا جېڭ:

— جانابىي پاسبان، چوڭ خانىم ۋاپات بولدى، سۇن خانىم جەنۇبقا كېتىپ قالدى، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى ناتايىن. ئىنسانلىق پەزىلىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، ئۆي ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشقا ھەمدەملىشىش ئۈچۈن، پۇ چوڭ خېنىمنىڭ بولۇشى زۆرۈر، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى، خەنجۇڭ پادىشاھى قوبۇل قىلدى.

— ۋۇ يىنىڭ بىر ھەمشىرىسى بار، ئۇ ساھىبجامال ھەم ئەخلاقلىقتۇر. قىياپەتكە قاراپ باھا بېرىدىغان رەمماللارنىڭ بۇ ئايال كېيىن زور دۆلەتلىك بولىدۇ دەپ باھا بېرىشكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇرۇن لىيۇ يەننىڭ ئوغلى لىيۇ ماۋغا بېشىنى باغلاپ قويغانىدى. لېكىن لىيۇ ماۋ ۋاپات بولغاچقا، بۇ قىز ھازىرغىچە يالغۇز ياشىماقتا، ئۇلۇغ پۇ چوڭ خېنىملىققا قوبۇل قىلۇرلەر، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى فا جېڭ يەنە.



www.uyghurkitap.com

— ليۇ ماۋ مېنىڭ ئۇرۇق - جەمەتىم، بۇ قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ، — دېدى خەنجۇڭ پادىشاھى.

— ئۇرۇق - تۇغقانلىقنى سۈرۈشتۈرگەندە، جىن ۋېنگۇڭ بىلەن خۈەي يېڭدىن* مۇ يېقىن بولامدۇ؟ — دېدى فا جىڭ.

خەنجۇڭ پادىشاھى قوبۇل قىلدى - دە، ۋۇ شىنى ئەمرىگە ئالدى. ئۇ ئىككى ئوغۇل تۇغدى. چوڭىنىڭ ئىسمى ليۇ يۇڭ، يەنە بىر ئىسمى گۇڭ شۇ؛ ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى ليۇ لى، يەنە بىر ئىسمى فېڭ شياۋ ئىدى.

— كۇنچىقىش ۋە كۇنپېتىش سىچۈەن ئاھالىسى خاتىرجەم، باياشات ياشىماقتا، دېھقانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنماقتا ئىدى. توساتتىن جىڭجۇدىن كەلگەنلەر:

— كۇنچىقىش ۋۇ گۈەن يۈي بىلەن قۇدىلىششنى تەلەپ قىلغانىدى. گۈەن يۈي رەت قىلدى، — دېدى. جۇگې لياڭ:

— جىڭجۇ خەتەردە! ئورنىغا كىشى ئەۋەتىپ گۈەن يۈينى قايتۇرۇپ ئەكېلەيلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى. شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا جىڭجۇدىن زەپەر خەۋەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ تۇردى. بىر كۈن ئۈتمەي گۈەن شىڭ يېتىپ كېلىپ، يەتتە قوشۇننى سۇغا غەرق قىلىپ تاشلىغان ۋەقەنى بايان قىلىپ بەردى. يەنە چاپارمەن كېلىپ، گۈەن يۈينىڭ دەريا بويىغا نۇرغۇن پوتەيلەر سالدۇرۇپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرگەنلىكىنى، ھېچبىر زىيان - زەخمەت بولمايدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ليۇ بېي خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

تاسادىپەن بىر كۈنى ليۇ بېينىڭ بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى، دىققەت بولۇپ خاتىرجەم ئولتۇرالماي قالدى؛ كېچىسىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالماي، ئورنىدىن تۇرۇپ، ياتاقخانىسىدا شام

---

* خۈەي يېڭ — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى مۇگۇڭنىڭ قىزى بولۇپ، دەسلەپتە جىن بەگلىكى خۈەي گۇڭغا تەگكەن، كېيىن يەنە خۈەي گۇڭنىڭ ئاغىسى جىن ۋېنگۇڭغا تەگكەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

يىقىپ كىتاب كۆردى. بىر سائەتتىن كېيىن بىشى ئايلانغاندەك بولدى ـ دە، شىرەگە يۆلىنىپلا ئۇخلاپ قالدى؛ ئۆيىنىڭ ئىچىدىن مۇزدەك شامال چىقىپ كەتتى. چىراغ ئۆچۈپ بىردەمدىن كېيىن يەنە ياندى. بىشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، چىراغ تۈۋىدە بىراۋ ئۆرە تۇرۇپتۇ، ليۇ بېي:

— كىم بولىسىز؟ تۈن ھەسسىدە ياتاقخانىغا كىرىپسىز؟ — دەپ سورىدى. بۇ ئادەم جاۋاب بەرمىدى. گۇمانلانغان ليۇ بېي ئورنىدىن تۇرۇپ قارىۋىدى، گۇەن يۈي چىراغ سايىسىدە ئۇياق ـ بۇياققا مىڭىپ ئۆزىنى يوشۇرغىلى تۇرۇپتۇ.

— ئىنىم، ئايرىلغىنىمىزدىن بېرى سالامەت تۇردىڭىزمۇ؟ تۈن ھەسسىدە بۇ يەرگە كىرىپسىزغۇ، بىرەر زۆرۈر ئىش بىلەن كىرگەنگە ئوخشىمامسىز؟ سىز بىلەن قېرىنداش تۇرسام، نېمە ئۈچۈن قاچىسىز؟ — دېدى ليۇ بېي.

— ئاغا! لەشكەر باشلاپ بېرىپ، كەمىنە ئىنىلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى گۇەن يۈي يىغلاپ تۇرۇپ ۋە شۇئانلا سوغۇق شامال چىقتى ـ دە، گۇەن يۈي غايىب بولدى. ليۇ بېي بىردىنلا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، بۇ بىر چۈش ئىدى. ۋاقىت دەل ئۈچىنچى ياتقۇ بولۇپ قالغانىكەن. ئىنتايىن گۇمانلانغان ليۇ بېي تىبزلىكتە داتاڭغا چىقىپ، جۇگې لياڭنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن جۇگې لياڭ كېلىپ كۆرۈشتى. ليۇ بېي چۈشىنى دەپ بېرىۋىدى، جۇگې لياڭ:

— جانابلىرى گۇەن يۈينى سېغىنغانلىقلىرىدىن بۇ چۈشنى كۆرۈپتىلا. نېمە ئانچىۋالا گۇمان قىلىدىلا، — دېدى. ليۇ بېي گۇمان ـ ئەندىشىدىن خالىي بولالمىدى. جۇگې لياڭ ياخشى سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلدى.

جۇگې لياڭ خوشلىشىپ چىقىپ، ئوتتۇرا دەرۋازىغا كەلگەندە قارشى كېلىۋاتقان شۈي جىڭغا ئۇچراشتى.

— بىر مەخپىي سىرنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن دەرگاھلىرىغا بېرىۋىدىم، سارايغا كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە بۇ يەرگە كېلىپ تۇرغان، — دېدى شۇي جىڭ.

— نېمە سىر ئىدى؟ — دەپ سورىدى جۇگې لياڭ.

— سىرتتىكى خالايىق ئىچىدە ۋۇدىكى لۇي مېڭ جىڭجۇنى ئاپتۇ، گۇەن يۈي قازاغا يولۇقۇپتۇ دەپ سۆز تارقالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە سىلىگە خۇپىيانە مەلۇم قىلغىلى كەلدىم.

— مەن ھەم كېچە يۇلتۇزلارغا قارىۋىدىم، سەركەردە يۇلتۇزنىڭ جىڭ، چۇ زېمىنىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم، بۇنىڭدىن گۇەن يۈينىڭ چوقۇم قازاغا يولۇققانلىقىنى بىلگەنىدىم؛ ئەمما، پاسىبانىنىڭ غەم ـ ئەندىشىگە قېلىشىدىن ۋەھىمە قىلىپ، سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىدىم، — دېدى جۇگې لياڭ.

ئىككىيلەن سۆزلىشىۋاتقان ۋاقىتىدا، تۇيۇقسىز سارايىنىڭ ئىچىدىن بىراۋ چىقىپ جۇگې لياڭنىڭ يېڭىنى تۇتۇۋېلىپ:

— بۇنچىلىك شۇم خەۋەرنى نېمىشقا جانابلىرى مېنىڭدىن يوشۇرىدىلا! — دېدى.

جۇگې لياڭ نەزەر سېلىۋىدى، ليۇ بېي ئىكەن.

— بايا قىلىشقان سۆزلىرىمىزنىڭ ھەممىسى، مىش ـ مىش سۆزلەر بولغاچقا، بەك ئىشىنىپ كېتەلمىدۇق. پاسىبان، كۆڭۈللىرىنى كەڭ تۇتۇپ، غەم ـ ئەندىشە قىلمىغايلا، — دېدى جۇگې لياڭ، شۇي جىڭلار ئىلتىجا بىلەن.

— گۇەن يۈي بىلەن بىللە ياشاپ، بىللە ئۆلۈشكە ئانت ئىچكەنمەن؛ مۇبادا ئۇ خېيىمخەتەرگە ئۇچرىغان بولسا، يالغۇز قانداق ياشىيالايمەن، — دېدى ليۇ بېي.

جۇگې لياڭ، شۇي جىڭلار تەسەللى ـ خاتىرجەم بېرىشىۋاتاتتى، بىردىنلا خاس يىگىتلەر:

— ما لياڭ، يى جىلەر كېلىپ قالدى، — دەپ مەلۇم

قىلىشتى.

لىيۇ بېي ئۆلارنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئىككىيلەن:

— جىڭجۇ قولدىن كەتتى، سەركەردە گوەن يۈي يېڭىلىپ ھەمدەملىك سوراپ مەلۇمات ئەۋەتتى، — دەپ مەلۇماتنى تەقدىم قىلدى.

ئۇ تېخى ئېچىپ ئوقۇشقا ئۈلگۈرمەيلا، خادىملار يەنە جىڭجۇدىن لىياۋ خۋا كەلدى دەپ خەۋەر ئېلىپ كىردى. لىيۇ بېي دەرھال لىياۋ خۋانى قوبۇل قىلدى. لىياۋ خۋا يىغلاپ يەرگە باش قويۇپ لىيۇ فېڭ، مېڭ دالارنىڭ ھەمدەملىك بېرىشكە ئۇنىمىغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى.

— مۇنداق بولغان بولسا ئىنىم تۈگەپتۇ! — دېدى لىيۇ بېي ئىنتايىن چۆچۈپ.

— لىيۇ فېڭ، مېڭ دالارنىڭ بۇ قەدەر يولسىزلىق قىلغان گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ! پاسسىبان كۆڭۈللىرىنى كەڭ تۇتسىلا، كەمىنە جۇگې لياڭ بىر توپ لەشكەر بىلەن بېرىپ، جىڭ، شياڭ ۋىلايەتلىرىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇراي، — دېدى جۇگې لياڭ.

— گوەن يۈي ھادىسىگە يولۇققان بولسا، مەن يالغۇز ياشىمايمەن! ئەتە ئۆزۈم بىر توپ لەشكەر بىلەن بېرىپ، گوەن يۈينى خالاس قىلىمەن! — دېدى لىيۇ بېي يىغلاپ ۋە بىر تەرەپتىن جاڭ فېيغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن لاڭجۇڭغا كىشى ماڭدۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن لەشكەرنى يىغىشقا ئادەم بۇيرۇدى. تاڭ ئاتقۇچىلىك ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم مەلۇمات كېلىپ، گوەن يۈينىڭ كېچىلەپ لىن جۈي بىلەن قاچقاندا، ۋۇ پالۋانلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى خەۋەر قىلىندى. بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان لىيۇ بېي توۋلاپ ئاھ ئۇردى ـ دە، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى.

دەرھەقىقەت:

*ئويلىدى بىللە ئۆلۈش يولىدا ئىچكەن ئاننى،*
*ئۆل ئىچۈك تۈزگەي بۇگۇن تاشلاپ كېتەرگە دوستىنى.*

لىۋ بېي ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەتمىش سەككىزىنچى باب

## دانا ھەكىمنىڭ كېسەل داۋالايمەن دەپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى
## مەككارنىڭ ئەجەللىك تۇشۇپ ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقى

ئەلقىسسە، گۇەن يۈينىڭ بالىسى بىلەن قازاغا يولۇققانلىقىنى ئاڭلىغان خەنجۇڭ پادىشاھى يىغلاپ ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى، قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلار جىددىي قۇتقۇزۇش بىلەن بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەلدى، سىپاھ ـ بەگلەر يۆلەشتۇرۇپ ئىچكەرکی سارايغا ئېلىپ كىرىپ قويۇشتى. جۇگې لياڭ:

— پادىشاھى ئالەم، ئارتۇقچە غەم قىلمىسىلا. قەدىمۇلئەييامدىن بېرى «ئىنسان تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، بۇ تەقدىري ئىلاھىدۇر» . مەرھۇم گۇەن يۈي ئادەتتە كەسكىن ئادەم ئىدى، ئۆزىنى چوڭ تۇتاتتى، شۇڭلاشقا بۈگۈنكى ھادىسە يۈز بەردى. جانابلىرى، ھازىرچە مۇبارەك تەنلىرىنى ئايىسىلا، قىساس ئېلىشقا ئالدىرىمىسىلا، — دەپ نەسىھەت قىلدى.

— مەن گۇەن يۈي، جاڭ فېي ئىككى ئىنىم بىلەن شاپتۇللۇقتا بۇرادەرلىك ئەھدى قىلىشقان ۋاقتىدا، بىللە ياشاپ، بىللە ئۆلۈشكە ئانت ئىچىشكەنىدىم. ھالا گۇەن يۈي ئۆلدى، بۇ بەخت ـ دۆلەتنى يالغۇز قانداق كۆرىمەن! — دەپ تۇرۇشىغا،

گۆەن شىۋەك داد ـ پەرياد بىلەن كېلىپ قالدى. ليۇ بېي ئۇنى كۆرۈپ يەنە بىر ئاھ ئۇردى ـ دە، يىغلاپ يىقىلىپ قالدى، سىپاھ ـ بەگلەر ھوشىغا كەلتۈردى. تولا يىغلاپ كۆنگە تۆت ـ بەش قېتىم ھوشىدىن كېتىپ قالدى، ئۈچ كۈنگىچىلىك گېلىدىن نە سۇ، نە شەربەت ئۆتمىدى. ھە دەپ قاتتىق يىغلاپلا ئولتۇردى؛ تۆكۈلگەن ياش بىلەن ئېتەكلىرى ھۆل بولۇپ قان داغلىرى ھاسىل بولدى. جۇگې لياڭ باشلىق بەگلەر قايتا ـ قايتا تەسەللى خاتىرە بەردى، ليۇ بېي:

— كۈنچىقىش ۋۇلۇقلار بىلەن بۇ جاھاندا زادىلا چىقىشالمايمەن! — دېدى.

— ئاڭلىشىمىزچە، — دېدى جۇگې لياڭ، — كۈنچىقىش ۋۇلۇقلار مەرھۇم گۆەن يۈيىنىڭ بېشىنى ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلغانىكەن، ساۋ ساۋ پادىشاھ، بەگلەر تەرىقىسىدە ھۆرمەت بىلەن دەپنە قىلدۇرۇپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنى؟ — دەپ سورىدى ليۇ بېي.

— كۈنچىقىش ۋۇلۇقلار بالا ـ قازانى ساۋ ساۋ ئۈستىگە ئىتتەرگەن بولسىمۇ، ھىيلىنى بىلىپ قالغان ساۋ ساۋ جانابلىرىنى ۋۇغا ئۆچمەن قىلىش ئۈچۈن ئەتەي گۆەن يۈينى ھۆرمەت بىلەن دەپنە قىلغان، — دېدى جۇگې لياڭ.

— ئەمدى مەن لەشكەر باشلاپ بېرىپ، ۋۇنى جاۋابكارلىققا تارتىپ، ئىنتىقام ئالىمەن! — دېدى ليۇ بېي.

— بولمايدۇ. ۋۇلۇقلار بىزنى ۋېيگە سالماقچى، ۋېيلىقلار بولسا، بىزنى ۋۇغا سالماقچى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھىيلىسى بار، ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى. پادىشاھىئالەم لەشكەرلىرىنى قىمىرلاتماستىن ھازىرچە مەرھۇم گۆەن يۈي ئۈچۈن ھازا ئاچۇرلەر، ۋۇ بىلەن ۋېينىڭ ئارىسى ئېچىلغاندىلا، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يۈرۈش قىلساق بولارمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى جۇگې لياڭ.

سىپاھ ـ بەگلەرمۇ قايتا ـ قايتا تەسەللى بەرگەچكە، لىۋ بىي تاماق يېدى، چېكدۇ ئېلىدىكى چوڭ ـ كىچىك پالۋانلارنىڭ ھەممىسىگە قارا تۇتۇشقا بۇيرۇق چىقاردى. خەنجۇڭ پادىشاھى تۆۋەن قوۋۇقتىن چىقىپ مەرھۇمنىڭ ئەرۋاھىغا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزدى، كۈن بويى قاتتىق يىغلاپ ماتەم تۇتتى.

ساۋ ساۋ لوياڭدا گۈەن يۈينى دەپنە قىلدۇرغاندىن كېيىن، ھەر كۈن كېچىسى دېگۈدەك كۆزىنى يۇمۇش بىلەنلا گۈەن يۈينى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. ناھايىتى قورققان ساۋ ساۋ سىپاھ ـ بەگلەردىن مەسلىھەت سورىدى. بەگلەر:

— لوياڭدىكى سارايلار كونىراپ بەك ۋەھىمىلىك بولۇپ قالدى، يېڭى ساراي بىنا قىلدۇرۇپ ئولتۇرۇڭلەر، — دېيىشتى.

— مەنمۇ جيەنشىديەن ناملىق بىر ساراي ياسىتىشنى ئويلىغانىدىم. ئەپسۇسكى ياخشى مېمارلار يوق.

— لوياڭدا سۇ يۆ دېگەن ناھايىتى ئۇستا مېمار بار، — دېدى جيا شۈي.

ساۋ ساۋ چاقىرتىپ، لايىھە سىزىشقا بۇيرۇدى. سۇ يۆ ئالدى ـ كەينىدە پېشايۋان راۋاقلىرى بار توققۇز ئېغىزلىق چوڭ ساراي لايىھىسىنى سىزىپ، ساۋ ساۋغا سۇندى.

— لايىھىڭىز ماڭا ناھايىتى مەقبۇل بولدى، بىراق لىم بولغۇدەك ماتېرىيال تېپىلماسمىكىن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— بۇ يەردىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتا يۆلۈڭتەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوڭقۇر كۆل بار. كۆلنىڭ ئالدىدا، يۆلۈڭسى ناملىق بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، يېنىدا ئېگىزلىكى ئون نەچچە جاڭ كېلىدىغان بىر تۈپ چوڭ ئامۇت دەرىخى بار، جيەنشىديەننىڭ لىمى قىلىنىشقا بولىدۇ، — دېدى سۇ يۆ.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، كېسىشكە دەرھال ئادەم بۇيرۇدى. ئەتىسى ئادەم كېلىپ:

— بۇ دەرەخكە ھەرە سالساق ماڭمىدى، پالتا سالساق ئۆتمىدى، كېسەلمىدۇق، — دەپ مەلۇم قىلدى.

ساۋ ساۋ ئىشەنمەي بىرنەچچە يۈز ئاتلىق نۆكىرى بىلەن توپتوغرا يۈلۈكسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ، يۇقىرىغا — دەرەخكە قارىدى، گۈل سايىۋەنگە ئوخشىغان، ئەگرى پۇتاقلىرى بولمىغان بۇ دەرەخ بۇلۇت يېرىپ ئاسمانغا كىرىپ كەتكەنىدى. ساۋ ساۋ كېسىشكە بۇيرۇدى، بىرنەچچە يېزا بوۋايلىرى:

— بۇ بىرنەچچە يۈز يىللىق دەرەخ، ئۈستى پەرىشتىلەر ماكانى، كەسكىلى بولماسمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بېرىشتى.

— ھاياتىمدا ئەلنى قىرىق نەچچە يىل كەزدىم، يۇقىرىدا خان، تۆۋەندە ئاددىي خالايىق ھەممە مېنىڭدىن ئەيمىنىدۇ؛ ئىرادەمگە خىلاپلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بۇ قانداق ئالۋاستى ئىكەن! — دېدى غەزەپلەنگەن ساۋ ساۋ. ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۆزى شەمشەر سىلتىۋىدى، جاراڭلىغان ئاۋاز چىقىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا قان چاچراپ كەتتى. ناھايىتى قورقۇپ كەتكەن ساۋ ساۋ شەمشىرىنى تاشلاپ، ئاتلانغان پېتى سارايغا قايتىپ كەلدى. شۇ كېچىسى ئېغىر ياتقۇ ۋاقتىغىچە خاتىرجەم ئۇخلىيالمىغان ساۋ ساۋ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى - دە، شىرەگە تايىنىپلا ئۇخلاپ قالدى. تۇساتتىن چاچلىرى چۇۋۇلغان، قولىدا شەمشەر تۇتقان، ئۈستىگە قارا كىيىم كىيگەن بىر ئادەم توپتوغرا ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ساۋ ساۋغا قولىنى تۇرتۇپ تۇرۇپ:

— مەن ئامۇت دەرىخىدىكى پەرىشتىدۇرمەن. سەن جىيەنشىدىيەن سارىيىنى بىنا قىلدۇرۇپ، تەخت تارتىۋېلىش مەقسىتى بىلەن پەرىشتە دەرىخىنى كەسكىلى كەلدىڭ! ئەجىلىڭنىڭ توشقانلىقىنى بىلىپ، ئالاھىدە سېنى قەتلى قىلغىلى كەلدىم! — دەپ توۋلىدى.

www.uyghurkitap.com

قورقۇپ كەتكەن ساۋ ساۋ دەررۇ:
— ئەي نۆكەرلەر قېنى سىلەر؟ — دەپ توۋلىدى. قارا كېيىملىك كىشى شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ، ساۋ ساۋغا قاراپ چاپتى، ساۋ ساۋ ۋارقىراپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، بېشى شۇنداق قاتتىق ئاغرىدىكى، چىدىيالماي قالدى؛ ياخشى تېۋىپلار تېپىپ كېلىپ داۋالاشقا جىددىي بۇيرۇق چۈشۈردى، داۋالىسىمۇ ساقايمىدى. سىپاھ - بەگلەرنىڭ ھەممىسى قايغۇرۇپ قالدى. خۇاشىن كىرىپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم! دانا ئەمچى خۇا تونى بىلەمدىلا؟ — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— جياڭدۇڭلۇق جۇ تەينى داۋالىغان كىشىمۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— خوش، شۇ.

— نامىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، ئەمەلىيەتلىرىنى بىلمەيدىكەنمەن.

— خۇا تونىڭ يەنە بىر ئىسمى يۈەنخۇا، پېي بەگلىكىنىڭ جياۋجۈن ۋىلايىتىدىن. ئۇ ناھايىتى كاتتا ھەكىم، جاھاندا مۇنداق ھەكىم نادىردۇر. كېسەللەرنى دورا بىلەن ياكى يىڭنە ۋە ياكى داغلاش يولى بىلەن تېزلا ساقايتىۋېتىدۇ. ئىچكى كېسەللىكلەرگە دۇچار بولۇپ، دورا بىلەن ساقايمايدىغانلار بولسا، دورا بىھوش ئىچۈرۈپ، كېسەلنى مەست ھالەتكە كەلتۈرىدۇ - دە، ئۆتكۈر نەشتەر پىچاقلار بىلەن قورساقلىرىنى يارىدۇ، دورا سۇ بىلەن ئىچكى ئەزالىرىنى يۇيىدۇ، كېسەل زادى ئاغرىغانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ، يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، دورا يىپ بىلەن كېسىلگەن يەرنى تىكىپ دورا سېلىپ قويىدۇ، 20 كۈن ياكى بىرەر ئايدا سەللىمازا بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ شۇ قەدەر ماھارەت ساھىبىدۇر. بىر كۈنى خۇا تو كېتىۋېتىپ بىراۋنىڭ ئىڭراۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىپ، بۇ تاماق سىڭمەسلىك كېسىلى، دەپتۇ.

كېسەلدىن سورىسا، دېگىنىدەك بولۇپ چىقىپتۇ. خۇا تو ئۈچ شىڭ يانجىغان سامساق سۈيۈقلۇقى ئىچۈرگەنىكەن، ئۇ ئىككى - ئۈچ چى كېلىدىغان بىر يىلان قۇسۇپتۇ، كېلىدىن دەرھال تاماق ئۆتىدىغان بولۇپتۇ. گۇاڭلىڭ ھاكىمى چېن دېڭ خاپىغان كېسەلگە دۇچار بولۇپ قېلىپ، يۈزى قىزىرىپ، تاماق يېيەلمەيدىغان بولۇپ قالغاندا خۇا تو ئۇنى داۋالىنىپتىكەن، خۇا تو دورا ئىچۈرۈپتۇ، ئۇ ئۈچ شىڭچە قۇرۇت قۇسۇپتۇ، ھەممىسى قىزىل باشلىق بولۇپ، باش - قۇيرۇقلىرى قىمىرلاپ تۇرغۇدەك. چېن دېڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، خۇا تو: «سۇ مەھسۇلاتلىرىنى تولا خام يېگەنلىكتىن، مۇشۇنداق كېسەللىك بولىدۇ. بۈگۈن گەرچە ياخشى بولغان بولسىلمۇ، ئۈچ يىلدىن كېيىن يەنە قوزغىلىدۇ، شۇ چاغدا ساقىيىشقا ئامال بولماي قالىدۇ» دەپتۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن چېن دېڭ دېگەندەك ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. يەنە قوشۇمىسىغا بىر ھۆررەك چىقىپ قالغان ئادەم قىچىشىشىغا چىدىماي خۇا توغا كۆرسەتكەنىكەن، خۇا تو: «ئىچىدە ئۈچىدىغان جانىۋار بار» دەپتۇ. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشكەنىكەن، خۇا تو پىچاق بىلەن كېسىپتۇ، ئىچىدىن بىر قۇشقاچ ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ، كېسەل شۇئان ساقىيىپتۇ. يەنە بىر ئادەمنىڭ پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى ئىت چىشلىۋالغانىكەن، ئىككى پارچە گۆش ئۆسۈپ چىقىپتۇ، بىرى ئاغرىيدىكەن، بىرى قىچىشىدىكەن، چىداپ بولمايدىكەن. خۇا تو كۆرۈپ: «ئاغرىيدىغىنىنىڭ ئىچىدە ئون تال يىڭنە بار، قىچىشىدىغىنىنىڭ ئىچىدە ئاق - قارا ئىككى دانە شاھمات ئۇرۇقى بار» دېسە، ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنمەپتۇ، خۇاتو كەسكەنىكەن، دېگىنىدەك چىقىپتۇ. بۇ ئادەم ھەقىقەتەن بىيەنچۆ*، ساڭ گۇڭ** قاتارىدىكى

* بىيەنچۆ — فامىلىسى چىن، يەنە بىر ئىسمى يۆ رېن بولۇپ، چۇنچيۇ دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ھەكىم.

** ساڭ گۇڭ — فامىلىسى چۇنيۇي، يەنە بىر ئىسمى يى بولۇپ، كۈنپېتىش خەن دەۋرىدە ئۆتكەن ئاتاقلىق ھەكىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەكىمدۇر. خۇا تو جىنچىڭدا ئولتۇرۇشلۇق، بۇ يەرگە ئانچە
يىراق ئەمەس، ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم نېمىشقا تەكلىپ قىلمايدىلا؟
— دېدى خۇا شىن.

ساۋ شۇئان كېچە - كۈندۈزلەپ بېرىپ خۇا تونى
چاقىرىپ كېلىشكە كىشى ماڭدۇردى. خۇا تو كەلگەندىن كېيىن
ھەرەمدە قوبۇل قىلىپ، تومۇرىنى تۇتۇپ، كېسىلىنى كۆرۈشكە
بۇيرۇدى.

— ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم! باش - مېڭىلىرى ئاغرىيدىكەن،
بۇ شامال دارىپ تېپىۋالغان كېسەل. شامالدىن ھاسىل بولغان
سۇيى چىقىپ كېتەلمەي قاپتۇ، دورا بىلەن ساقايتىش مۇمكىن
ئەمەس. مېنىڭ بىر ئۇسۇلۇم بار: ئاۋۋال دورا بىھوش
ئىچۈرىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكۈر پالتا بىلەن مېڭىلىرىنى
ئېچىپ، سۇيىنى چىقىرىپ تاشلايمەن، شۇنداقتا كېسەلنىڭ
يىلتىزى قىرقىلىدۇ، — دېدى خۇا تو.

— سىز، — دېدى ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ، — مېنى
ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسىز!

— ئەي پادىشاھىئالەم! ئوق مۇرىسىگە زەھەرلىك ئوق
تەگكەن گۇەن يۈنىڭ سۆڭىكىدىكى زەھەرنى قىرىپ
داۋالىغىنىمدا قىلچىمۇ قورقماي ئولتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى
ئاڭلىمىغانمىدىلا؟ ھالا ئەندەككىنە بىر كېسەل ئۈچۈن نېمانچىۋالا
گۇمانلىنىدىلا؟ — دېدى خۇا تو.

— مۇرە سۆڭىكى ئاغرىيدىكەن، قىرىش مۇمكىن، مېڭىنى
قانداق قىلىپ ئېچىش مۇمكىن؟ سىز چوقۇم گۇەن يۈنىڭ
مۇخلىسى ئىكەنسىز، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىساس ئالماقچى
بولۇۋاتىسىز! — دېدى ساۋ ساۋ ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە ئۇنى
تۇتتۇرۇپ زىندانغا سالدۇردى، قىيناپ سوراق قىلدۇردى.

— بۇنداق ياخشى ھەكىم دەۋرىمىزدە بەك نادىردۇر،
يوقىتىۋەتمەسلىك كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى جيا شۈي.

— بۇ ئادەم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، جى پىڭدىن ھېچبىر پەرقى يوق! — دېدى ساۋ ساۋ توۋلاپ ۋە ئۇنى جىددىي سوراق قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

خۇا تو ياتقان زىنداندا بىر گۈندىپاي بولۇپ، ئۇ ۋۇ ئۇرۇقىدىن بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ بارى گۈندىپاي ۋۇ دېيىشەتتى. بۇ ئادەم ھەركۈنى دېگۈدەك خۇا تونى شاراب، تائاملار بىلەن ئوبدان كۈتكەندى، ئىلتىپاتىدىن مىننەتدار بولغان خۇا تو:

— مەن ئەمدى ئۆلىمەن، ئەپسۇسكى، تېخى ئوتتۇرىغا چىقارمىغان «چىڭناڭشۇ» ناملىق بىر تېۋىپلىق كىتابىم بار ئىدى. جانابلىرىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ھېچقانداق ئەجىر - خىزمەت كۆرسىتەلمەيدىغان بولدۇم، مەن بىر خەت يېزىپ بېرەي، سىلە ئۆيۈمگە كىشى ئەۋەتىپ «چىڭناڭشۇ» نى ئالدۇرۇپ بەرسىلە، ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلاي، كەسپىمگە ۋارىسلىق قىلۇرلەر، — دېدى.

— ئەگەر مەن بۇ كىتابقا ئىگە بولۇپ قالىدىغان بولسام، مۇنۇ خىزمىتىمدىن ۋاز كېچىپ، ئېلىمىزدىكى كېسەللەرنى داۋالاپ، تەقسىر، ئۆزلىرىنىڭ ياخشىلىقلىرىنى تارىتاتتىم، — دېدى گۈندىپاي ناھايىتى خۇشال بولۇپ.

خۇا تو گۈندىپاي ۋۇغا خەت يېزىپ بەردى. گۈندىپاي ۋۇ توپتوغرا جىنچېڭغا كېلىپ، خۇا تونىڭ رەپىقىسىدىن «چىڭناڭشۇ» نى سوراپ ئالدى - دە، زىندانغا قايتىپ كېلىپ كىتابنى خۇا توغا بەردى. تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بولغان خۇا تو مەزكۇر كىتابنى گۈندىپاي ۋۇغا ھەدىيە قىلدى. گۈندىپاي كىتابنى ئۆيىگە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويدى. ئون كۈنچە ئۆتكەندىن كېيىن خۇا تو زىنداندا ۋاپات بولدى. گۈندىپاي ۋۇ گۈمەنسەي سېتىۋېلىپ دەپنە قىلدى، خىزمىتىدىن سورۇنۇپ چىقىپ، ئائىلىسىگە قايتتى. «چىڭناڭشۇ» نى ئېلىپ ئوقۇپ ئۆگەنمەكچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇۋىدى، رەپىقىسى ھەدەپ كىتابنى كۆيدۈرۈۋاتقانىكەن. گۈندىپاي ۋۇ كىتابنى تارتىۋالغۇچە پۈتۈن توم كۆيۈپ بىر - ئىككىلا ۋارىقى قالدى. گۈندىپاي ۋۇ ئەلەم - غەزىپىگە چىدىماي خوتۇنىنى تىللىدى.

— ئۆگىنىپ خۇا تودەك ئەمچى بولۇپ كەتسىڭىزمۇ، ئاخىر زىندانغا چۈشۈپ ئۆلىدىغان ئىش ئىكەنغۇ! بۇنىڭ نېمە كېرىكى؟ — دېدى رەپىقىسى.

گۈندىپاي ۋۇ ھەسرەت - نادامەت چېكىپلا قالدى. شۇنداق قىلىپ «چىڭناڭشۇ» ئەلگە تارالمىغان، ئېشىپ قالغان بىر - ئىككى ۋارىقىدا، توخۇ، چوشقىلارنى پىچىش قاتارلىق ئاددىي ئۇسۇللار يېزىلغاچقا، بۇ ئۇسۇللار ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلمەكتە. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*تېبابەت بابىدا خۇا تو ئېشىپ چۈشەتتى چاڭ ساڭدىن،*
*كامالەت بابىدا ئىلمى تىرەنكى ھەممە ئىنساندىن.*
*پىغان - زار ئىچىدە ئۆلدى، جېمى دەستۇرى كۆل بولدى،*
*كېيىنكى ئەھلى يۇرت قالدى خەۋەرسىز ئاشۇ چىڭ ناڭدىن.*

خۇا تونى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ساۋ ساۋنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋۇ، شۇلارنىڭ ئىشلىرىنى ئويلاپ تولا غەم قىلدى. ئۇ غەم - ئەندىشە قىلىۋاتقان بىر پەيتتە توساتتىن يېقىن مۇلازىملىرىدىن بىرى كىرىپ كۈنچىقىش ۋۇ ئەلچى بىلەن خەت ئەۋەتىپتۇ، دەپ مەكتۇپنى تەقدىم قىلدى. ساۋ ساۋ مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى. مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

كەمىنە خادىملىرى سۈن چۈەن تالىيى - قىسمەتنىڭ
پادىشاھ كەرەملىرىگە ئۆتكەنلىكىنى ئۈزۈڭدىن بېرى
بىلگەنىدىم. بۇرۇنراق ئالىي ئورۇنغا رەسمىي
ئولتۇرۇشلىرىنى، پالۋانلار ئەۋەتىپ لىيۇ بېينى

يوقىتىپ، كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش سىچۇەن زېمىنىنى تازىلاشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇ چاغدا خادىملىرى پۈتكۈل خىزمەتچىلىرى ۋە ئىدارىدىكى زېمىنلىرىم بىلەن ئەل بولۇشقا ھازىرمەن.

ساۋ ساۋ مەكتۇپنى ئوقۇپ بولۇپلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مەكتۇپنى ۋەزىرلەرگە كۆرسىتىپ:

— بەتبەخت! مېنى ئوتلۇق مەشنىڭ ئۈستىگە چىقىرىپ قويماقچى بوپتۇ،* — دېدى.

— خەن خاندانلىقىنىڭ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ياساۋۇلبېگى چېن چۈن، — زەئىپلىشىپ قالغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى، ھەزرەتلىرى زور خىزمەت كۆرسەتتىلە، خەلق ئىچىدە ئابرۇيلىرى كۈچلۈكتۇر. ھازىر سۈن چۈەننىڭ ئۆزىنى خادىملىرى دەپ خىتاب قىلىپ بەيئەت قىلىشى، تەڭرى ۋە خەلقنىڭ ئىنكاسى، تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن سادالارغا مۇۋاپىق ئۆزلىرى تەڭرىنىڭ، خەلقنىڭ تەلىپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئالىي ئورۇنغا بۇرۇنراق رەسمىي ئولتۇرۇشلىرى لازىم.

— خەن خاندانلىقىغا ئۇزۇن يىللار خىزمەت قىلدىم، گەرچە خەلققە كۆرسەتكەن خىزمىتىم بولمىسىمۇ، پادىشاھلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنۋانىم چېكىگە يەتتى، يەنە باشقا ئۈمىدلەردە بولۇشقا نېمە ھەددىم؟ تەقدىر - قىسمەتتە ماڭا نېسىپ ئېتىلگەن بولسىمۇ، جوۋېن ۋاڭ بولۇشنى خالايمەن، — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ.

— مادامىكى ھازىر سۈن چۈەن سىلىنى پادىشاھ دەپ خىتاب قىلىپ بەيئەت قىلغانىكەن، پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇنىڭغا ئۇنۋان - مەنسەپلەر ئىلتىپات قىلىپ، ئۇنى ليۇ بېيغا قارشى تۇرۇشقا

---

* قوش مەنىلىك سۆز. ئوتلۇق مەشنىڭ ئۈستىگە چىقىرىش خان تەختىگە چىقىرىش مەنىسىنى بىلدۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوت ئۈستىدە ساۋ ساۋنى كاۋاپ قىلىش دېگەن مەنىمۇ چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۆيرۈشلىرى كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى سىمايى. ساۋ ساۋ بۇنى قوبۇل قىلىپ سۇن چۈەننى باتۇر چەۋەنداز سەركەردە نەنچاڭ بېگى، جىڭجۇ پاسىبانلىققا تەۋسىيە قىلدى. شۇ كۈنىلا كۈنچىقىش ۋۇغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئەلچى ماڭدۇردى.

ساۋ ساۋنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالدى. ئۇ بىر كېچىسى ئۈچ ئاتنىڭ بىر ئوقۇردا بوغۇز يېۋاتقانلىقىنى چۈشەپ قالدى، تاڭ ئاتقاندا جيا شۈيدىن:

— ئۆتمۈشتە ئۈچ ئاتنىڭ بىر ئوقۇردا بوغۇز يېۋاتقانلىقىنى چۈشەپ قېلىپ، ما تىڭ ئاتا ـ باللارنىڭ بىــرەر پالاكەت كەلتۈرۈشىنى گۇمان قىلغانىدىم، ھازىر ما تىڭ ئۆلدى، كېچە يەنە ئۈچ ئاتنىڭ بىر ئوقۇردا بوغۇز يېۋاتقانلىقىنــى چۈشەپ قالدىم. بۇ ياخشىلىق ئالامىتىمۇ ياكى شۇملۇق ئالامىتىمۇ؟ — دەپ تەبىر سورىدى.

— ئات ياخشىلىق ئالامىتى. ئات ساۋ ئوقۇرىغا تەئەللۇق بوپتۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى نېمىشقا گۇمانلىنىدىلا؟ — دەپ جاۋاب بەردى جيا شۈي. شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ گۇمانلانمايدىغان بولدى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*بىر ئوقۇردا يەم يېگەن ئۈچ ئات ئۈچۈن قىلدى گۇمان،*
*چىن بىگىنىڭ يىلتىزى شۇنداق ئىدى بىلسۇن نە جان.*
*بولسىمۇ ساۋ ساۋدا ھەر نە ھىيلە ـ مىكرى ئانچىنان،*
*خانىداندا بار شىماسى دەپ نىچۈك بىلسۇن شۇئان.*

بۇ كېچىسى ساۋ ساۋ ياتاقخانىدا ياتقانىدى، ئېغىر ياتقۇ بولغاندا، بېشى ئايلىنىپ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ قالدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرەگە يۆلىنىپ ئارام ئالدى، تۇيۇقسىز سارايدا چىرقىرىغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى. چۆچۈپ كەتكەن ساۋ ساۋ قارىۋىدى، فۇ پۈچۈك ئاغىچا، دۇڭ خانىم، ئىككى شاھزادە ھەمدە فۇ ۋەن، دۇڭ چېڭ قاتارلىق پۈتۈن ۋۇجۇدى قانغا بويالغان

يىگىرمە نەچچە كىشىنىڭ غەمكىن هالدا بۇلۇتتا تۇرغانلىقىنى كۆردى. خۇن تەلەپ قىلىۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئاران ـ ساران ئاڭلاپ قالدى. ساۋ ساۋ شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ بوشلۇققا چاپقانىدى، تۇيۇقسىز چىققان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ سارايىنىڭ كۈنپېتىش تۆۋەن بۇرجىكى تەۋرەپ يىقىلىپ چۈشتى، ساۋ ساۋ قورقۇپ كېتىپ يىقىلدى. يېقىن مۇلازىملىرى يۆلەشتۇرۇپ، باشقا سارايغا كۆچۈرۇپ، كېسىلىنى داۋالاتتى. ئىككىنچى كۈنى كېچىدە يەنە سارايىنىڭ تېشىدا ئەر ـ ئاياللارنىڭ توختىماي يىغلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. تاڭ ئاتقاندا، ساۋ ساۋ بەگ ـ سىپاھلارنى چاقىرتىپ كىرىپ:

— مەن ئوتتۇز نەچچە يىل لەشكىرىي هايات كەچۈردۇم. جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمەيتتىم، بۈگۈن نېمىشقا مۇنداق بولىدۇ؟ — دېدى.

— راهىبلارغا بۇيرۇق بېرىپ تىلاۋەت قىلغۇزايلى، — دەپ مۇراجىئەت قىلىشتى ۋەزىرلەر.

— پەيغەمبەر: «تەڭرىگە گۇناهلىق بولغۇچىنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت بولمايدۇ» دېگەنىدى، ئەجىلىم توشۇپ قالدى، بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇش مۇمكىن؟! — دېدى ساۋ ساۋ ھەسرەت چېكىپ، تىلاۋەت ئۆتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلمىدى.

ئەتىسى دېمى سىقىلىپ، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى، دەررۇ شيا خۇدۇننى كېڭەشكە چاقىردى. شيا خۇدۇن شەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە، بىردىنلا خىرە بۇلۇت ئىچىدە فۇ پۇچۇڭ ئاغىچا، دۇڭ خېنىم، ئىككى شاهزادە، فۇ ۋەن، دۇڭ چېڭ قاتارلىقلارنىڭ تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپ، قورقۇپ هوشىدىن كەتتى. ئەتراپىدىكىلەر يۆلەشتۇرۇۋالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ شيا خۇدۇن ئاغرىپ قالدى.

ساۋ ساۋ خۇڭ، چېن چۈن، جيا شۈي، سىمايىلارنى كارىۋات ئالدىغا چاقىرتىپ كېيىنكى ئىشلارنى ۋەسىيەت

قىلدى. ساۋ خۇڭلار باش قويۇپ:

— ئۇلۇغ پادىشاھىئالەم! مۇبارەك ۋۇجۇدلىرىنى ئوبدان ئاسرىغايلا، پات ئارىدا ئەلۋەتتە ساقىيىپ قالىدىلا، — دېيىشتى.

— ئوتتۇز نەچچە يىل ئەلدە ھەريان كېزىپ، باتۇرلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك يوقاتتىم، پەقەت جياڭدۇڭدىكى سۇن چۈەن، كۈنپېتىش شۇدىكى ليۇ بېينىلا يوقىتالماي قالدىم. ھازىر كېسىلىم ئېغىرلىشىپ قالدى، سىلەر بىلەن يەنە سۆزلىشەلمەي قېلىشىم مۇمكىن، شۇڭا ئائىلىۋى ئىشىمنى ئالاھىدە ھاۋالە قىلماقچىمەن. چوڭ ئوغلۇم ساۋ ئاڭ رەپىقەم ليۇ شىدىن تۇغۇلغانىدى. بەختكە قارشى ياش تۇرۇپ، ۋەنچېڭدا قۇربان بولدى. ھالا رەپىقەم بيەنشى ساۋ پى، ساۋ جاڭ، ساۋ جى، ساۋ شيۇڭ دېگەن تۆت ئوغلۇمنى تۇغدى. ھاياتىمدا ئۈچىنچى ئوغلۇم ساۋ جىنى ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن ئۇ ساختىپەز، سەممىيەتسىز، ئىشقىۋاز، بىپەرۋاراق ئادەم بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇنى تىكلەشكە بولمايدۇ؛ ئىككىنچى ئوغلۇم ساۋ جاڭ پالۋان، لېكىن تەدبىرسىز؛ تۆتىنچى ئوغلۇم ساۋ شيۇڭ ئاغرىقچان، ئۇزۇن ياشىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ؛ يالغۇز چوڭ ئوغلۇم ساۋ پى، ۋەزمىن، ئەدەپلىكتۇر، ئىشىمغا ۋارىسلىق قىلسا بولىدۇ، ھەرقايسىلىرى ياردەم بېرۇۋرلەر، — دېدى ساۋ ساۋ.

ساۋ خۇڭلار يىغلاپ تۇرۇپ پەرمان ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ساۋ ساۋ يېقىن مۇلازىملىرىغا ھاياتىدا يىغقان ئېسىل ئىسرىقلارنى ئالدۇرۇپ كېلىپ، دېدەكلەرگە ئىنئام قىلىپ:

— مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر توقۇمىچىلىقنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كۆپلەپ يىپەك گەزلىمىلەر توقۇتۇپ، ئاياغ تىكىپ سېتىڭلار، ئۇنىڭ كىرىمى بىلەن ئۆزۈڭلارنى تەمىنلەپ كېتەلەيسىلەر، — دەپ ۋەسىيەت قىلدى ۋە كىچىك خوتۇنلىرىغا مىس قۇش مۇنارىغا ئورۇنلىشىپ، ھەر كۈنى نەزىر بېرىپ تۇرۇشقا، ئايال سازەندىلەرگە ساز چالدۇرۇپ، غەزەل ئوقۇتۇپ،

مۇنار ئۈستىدە تاماق تارتىپ تۇرۇشىغا بۇيرۇق بەردى. يەنە چاڭدېفۇ جياڭۋۇچىڭ شەھىرىنىڭ تېشىغا كېيىنكى ئادەملەرنىڭ قەبرە قېزىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ياتقان مەقبەرىسىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن 72 يالغان مەقبەرە سالدۇردى. ۋەسىيىتىنى قىلىپ بولۇپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزدى. بىرپەستىلا نەپەسى توختاپ ئالەمدىن ئۆتتى. ساۋ ساۋ شۇ يىلى 66 ياشتا ئىدى. بۇ جيەنئەننىڭ 25 ـ يىلى باھار 1 ـ ئاي ئىدى. كېيىنكىلەر ساۋ ساۋ شەنىگە بېغىشلاپ «يېجۇڭ قوشىقى» نامىدا مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەنىدى:

*يېچېڭ شەھىرىنى يې دەيدۇ، ئۇنىڭ دەرياسى جاڭخېدۇر،*
*چىقار دەپ ئاقىلى دانىش بۇ يەردىن كىممۇ بىلگەندۇر.*
*بۇ يەردىن چىقتىكى شۇنداق كارامەت شائىرەن بىر زات،*
*ۋەزىر ۋە پادىشاھ كەرەم بولغانىدى ئۇ ھەيھات.*
*جەسۇر ئىرادىيۇ تىلەك چىقالماس ئانچىكى قەلبىدىن،*
*پەقەت يۈز ـ خاتىرە قىلماس قىياش دەپ ھېچ نۇچۇك.*
*ئۇلار مەرتىۋىسى يۇقىرى ئەيىبدار ئىككىسى تەڭلا،*
*پۈتۈن ۋۇجۇدى قالدۇردى يامان دەپ ئەسكى بەدنامىنى.*
*كارامەتلىك ئەدىب ئەردى جاھاندا جۈپتى يوق ئەسلا،*
*بۇلارنى رەئىيەلەرگە نىچۈك تەڭ قىلغىلى بولار.*
*ياساتتى توغرىسىغا بىر مۇنار تەيخاڭغا بەك كاتتا،*
*ۋەزىيەت بىرلە قىسمەتمۇ ئۇلارغا بولدى يار ھەتتا.*
*ئۇنىڭدا تۇرسا زور ھىممەت ئۇ قانداق بولمىغاي ئاسىي،*
*زوراۋان ئىدى ياشلىقتا بولۇپ چوڭ بولدى يۇرت خانى.*
*گۆدەكتەك نالىغا چۈشتى سىپاھ بەگلەر بېگى قاقشاپ،*
*ئامالسىزلىقتا بىلدۈردى تولا نارازىلىق ھەر باب.*
*چېدىرنىڭ يېنىغا بارسا ئۇنىڭدىن تەگمىگەي پايدا،*
*بۆلۈپمۇ بەردى ئىسرىقنى ۋاپادار كىشىكەن ھەتتا.*
*كىچىك ـ چوڭ ھەننىۋا ئىشنى قىلاتتى پېشىۋا ئەجداد،*

www.uyghurkitap.com

*تولۇق مەنە بېرەتتى ھەشەمەت مەنىسىز ھەيھات.*
*ئۆلۈكلەر ھەققىدە موللا ـ ئۆلىمالار چۈشسە بەس ـ بەسكە،*
*مازاقلار مۇردىلار مەخسۇم مىجەزنى قىلىشىپ كۈلكە.*

ساۋ ساۋنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ھەممىسى مۇسىبەتتە بولدى؛ بىر تەرەپتىن ۋەلىئەھد ساۋ پى، يەنلىك بېگى ساۋ جاڭ، لىنزى بېگى ساۋ جى، شياۋخۆەي بېگى ساۋ شيۇڭلارغا ماتەم خەۋىرىنى مەلۇم قىلىشقا كىشىلەر ماڭدۇردى. بەگ ـ سىپاھلار ساۋ ساۋنىڭ جەسىتىنى ئالتۇن گۆھنسەيگە سېلىپ، ئاندىن كۆمۈش تەختراۋانغا قويدى ـ دە، كېچە ـ كۈندۈزلەپ يېجۈنگە راۋان بولۇشتى. ئاتىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ساۋ پى قاتتىق يىغلىدى. ئۇ چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ سىپاھلار بىلەن شەھەردىن ئون چاقىرىم يەرگە ئىستىقبالغا چىقىپ، يەرگە يىقىلىپ هازا تۇتتى، گۆھنسەينى ئەكىرىپ، يان سارايغا قويدى. قارىلىق كىيگەن بەگ ـ سىپاھلار سارايدا هازا ئاچتى. بۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ۋەلىئەھدەم! يىغىنى توختاتسىلا، ۋاقتىلىق ئۇلۇغ ئىشىمىزنىڭ كېڭىشىنى قىلىۋالايلى! — دېدى.

كۆپچىلىك نەزەر سېلىشۇدى، ئۇ پەرمانچى بەگ سىما فۇ ئىكەن. ئۇ:

— ۋېي پادىشاھ ئالەمدىن ئۆتتى، ئەل لەرزىگە كەلدى؛ بۇرۇنراق ئورنىغا پادىشاھ تىكلەپ خالايىقنى خاتىرجەم قىلىشىمىز كېرەك، يىغلاپ ئولتۇرامدىغان؟ — دېدى.

— ۋەلىئەھدىمىز شاھلىق ئورنىغا مۇناسىپتۇر؛ بىراق خاندىن پەرمان بولمىغاچقا، ئۇنى ئالدىراپ قىلىشقا بولماس، — دېيىشتى ۋەزىرلەر.

لەشكىرىي دىۋانبېگى چېن جياۋ:

— پادىشاھ سىرتتا ۋاپات بولدى، ياخشى كۆرىدىغان ئوغلى

ئۆزىچە پادىشاھ بولۇۋالسا، ئوتتۇرىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ، ئۇنداقتا ئەل خەتەر ئەھۋالدا قالىدۇ، — دېدى شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ تونىنىڭ يېڭىنى كېسىپ تاشلاپ تۇۋلاپ، — شۇ بۈگۈن ۋەلىئەھدىمىز شاھلىق ئورنىغا مەرھەمەت قىلسۇن. بەگ ـ سىپاھلار ئىچىدە ئۆزگىچە كېڭەش قىلغۇچىلار بولىدىكەن، مۇنۇ توندىن ئۆرنەك ئالسۇن!

بەگلەر قورقۇشۇپ كەتتى. توساتتىن مۇلازىملار خۇا شىن شۈيچاڭدىن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى، دەپ مەلۇم قىلىشتى. ھەممەيلەن ھەيران بولدى. بىردەمدىلا خۇا شىن كىرىپ كەلدى. كۆپچىلىك سەپىرىنىڭ مەقسىتىنى سورىدى. خۇا شىن:

— ھالا ۋېي پادىشاھى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، ئېلىمىز لەرزىگە كەلدى. نېمىشقا ۋەلىئەھدەمنى بۇرۇنراق شاھلىق ئورنىغا تەكلىپ قىلمايمىز؟ — دېدى.

— پەرمان كۈتۈشكە ئۇلگۇرمىگەچكە بيەن پۇچۇڭ ئاغىچىغا مەلۇم قىلىپ، ۋەلىئەھدىمىزنى شاھلىققا تىكلەشكە بۇيرۇق بېرىش ھەققىدە كېڭەش قىلىۋاتاتتۇق، — دېيىشتى بەگ ـ سىپاھلار.

— مانا مەن خاندىن پەرمان ئالدىم، — دېدى خۇا شىن. جانلىنىپ كەتكەن بەگلەر تەبرىكلەشتى. خۇا شىن قوينىدىن پەرماننى چىقىرىپ ئوقۇدى.

ئەسلىدە ۋېيگە خۇشامەتگۈيلۇق قىلماقچى بولغان خۇا شىن پەرماننىڭ كۈپىيىسىنى يېزىپ پەرمان چۈشۈرۈشكە خاننى قىستىغاچقا، مەقبۇل بولۇشقا مەجبۇر بولغان خان، ساۋ پىنى ۋېي پادىشاھى، باش ۋەزىر، جىجۇ پاسىبانى قىلىپ پەرمان چۈشۈرگەنىكەن. ساۋ پى شۇ كۈنىلا شاھلىق ئورنىغا ئولتۇردى، چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ سىپاھلار باش قويۇپ تەبرىكلىدى.

قۇتلۇقلاش مەرىكە ـ سورۇنى ئۈستىگە، مۇلازىم كىرىپ:
— يەنلىڭ بېگى ساۋ جاڭ چاڭئەندىن 10 تۈمەن لەشكەر

باشلاپ كېلىپ قالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. ئىنتايىن چۆچۈپ كەتكەن ساۋ پى دەرھال ۋەزىرلەردىن:

— سېرىق ساقاللىق ئۇكامنىڭ ئادەتتە مىجەزى كەسكىن، جەڭ ماھارىتىدىن ئوبدان خەۋىرى بار. بۈگۈن يىراقتىن لەشكەر باشلاپ كەلگىنىگە قارىغاندا، چوقۇم مېنىڭ بىلەن شاھلىق ئورنىنى تالاشماقچى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

— خادىملىرى يەنىلا بىگى بىلەن كۆرۈشۈپ، سۆز بىلەن قايىل قىلاي، — دېدى بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ.

— بۇ پالاكەتنى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن، سىلى بولمىسىلا زادى بولمايدۇ، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

دەرھەقىقەت:

*ساۋ جەمەت ساۋ پى بىلەن ساۋ جاڭ تالاشتى تاج ـ تەخت،*
*بىر زامان شۇنداق تالاشقان تاج ـ تەختنى يەن جەمەت.*

بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتمىش توققۇزىنچى باب

## ئاكىسى ساۋ پىڭنىڭ ئۇكىسى ساۋ جىنى شېئىر يېزىشقا مەجبۇر قىلغانلىقى
## لىيۇ فېڭنىڭ تاغىسىنىڭ قازاغا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولۇپ جازاغا تارتىلغانلىقى

ئەلقىسسە، ساۋ جاڭنىڭ لەشكەر بىلەن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ چۆچۈگەن ساۋ پى بەگلەردىن مەسلىھەت سورىدى؛ بىراۋ مەن بېرىپ، سۆز بىلەن قايىل قىلاي، دېدى. كۆپچىلىك قارىسا، ئۇ كېڭەشبېگى جيا كۇي ئىكەن. ناھايىتى خۇشال بولغان ساۋ پى شۇئان جيا كۇينى بېرىشقا بۇيرۇدى. بۇيرۇق ئالغان جيا كۇي شەھەردىن ساۋ جاڭنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى.

— تەقسىر! مەرھۇم ئاتامىنىڭ تامغىسى قېنى؟ — دەپ سورىدى ساۋ جاڭ.

— ئائىلىدە چوڭ ئوغۇل، پادىشاھلىققا ۋەلىئەھد بولىدۇ، مەرھۇم شاھىمىزنىڭ تامغىسىنى سىلىنىڭ سوراشلىرى مۇناسىپ ئەمەس، — دېدى جيا كۇي سىپايىلىك بىلەن.

سۈكۈت قىلغان ساۋ جاڭ جيا كۇي بىلەن بىللە شەھەرگە كىردى. ساراي دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە جيا كۇي:

— جانابىي بېگىم! ماتەم ئۈچۈن كەلدىلىمۇ؟ ئورۇن تالاشقىلى كەلدىلىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ماتەم تۇتقىلى كەلدىم، باشقا نىيىتىم يوق، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

ساۋ جاڭ.

— مادامىكى ئۆزگىچە نىيەتلىرى يوق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن شەھەرگە لەشكەر بىلەن كىردىلە؟ — دېدى جيا كۈي.

ساۋ جاڭ شۇئان قېشىدىكى پالۋان - نۆكەرلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىلا ئىچكىرىگە كىرىپ، ساۋ پى بىلەن باش قويۇپ كۆرۈشتى، ئاكا - ئۇكىا ئىككىيلەن قۇچاقلىشىپ قاتتىق يىغلىشىپ كەتتى، ساۋ جاڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ساۋ پىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ساۋ پى ساۋ جاڭنى يەنلىڭنى قوغداشقا بۇيرۇدى، ساۋ جاڭ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ خوشلىشىپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ساۋ پى خاتىرجەم شاھلىق ئورنىغا ئولتۇردى. جيەنئەننىڭ 25 - يىلىنى يەنكاڭنىڭ تۇنجى يىلىغا ئۆزگەرتتى. جيا شۈينى ئەمىر، خۇۋا شىننى باش ۋەزىر، ۋاڭ لاڭنى تەپتىشبېگى قىلىپ تەيىنلىدى، بارلىق چوڭ - كىچىك بەگلەرنىڭ ئورنى كۆتۈرۈلدى. مەرھۇم ساۋ ساۋغا ۋۇ شاھى ئۇنۋانى بېرىلىپ، يېجۈن گاۋلىڭغا دەپنە قىلىندى. مەقبەرىگاھلىقنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن يۈي جىنغا بۇيرۇق بېرىلدى. بۇيرۇق بويىچە شۇ يەرگە بارغان يۈي جىن مەقبەرىگاھلىقنىڭ ئاقارتىلغان تاملىرىدا گۇەن يۈينىڭ يەتتە قوشۇننى سۇغا باستۇرۇپ يۈي جىننى ئەسىرگە ئالغان ۋەقەلەر — گۇەن يۈينىڭ ھەيۋەتلىك ئولتۇرغانلىقى، غەزىپى بىلەن تۇرغان پاڭ دېنىڭ ئەل بولمىغانلىقى، يۈي جىننىڭ بولسا يەر ئۈپۈپ تۇرۇپ جېنىنى تىلىگەنلىكىگە ئوخشاش ئەھۋاللارنىڭ سىزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. ئەسلىدە يىغلىپ قالغان يۈي جىن ئۆز سادىقلىقىنى كۆرسىتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ ياۋغا ئەل بولۇپ يەنە قايتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، رەزىل ئادەم ئىكەن دەپ باھا بەرگەن ساۋ پى ئالدى بىلەن مەقبەرىنىڭ ئاقارتىلغان تاملىرىغا بۇ رەسىملەرنى سىزدۇرۇپ، ئەتەيگە كۆرۈپ

خىجىل بولسۇن، دەپ ئەۋەتكەنىكەن. بۇ رەسىملەرنى كۆرگەن يۈي جىن ھەم خىجىل بولدى، ھەم نومۇس قىلدى، خاپىچىلىقتا ئاغرىپ، ئۆزۈن ئۆتمەي ئۆلدى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

*ئۆتتى 30 يىل بويى بىر ـ بىرىنى چىن دوست ئېتىپ،*
*نېنەي! چۈشكەندە ھال ساۋ ساۋغا ئۇ كەتتى كېچىپ.*
*تەس ئىكەن بىلمەك كىشىنىڭ قەلبىنى بىرلا بېقىپ،*
*ئەپتى ـ ئىقبالىنى تەسۋىر ئەيلىدى سۈرەت سىزىپ.*

خۇا شىن ساۋ پىغا:
— يەنلىڭ بېگى لەشكەرلىرىنى تاپشۇرۇپ ئۆز جايىغا قايتتى؛ لىنزى بېگى ساۋ جى، شياۋ خۇەي بېگى ساۋ شيۇڭ ماتەم ـ تەزىيىگە كەلمىدى، قائىدە بويىچە جازالاش كېرەك، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.
ساۋ پى بۇنى ئاڭلاپ بۇ ئىككىيلەننى جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتمەي، شياۋ خۇەيگە بارغان ئەلچى قايتىپ كېلىپ:
— شياۋ خۇەي بېگى ساۋ شيۇڭ گۇناھىدىن قورقۇپ ئۆز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، — دەپ مەلۇم قىلدى. ساۋ پى ئۇنى تەنتەنە بىلەن دەپنە قىلىشقا بۇيرۇپ، شياۋ خۇەي شاھى ئۇنۋانى تەقدىم قىلدى.
يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ لىنزىغا بارغان ئەلچى قايتىپ كېلىپ:
— لىنزى بېگى كۈن بويى دىڭ يى، دىڭ ئى ئاغا ـ ئىنىلەر بىلەن مەست ـ مۇستەغرەق بولۇۋېلىپ، ئەدەپسىزلىك بىلەن پىسەنت قىلماي يۈرۈپتىكەن، مەن پەرمان بىلەن كىرگىنىمدە لىنزى بېگى ئورنىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى. دىڭ يى: «مۇقەددەم مەرھۇم پادىشاھ ئەسلىدە پاسىبانىمنى ۋەلىئەھد قىلماقچىدى، غەيۋەتخور ۋەزىرلەر توسقۇنلۇق قىلدى. مەرھۇم پادىشاھنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاپاتىغا ئۇزۇن ئۆتمەي، نېمىدەپ ئۆز ئىنىسىنى جاۋابكارلىققا تارتىدىكەن؟» دەپ تىللىدى. دىڭ ئې: «پاسىبانىم ئەقىل ـ پاراسەتلىك بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك ئىدى، بۈگۈن كېلىپ شۇ ئورۇنغا ئىگە بولالمىدى. سارايدىكى ۋەزىرلىرىڭىز نېمىشقا تالانت ئەھلىنى تونۇمايدۇ؟» دېدى. لىنزى بېگى غەزەپلىنىپ كەمىنە خادىملىرىنى نۆكەرلىرىگە كالتەكلەتكەن پېتى قوغلاپ چىقاردى، — دەپ مەلۇمات بەردى.

ساۋ پى بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان هالدا شۈي چۇنى 3000 جەسۇر قورۇقچى لەشكەر بىلەن تېزلىكتە لىنزىغا بېرىپ، ساۋ جى باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. بۇيرۇق بويىچە شۈي چۇ لەشكەر باشلاپ لىنزى شەهىرىگە كېلىشۈدى، مۇھاپىزەتتىكى پالۋان توسۇۋالدى. شۈي چۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، تۈپتوغرا شەھەرگە كىردى، ئۇنى بىرەر ئادەممۇ توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇدۇل مەھكىمىگىلا كىرگەن شۈي چۇ ساۋ جى، دىڭ يى، دىڭ ئىلارنىڭ پۈتۈنلەي مەست ـ ئەلەس هالدا ياتقىنىنى كۆردى، ھەممىسىنى بەند قىلدۇرۇپ هارۋىغا سالدى ھەمدە مەھكىمىدىكى چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، يېجۈنگە كېلىپ، ساۋ پىنىڭ ئەمرىنى كۈتتى. ساۋ پى ئاۋۋال دىڭ يى، دىڭ ئىلارنى تامام ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلدى. دىڭ يىنىڭ يەنە بىر ئىسمى جېڭلى، دىڭ ئىنىڭ يەنە بىر ئىسمى جىڭلى بولۇپ، پېيگۈدىن چىققان شۇ دەۋرنىڭ ئەدىپلىرى ئىدى، بۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە ھەممە ئادەم ئېچىندى.

ساۋ شيۇڭنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئانىسى بيەنشى ئاغىچا ناھايىتى ئېچ ئاغرىقى تارتماقتا ئىدى؛ بىردىنلا يەنە ساۋ جىنى تۇتۇپ ئەكەلگەنلىكىنى، تەرەپدارلىرى دىڭ يىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى ـ

ده، دەررۇ سارايغا چىقىپ، ساۋ پىنى چاقىرتىپ كىردى.
ئانىسىنىڭ سارايغا چىققانلىقىنى كۆرگەن ساۋ پى ئالدىراپ باش قويدى.
— ئىنىڭىز ساۋ جى، — دېدى بيەن شى ئاغىچا يىغلاپ تۇرۇپ، — ئادەتتە ئىشقۋاز بىپەرۋا ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تالانتىغا ئىشەنگەچكە، ئاشۇنداق بىۋاشلىق قىپتۇ. قېرىنداشلىق ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھاياتىغا تەگمەڭ. شۇنداقتا ئۇ ئالەمگە بارغىنىمدا كۆزۈم يۇمۇلىدۇ.
— پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ تالانتىنى ياخشى كۆرىمەن، قانداقمۇ زىيانكەشلىك قىلاي؟ بۇگۈن بىر ئاز تاناۋىنى تارتىپ ئۇنىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئۆزگەرتمەكچىمەن. ئانا! غەم قىلمىغايلا، — دېدى ساۋ پى.
بيەن شى ئاغىچا كۆزى ياشلىق پېتى كىرىپ كەتتى. يان سارايدىن چىققان ساۋ پى ساۋ جىنى چاقىرتىپ كۆرۈشمەكچى بولدى.
— ۋالىدە پادىشاھ ساۋ جىنى ئۆلتۈرمەڭ دەپ نەسىھەت قىلغىلى كەپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى خۇا شىن.
— ھەئە، — دېدى ساۋ پى.
— ساۋ جى تالانتلىق، بىلىملىكتۇر، ئاقىۋەت باش كۆتۈرمەي قويمايدۇ؛ كېيىنكى پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ياخشىسى ئۇنى بۇرۇنراق كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، — دېدى خۇا شىن.
— ئانىمىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ساۋ پى.
— ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ساۋ جى سۆزلىسىلا ماقالە بولۇپ چىقىدۇ دېيىشىدىكەن، خادىملىرى بۇنىڭغا دېگەندەك ئىشەنمەيمەن. پاسىبان، چاقىرتىپ كىرىپ سىناپ باقسىلا، دېگەندەك قىلالمايدىكەن، ئۆلتۈرەيلى، ئەگەر قىلالايدىكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇرنىنى چۆكۈرۈپ، ئەلدىكى ئەدىپلەرنىڭ ئاغزىنى ئېتەيلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى خۋا شىن.

ساۋ پى قوبۇل قىلدى. بىر پەستىلا، كۆرۈشكىلى كىرگەن ساۋ جى ھودۇققان ھالدا باش قويۇپ گۇناھىنى تىلىدى.

— سىز بىلەن، — دېدى ساۋ پى، — تۇغقانلىق جەھەتتىن گەرچە ئاغا ـ ئىنى بولساقمۇ، دىيانەت جەھەتتىن ئېيتقاندا بەگ ـ خادىم بولىمىز؛ سىز تالانتىڭىزغا گۆۋۈنۈپ ئەدەپ ـ قائىدىگە پىسەنت قىلماسلىقتا قانداق جۈرئەت قىلدىڭىز؟ بۇرۇن مەرھۇم ئاتىمىز ھايات ۋاقتىدا دائىم ماقالىلىرىڭىز بىلەن كىشىلەر ئالدىدا كۆرەڭلەيتتىڭىز، مەن باشقىلار يېزىپ بەرسە كېرەك دەپ تولا گۇمان قىلاتتىم. بۈگۈن يەتتە قەدەمدىلا بىر نەزمە قېتىشقا بۇيرۇيمەن، بىجىرەلەيدىكەنسىز، ئۆلۈمدىن قۇتۇلىسىز، ئەكس ھالدا، ئېغىر جازا بېرىلىدۇ، ھەرگىز كەڭچىلىك قىلىنمايدۇ.

— نېمىدەپ نەزمە توقۇيمەن؟ — دېدى ساۋ جى.

بۇ ۋاقىتتا ئوردىدا ئېسىقلىق بىر دانە يەككە رەڭلىك رەسىم بار ئىدى. رەسىمدە تامنىڭ تۈۋىدە ئۇسۇشۇۋاتقان ئىككى كالىدىن بىرىنىڭ قۇدۇققا يىقىلىپ ئۆلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەندى. ساۋ پى رەسىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مۇشۇ رەسىمنى ماۋزۇ قىلىسىز. نەزمىڭىزدە «تامنىڭ تۈۋىدە ئۇسۇشۇۋاتقان ئىككى كالىنىڭ بىرى قۇدۇققا چۈشۈپ ھالاك بولدى» دېگەن سۆز بولماسلىقى شەرت، — دېدى.

يەتتە قەدەم تاشلىغان ساۋ جى مۇنۇ نەزمىنى قاتتى:

*ئىككى گۆش بىر يولدا كەلدى بېشىدا ئاچا سۆڭەك،*
*ئۇچرىشىپ تاغ باغرىدا تىركەشتى راسا ئۆلگۈدەك.*
*جۈپ كۈشەندە ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن قالماس كېيىن،*
*ئەمدى بىرى يىقىلىپ قىلدى ماكان يەرنىڭ تېگىن.*

*يېڭىلىپ قالدى كۆچى يەتمەي دېيىشكە يوق سەۋەب،*
*بار كۆچىنى ئىشقا سالماي ئۆتۈلۈپ قالدى ئەجەب.*

ساۋ پى ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ھەممىسى ھەيران بولۇشتى. ساۋ پى يەنە:

— يەتتە قەدەمنى خېلىلا ۋاقىت دەپ ھېسابلايمەن. سورىغان ھامان جاۋاب نەزمە قاتالامسىز؟ — دېدى.

— نېمە خۇسۇستا يېزىشنى ئېيتىپ بەرسىلە، — دېدى ساۋ جى.

— ئىككىمىز ئاغا - ئىنى بولىمىز، مۇشۇ خۇسۇستا قاتىسىز. لېكىن «ئاغا - ئىنى» دېگەن سۆزلەر نەزمىدە بولماسلىقى شەرت، — دېدى ساۋ پى.

ساۋ جى ئويلانماستىنلا، دەرھال مۇنۇ نەزمىنى قاتتى:

پۇرچاقنى پىشۇرماققا پۇرچاق غولى قالاندى،
ماش - پۇرچاقلار قازاندا نالە قىلىپ زارلاندى.
نە ھاجەت ئۇنى شۇنچە ئۇزاققىچە قايناتماق،
تېگى - تەكتى سورالسا بىر يىلتىزدىن بوي تارتتى.

بۇنى ئاڭلاپ ساۋ پىنىڭ كۆزىدىن تارام - تارام ياش چىقىپ كەتتى. ئانىسى بيەن شى ئاغىچا ئارقا سارايدىن چىقىپ:

— ئۇكىڭىزنى نېمانچىۋالا قىستايسىز؟ — دېدى.

— پادىشاھلىقنىڭ قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ساۋ پى ئورنىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ.

شۇنداق قىلىپ ساۋ جىنىڭ ئورنىنى چۈشۈرۈپ ئەنشاڭ بېگى قىلدى. ساۋ جى باش قويۇپ خوشلاشتى - دە، ئاتلىنىپ يولغا راۋان بولدى.

ساۋ پى شاھلىققا ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، قانۇنلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تامامەن يېڭىلاندى، خەن خانىنى ئاتىسىدىنمۇ چىڭراق قىستىدى. بۇ ئەھۋال ئاللىقاچان چېكىدۇغا مەلۇم بولغانىدى. خەنجۇڭ شاھى ئاڭلاپ ھەيران بولدى، شۇئان قەلەمدار - ئەلەمدار بەگ - سىپاھلارنى كېڭەشكە چاقىرىپ:

— ساۋ ساۋ ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ساۋ پى ۋارىسلىق قىپتۇ، ئاتىسىغا قارىغاندا، خانىمىزغا تېخىمۇ زورلۇق قىپتۇ. كۈنچىقىش ۋۇدىكى سۈن چۈەن تەزىم قىلىپ، ئۆزىنى خادىملىرى دەپ خىتاب قىپتۇ. ئالدى بىلەن كۈنچىقىش ۋۇغا يۈرۈش قىلىپ، گۇەن يۈينىڭ قىساسىنى ئالىمەن؛ ئاندىن جۇڭيۈەنگە جازا يۈرۈش قىلىپ، بۇزۇق مۇناپىقلارنى يوقاتماقچىمەن، — دەپ تۇرۇشىغا، لياۋ خۇا ئوتتۇرىغا چىقىپ باش قويۇپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەرھۇم سەركەردە گۇەن يۈي ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ قازاغا يولۇققۇشىغا ھەقىقەتتە لىيۇ فېڭ، مېڭ دالار سەۋەب بولدى. بۇ ئىككى مۇناپىققا جازا بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى.

لىيۇ بېي ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتمەكچى بولۇۋىدى، جۇگې لياڭ:

— بولماسمىكىن، چارىسىنى ئالدىرىماي كۆرۈش كېرەك. ئالدىراپ تۇتۇش قىلىپ كەتسەك ئۆزگىرىش بولۇپ قالىدۇ. ئىككىيلەننىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ ۋىلايەت ھاكىمى قىلايلى، ئۇلارنى ئايرىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن قولغا ئالايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلغان لىيۇ بېي شۇئان لىيۇ فېڭنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ، مييەن جۇنى ساقلاشقا تەيىن قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئەلچى ماڭدۇردى.

ئەسلىدە مېڭ دا بىلەن كۆڭلى يېقىن پېڭ ياڭ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ تېزلىكتە ئۆيىگە قايتتى - دە، خەت يېزىپ، ئىشەنچلىك بىر كىشىنى مېڭ داغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ماڭدۇردى،

چاپارمەن ئەمدىلا تۆۋەن دەرۋازىدىن چىقىشىغا، پايلاقچىلىقتا چىققان ما چاۋ نۆكەرلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، نۆكەرلەر ئۇنى ما چاۋ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ماچاۋ پىڭ ياڭنىڭكىگە كەلدى. پىڭ ياڭ قارشى ئېلىپ، شاراب ـ تائام بىلەن كۈتۈۋالدى. قەدەھ بىرقانچە قېتىم بوشىتىلغاندىن كېيىن، سۆز ئېلىپ كۆرمەكچى بولغان ما چاۋ:

— خەنجۇڭ شاھى بۇرۇن جانابلىرىغا ناھايىتى ئىلتىپات كۆرسەتكەن، ھازىر نېمىشقا ئېتىبارسىز قاراپ قالدى؟ — دېدى.

— ھەي، ئەدەپسىز قېرى چېرىك* ! چوقۇم تېگىشلىك جاۋابىمنى قايتۇرىمەن! — دېدى شىركەيپ بولغان پىڭ ياڭ تىللاپ.

— مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى نارازى بولۇپ يۈرۈيمەن، — دېدى ما چاۋ يەنە ئۇنى سۆزلەتمەكچى بولۇپ.

— جانابلىرى ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن، — دېدى پىڭ ياڭ، — قوزغالسىلا، مېڭ دا تاشقى تەرەپتىن ماسلاشسا، مەن سىچۇەن لەشكەرلىرى بىلەن ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشسام، ئۇلۇغ ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشاتتى.

— تەقسىر، سۆزلىرى ناھايىتى ئورۇنلۇق، ئەتە يەنە كېڭەشەيلى، — دېدى ما چاۋ ۋە پىڭ ياڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ، ھېلىقى ئادەم بىلەن خەتنى ئېلىپ، خەنجۇڭ شاھى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭغا ۋەقەنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى.

دەرغەزەپ بولغان ليۇ بېي دەرھال پىڭ ياڭنى تۇتۇپ زىندانغا تاشلىدى ۋە سوراق قىلدى. پىڭ ياڭ زىنداندا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالدى. ليۇ بېي جۇگې لياڭدىن:

— پىڭ ياڭدا ئىسيان قىلىش نىيىتى بار ئىكەن، قانداق چارە كۆرۈش كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— پىڭ ياڭ گەرچە ئەخمەق ئادەم بولسىمۇ، قالدۇرۇپ

---

* ليۇ بېيغا قارىتىلغان كەمسىتىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قويمىدىغان بولساق كەلگۈسىدە چوقۇم بىرەرتە ھادىسە تۇغدۇرىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى جۈگې لياڭ.

شۇنداق قىلىپ ليۇ بېي پىلىڭ ياڭنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

پىلىڭ ياڭنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرى مېڭ دانىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى. ئىنتايىن چۆچۈگەن مېڭ دا ھولۇقۇپ قالدى. تۇيۇقسىزلا ليۇ فېڭنىڭ مېەنجۇغا يۆتكەلگەنلىك ھەققىدىكى بۇيرۇق بىلەن ئەلچى يېتىپ كەلدى. تەمتىرەپ قالغان مېڭ دا شاڭيۇڭ، فاڭلىڭ سەر لەشكىرى شېن دەن، شېن يىلارنى كېڭەشكە چاقىرىپ:

— فا جېڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ خەنجۇڭ شاھىغا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىمىز بار ئىدى؛ ھازىر فا جېڭ ۋاپات بولدى، خەنجۇڭ شاھى بولسا، مېنىڭ بۇرۇنقى خىزمەتلىرىمنى ئۇنتۇپ، زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دېدى.

— مېنىڭ بىر تەدبىرىم باركى، خەنجۇڭ شاھى جانابلىرىغا زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ، — دېدى شېن دەن.

ناھايىتى خۇشال بولغان مېڭ دا تەدبىرنى سورىدى. شېن دەن:

— بىز ئاغا ـ ئىنى ئىككىمىز ۋېي پادىشاھلىقىغا ئەل بولۇش نىيىتىگە كېلىپ قالغىنىمىزغا خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى؛ جانابلىرى مەلۇماتنىن بىرنى يېزىپ، خەنجۇڭ شاھى بىلەن خوشلاشسىلا ـ دە، ۋېي شاھى ساۋ پىغا ئەل بولسىلا، ساۋ پى مۇھىم خىزمەتكە سالىدۇ. ئىككىمىزمۇ ئارقىلىرىدىن ئەل بولۇپ بارىمىز، — دېدى. بىردىنلا ئەقلىگە كەلگەن مېڭ دا دەرھال بىر پارچە مەلۇمات يازدى ـ دە، كەلگەن ئەلچىگە بەردى ۋە شۇ كۈنى كەچتە 50 تىن ئارتۇقراق ئاتلىق نۆكىرىنى ئېلىپ، ئەل بولۇش ئۈچۈن ۋېيغا راۋان بولدى. مەلۇماتنى ئېلىپ چېڭدۇغا قايتقان ئەلچى مېڭ دانىڭ ۋېيغا ئەل بولغانلىقى ھەققىدىكى

ئىشىنى خەنجۇڭ شاھىغا مەلۇم قىلدى. ليۇ بېي ناھايىتى غەزەپلەندى. مەلۇماتنى ئوقۇۋىدى، مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىكەن:

كەمىنە خادىملىرى كەلگۈسىدە ئالىيلىرىنى يىيىن، لۇي شاڭلار ئىشىنى تەسىس قىلىدۇ، خۇەن ۋېنلەردەك خىزمەت يەتكۈزىدۇ، ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ۋۇ، چۇ ۋەزىيىتىنى يارىتىدۇ، مەسلىھەتلىك زاتلار بولسا بەيئەت قىلىدۇ دەپ ھېسابلايمەن. دەسلەپكى تۆھپەمدىن بېرى كەمىنىلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى، بۇنى ئۆزۈم بىلگەن يەردە ئالىيلىرى بىلمەي قالامدىلا! ھالا سارايغا دانىشمەنلەر توپلاندى. ئىچكى جەھەتتە ياردەم بېرەرلىك بىلىمىم، سىرتتا سەركەردىلىك قىلارلىق ئىستېداتىم بولمىغاچقا، خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىرلەردىن بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، سەممىيىتىم ئالدىدا ئىنتايىن خىجىل بولماقتىمەن!

خادىملىرى فەن لى «ئۇزۇن» نى كۆرەلمىگەچكە، غۇربەت ئىختىيار قىلىپ جايمۇجاي كېزىپ يۈرگەن، چيۇفەن خۇاڭخې دەرياسىدا ئەندىشە قىلىپ ئۆز ئەيىبىنى ئۈستىگە ئېلىپ كېتىپ قالغان دەپ ئاڭلىغانىدىم. مەن مۇشۇ پەيتتىلا ئىستېپا سوراپ، خەيرلەشسەم قانداق بولاركىن؟ پاك كېتىش بۇرچىمدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر پەس ئادەم، چوڭ ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكىنىم يوق، مۇشۇ ئەھۋالغا قاراپ، بۇرۇن ئۆتكەن دانىشمەنلەرگە قايىل بولۇپ، كېلەچەكتە شەرمەندە بولىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. ئۆتمۈشتە شېن شېڭ ناھايىتى ۋاپادار بولسىمۇ، تۇغقانلىرىنىڭ گۇمانىغا قالغان، زى شۈي سادىق بولسىمۇ، پادىشاھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. مېڭ

تيەن ئۆز ئېلىنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىشتە تۆھپە كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قاتتىق زىيانغا ئۇچرىغان، لي يى چى بەگلىكىنى تارمار قىلغان بولسىمۇ، تۆھمەتكە ئۇچرىغانىكەن. خادىملىرى بۇ كىتابلارنى ئوقۇغىنىمدا، هاياجىنىمنى باسالماي كۆز يېشى قىلغانىدىم. بۇ ئىشلار ئۆز بېشىمغا كەلگەندە، ھەسرەت چەكمەي قالالمىدىم!

بۇ يېقىندىكى جىڭجۇ يېڭىلىشىدە ۋەزىرلەر ئۆز پاكلىقىنى بۇلغىدى. بۇنى يۇيۇپ كېتەلمەيدۇ؛ خادىملىرى فاڭ لىڭ شاڭيۇڭغا كەلگىنىمدە، ئۆزۈمنى چەتكە تارتقان دەپ ھېسابلىغانىدىم. ئالىيلىرىنىڭ خادىملىرىغا قىلغان رەھىملىرىدىن تەسىرلەندىم، خادىملىرىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمدىن ئېچىنىپ، ئىچ ئاغرىتتىلا. خادىملىرى سەممىيەت ئېتىبارىغا يارىماس بىر ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن، باشتىن ـ ئاخىرغىچە خىزمەتلىرىنى قىلالمىدىم، بىر يامان ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ قىلسا، گۇناھ ئەمەس، دېگىلى بولامدۇ؟ خادىملىرى ھەرباره «ئالاقىنى ئۆزگەندە خاپا بولماسلىق، خادىملىرى كېتىپ قالسا ئاغرىنماسلىق كېرەك» دەپ ئاڭلايتتىم. خادىملىرى دانىشمەنلەردىن كۆپ تەلىم ئالغانىدىم. جانابىي شاھىئالەم ئۆزلىرىنىڭ ئىلھام بېرىشلىرىنى سورايمەن.

ئىززىتراپ ۋەھىمىسىنى باسالمىغان خادىملىرىدىن.

ليۇ بېي مەلۇماتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھۇ! ئاسىي گاداي، يازما ئارقىلىق ھەزىللىشىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ! — دېدى ـ دە، شۇئان لەشكەر باشلاپ تۇتماقچى بولدى. جۇگې لياڭ:

— ئىككى يولۋاسقا بىر ـ بىرىنى ئالغۇزۇش ئۈچۈن،

لەشكىرىي يۇرۇش قىلىشقا لىيۇ فېڭنى بۇيرۇيلى؛ لىيۇ فېڭ مەيلى ئەجىر - خىزمەت كۆرسەتسۇن، مەيلى يېڭىلسۇن، بەربىر چېڭدۇغا قايتىپ كېلىدۇ، شۇ ۋاقىتتا تۇتۇپ يوقاتساق، ئىككىلا زىيانكەش يوقىتىلغان بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

لىيۇ بېي ماقۇل بولۇپ لىيۇ فېڭغا بۇيرۇق يەتكۈزۈش ئۈچۈن مېيەنجۇغا ئەلچى ماڭدۇردى. بۇيرۇق ئالغان لىيۇ فېڭ مېڭ دانى تۇتۇش ئۈچۈن لەشكىرىي يۇرۇش قىلدى.

ساۋ پى قەلەمدار - ئەلەمدار بەگلەرنى يىغىپ كېڭەش قىلىۋاتاتتى، تۇساتتىن يېقىن خادىملىرى:

— چېڭدۇ پالۋانى مېڭ دا ئەل بولۇپ كەپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى. ساۋ پى قوبۇل قىلىپ:

— بۇ كېلىشلىرى ساختا ئەل بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دەپ سورىۋىدى.

— خادىملىرى خەۋپتە قالغان گۇەن يۈيگە ھەمدەملىك بەرمىگەنىدىم، خەنجۇڭ شاھى مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، گۇناھىمدىن قورققانلىقىم ئۈچۈن ئەل بولۇپ كەلدىم. باشقا غەرەز يوق، — دېدى مېڭ دا.

ساۋ پى تېخى دېگەندەك ئىشىنىپ كەتمىگەنىدى. بىردىنلا لىيۇ فېڭ 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن شياڭياڭنى ئېلىشقا كەپتۇ، مەخسۇس مېڭ دانىلا جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. ساۋ پى:

— ئەگەر چىن قەلبىلىرى بىلەن ئەل بولۇپ كەلگەن بولسىلا، شياڭياڭغا بېرىپ، لىيۇ فېڭنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلۈرلەر. شۇندىلا ئىشىنىمەن، — دېدى.

— پايدا - زىياننى كۆرسىتىپ، لىيۇ فېڭنىمۇ ئەل قىلدۇراي. لەشكەرنى ئىشقا سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى مېڭ دا.

ساۋ پى ناھايىتى خۇشال بولۇپ، مېڭ دانى چەۋەنداز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەشكەرلەر مەھرەمبېگى، جيەنئۇ سەركەردىسى، پېڭيالىڭ بېگى، شىنچېڭ ھاكىمى قىلىپ تەيىنلەپ، شياڭياڭ، فەنچېڭلارنى ساقلاشقا بۇيرۇدى. ئەسلىدە شيا خۇشاڭ، شۈي خۋاڭلار شاڭياڭدا بولۇپ، شاڭيۇڭ ۋىلايىتىگە قاراشلىق يەرلەرنى تاپشۇرۇۋېلىشقا بارماقچى بولۇپ تۇراتتى. شياڭياڭغا يېتىپ كەلگەن مېڭ دا ئىككى پالۋان بىلەن كۆرۈشتى، ھال - ئەھۋال سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، لىيۇ فېڭنىڭ شەھەردىن 50 چاقىرىم نېرىغا قارارگاھ قۇرغانلىقىنى ئاڭلىدى. مېڭ دا لىيۇ فېڭنى ئەل قىلىشقا دەۋەت قىلىپ، بىر پارە خەت يازدى - دە، شۇلۇقلارنىڭ قارارگاھىغا ئەۋەتتى. خەتنى كۆرگەن لىيۇ فېڭ دەرغەزەپ بولۇپ:

— بۇ مۇناپىق تاغامغا بۇرچۇمنى ئۆتەتكۈزمىدى، يەنە ئاتا - بالىلىق مۇناسىۋىتىمىزگە بۆلگۈنچىلىك سالماقچى بولۇپتۇ. مېنى ساداقەتسىز، ۋاپاسىز ئادەم قىلىپ قويماقچى! — دېدى - دە، خەتنى پارە - پارە قىلىپ تاشلاپ، ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى. ئەتىسى ئەسكەر باشلاپ كېلىپ مېڭ داغا جەڭ قىلىشقا ئۈندىدى.

مېڭ دا لىيۇ فېڭنىڭ ئەۋەتكەن خېتىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئەلچىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرغەزەپ بولۇپ، لەشكەر تارتىپ باردى. ئىككى سەپ سەپراس بولۇپ تۇرغاندا، نىشان - تۇغ ئاستىدا ئاتلىق تۇرغان لىيۇ فېڭ قىلىچى بىلەن تۇرتۇپ تۇرۇپ:

— ھەي، ئۆز ئېلىگە ئاسىيلىق قىلغان ئوغرى! قالايمىقان سۆزلەشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئۆلۈم بېشىڭىزغا كېلىپ قالدى. تېخىچە ئەقلىڭىزنى تاپالمايۋاتامسىز؟ — دېدى مېڭ دا.

دەرغەزەپ بولغان لىيۇ فېڭ قىلىچىنى ئوينىتىپ، توغرا مېڭ داغا ئات سالدى. ئۈچ رەددى بەدەل ئېلىشماستىنلا، مېڭ دا

يېڭىلىپ قاچتى، پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەن ليۇ فېڭ يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ كەلگەندە، چىققان بىر نەرە ئاۋاز بىلەن تەڭ پىستىرمىدىكى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى چاپ - چاپقا ئۆتتى. سول تەرەپتىن شيا خۇشاڭ، ئوڭ تەرەپتىن شۈي خۇاڭ قىرغىن قىلدى. مېڭ دامۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قايتا جەڭگە كىرىشتى، ئۈچ توپ لەشكەر ئارىغا ئېلىپ جەڭ قىلدى. قاتتىق يېڭىلگەن ليۇ فېڭ كېچىچە قېچىپ شاڭيۇڭغا كەلدى، ئارقىدىن ۋېي لەشكەرلىرى ئىزمۇئىز قوغلاپ كېلىپ قالدى، ليۇ فېڭ سېپىل تۈۋىگە كېلىپ: «دەرۋازىنى ئېچىڭلار!» دەپ توۋلىغانىدى، سېپىلدىن قالايمىقان ئوق ياغدۇرۇلدى. قوۋۇق راۋىقىدا تۇرغان شېن دەن:

— مەن ۋېيغا ئەل بولدۇم! — دەپ توۋلىدى.

غەزەپلەنگەن ليۇ فېڭ شەھەرگە تېگىش قىلماقچى بولۇۋىدى، ياۋ لەشكىرى ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ قالدى. ليۇ فېڭ ئىز باسالماي قېلىپ، فاڭلىڭغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى. فاڭلىڭغا كەلگەن ليۇ فېڭ سېپىلغا غىچلا ۋېي بايرىقى قادالغانلىقىنى كۆردى. قوۋۇق راۋىقىدا تۇرغان شېن يى تۇغنى بىرلا لەپىلدەتكەنىدى، شەھەرنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر توپ لەشكەر چىقتى، ئەلىمىڭگە چوڭ قىلىپ: «ئوڭ قول سەركەردە شۈي خۇاڭ» دەپ يېزىلغان. بەرداشلىق بېرەلمىگەن ليۇ فېڭ تېزلىكتە كۈنپېتىش سىچۈەنگە قاراپ قاچتى. پۇرسەتتىن پايدىلانغان شۈي خۇاڭ قوغلاپ چاپ - چاپ قىلدى. ليۇ فېڭ ئېشىپ قالغان 100چە نۆكىرى بىلەن چېڭدۇغا كېلىپ، خەنجۇڭ شاھى بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ يىغلىغان ھالدا باش قويۇپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى تەپسىلىي بايان قىلدى.

— ھەي نومۇسسىز ھارامزادە! قايسى يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشكىلى كەلدىڭ؟ — دېدى غەزەپ بىلەن ليۇ بېي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— تاغام خەۋپتە قالغاندا، ھەمدەم بەرمەكچىدىم، مېڭ دا تۇسۇپ تۇرۇۋالدى.

— سەن ئادەم تامىقىنى يەيسەن، ئادەمچە كىيىم كىيىسەن، لاي، ياغاچتىن ياسالغان بۇت بولمىغاندىن كېيىن، نېمىشقا ئۇ مۇتتەھەم ئوغرىنىڭ سۆزىگە كىرىدىڭ؟ — دېدى لىۇ بېي غەزىپى ئېغىمۇ ئۆرلەپ ۋە نۆكەرلىرىگە ئاچىقىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

لىۇ فېڭنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن خەنجۇڭ شاھى مېڭ دانىڭ ئۇنى ئەل بولۇشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى، ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، خېتىنى يىرتىپ تاشلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى پۇشايمان قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن گۇەن يۈينىڭ ئىچ ئاغرىقىدا، كېسەل بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبلىك لەشكىرىنى قىمىرلاتماي ياتتى.

ۋېي شاھى ساۋ پى شاھلىق ئورنىغا ئولتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك كۆتۈردى؛ 300 مىڭ لەشكەر بىلەن تۆۋەندىكى پېيگو، چياۋشەن ناھىيىسىگە تەكشۈرۈشكە چىقتى، ئەجدادلار مەقبەرىسىدە زور نەزىر ئۆتكۈزدى. يېزىلاردىكى قېرى ـ ئاقساقاللار يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە كۆتۈۋېلىپ، قەدەھلەردە مەي ـ شاراب تۇتۇشتى، خەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى لىۇ باڭنىڭ پېيگە قايتقان ۋاقتىدىكى ۋەقەگە تەقلىد قىلىشتى. بۇ چاغدا مەلۇماتچىلار ئۇلۇغ سەركەردە شىيا خۇدۇن ئاغرىپ ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى. ساۋ پى دەرھال يېجۈنگە قايتتى، بۇ ۋاقىتتا شىيا خۇدۇن ئالەمدىن ئۆتكەنىدى، ساۋ پى قارىلىق كىيىپ، ئۇنى تەنتەنىلىك دەپنە قىلدۇردى.

شۇ يىلى 8 ـ ئايلاردا، شىيى ناھىيىسىگە سۇمۇرغ ئۇچۇپ كەپتۇ، لىنزى شەھىرىدە يەككە شاخ كۆرۈلۈپتۇ، يېجۈندە سېرىق ئەجدىھا نامايان بوپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقالدى. شۇ مۇناسىۋەت

بىلەن كەپتاۋۇل لى فۇ رەسسەتىپىگى شۇي جىلەر مەسلىھەتلىشىپ: خىلمۇخىل ئالامەتلەر ۋېيىنىڭ خەن ئورنىغا ئالمىشىشىغا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر، تەخت تاپشۇرۇش ئىشىغا ھازىرلىق كۆرۈپ، خەن خانىنى ئەلنى ۋېي شاھىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە دەۋەت قىلىش كېرەك، دېيىشتى. شۇئان خۇا شىن، ۋاڭ لاڭ، شىن پى، جيا شۇي، ليۇ يى، ليۇ يې، چېن جياۋ، چېن چۈن، خۇەن جيې باشلىق قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلاردىن قىرىق نەچچە كىشى توپتوغرا ئىچكى سارايغا — شيەندى خان ھۇزۇرىغا كىرىپ، تەختنى ۋېي شاھى ساۋ پىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىشتى.

دەرھەقىقەت:

*قۇردى ۋېيلىقلار ئېلى ئەمدى بۇ يەردە تاج ـ تەخت،*
*ئۆزگىلەر ئىلكىگە ئۆتتى تەختى خەننىڭ مۇشۇ پەيت.*

شيەندى خاننىڭ نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

# سەكسىنىنچى باب

## ساۋ پىنىڭ خاننى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ لىيۇلەر تەختىنى تارتىۋالغانلىقى
## خەنجۇڭ شاھى لىيۇ بېينىڭ رەسمىي خان بولغانلىقى

ئەلقىسسە، خۇا شىن باشلىق قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلار شيەندى خان ھۇزۇرىغا كىردى. خۇا شىن:
— ۋېي شاھى شاھلىق ئورنىغا چىققاندىن بېرى ياخشىلىقى ھەر تەرەپكە تارقالدى. ھەققانىيىتى پۈتۈن مەۋجۇداتلارغىچە كېڭەيدى، قەدىمكىلەردىن، ھازىرقىلاردىن ئېشىپ كەتتى، تاڭ بىلەن يۈيلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئۆتەلمەيدۇ، ۋەزىر ـ ئاكابىرلەر كېڭەش قىلدۇق، ھەممە خەن خانلىقىنىڭ بەخت ـ تەلىيى تۈگەپ قالدى دېيىشتى. ئالىيلىرىنىڭ ياۋ بىلەن شۇنلەرنىڭ يولى بويىچە خەننى ۋېي شاھىغا ئۆتۈنۈپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز؛ يۇقىرىدا تەڭرى راۋا كۆرىدۇ، تۆۋەندە خەلقنىڭ نىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئالىيلىرى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت بىلەن بەختىيار ياشالايدىلا. شۇندا ئەجدادلىرى بەختلىك ھېسابلىناتتى! ئاھالە خانىمانلار بەختلىك بولاتتى! بىزلەر مەسلىھەتلىشىپ قارار ئالدۇق، ئالاھىدە مۇراجىئەت قىلغىلى كېلىشتۇق، — دېدى.
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان خان خېلىغىچە بىر نەرسە دېمىدى، ئاندىن بەگلەرگە قاراپ يىغلىغان ھالدا:

— ئۇچ چى شەمشەر بىلەن يىلان ئۆلتۈرۈپ قوزغالغان ئۇلۇغ بوۋام گاۋ زۇخاننىڭ چىن ۋە چۇ بەگلىكلىرىنى مۇنقەرز قىلىپ تەسىس قىلغان ئۇلۇغ ئىشى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋام قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا، 400 يىل بولدى. مەن ئىقتىدارسىز بولساممۇ، ھېچبىر ئەيىبىم يوق، بىكارغىلا ئۇلۇغ بوۋامدىن قالغان ئۇلۇغ ئىشتىن ۋاز كېچىشكە قانداق تاقەت قىلىمەن؟ سىلەر قايتىدىن ئادىل مەسلىھەت قىلىڭلار، — دېدى.

خۇا شىن لى فۇ، شۆي جىلەرنى ئالدىغا باشلاپ كېلىپ:

— ئالىيلىرى، ئەگەر ئىشەنمىسىلە، بۇ ئىككى ئادەمدىن سوراپ باقسىلا، — دېدى.

— ۋېي شاھى، — دېدى مۇراجىئەت قىلىپ لى فۇ، — شاھلىق ئورۇنغا ئولتۇرغاندىن بېرى يەككە شاخ چۇشتـــــى، سۇمۇرغ كەلدى، سېرىق ئەجدىھا كۆرۈلدى، زىـرائەتلـەر ئوخشىدى، مانىنا چۈشتى، بۇلار — ۋېينىڭ خەن ئورنـــــغا ئالمىشىشى ھەققىدە تەڭرى تەرەپتىن كۆرسىتىلگەن بېشارەت - ئالامەتلەردۇر.

— خادىملىرى رەسەتخانا ئىشلىرىنى باشقۇرىمەن، كېچە يۇلتۇزلارغا قارىۋىدىم، خەن خاندانلىقىنىڭ بەخت - تەلىيــى تۈگەپ قاپتۇ، ئالىيلىرىنىڭ خانلىق يۇلتۇزلىرى خـــــرە - نۇرسىز؛ بەخت - دۆلەت ۋېي ئېلىنىڭ ئۈستىگە ئۆتتى، سۆزلەپ تۈگىتىش قىيىن. ئۇنىـــڭ ئۈستــــگە بېشارەتنامە بولۇپ، بېشارەتنامىدە: « 鬼 يانغا جايلاشقان، 委 گە تۇتاشقان، خەن ئورنىنى ئىگىلەر، سۆزگە ھاجەتسىز قالغان. 言 كۈنپېتىشتا، 午 كۈنچىقىشتا؛ قوش 日 ھەرپى ئاستى - ئۈستى قويۇلغان» دېيىلىپتۇ. بۇنىڭغا قاراپ مۇھاكىمە قىلغاندا، ئالىيلىرى تەختنى بۇزۇنراق ئۆتـۈنـۈپ بېرىــشلــرى كېرەك. « 鬼 يانغا جايلاشقان» ، « 委 گە تۇتاشقان» — « 魏 » ھەرپى؛ « 言 كۈنچىقىشتا، 午 كۈنپېتىشتا» —« 许 » ھەرپى؛ «قوش 日 ھەرپى ئاستى -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇستى قويۇلغان» — « 昌 » ھەرپىدۇر: دېمەك، 委鬼 (ۋېي) 许昌 (شۈيچاڭ) دا بولۇپ، تەختنى تاپشۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك دېگەن بولىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن، — دېدى شۈي جىمۇ مۇراجىئەت قىلىپ.

— ياخشىلىق ھەققىدىكى بېشارەتنامىلەرنىڭ ھەممىسى، — دېدى خان، — يالغاندىن ئويلاپ چىقىرىلغان ئىشلاردۇر؛ يالغاندىن ئويلاپ چىقىرىلغان ئىشلار بىلەن قانداق قىلىپ ئەجدادلىرىمدىن قالغان ئۇلۇغ ئىشتىن ۋاز كېچەلەيمەن؟

— قەدىمدىن تارتىپ شۇنداق: ئۈزۈن ياشىغانلارمۇ ھامان ئۆلىدۇ؛ ھەرقانچە راۋاج تاپقانلارمۇ چوقۇم ئاجىزلايدۇ. مۇنقەرز بولمايدىغان پادىشاھلىق، ۋەيران بولمايدىغان روزىغار ـ خانىدان بولامدۇ؟ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا تۆت يۈز نەچچە يىل داۋام قىلىپ كەلگەن خەن خاندانلىقى ئالىيلىرىغا يېتىپ كەلگەندە، بەخت ـ تەلىيى تاماملىنىپ قالدى، بۇرۇنراق چېكىنگەنلىرى مۇناسىپ بولارمىكىن، كېچىكتۈرۈش يارىمايدۇ؛ كېچىكتۈرۈلىدىكەن، ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ۋاڭ لاڭ مۇراجىئەت قىلىپ.

خان قاتتىق يىغلىغان پېتى ئارقا سارايغا كىرىپ كەتتى. بەگ ـ سىپاھلار كۈلۈشۈپ چىقىپ كېتىشتى.

ئەتىسى بەگ ـ سىپاھلار يەنە چوڭ سارايغا يىغىلىشىپ، ھەرەم خادىمىنى شيەندى خاننى چىللاپ چىقىشقا بۇيرۇدى، قورقۇپ قالغان خان چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ساۋ خانىش:

— بەگلەر ئالىيلىرىنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىشۋاتسا، نېمە سەۋەبتىن چىقمايدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئاغىلىرى تەخت تارتىۋالماقچى بولۇپ، بەگلەرگە بۇيرۇق بەرگەنىكەن، ئۇلار ماڭا زورلۇق قىلىشىۋاتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن چىقمىدىم، — دېدى خان يىغلاپ.

— ئاكام نېمىشقا مۇنداق مۇناپىقانە ئىشلارنى قىلىدۇ ـ ھە! — دېدى خانىش ساۋ ئاغىچا. شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ساۋ خۇڭ، ساۋ شيۇلار شەمشەرلىك ھالدا كىرىپ، خاننى ئوردىغا تەكلىپ قىلدى. دەرغەزەپ بولغان خانىش ئاغىچا:

— سىلەرگە ئوخشىغان بۇزۇق ئوغرىلار، دۆلەتمەن بولۇش نىيىتىدە، بىرلىشىپ ئاسىيلىق قىلغانسىلەر! ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئاتامنىڭ نوپۇز ـ شەۋكىتى ئەلنى لەرزىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، خانلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشقا جۈرئەت قىلمىغانىدى، ھالا ئاكام شاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمايلا، ئۇلار تارتىۋېلىشنى ئويلاپتۇ، تەڭرىم چوقۇم راۋا كۆرمەيدۇ! — دەپ تىللىدى ۋە يىغلىغان پېتى ھەرەمگە كىرىپ كەتتى. ئەتراپىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى كۆزيېشى تۆكۈشتى.

ساۋ خۇڭ، ساۋ شيۇلار شيەندى خاننى ئوردىغا چىقىشقا مەجبۇر قىلغاچقا، ئامالسىز قالغان خان كىيىمىنى يەڭگۈشلەپ، ئالدى سارايغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. خۇا شىن:

— ئالىيلىرى بىزنىڭ ئىچكى مەسلىھىتىمىز بويىچە ئىش كۆرۈپ، زور بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالۇرلەر، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— ئەي ۋەزىرىم! — دېدى قاتتىق يىغلاپ خان، — ھەممىلىرى خەن خاندانلىقىنىڭ مائاشى بىلەن تەمىنلىنىپ كەلگەن؛ كۆپچىلىكلىرى خەن خاندانلىقىغا خىزمەت كۆرسىتىپ كەلگەن ۋەزىرلەرنىڭ ئەۋلادلىرى بولۇپ تۇرۇقلۇق، نېمىشقا مۇنداق تۈزكورلۇق قىلىشىدىلا؟

— ئالىيلىرى كۆپچىلىكنىڭ مەسلىھەتىگە كىرمەيدىغان بولسىلا، پات يېقىندا ھەرەمنىڭ ئىچىدىلا بىرەرتە پالاكەتنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار، بۇ خادىملىرىنىڭ ئالىيلىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساداقەتسىزلىكىدىن ئەمەس، — دېدى خۇا شىن مۇراجىئەت قىلىپ.

— مېنى ئۆلتۈرۈشكە كىم جۈرئەت قىلالايدىكەن؟ — دېدى خان.

— ئېلىمىزدىكى خەلقنىڭ ھەممىسى ئالىيلىرىنىڭ خانلىق بەختىدىن مەھرۇم ئىكەنلىكلىرىگە كۆزلىرى يەتكەچكە، ئەلنىڭ ھەممىلا يېرىدە زور پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى، ئەگەر ۋېي شاھى سارايىدا بولمىغان بولسا، ئالىيلىرىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ناھايىتى كۆپ بولاتتى، ئالىيلىرى ياخشىلىقىقا جاۋاب قايتۇرۇشنى ئويلىماي، بىر توپ ئەل ـ خالايىقنىڭ بىرلىكتە كېلىپ ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈشىنى كۈتمەكچىمۇ؟ — دېدى خۇا شىن تىۋلاپ.

ئىنتايىن ھەيران بولغان خان يېڭىنى سىلكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ۋاڭ لاڭ خۇا شىنغا كۆز ئىشارىسى قىلدى. ئالغا قەدەم تاشلىغان خۇا شىن خاننىڭ تونىنى تۇتۇپ ئۆڭىنى تۇرگەن ھالدا:

— قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق ھەققىدە بۇرۇنراق بىر نەرسە دېسىلە! — دېدى.

خان تىترەپ بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى. شەمشىرىنى سۇغۇرغان ساۋ خۇڭ، ساۋ شيۇلار تىۋلاپ تۇرۇپ:

— تامغىدار قېنى؟ — دەپ تىۋلىدى.

— تامغىدار مانا مەن! — دېدى زۇ بى شۇئان جاۋاب بېرىپ.

ساۋ خۇڭ خان تامغىسىنى سورىدى.

— تامغا خانغا مەنسۇپتۇر، مەيلىڭىزچە ئالالتىڭىزمۇ! — دېدى زۇ بى تىۋلاپ.

ساۋ خۇڭ نۆكەرلىرىگە: «ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈڭلار!» دەپ تىۋلىدى، زۇ بى توختىماستىن تىللىغان پېتى ئۆلدى.

كېيىنكىلەر زۇ بىنى مەدھىيىلەپ مۇنداق نەزمە پۈتكەندى:

*بولدى گۇم خەن خانلىقى تۈتقاچقا مەككارلار ھوقۇق،*
*ئۆلگە قىل يۇ ـ تاڭنى، ئۆتكۈز تەختنى دەپ قىستى ئوشۇق.*
*خانىدانىدا بەگ ـ سىپاھلار ۋېيىنى ھۆرمەت ئەيلىسە،*
*قالدى سادىقلىق بىلەن تامغا بېگىلا ئويپۇچۇق.*

پەستە قوراللىق تۇرغان بىرنەچچە يۈز ۋېي لەشكىرىنى كۆرگەن خان تىترىكىنى باسالماي قالدى ـ دە، ۋەزىرلەرگە قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— خانلىقنى ۋېي شاھىغا ئۆتۈنۈپ بېرەي، ھاياتىم ساقلىنىپ، ئاخىرقى يىللىرىمنى ياخشى ئاياغلاشتۇرسام بەختلىكمەن، — دېدى.

— ۋېي شاھى چوقۇم ئالىيلىرىغا ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ، ئالىيلىرى تېز پەرمان بېرىپ، كۆپچىلىكنى خاتىرجەم قىلۇرلەر، — دېدى جىيا شۈي.

خان پادىشاھلىقنى ئۆتۈنۈش ھەققىدە چېن چۈنگە پەرمان يازدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. خۇا شىننى بەگلەر بىلەن پەرمان تامغىنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن، ۋېي شاھى سارىيىغا ئەۋەتتى، ساۋ پى ناھايىتى خۇشال بولدى، پەرمان ئېچىپ ئوقۇلدى، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

مەن 32 يىل خان بولدۇم، ئېلىمىز پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىدى، بەختكە يارىشا ئەجدادلىرىمنىڭ روھاناتى يار بېرىپ، خەۋپتىن خالىي ياشاپ كەلدىم، ئەمدىلىكتە كۆكتە يۇلتۇزلارغا، تۆۋەندە خەلقنىڭ رايىغا قارىسام خەن خاندانلىقىنىڭ بەخت ـ تەلىيى ناھايىتىگە يېتىپتۇ. بەخت ـ ئامەت ساۋ ئائىلىسىگە ئۆتۈپتۇ. بۇ مەرھۇم شاھنىڭ دانىشمەنلىكى ۋە قۇدرەتلىكلىكىنىڭ نەتىجىسى،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۇستىگە هازىرقى شاھنىڭ ئاقىللىقى، پازىللىقى تۆپەيلىدۇر. تەقدىر ـ قىسمەت ناھايىتى ئايان تۇرۇپتۇ. ئۇنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئەزىمەت «ئۇمۇمىيەت يولى بىلەن يۈرۈش كېرەك، ئەل ئۇمۇم ئۈچۈندۇر» تاڭ، ياۋلار ئۆز ئورنىنى ئۆز ئوغۇللىرىغا قالدۇرمىغاچقا، ناملىرى كەڭ تارقالدى، مەن بۇنىڭغا بەك ھەۋەس قىلىمەن. بۇگۈن ئۇلارنىڭ ئىزى بويىچە مېڭىپ، ياۋدىن ئۆرنەك ئېلىپ، خانلىق ئورنۇمنى باش ۋەزىر ۋېي شاھىغا ئۆتۈندۇم. شاھ رەت قىلمىغايلار!

پەرماننى ئاڭلاپ بولغان ساۋ پى پەرماننى تاپشۇرۇپ ئالماقچى بولۇۋىدى، سىما يى:

— بولماسمىكىن، گەرچە تامغا پەرمان ئالدىلىرىدا بولسىمۇ، سىلى كەمتەرلىك قىلغان بولۇپ، ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىق توغرىسىدا ئىلتىماس يېزىپ، ئەلدىكى خالايىقنىڭ قارىلىشىغا زىمىن قالدۇرماسلىقلىرى لازىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ساۋ پى مەقبۇل كۆرۈپ، ۋاڭ لاڭغا مەلۇمات يېزىش ئۈچۈن بۇيرۇق بەردى. مەلۇماتتا ئۆزىنى ئىقتىدارسىز كۆرسىتىپ، باشقا تالانتلىقلارنى ئۇلۇغ ئورۇنغا ۋارىسلىق قىلدۇرۇش ھەققىدە مۇراجىئەت قىلدى. مەلۇماتنى كۆرگەن خان ئىنتايىن گۇمانغا چۈشۈپ بەگلەرگە:

— ۋېي شاھى كەمتەرلىك قىلىپتۇ، قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى.

— مۇقەددەم ۋېي ۋۇ شاھى (ساۋ ساۋ) شاھلىق ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدا، ئۈچ قېتىم رەت قىلغان بولسىمۇ، ئالىيلىرى تەستىق قىلماي، قايتا پەرمان چۈشۈرگەچكە، ئاندىن قوبۇل قىلغانىدى. بۇگۈن ئالىيلىرى يەنە پەرمان چۈشۈرسىلە، ۋېي شاھى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىدۇ، — دېدى خۇا شىن.

ئامالسىز قالغان خان يەنە خۇەن جېنى پەرمان يېزىشقا بۇيرۇدى. ئەجدادلار ئىبادەتخانىسىنىڭ مەمۇرى جاڭ يىننى نىشان ـ دەستەك تامغا بىلەن ۋېي شاھى سارىيىغا ئەۋەتتى. ساۋ پى پەرماننى ئاچتۇرۇپ ئوقۇدى، مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىدى:

ۋېي شاھى كەمتەرلىك يۈزىسىدىن مەلۇمات يېزىپ ئۆتۈنۈپتىلا. خەن خاندانلىقى تەنەزۇلغا يۈز تۇتقىلى خېلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، بەختكە يارىشا ۋۇ شاھى (ساۋ ساۋ — دېمەكچى. ت) مەيدە كېرىپ چىقتى، بەخت ـ تەلەي يار بېرىپ، دانالىقى ـ قۇدرىتىنى ئىشقا سېلىپ، ياۋۇز زالىملارنى يوقاتتى، ئېلىمىز شەھەرلىرىنى تازىلاپ، ئەمىنلىك ـ ئاسايىشلىق ئورناتتى. ھالا شاھ ساۋ پى مەرھۇم شاھقا ۋارىسلىق قىلدىلا، پەزىلەتلىرى تەجەللا ئەتتى، شان ـ شەۋكەتلىرى ھەر تەرەپكە تارقالدى. تەقدىر ـ قىسمەت ھەققەتەن سىلىنىڭ ئۈستىلىرىدىدۇر.

ئۆتمۈشتە يۈي، شۈننىڭ 20 زور خىزمىتى بولغىنى ئۈچۈن فاڭ شۈن (ياۋ — دېمەكچى) ئەلنى ئۆتۈنگەنىدى، دا يۈي سۈنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشىدا خىزمەت يەتكۈزگەچكە، جۇڭ خۇا (يۈي، شۈن — دېمەكچى) مۇ خانلىق ئورنىنى ئۆتۈنگەنىدى. خەن خاندانلىقى ياۋنىڭ ھەرىكىتىگە تەقلىد قىلىپ خانلىقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش نىيىتىگە كەلدى. يەر ئىلاھى، كۆك تەڭرىنىڭ ئوچۇق ئەمرىگە بويسۇنۇپ، تەپتىشبېگى جاڭ يىننى نىشان ـ دەستەك بىلەن خانلىق تامغىسىنى ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتتىم. شاھ بۇنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئالۇرلەر.

پەرماننى ئېلىپ ناھايىتى خۇشال بولغان ساۋ پى جيا شۈيگە:

— گەرچە ئىككى قېتىم پەرمان بەرگەن بولسىمۇ، ئەلدىكىلەر بىلەن كېيىنكىلەرنىڭ تەختنى تارتىۋالدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

دېيىشلىرىدىن ساقلىنىش كېرەك، — دېدى.

— بۇ ناھايىتى ئاسان ئىش، يەنە جاڭ يى ئارقىلىق تامغىنى قايتۇرۇپ بېرەيلى، خەن خانىنىڭ «تەخت ئۆتۈنۈش سۆپىسى» ياسىتىشى ئۈچۈن خۇا شىنغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويايلى؛ ياخشى كۈن، ياخشى سائەت بەلگىلەپ، چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنى شاھ سۆپىسىنىڭ تۈۋىگە يىغىمىز، خان ئۆز قولى بىلەن تامغىنى تاپشۇرۇپ، ئەلنى شاھقا ئۆتۈنۈپ بەرسۇن، شۇنداقتا كۆپچىلىكنىڭ گۇمانى يېشىلىدۇ ـ دە، ئاممىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە يول قالمايدۇ، — دېدى جيا شۈي.

ساۋ پى ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، شۇئان جاڭ يىنى تامغىنى ئەكېتىشكە بۇيرۇدى، كەمتەرلىك قىلغان بولۇپ، يەنە مەلۇمات يازدى، جاڭ يى قايتىپ كېلىپ شيەندى خانغا مەلۇم قىلدى. خان ۋەزىرلەرگە:

— ۋېي شاھى يەنە ئۆتۈنۈپتۇ، رايى قانداق ئىكەن؟ — دېدى.

— ئالىيلىرى! «تەخت ئۆتۈنۈش سۆپىسى» ناملىق بىر شاھ سۆپا بىنا قىلدۇرۇپ، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى يىغىپ، تەختنى ئاشكارا ئۆتۈنۈپ بېرەرلەر؛ شۇنداقتا ئالىيلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ۋېي خاندانلىقىنىڭ ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولغۇسىدۇر، ئەلۋەتتە، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى خۇا شىن.

قوبۇل كۆرگەن خان بۇتخانا مۇراسىمبېگىگە فەنياڭدىن يەر تاللاپ، ئۈچ قەۋەتلىك قىلىپ شاھ سۆپىسى (راۋاق) ياساشقا بۇيرۇق بەردى، 10 ـ ئاينىڭ ئات كۈنى سەھەر ۋاقتىنى تەخت ئۆتۈنۈش ۋاقتى ـ سائىتى قىلىپ بەلگىلىدى.

بەلگىلەنگەن كۈنى، شيەندى خان ۋېي شاھى ساۋ پىنى سۆپىغا چىقىپ تەختنى تاپشۇرۇۋېلىشقا تەكلىپ قىلدى. سۆپىنىڭ تۈۋىگە 400دىن ئارتۇق چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ سىپاھلار، 3 تۈمەن خاس جەسۇر قورۇقچى لەشكەر يىغدى. خان تامغىنى ئۆز

قولى بىلەن ساۋ پىغا تاپشۇردى، ساۋ پى تاپشۇرۇۋالدى. سۇپا تۆۋەندىكى ۋەزىر - ۋۇزرالار يۈكۈنۈپ تۇرۇپ مۇنۇ پەرمانىنى ئاڭلاشتى:

ۋەي شاھى! ئۆتمۈشتە تاڭ ياۋ ئورنىنى يۈي شۈنگە ئۆتۈنگەندى، يۈي شۈنمۇ ئورنىنى دا يۈيگە ئۆتۈنگەندى. تەقدىر - قىسمەت دائىم بىردەك تۇرمايدۇ، بىردىنبىر پازىللارغا مەنسۇپ بولىدۇ. خەن خاندانلىقى تەنەززۇلغا يۈز تۇتۇپ، ئەلدە تەرتىپ يوقالدى؛ ماڭا يېتىپ كەلگەندە، زور پاراكەندىچىلىك بولۇپ زۇلمەت ھۆكۈم سۈردى، ياۋۇزلار مەيلىچە ئىسيان قىلىپ، ئەلدە ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشتى. ۋۇ ۋاڭ شاھنىڭ دانىشمەنلىكى، قۇدرىتى سايىسىدە، ھەممە يەرلەر مۇشكۇلاتتىن خالاس تاپتى، ئېلىمىز شەھەرلىرى تازىلاندى، ئەجدادلىرىم ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەمىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ بىر ئادەمنىڭ غەيرىتى، ئىقتىدارى بىلەن بولۇپ، ئەتراپ جايلارمۇ ھەقىقەتتە ئىلتىپاتىدىن بەھرىمەن بولدى. ھالا سىلى شاھ مەرھۇمغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئىقتىدار، پەزىلەتلىرىنى تەجەللا ئەتتۈردىلە، ۋېن ۋاڭ شاھى، ۋۇ ۋاڭ شاھى ئۇلۇغ ئىشنى، مەرھۇمنىڭ ئۇلۇغۋار ئىشىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردىلا. سەلتەنەت ئالامەتلىرى كۆرۈلمەكتە، ئادەم ۋە ئەرۋاھلارمۇ بېشارەت بەرمەكتە؛ ئەلگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ئەمرىمنى قوبۇل قىلغايلا. ھەممىنىڭ دېگىنىدەك، سىلى يۈي شۈندەك ياردەم قىلالايدىلا، مەن تاڭ رەسۇماتىغا ئاساسەن ئورنۇمنى ھۆرمەت بىلەن ئۆتۈندۈم. ھەيھات! بەخت - تەلەي سىلىنىڭ ئۈستىلىرىدە، جانابلىرى ئۇلۇغ مۇراسىم بىلەن پۈتكۈل ئەلنى تاپشۇرۇۋېلىپ، تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلۇرلەر.

پەرمان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋەزىر ساھى ساۋ پى تەخت تاپشۇرۇۋېلىپ خانلىق ئورنىغا ئولتۇردى. جىيا شۇي چوڭ ـ كىچىك بەگلەرگە باشچىلىق قىلىپ شاھ سۇپىسى تۈۋىدە مۇھەييا بولۇپ تۇردى. يەنكاڭنىڭ تۇنجى يىلى خۇاڭچۇنىڭ تۇنجى يىلىغا ئۆزگەرتىلدى. ئەل نامى ئۇلۇغ ۋېي پادىشاھلىق دەپ ئاتالدى. ساۋ پى ئەلگە ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىپ پەرمان چۈشۈردى. ئاتىسى مەرھۇم ساۋ ساۋغا تەيزۇ ـ ۋۇدى خان ئۇنۋانى بېرىلدى. خۇا شىن:

— «ئاسماندا ئىككى قۇياش، خەلقتە ئىككى پادىشاھ بولمايدۇ» خەن خانى مادامىكى ئەلنى ئۆتۈنگەندىن كېيىن، ئەڭ يىراق ۋىلايەتلەرگە چېكىنىپ خىزمەت قىلىشى كېرەكتۇر. ئوچۇق پەرمان بېرۇرلەر، جانابىي ليۇنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك؟ — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ۋە شيەندى خانىنى قولتۇقلاپ پەرمان ئاڭلاش ئۈچۈن شاھ سۇپا تۈۋىگە ئېلىپ كېلىپ يۈكۈندۈردى. ساۋ پى خانىنى شەنياڭ گۇڭلۇقىغا تەيىنلەپ، شۇ كۈنىلا يولغا چىقىشقا بۇيرۇدى. خۇا شىن شەمشىرىنى تۇتقان ھالدا خانغا خىتاب قىلىپ:

— زىيانكەشلىك قىلماستىن سىلىنى شەنياڭ بەگلىكىگە تەيىن قىلدى. شۇبۇ كۈن يولغا چىقۇرلەر، پەرمان بىلەن چاقىرتىلمىغىچىلىك سارايغا كېلىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ! — دېدى.

شيەندى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا باش قويۇپ مىننەتدارلىق بىلدۇردى، ئاتلىنىپ يولغا راۋان بولدى، سۇپا ئەتراپىدا قارىشىپ تۇرغان لەشكەر، ئاھالىنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك تەسىرلىنىپ ئېچىندى. ساۋ پى ۋەزىرلەرگە قاراپ:

— شۇن، يۈي ۋەقەسىنى بىلمەن! — دېدى.

بەگلەرنىڭ ھەممىسى: «ياشىسۇن پادىشاھىمىز!» دەپ توۋلاشتى. كېيىنكىلەر بۇ تەخت ئۆتۈنۈش سۇپىسىنى كۆرۈپ مۇنداق بىر نەزمە پۈتكەنىدى:

ئىككى خەن خاندانلىقىنى تىكلىمەك ئاسان ئەمەس،
تاجۇ تەختى بولدى گۇمران ئاخىرى ئۆزدى نەپەس.
ئۆلگە قىلماق بولدى خۇاڭ چۇتاڭ بىلەن يۈيىنىڭ ئىشىن،
ئۆلگە قىلدى ئاخىر سىما ئۇنى ئەيلەپ ھەۋەس.

بەگلەر ساۋ پىنى ئاسمان، يەر ئىلاھلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە تەكلىپ قىلىشتى. ساۋ پى ئىبادەتكە ئەمدىلا چۈشمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا ئۇشتۇمتۇتلا شاھ سۇپىسىنىڭ ئالدىدىن غەلىتە بوران چىقىپ، قۇم - تاش ياغدۇرۇپ تاشلىدى، ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ قالدى، شاھ سۇپىسىنىڭ ئۈستىگە يېقىلغان شاملارنىڭ بارلىقىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. قورقۇپ كەتكەن ساۋ پى ھوشىدىن كېتىپ سۇپىغا يىقىلدى، بەگلەر تېزلىكتە سۇپىدىن ئەپچۇشۇپ جىددىي قۇتقۇزدى. بىر ھازادىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. ھەرەمئاغىلىرى يۆلەشتۇرۇپ سارايغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى، بىرنەچچە كۈنگىچىلىك تاۋاپ - تەزىم قوبۇل قىلىشقا چىقالمىدى. كېيىن بىرئاز ساقىيىپ ئاندىن ئوردىغا چىقىپ ۋەزىرلەرنىڭ تاۋاپ - تەزىملىرىنى قوبۇل قىلدى. خۇا شىننى ۋەزىر، ۋاڭ لاڭنى ئەمىر مېمار قىلىپ تەيىنلىدى. ساۋ پى كېسىلى ساقايمىغاچقا، شۇيچاڭ سارىيىدا جىن - ئالۋاستىلار كۆپ ئىكەن دەپ گۇمان قىلدى - دە، شۇيچاڭنى قويۇپ، لوياڭدا ساراي قۇرۇلۇشىنى كەڭ دائىرىدە ئېلىپ باردى.

خادىملار ئالدىراپ چېڭدۇغا كېلىپ، ساۋ پى ئۆز - ئۆزىنى ئۇلۇغ ۋېي خانى دەپ ئېلان قىلىپ لوياڭدا ساراي - ئوردىلار قۇرۇشقا كىرىشىپ كەتتى. خەن خانى زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خەنجۇڭ شاھى ئېچىنىپ كۈن بويى يىغلىدى. بەگلەرنى قارىلىق كىيىشكە، يىراقتا قاراپ قۇربانلىق قىلىپ نەزىر ئۆتكۈزۈشكە بۇيرۇدى ھەمدە ھۆرمەت يۈزىسىدىن «ۋاپادار خان» دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غەم ـ ئەندىشە تۈپەيلى كېسەل بولۇپ قالغان لىۋ بېي ئىشلارنى باشقۇرالماي قالدى، سىياسىي ـ مەمۇرىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى جۇگې لياڭغا ھاۋالە قىلدى. جۇگې لياڭ خەلپەت شۈي جىڭ، كېڭەشچىگى جياۋ جۇلار بىلەن كېڭەش قىلىپ، ئەلنىڭ بىرەر كۈنمۇ پادىشاھسىز تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، خەنجۇڭ شاھىنى پادىشاھ قىلساق قانداق، دەپ مەسلىھەت سورىدى.

— يېقىندىن بېرى ياخشى ئالامەتلەر بار؛ چېڭدۇنىڭ كۈنپېتىش يۇقىرى بۇرجىكىدە بىرنەچچە ئون جاڭ كېلىدىغان سېرىق ھاۋا ئاسمانغا تۇتىشىپ كەتتى؛ خانلىق يۇلتۇزى شولە، ئەكلىل، قەلب يۇلتۇزلىرى دائىرىسىدە ئايدەك پارلىداپ كۆرۈندى، بۇ خەنجۇڭ شاھىنىڭ پادىشاھلىق ئورۇنغا ئولتۇرۇپ، خەن خاندانلىقىنىڭ رەسمىي ۋارىسى بولۇشقا دالالەتتۇر، ھېچقانداق گۇمانغا ئورۇن يوق، — دېدى جياۋ جۇ.

شۇنداق قىلىپ جۇگې لياڭ بىلەن شۈي جىڭ چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ سىپاھلارنى باشلاپ كىرىپ، خەنجۇڭ شاھىنى خان بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ، مۇراجىئەت قىلدى. مەلۇماتنى كۆرگەن خەنجۇڭ شاھى ئىنتايىن چۆچۈپ كېتىپ:

— ئەي ۋەزىرلىرىم! ھەرقايسىلىرى مېنى ساداقەتسىز، ھەققانىيىتى يوق ئادەم دېگەن نامغا قالدۇرماقچىمۇ؟ — دېدى.

— يوقسۇ، — دېدى جۇگې لياڭ مۇراجىئەت قىلىپ، — ساۋ پى خەن تەختىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزى پادىشاھ بولىۋاپتۇ، جانابلىرى خەن خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، خان خاندانلىقىنىڭ قانۇنىي ۋارىسى بولۇشقا ھەقلىقتۇر.

— مەن ئاسىي ئوغرىلاردىن ئۆلگە ئالمايمەن! — دېدى ـ دە، خەنجۇڭ شاھى بىردىنلا رەڭگى ئۆچۈپ يېڭىنى سىلكىگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقا سارايغا كىرىپ كەتتى. بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ھەممىسى تارقىلىپ كېتىشتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن يەنە بەگلەرنى باشلاپ سارايغا كىرگەن جۇگې لياڭ خەنجۇڭ

شاھنى تەكلىپ قىلىپ چىقتى. ھەممە ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئاكا بىر — ئەشرەپلەر شاھنىڭ ئالدىدا باش قويدى. شۇي جىڭ:

— ھالا خەن خاننى ساۋ پى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ، جانابلىرى خان بولۇپ، ئاسىيلارغا جازا يۈرۈش قىلمايدىغان بولسىلا، بۇ ساداقەتسىزلىك بولۇپ قالىدۇ. ھازىر پۈتۈن ئېلىمىزدىكىلەر جانابلىرىنىڭ خان بولۇپ، مەرھۇم ۋاپادار خان ھەزرەتلىرىنىڭ قىساسىنى ئېلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىشماقتا؛ بىز خادىملارنىڭ مەسلىھەتىگە كىرمەيدىغان بولسىلا، ئەھلى - خالايىق ئۈمىدسىزلىنىپ قالىدۇ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— مەن گەرچە جىڭدى خاننىڭ نەۋرىسى بولساممۇ، ئاھالىگە ياخشىلىق قىلالمىدىم؛ بۈگۈن بىر كۈندىلا ئۆزلۈكۈمدىن خان بولۇۋالسام، تەختنى تارتىۋېلىش بىلەن نېمە پەرقى قالىدۇ؟ — دېدى خەنجۇڭ شاھى.

جۇگې لياڭ بىرنەچچە قېتىم قاتتىق دەۋەت قىلىپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، خەنجۇڭ شاھى ھەم چىڭ تۇرۇۋېلىپ ئۇنىمىدى. تەدبىر ئويلاپ چىققان جۇگې لياڭ ئەمەلدارلارغا:

— مۇنداق، مۇنداق قىلىش كېرەك، — دېدى - دە، شۇنىڭ بىلەن جۇگې لياڭ ئاغرىغان بولۇپ ئۆيىدىن چىقماي يېتىۋالدى.

جۇگې لياڭنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان خەنجۇڭ شاھى شەخسەن ئۇنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ تۇپتوغرا ھۇجرىسىغا كىردى - دە:

— مۇشاۋىرىم! قانداق كېسەلگە مۇپتىلا بولدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— غەمدە يۈرىكىم كۆيۈپ پىشقاندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ، ئۆمرۈم ئاز قالدى.

— مۇشاۋىرىم! — دېدى خەنجۇڭ شاھى، — قايسى ئىش ئۈچۈن غەم قىلىۋاتىدىلا؟

ئارقا - ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم سورىغان بولسىمۇ، جۇگې

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لياڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىغا سېلىپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپلا جاۋاب بەرمىدى. خەنجوڭ شاھى تەكرار سورىغاندىن كېيىن جوگې لياڭ بىردىن ھەسرەت چېكىپ:

— كەمىنە خادىملىرى كەيپىدىن چىقىپ ھەزرەتلىرىگە يولۇققىنىمدىن بېرى، بۇگۈنگە قەدەر خىزمەتلىرىنى قىلىپ كەلدىم، سۆزۈمگە كىرەتتىلە، مەسلىھەتلىرىمنى قوبۇل قىلاتتىلا؛ ھالا بەختكە يارىشا ھەزرەتلىرى كۆنچىقىش، كۆنپېتىش سىچۈەن زېمىنىغا ئىگە بولدىلا، بۇرۇنقىدەك مەسلىھەتىمگە كىرمەيدىغان بولۇۋالدىلا. ھازىر ساۋ پى تەختنى تارتىۋالدى. خەن خاندانلىقى ئىنقىراز ئالدىدا تۇرۇپتۇ. قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەممىسى ھەزرەتلىرىنى خان قىلىپ، ۋېينى يوقىتىپ، ليۇ ئائىلىسىنى ياشنىتىش ئۈچۈن بىرلىكتە خىزمەت قىلماق ئىستەيدۇ؛ ئويلانمىغان يەردە ئۇلۇغ شاھ چېلىك تۇرۇپ ئالدىلا. بەگلەرنىڭ ھەممىسى نارازى بولۇشتى. ئۇزۇنغا قالماي تامامەن تارقىلىپ كېتىشى چوقۇمدۇر. ئەگەر قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەممىسى تارقىلىپ كەتسە، ۋۇلۇقلار بىلەن ۋېيلىقلار ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلىپ كەتسە، كۆنچىقىش ۋە كۆنپېتىش سىچۈەننى مۇھاپىزەت قىلىش قىيىن بولىدۇ، خادىملىرى نېمىشقا غەم قىلماي؟ — دېدى.

— مېنىڭ، — دېدى خەنجوڭ شاھى، — رەت قىلغانلىقىم ئەلدىكى خالايىقنىڭ گەپ ـ سۆزىگە قالارمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلغانلىقىمدىندۇر.

— پەيغەمبەر: «نامى ـ ئەمەلى توغرا بولسا، سۆزىمۇ ئورۇنلۇق بولىدۇ» دېگەن. ھالا ھەزرەتلىرىنىڭ نامى ـ ئەمەللىرى توغرا بولۇپ، سۆزلىرىمۇ ئورۇنلۇق بولسا، قانداق گەپ ـ سۆز بولاتتى؟ «تەڭرى ئاتا قىلغاندا قوبۇل قىلمىسا، ئەكسىچە گۇناھلىق» بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانمىدىلا؟ — دېدى جوگې لياڭ.

— مۇشاۋرىم! كېسەلدىن ساقايغانلىرىدا ئىجرا قىلساقمۇ تەخىر بولمايدۇ، — دېدى خەنجۇڭ شاھى.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جۇگې لياڭ ئورنىدىن دەس قوپۇپ، شىرەنى بىرلا ئۇرىۋىدى، قەلەمدار - ئەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدىن كىرىپ يەرگە باش قويۇشۇپ:

— مادامىكى ئالىيلىرى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كۈن بەلگىلەپ ئۇلۇغ مۇراسىمنى ئۆتكۈزەيلى! — دېيىشتى.

خەنجۇڭ شاھى نەزەر سېلىۋىدى، بۇلار خەلپەت شۈي جىڭ، ئەلنى ئەمىن ئېتىش سەركەردىسى مى جۇ، چىڭپى بېگى شياڭ جۈي، ياڭچۈەن بېگى ليۇ باۋ، ئورۇنباسار ئايماقبېگى جاۋ زۇ، قولداش ئايماقبېگى ياڭ خۇڭ، مەسلىھەتچى بەگ دۇ چيۇڭ، مىرزا جاڭ شۇاڭ، بۇتخانا مۇراسىمبېگى لەي گۇڭ، كېڭەشبېگى خۇاڭ چۈەن، مۇدەررىس خې زۇڭ، يانداشقان خەت دورغابى يىن مۇ، ياردەمچى مۇدەررىس چياۋ جۇ، باش چاۋۇش يىن چۈن، يانداش سەركەردە جاڭ يى، ئىچكى ئىشلار ئامبىلى ۋاڭ مۇ، تەلىم بېگى يى جى، مىرزا چىن مىلار ئىكەن.

— ھەممىلىرى، — دېدى ھەيران بولغان خەنجۇڭ شاھى، — مېنى ئادالەتسىزلىك ئورنىغا تىقىشمىدىغان بولۇشتىلا.

— كەرەملىك شاھ! مادامىكى قوبۇل قىلدىلا، شاھ سۇپىسى سالدۇرۇپ، كۈن تەيىنلەپ ئۇلۇغ مۇراسىمنى ئۆتكۈزەيلى، — دېدى جۇگې لياڭ.

شۇئان خەنجۇڭ شاھىنى سارايغا ئۇزىتىپ قويدى، بىر تەرەپتىن تەلىم بېگى شۈي سى، كېڭەشبېگى مىڭ گۇاڭلارنى رەسۇمات بويىچە چېڭدۇدىكى ۋۇدەننىڭ تۆۋەن تەرىپىگە شاھ سۇپىسى سېلىشقا بۇيرۇدى. ھەممە ئىشلار تەييار بولغاچ، بەگلەر پادىشاھ پەيتۇنىنى تەييارلاپ، خەنجۇڭ شاھىنى شاھ سۇپىسىغا چىقىپ ئىبادەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىپ كېلىشتى. شاھ سۇپىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈستىدە تۇرغان جياۋ جۇ ئۈنلۈك قىلىپ مۇنۇ مۇراسىمنامىنى ئوقۇدى:

جيەنئەننىڭ 26 - يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.

پادىشاھ ليۇ بېي تەڭرى ۋە يەر ئىلاھىغا ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلىمەنكى، خەن خاندانلىقىنىڭ ئېلى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلگەنىدى. ئۆتمۈشتە ۋاڭ ماڭ تەخت تارتىۋالغانىدى، غەزەپلەنگەن گۇاڭ ۋۇ خان ھەزرەتلىرى ئۇنى يوقىتىپ، ئەلنى قايتا ياشناتتى. بۈگۈنگە يەتكەندە، ساۋ ساۋ لەشكەر باشلاپ چىقىپ زوراۋانلىق قىلدى، خانىشنى ئۆلتۈردى، ئالەمگە سىغمايدىغان جىنايەتلەر ئۆتكۈزدى؛ ساۋ ساۋنىڭ ئوغلى ساۋ پى ئۆز بېشىمچىلىق، ياۋۇزلۇق بىلەن خائىنلىق قىلىپ، خانلىق ئورۇننى ئىگىلەپ ئالدى. خەن خاندانلىقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، پالۋان - نۆكەرلەر مېنى داۋاملاشتۇرغۇچى بولۇپ، ئەجدادلىرىمغا ۋارىسلىق قىلىپ، تەڭرىنىڭ جازاسىنى شەخسەن ئىجرا قىلىشىمنى مۇۋاپىق كۆرۈشتى. مەن ليۇ بېي ئىقتىدارسىزلىقىمدىن پادىشاھ بولۇشقا خىجىل بولماقتىمەن. ئاھالە - خانىمانلاردىن سوراپ سۈرۈشتە قىلىپ كۆرەي دېسەم، يوللار بەك يىراق. ھەممە: تەڭرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلماي بولمايدۇ. ئەجدادلاردىن قالغان ئىشقا ئۆزگىلەرنىڭ ئۇزۇنغىچە ۋەكىللىك قىلىشى يارىمايدۇ، ئەلدە پادىشاھ بولماي مۇمكىن ئەمەس دېيىشمەكتە. تەۋەيىمدىكىلەر مېنىڭ ئىدارە قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىشماقتا. مەن تەڭرىمنىڭ ئۇچۇق ئەمرىگە پەرۋاسىز قاراشتىن ۋە بوۋىلىرىم باش خان، گۇاڭ ۋۇخانلار ئىشىنىڭ كەلگۈسىدە مەھۋ بولۇشىدىن ۋەھىمە قىلدىم - دە، ياخشى كۈن بەلگىلەپ

شاھ سۈپىسىغا چىقىپ، مۇراسىمنامە ئېلان قىلدىم.
پادىشاھلىق تامغىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، پۈتۈن ئەلنى
پاناھقا ئالىمەن، خان تەختىدىن خەن خاندانلىقى بەھرىمەن
بولىدۇ، ئەبەدىي ئەل ئەمىن بولسۇن ۋە تولۇق
بويسۇنسۇن!

مۇراسىمنامە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جۇگې لياڭ بەگلەرنى باشلاپ، تامغىنى تەقدىم قىلدى، خەنجۇڭ شاھى تاپشۇرۇۋېلىپ، شاھىي سۈپىسىغا قويىدى ـ دە، تەكرار ئۆتۈنگەن ھالدا:

— مەن ليۇ بېي ئىقتىدارسىزمەن، باشقا ئىقتىدار ساھىبلىرى مەرھەمەت قىلىپ تاپشۇرۇۋالسۇن، — دېدى.

— ھەزرىتى شاھىم! سىلى ئەلنى تىنچىتتىلا، يەتكۈزگەن خىزمەتلىرى ئەلگە ئاياندۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلۇغ خەن خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادى بولىدىلا، رەسمىي ئورۇنغا مۇناسىپدۇرلەر. ئەرۋاھلار ھەققىگە مۇراسىمنامە ئوقۇلدى، نېمىشقا يەنە ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالدىلا؟ — دېدى جۇگې لياڭ مۇراجىئەت قىلىپ. قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنىڭ ھەممىسى: «ياشىسۇن! » دەپ توۋلاشتى. تەزىم ـ ئەبۇدىيەت بەجا ئېلتىلدى، يىلنامە جاڭۋۇنىڭ تۇنجى يىلىغا ئۆزگەرتىلدى. ۋۇ خانىم خانىش قىلىپ تەيىن قىلىندى. چوڭ ئوغلى ليۇ شەن ۋەلىئەھدلىككە بەلگىلەندى. ئىككىنچى ئوغلى ليۇ يۇڭ لۇ شاھلىقىغا، ئۈچىنچى ئوغلى ليۇلى لياڭ شاھلىقىغا تەيىنلەندى. جۇگې لياڭ باش ۋەزىرلىككە، شۈي جىڭ ۋەزىرلىككە بەلگىلەندى. چوڭ ـ كىچىك بەگلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئورنى كۆتۈرۈلدى، تارتۇقلاندى. ئەلگە ئومۇمىي كەچۈرۈم ئېلان قىلىندى. كۈنچىقىش ۋە كۈنپېتىش سىچۈەندىكى لەشكەر ـ ئاھالىنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇشتى.

ئىككىنچى كۈنى ئوردا تاۋاپ ـ تەزىمنى قوبۇل قىلغاندا، ئەلەمدار ـ قەلەمدار بەگلەر تەزىم ـ ئەبۇدىيەت بەجا كەلتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئىككى تەرەپتە سەپ بولۇپ تۇرۇشتى. پادىشاھ:
— مەن شاپتۇللۇقتا گۈەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن بۇرادەرلىك ئەھدى تۈزۈشكەن ۋاقتىمدا، بىللە ياشاپ، بىللە ئۆلۈشكە ئانت ئىچىشكەندىم؛ بەختكە قارشى چوڭ ئىنىم گۈەن يۈي كۈنچىقىش ۋۇدىكى سۈن چۈەننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. ئەگەر قىساس ئالمايدىكەنمەن، ئەھدەمگە خىلاپلىق قىلغان بولىمەن. پادىشاھلىقىمىزنىڭ لەشكىرى بىلەن، كۈنچىقىش ۋۇغا يۈرۈش قىلىپ، ئاساسىي ئوغرىلارنى تىرىك تۇتۇپ، بۇ ئىنتىقامىمنى ئالىمەن! — دەپ پەرمان چۈشۈردى.
قاتار ئىچىدىن چىققان بىراۋ، ئاستانىدە باش قويۇپ:
— بولماسمىكىن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى. پادىشاھ قارىسا، يولۋاس سەركەردە جاۋ يۈن ئىكەن.
دەر ھەقىقەت:

*خان تىرىك ئىبىتماي تۇرۇپ جەڭنىڭ - سوقۇشنىڭ ۋاقتىنى،*
*بەردى خاننىڭ ۋەزىرلىرى دەل توغرا مەسلىھەتنى.*

جاۋ يۈننىڭ نېمىدەپ ئىلتىجا قىلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1973 ـ يىل 12 ـ ئاي بېيجىڭ 3 ـ نەشرى، خۇبېي 17 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社一九七三年十二月北京第三版湖北第十七次印刷本翻译出版。

# ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە (4)

ئاپتورى: لو گۇەنجۇڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھاجى ياقۇپ
ئىسمايىل ئىبراھىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 12.75 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1981 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 5 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىرازى: 16.001—19.000
ISBN7—228—05086—x/I • 1899
باھاسى: 15.50 يۈەن

www.uyghurkitap.com

三国演义 （4） （维吾尔文）

罗贯中 著

阿吉·牙乎甫
司马义·依布拉音 合译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂排版
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 12.75 印张 2 插页
1981 年 12 月第 1 版 1999 年 5 月第 2 次印刷
印数：16.001—19.000

ISBN7—228—05086—X/I·1899 定价：15.50 元